# ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمھالى

【ئەنگلىيە】 چارلز. بولگېر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمھالى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-00492-2
K·42（民文）　定价：1.95元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەشقەر، ئەمىرى ئاتالىق غازى، بەدۆلەت

# ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمىھالى

【ئەنگلىيە】 چارلىز. بولگېر

تەرجىمە قىلغۇچى: ۋەلى، چۇ شۆدۇڭ

---

(بۇ كىتابتىن ئىچكى جەھەتتە پايدىلىنىشقا بولىدۇ. نەقىل ئالغاندا، ئەسلى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇلسۇن ھەمدە خەنزۇچە نۇسخىسى ئىزاھلاپ قويۇلسۇن)

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمھالى

[ئەنگلىيە] چارلىز بولگېر

تەرجىمە قىلغۇچى: ۋەلى، چۇشۆدۇڭ

مەسئۇل مۇھەررىرى: سەئىمجان، جۇماخۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى № 54)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 850×1168 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 15.125

1987 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى

1988 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1—9.600

ISBN7—228—00492—2/K42

باھاسى: 1.95 يۈەن

# خەنزۇچە نەشرىگە بېرىلگەن سۆز بېشى

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى دېمېترىيۇس چارلېز بولگېر (1853 — 1928 Demetrius Charles Boulger) كىنستون ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. كېيىن ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىپ ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تەشۋىقاتچىسى ۋە ئاقلىغۇچىسى.

1876-يىلدىن ئېتىبارەن، بولگېر ئەنگلىيە بىلەن روسىيەنىڭ ۋە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ ئاسىيادىكى تالىشىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىلا ئەنگلىيەنىڭ مۇھىم گېزىت-ژۇرناللىرىدا نۇرغۇن تارىخىي ۋە سىياسىي ماقالىلەر ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ 1885-يىلى نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرى ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە ئېلان قىلغان ماقالىلىرىنىڭ توپلىمى ئىدى. بولگېر ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان، «ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا»، «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن مۇھىم شەخسلەر تەزكىرىسى»، «جۇڭگو تارىخى»، «ھىندىستان تارىخى»، «كونگو دۆلىتى»، «بېلگىيە تارىخى» قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە «گوردوننىڭ تەرجىمىھالى»، «ماچىڭچېڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدۇر، ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ سىياسىتى ئۈچۈن

خىزمەت قىلىدۇ. چارلېز بولگېرنىڭ 1878 - يىلى (ياقۇپ بەگ ھاـ
كىمىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى 2 - يىلى) نەشر قىلىنغان «ياقۇپ بەگـ
نىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابى ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا،
شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ
ئېھتىياجىغا زىچ ماسلىشىش ئۈچۈن يېزىلغان.

«ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمىھالى» ياقۇپ بەگنىڭ ھاياتى ھەقـ
قىدىكى ئەسەردۇر. ئاپتور ياقۇپ بەگنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىـ
لىق ئۇنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى، ئەكسىيەتچى
ھاكىمىيەت قۇرغانلىقى ۋە بۇ ھاكىمىيەتنىڭ بەربات بولغانلىقىنىڭ
جەريانىنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان. بۇ كىتابتا يەنە ياـ
قۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەنگلىيە، روسىيىلەر بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى، ئەنگلىيە، روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياـ
دىكى تالاش - تارتىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ راـ
يونىنى تالىشىش ئەھۋالىمۇ بايان قىلىنغان.

ياقۇپ بەگ قوقەندلىك سىياسىي قارا نىيەت بولۇپ، 1865 - يىـ
لى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر
چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەت قوزغىغان پۇرسەتـ
تە شىنجاڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. ياقۇپ بەگ شىنـ
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قانلىق باستۇرۇش ئاساسىدا ئەكـ
سىيەتچى ھاكىمىيەت قۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى
ياۋۇزلۇق بىلەن تالان - تاراج قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن دەھـ
شەتلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ ئەكسـ
يەتچى ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن ئەنـ

گىلىيە ۋە روسىيىلەر بىلەن بىر قاتار ئىشلاردا تىل بىرىكتۈرگەن، ئەنگىلىيە، روسىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن قانۇنسىز سودا شەرتنامىلىرى ۋە سودا كېلىشىملىرىنى ئىمزالاپ، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى ئۇلارغا كۆپلەپ ساتقان. ياقۇپ بەگ — ئەنگىلىيە، چار روسىيىلەرنىڭ غالچىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.

لېكىن ئاپتور ئەنگىلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئەنە شۇنداق ياۋۇز تاجاۋۇزچى ياقۇپ بەگنى «ئۇ ناھايىتى ئىقتىدارلىق، يۈرەكلىك ئادەم ئىدى» (مۇشۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىگە قارالسۇن)، «بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىققان بۇ خانلىقلار ئىچىدە ئەڭ جاسارەتلىك ۋە ئەڭ تالانتلىق بىر ھۆكۈمران ئىدى» (ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ 168-بېتىگە قارالسۇن) دەپ ئۇنى بولۇشىچە ماختاپ، كۆككە كۆتۈرۈپ، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن. ئاپتور گەرچە ئۆزىنىڭ ياقۇپ بەگكە بولغان ھېسداشلىقى ۋە مەدھىيىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ياقۇپ بەگكە بەرگەن باھاسىنى «مەسىلىگە خالىسانە مەيداندا تۇرۇپ قارىغانلىق» (ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ 256-بېتىگە قارالسۇن) دەۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنگىلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئاقلىغۇچىسى بولغانلىق قىياپىتىنى يەنىلا ياپالمىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ كىتابقا يازغان كىرىش سۆزىدە ياقۇپ بەگنى ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ «كەشمىرنىڭ شىمالىدىكى زېمىندا تىكلىگەن قەھرىمانى» دەپ ئۆز ئاغزى بىلەن تەپتارتماستىن ئوچۇق ئىقرار قىلغان. بۇ، ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەنگىلىيە مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، ئاپتورنىڭ ياقۇپ بەگكە مەدھىيە

ئوقۇغان ئەكسىيەتچىل مەيدانىنىمۇ ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ خېلى كۆپ سەھىپىلىرىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئۈچۈن، ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتىنى ئىزچىل تۈردە ئاكتىپ قوللاش ۋە قانات ئاستىغا ئېلىش پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقى، جاسۇسلارنى، دېپلوماتىك ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىپ، ياقۇپ بەگ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكى، ياقۇپ بەگنى نۇرغۇن قورال-ياراق بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، قانۇنسىز ھالدا ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سودا شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن نۇرغۇنلىغان ئىمتىياز مەنپەئەت ئېلىۋالغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئىشلار ئەسلىدە ھەممىگە ئايان پاكىت بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور كىتابتا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى «ئادەتتىكىچىلا مۇناسىۋەت ئىدى» (ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ 234-بېتىگە قارالسۇن)، «ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئىتتىپاق تۈزۈلمىگەن ھەم مۇستەھكەم دوستلۇقمۇ يوق ئىدى» (شۇ بەتكە قارالسۇن) دەپ، ئەنگلىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قىلغان تاجاۋۇزىنى جېنىنىڭ بېرىچە ئاقلىغان.

ئاپتور بۇ كىتابنىڭ ئاخىرقى بىر بابىدا، تېخى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇش جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ كېلىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ئەقىل ۋە يول كۆرسىتىدۇ. بولغېر ئەنگلىيىنىڭ ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى قوللاپ سودا جەھەتتە ئالغان پايدىسى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ سىياسىي جەھەتتە تارتقان زىيىنىنى قاپلىيالمايدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە «روسىيىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن كېڭەيمىچىلىكىنى (جۇڭگو بىلەن) بىرلىكتە چەكلەپ» (ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ 299-بېتىگە قارالسۇن)، ئاندىن جۇڭگودىن «نەپ» ئېلىش

ئۇچۇن، روسىيە جۇڭگونىڭ ئىلى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جۇڭگو-روسىيە مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن.

ئاپتور دەل ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى مەيدانىدا تۇرۇپ، چار روسىيە بىلەن بولغان تالاشنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن، بۇ كىتابتا چار روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە روسىيىنىڭ ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلغان بىر قاتار ھەرىكەتلىرىنى خېلى پاش قىلغان. خۇسۇسەن بۇ كىتاب نەشىردىن چىققان مەزگىلدە (1878-يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن روسىيە بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. شۇڭا ئاپتور چار روسىيىنىڭ ئىلىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋالغانلىقى ۋە جۇڭگو-روسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ نىي توغرىسىق ئېلىپ بارغان سۆھبەتلىرىنىڭ قىسمەن ئەھۋالىنى بىرقەدەر كونكرېت بايان قىلغان. بۇ بايانلار بىزنىڭ 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چار روسىيىنىڭ ئىلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا دائىر تارىخنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن بەلگىلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. قىسقىسى، بۇ كىتاب، ياقۇپ بەگ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن مەزگىلدىكى شىنجاڭ تارىخىنى ۋە 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئەنگلىيە-روسىيە مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو-روسىيە مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئاخىردا شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاپتور جۇڭگو تارىخىنى ئانچە چۈشەنمىگەنلىكتىن ئۇنىڭ جۇڭگو تارىخى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا كەتكۈزۈپ قويغان خاتالار ناھايىتى كۆپ. شۇڭا تارىخىي پاكىتلار باشقىچە بولۇپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە، ئادەم

ۋە يەر-جاي نامىلىرى، مەخسۇس ئاتالغۇ قاتارلىقلاردىمۇ خاتالىقلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىز بۇلارنىڭ بىر قىسمىنىلا ئىزاھلاپ تۈزىتىپ قويدۇق، تولۇق بولمىغان جايلىرىنى كىتابخانلارنىڭ كۆرسىتىپ بې-
رىشىنى سورايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇقەددىمە

ياقۇپ بەگنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى بايانلىرىمىز مۇنداق ئىككى مۇددىئا بىلەن يېزىلدى: بىرىنچىسى، ئامەتلىك بىر ھەربىينىڭ ئۆمۈر بويى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆگىنىش، ياقۇپ بەگ نېپۈزلۇق ئېسىلزادىلەردىن ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ ھېچقانچە تالانتىمۇ يوق. لېكىن ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل بىر ھاكىمىيەت قۇرغان ھەمدە 12 يىلغىچە نۇرغۇن رەقىبلىرىگە بوي بەرمەي، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ كەلگەن. ئېلىمىزدە بۇ ئاتالىق غازى ① نىڭ شۆھرىتى كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئاشۇرۇپ تەرىپلىنىۋاتقان چاغدا بۇ قەھرىماننى بېشىغا ئېلىپ كۆتەرگۈدەك بولۇۋاتقان كىشىلەر بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا بوشاپ لەسسىدە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، ياقۇپ بەگ ھەقىقەتەنمۇ قېلىدىن ئىش كېلىدىغان، يۈرەكلىك ئادەم ئىدى؛ ئۇنىڭ قەشقەردە ئورۇنلىغان ئىشلىرىمۇ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ؛ ئەمما ئۇ تۆمۈرلەڭ ياكى بابۇر ئەمەس ②. ئۇنىڭ ئىچكى سىياسىتى ئۆزىنىڭ قاتتىق قۇللۇقلۇقى ۋە ئاساسەن تېررورلۇق تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەنلىكى نەتىجىسىدە خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان؛ ئۇنىڭ قورقماس، باتۇرانە تاشقى سىياسىتى ئۆزىنىڭ ئارىسالدىلىقى ۋە غەم ئەندىشىسى تۈپەيلىدىن ئۆز تەسىرىنى يوقاتقانىدى. لېكىن

---

① ئاتالىق غازى — بۇخارا ئەمىرىنىڭ ياقۇپ بەگكە بەرگەن نامى. «ئاتالىق» ئەمەلى بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئوردىسىدىكى ئەڭ ئالىي مەنسەپ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «خەنزۇچە تەرجىماندىن» دېيىلىدۇ).

② بابۇر — موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان كىشى، تۆمۈرلەڭنىڭ 5 - ئەۋلاد نەۋرىسى (1483 - 1530 - يىللار) — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىشلارنى قىلغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەق-
دىرىگە ھۆكۈم قىلالايدىغان، ھەتتا روسىيىنىڭ ئۇ يەرگە قاراتقان
زومىگەرلىكىنى باشتىن - ئاياغ توسۇپ كەلگەن ئادەممۇ ئەمەس. ما-
ھىيەتتە ئۇ پەقەت ئاددىي ئادەملەردەك خۇلق - مىجەزگە، ئاددىي
ئادەملەردەك ئاجىزلىق ۋە قورقۇنچاقلىققا ئىگە بىر ئادەم، خا-
لاس. ئۇ نۇرغۇن خەۋپكە دۇچ كەلگەن چاغلاردا ئاساسلىقى تەلىيى
ئوڭدىن كېلىپ قالغانلىقتىن «بەدۆۋلەت» ① دەپ ئاتالغان. ئۇنى
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن بىرەر گى-
گانت شەخس بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ؛ ئۇنى پەقەت يېقىن-
قى زامانىدىكى بەزى ئادەملەر بىلەن، مەسىلەن، ئافغانىستاندا ئۆت-
كەن دوس مۇھەممەت بىلەن بىر قاتارغا قويۇش مۇمكىن. لېكىن
ياقۇپ بەگ قەشقەر تارىخىغا ئۇنىڭسىز مۇمكىن بولمايدىغان بىر
خىل خۇسۇسىيەت بەردى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ يېقىنقى غەلىبىسىنىڭ ئىنگلىزلارنىڭ دىققى-
تىنى قوزغىشىغا پۈتۈنلەي ياقۇپ بەگنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە گۇم
بولۇشى سەۋەپ بولدى، چۈنكى ياقۇپ بەگ ئىنگلىزلارنىڭ كەش-
مىرنىڭ شىمالىدىكى زېمىندا تىكلىگەن قەھرىمانى ئىدى.

ئىككىنچىسى، بىر خىل ھۆكۈمران كۈچ بولغان جۇڭگونىڭ
بەزىبىر مۇھىم ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق ئەنگلىيە
كەتابخانلىرىغا كۆرسىتىپ ئۆتۈش؛ بۇ مەقسەت، ئەمەلىيەتتە، ئىك-
كى مەقسەتنىڭ ئىچىدە، مۇھىمراق بىرسىدۇر. ئەنگلىيە شۇنى زادى
ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىمكى، ئاسىيادا ئۈچلا چوڭ كۈچ مەۋ-
جۇت. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو ھەر جەھەتتىن ئەڭ ئاساسلىق كۈچ.
ئەنگلىيە ۋە روسىيە پەقەت چەت ئەللىك ئىستېلاچى ھۆكۈمەتلەر-
دىنلا ئىبارەت، جۇڭگو بولسا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان
قۇدرەتلىك دۆلەت. جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە جۇڭغارى-
يىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاسىيانىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ

① ياقۇپ بەگ ئۆزىنى «بەدۆۋلەت خان» يەنى «كاتتا دۆلەتمەن خان» دەپ ئا-
تىغان. — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پايدىلىق بىر سەھىپىدۇر؛ لېكىن شۇنى تۈزكۆڭۈللۈك بىلەن ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ياقۇپ بەگنىڭ قىسقىغىنا ھاياتى كىشىلەرنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىشقا قىزىقتۇردى. ئەگەر ياقۇپ بەگ بولمىغان بولسا، ئېھتىمال، بۇ تېمىغا قىزىقىدىغان ئادەم چىقمىغان بولاتتى. بۇ كىتابقا ماتېرىيال توپلاشتا، لورد دوگلاس. فورسىتنىڭ رەسمىي دوكلاتى ۋە 1874-يىلىنىڭ باشلىرىدىن بۇيانقى «تاشكەنت گېزىتى» نىڭ ۋە بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «پايتەخت گېزىتى» نىڭ توپلاملىرىنى ئاساس قىلدىم. بۇ كىتابنىڭ ئايرىم جايلىرىدا روبىرت شاۋ ئەپەندىنىڭ ئادەمنى بەك قىزىقتۇرىدىغان «قىر تاتارلىرى» دېگەن كىتابى ۋە شۇنىڭدەك گرىگورىيېۋنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن كىتابىدىن پايدىلاندىم. گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان كۆپلىگەن ماقالىلەرمۇ بەزى تەپسىلاتلارنى يېزىشىمغا ياردەم بەردى، چۈنكى بۇنداق تەپسىلاتلار باشقا ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنمىغاندى.

ئاخىرىدا پەقىر ئەنگلىيە كىتابخانىلىرىغا جۇڭگولۇقلارنىڭ باتۇرلۇقى ۋە سىياسىي ئىقتىدارىنىڭ بىز ئۈچۈن قانداقچە ھەقىقىي ساۋاق بولىدىغانلىقىنى ئويدان ئويلىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلاردىكى بۇ خىسلەتلەر نۆۋەتتە ھىندىستان چېگرىسىغا دائىر ھەر بىر مەسىلىدە — سىيام، بىرما مەسىلىلىرىدىن تارتىپ كەشمىر مەسىلىسىگىچە بولغان مەسىلىلەردە — يېتەكچى كۈچ بولۇپ قالدى. شىلىر ئەپەندى يازغان «تۈركىستان» دېگەن كىتابتا قەشقەر مەسىلىسى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ئىچىدە ھېلىمۇ مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ كىتابىمدا قوقەن ۋەقەسىنىڭ جەريانىنى بايان قىلىشتا، كۆپىنچە ئاشۇ ئەسەردىن پايدىلاندىم. لېكىن يەنىلا لورد دوگلاس. فورسىتنىڭ رەسمىي دوكلاتىدىكى دوكتور بېللېۋنىڭ تارىخىي بايانىنى ئاساس قىلدىم.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

I باب قەشقەرىيەنىڭ جۇغراپىيەۋى ئەھۋالى ھەققىدە ئومۇمىي بايان.............................. 1
II باب قەشقەرىيەدىكى ئىرق-لار ھەققىدە ئومۇمىي بايان... 20
III باب قەشقەرىيەنىڭ تارىخى ..................... 31
IV باب جۇڭگونىڭ قەشقەرىيەنى ئىستىلا قىلىشى...... 58
V باب جۇڭگولۇقلارنىڭ قەشقەرىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقى... 75
VI باب ياقۇپ بەگنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قوقەندە ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى سەرگۈزەشتىلىرى............. 108
VII باب بۇزرۇكخان بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرىيەگە بېسىپ كىرىشى.................................. 129
VIII باب تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇشلار.................. 170
IX باب ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرىيە ھاكىمىيىتى............. 196
X باب ياقۇپ بەگنىڭ روسىيەگە قاراتقان سىياسىتى....... 250
XI باب ياقۇپ بەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.............................. 303
XII باب ياقۇپ بەگ بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئاخىرقى ئۇرۇش ۋە ياقۇپ بەگنىڭ ھالاكىتى........ 339
XIII باب جۇڭگولۇقلارنىڭ قەشقەرىيەنى يېڭىباشتىن ئىستىلا قىلىشى.............................. 370
XIV باب ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىدىكى جۇڭگو ئامىلى ..... 397
قوشۇمچە:
لوپنۇرنىڭ ئورنى......................
433

جۇڭگو - روسيە شەرتنامىسى (ئىلى - تارباغاتاي
سودا نىزامى) ........................................ 440
ئەنگلىيە - كەشمىر كېلىشىمى........................ 446
روسىيە - قەشقەرىيە شەرتنامىسى .................... 452
ئەنگلىيە - قەشقەرىيە شەرتنامىسى..................... 455
شەرقىي تۈركىستان باشقۇرغۇچى يېڭى يولنى
بىرلەشمە دېرېكتورلارنىڭ ئىش بېجىرىش
قائىدىلىرى ........................................ 463
قەشقەردىن كەلگەن ھېكايە............................ 467

# I باب. قەشقەرىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

قەشقەرىيە شەرقىي تۈركىستان يەنى جۇڭگوغا تەۋە تۈركىستاننىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ پاسىلىنى بەزىلەر شىمالدا سىبىرىيە بىلەن، جەنۇبتا كەشمىر تاغلىرى بىلەن، شەرقتە چۆللۈك ① بىلەن، غەربتە «پامىر ئېگىزلىكى» دەپ ئاتالغان ئوتلاق بىلەن تۇتىشىدۇ، دېگەن. بۇ گەپ ئومۇمەن خېلى توغرا بولسىمۇ، ئەمما بۇ رايون ھەققىدە تەپسىلىيرەك مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدىغان بۇ ئەسەردە، بۇنى تولۇقراق چۈشەندۈرمەي بولمايدۇ. چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا، قەشقەر ئەسلى بىر شەھەرنىڭلا نامى ئىدى، ماركوپولو② دەۋرىدىن كېيىن، بۇ رايوندا مەزكۇر شەھەرنىڭ ئاھالىسى ئەڭ كۆپ، ئەڭ باياشاد بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپتىكى جايلارمۇ قوشۇلۇپ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان. ئۇنىڭ توغرا نامى — كىچىك بۇخارا ياكى شەرقىي تۈركىستان. جۇڭگولۇقلار بۇ يەرنى «سۇلې» (سۇللاغ) دەپ ئاتايدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئۆتكەن ئاپتورلار ئاتلىق غازىنىڭ③ ئىگىدارچىلىقىدىكى جايلارنى «قەشقەرىيە» دەپ ئاتىغان. بۇ نام

---

① چۆللۈك — موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىكى چۆللۈك رايونلارنى، يەنى موڭغۇلىيەنى كۆرسىتىدۇ. — تەرجىماندىن.

② ماركوپولو — مەشھۇر ئىتالىيە ساھەتچىسى. ئۇ 1271 - يىلى دادىسى ۋە تاغىسى بىلەن ۋېنىتسىيەدىن سەپەرگە ئاتلىنىپ، سورىيە، ئىران، ئافغانىستانلارنى، پامىر ئېگىزلىكىنى ۋە شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تۆت يىلدا يۈەن خاندانلىقىنىڭ پايتەختى خانبالىققا كەلگەن. ئۇ جۇڭگودا 17 يىل تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ساياھەت قىلىپ، 1209 - يىلى ئۆز ۋەتىنىگە قايتقان. كېيىن «ماركوپولو ساياھىتى» ناملىق كىتاب يازدۇرۇپ، جۇڭگونى ياۋروپالىقلارغا تۇنجى قېتىم تونۇشتۇرغان — مۇھەررىردىن

③ئاتلىق غازى — ياقۇپ بەگنىڭ يەنە بىر خىل نامى — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

بىلەن ئاتالغان يەرلەر جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىچىگە
ئالغان بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، ئىلگىرى ئۆتكەن ھەر قانداق بىر دەۋردىكى يەرلىك
ھۆكۈمرانلار ئىدارە قىلغان رايونلاردىنمۇ چوڭ، ئەلۋەتتە. يۇقىرى-
دا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بەزىلەرنىڭ قەشقەر چېگرىسىنىڭ
ئومۇمىي پاسىلىنى شىمالدا سىبىرىيە بىلەن تۇتىشىدۇ، دېگىنىمۇ
خاتا. چۈنكى بۇ ئارىلىقتا يەنە جۇڭغارىيە ياكى موغۇلىستاندىن
ئىبارەت كەڭ رايون بار. جۇڭگولۇقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغ-
دىكى جۇڭغارىيىنىڭ مەركىزى ئىلى دەپ ئاتىلاتتى، ھازىر چار-
روسىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدە غۇلجا دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ —
بىر شەھەرنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. دائىرىسى كەڭ ھەم مۇھىم
بولغان بۇ رايون، جۇڭگولۇقلار ئىلىدىكى ھەربىي مەھكىمىسى ئارقىلىق
قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل تېررىتورىيىگە ھۆكۈمرانلىق
قىلغان مەزگىللەردە، مۇشۇ مەمۇرىي رايونغا قارايتتى. لېكىن
1863 - يىلى جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈچى پارچىلىنىپ كەتكەندىن
كېيىن، قەشقەر ئاخىرى بۇزرۇكخان خوجىنىڭ قولىغا چۈشۈپ
كەتتى. جۇڭغارىيىنىڭ شەرقىي قىسمى جۈملىدىن تىيانشان (تەڭ-
رى تاغ) نىڭ جەنۇبىدىكى كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق
شەھەرلەر تۇڭگانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، رۇسلار غۇلجى-
نى، يەنى ئىلىنى ئىشغال قىلىۋالدى، غۇلجا بىلەن قەشقەرنى
تىيانشان تېغى ناھايىتى ئېنىق ئايرىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىي رول
ئويناۋاتقان بۇ پاسىل بۇ كەڭ زېمىننى ئاقسۇدىن تۇرپانغىچە
ھەتتا ئۇنىڭمۇ نېرىسىغىچە ئېنىق ئىككى قىسىمغا ئايرىۋەتكەن.
شۇڭا شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى تىيانشان تېغى
بىلەن جەنۇبىي تەرىپىدىكى قارا قورۇم تاغلىرى بۇ جاينى خوتە-
دى قورۇق تامدەك ئوراپ كۆھىستان، كەشمىر ۋە تىبەتلەردىن
ئايرىپ تۇرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، غەربىي تەرەپتىكى

پامىر يايلاقلىرى بىلەن شەرقىي تەرەپتىكى قۇملۇق چۆل - باياۋان، بۇ جاينى ئىككى تەرەپتىن ئوراپ دۈشمەن بېسىپ كىرەلمەيدىغان ئىنىق ھەم بىخەتەر مۇداپىئە رايونى قىلىپ شەكىللەندۈرگەن. ئاسىيادا، بۇنداق ئىنىق جۇغراپىيىۋى ئورۇنغا ئىگە دۆلەت ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇلۇغ تەبىئەت گويا ئۇ جاينى چەتنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئەنسىرمەي، ئۆز بايلىقلىرىغا تايىنىپ، بەخت - سائادەت ئىچىدە ياشايدىغان قىلىپ ياراتقاندەك قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تارىخى كۆپرەك غەم - ئەندىشە بىلەن ئۆتكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ چەتنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇپ ئارام تاپقان قىسقىغىنا بىر مەزگىلدە ئۆزىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى بىلەن بەخت تېپىپ ۋە گۈللەپ، يەنە «ئاسىيانىڭ گۈلىستانى» بولۇپ قالغان. نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان يېغىلىقلار بۇ ئەلنىڭ قىياپىتىدە نۇرغۇنلىغان ئىنىق جاراھەت ئىزلىرىنى قالدۇرغان، ئۇنىڭ نوپۇسىنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ ناھايىتى ئىنىق دەلىلىدۇر. ئەڭ قىسىپ ھېسابلىغاندىمۇ يەر مەيدانى 250 مىڭ كىۋادرات مىل① كېلىدىغان بۇ جاينىڭ نوپۇسى، ئەڭ نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ قارىشىچە، بىر مىليونغىمۇ يەتمەيدۇ، قەشقەر رايونى شەرقىي مېرىدىئان 73° تىن 89° ئارىلىقىدا، شىمالىي پاراللېل 36° تىن 43° ئارىلىقىدا يەرگە جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىلگە-رىدىنلا، قەشقەرنىڭ چېگرىسى ئاقسۇدىلا توختايدۇ، دەپ قارى-لىپ كەلگەن، ئاقسۇ بولسا قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا تەخمى-نەن 300 مىل كېلىدىغان بىر شەھەر. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 50 يىل ئىلگىرى جۇڭگولۇقلار قوقەنگە سودا - سېتىق جەھەتتە ئېتىبار بەرگەن چاغدىمۇ، بۇ ئېتىبار بېرىش شەرتلىرى ئاقسۇ-نىڭ شەرقىدىكى جايلاردا كارغا كەلمىگەن. بۇ پاكىتتىن ئاقسۇ-

① مىل — ئەنگلىيىنىڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بىر مىل 1609 مېتىرغا تەڭ — تەرجىماندىن

نىڭ قەدىمكى قەشقەرىيە خانلىقىنىڭ جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان چېگرىسى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قەشقەرىيە بىر مەزگىل يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا گۈللەپ ياشنىغان خانلىق بولغان بولسا، يەنە بىر مەزگىل مەلۇم بىر تاتار (مۇڭغۇل) ئىستېلاچىلىرىغا باش ئېگىپ، ئولپان تۆلەيدىغان بېقىندى دۆلەت بولۇپ قالغان. ئاندىن ئاشۇ مۇڭغۇل ئىستېلاچىلىرىنىڭ يارىماس ئەۋلادلىرىنىڭ تالاش - تارتىشى ئارقىسىدا ۋەيران بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭغارنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ رايوننىڭ مەركىزىمۇ، خۇددى مۇشۇ زېمىننىڭ تەقدىرىگە ئوخشاشلا، بىردەم يەركەن بولسا، بىردەم قەشقەر بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرغان. ھەتتا بەزىدە ئاقسۇمۇ بىرنەچچە قېتىم مەركەز بولغان. لېكىن ئاساسلىق مەركەز يەنىلا قەشقەر بولغان، چۈنكى يەركەن چوڭ شەھەر بولسىمۇ، ياقۇپ بەگ قەشقەرنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلغانلىقتىن، بۇ شەھەرنىڭ نامى پۈتۈن ئاسىياغا پۇر كەتكەن.

قەشقەر، مۇشۇ رايوننىڭ شىمالىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسى بويىدىكى بىر تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. شەھەرنىڭ نېرىراقى تاغلىق رايون بولۇپ، يىراق - يىراقلارغا نەزەر سالغاندا، تىيانشاننىڭ قارلىق چوققىلىرى ۋە ئاقساي ئېگىزلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى ئاران 300 مىڭ بولسىمۇ ھازىر بۇ مەركىزي شەھەرنىڭ بازار ۋە كارۋان سارايلىرى باشقا ھەر قانداق شەھەرنىڭكىدىن ئاۋات. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ جاي روسىيە بىلەن سودا - سېتىق قىلىشقاندىن كېيىن يەنە مەلۇم دەرىجىدە جانلانغان بولسىمۇ، لېكىن مەيلى قوقەندىن كەلگەن سودىگەرلەر بولسۇن ياكى غۇلجىدىن كەلگەن سودىگەرلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىلا بۇ شەھەرنىڭ ئىچكىرىرەك جايلىرىغا بارالايتتى. بۇ شەھەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتتۈرىسىدىكى قىزىل دەرياسىغا ياغاچتىن كۆۋرۈك سېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ شەھەردە تېشى كۆركەم ۋە ئىچى ئازادە ئىمارەت يوق دېيەرلىك. ئەمىرنىڭ ① ئوردىسى شەھەرگە بەش مىل كېلىدىغان يېڭى شەھەرگە جايلاشقان. ئوردىنىڭ ئۆزى قاتمۇ-قات ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان ناھايىتى سۈرلۈك بىر ھەربىي قەلئە بولۇپ، تاشقىرىقى ھويلىدا ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى تۇراتتى. ئەڭ ئىچكىرىكى ھويلا باشقا ئىمارەتلەردىن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ يەر ھۆكۈمراننىڭ ئائىلە تاۋا بىئاتلىرى ياشايدىغان ھەرەمخانا ئىدى. قوبۇلخانا بۇ ئىمارەت-لەر بىلەن تۇتاش بولۇپ، تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان چەت ئەللىك مېھمانلارنى ھۆكۈمران مۇشۇ قوبۇلخانىدا ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلاتتى. قەشقەر ئەزەلدىن كۆپلەپ ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ كەلگەن بىر قەلئە بولسىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى قۇدرىتىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى سېپىلىدە پەقەت ئەسكى تاملىرىلا قالغان. شۇڭا قەشقەر ھازىر، مەيلى چوڭ يولنى بويلاپ ئاقسۇدىن ياكى بارچۇقتىن (مارالبېشىدىن) كەلگەن تاجاۋۇزچى بولسۇن ياكى قوقەن ۋە ياكى غۇلجىدىن تاغ ئېشىپ كەلگەن تاجاۋۇزچى بولسۇن، ھەر قانداق تاجاۋۇزچى ئالدىدا قول باغ-تۇرىدىغان دەرۋازىسى ئوچۇق، پۈتۈنلەي مۇداپىئەسىز شەھەر ھالى بولۇپ قالغان. لېكىن ياقۇپ بەگ قەشقەرنىڭ جەنۇبىغا بەش مىل كېلىدىغان يېڭى شەھەرگە بىر قەلئە ياسىتىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق مۈلۈك بايلىقلىرىنى ئاشۇ يەردە ساقلىغان. بۇ قەلئەنى قەشقەر-نىڭ قاراۋۇل شەھىرى دېيىشكە، شۇنداقلا ھۆكۈمراننىڭ ئوردىسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. يېڭى شەھەرنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانى ئۆزىنىڭ چەكلىك مالىيە كۈچى بىلەن ياساتقانلىقتىن،

① ياقۇپ بەگ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تۈركىيە سۇلتانى 1872 - يىلى ياقۇپ بەگكە ئەمىر دېگەن پەخرىي ئۇنۋانىنى تەقدىم قىلغان. — خەنزۇچە تەرجىمانىدىن.

ئۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ھەربىي ئىنشائات دېگىلى بولمايدۇ، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئەنجان ۋە قوقەندىن ئۈزلۈكسىز ھالدا قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان سودىگەرلەر بۇ شەھەردە ناھايىتى مۇھىم بىر سىنىپ بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇزرۇكخان خوجا بىلەن ياقۇپ بەگ بۇ يەرگە ئەڭ ئاساسلىقى مۇشۇ سودىگەر-لەرنىڭ ياردىمى بىلەن بېسىپ كىرەلىگەن. لېكىن ياقۇپ بەگنىڭ ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر، سودىگەرلەر سىنىپى كېيىنكى ئەھۋاللاردىن ناھايىتى نارازى بولغانمىش. ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قەشقەر گەرچە ماركوپولو ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى ئۆتكەن جۇڭگولۇق سەيياھ شۈەنزاڭ ئەينى ۋاقىتتا ماختىغاندەك ئاۋات بولمىسىمۇ، ھەر ھال-دا يەنىلا خېلى باياشات بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستاننىڭ ھەر قانداق بىر شەھىرىدىن قېلىشمايدۇ، كىشىلەر-نىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكى بۇ يەردە بىز مىسال قىلىپ كۆرسى-تىپ بېرەلەيدىغان شەھەرلەرنىڭكىدىنمۇ كۆپرەك كاپالەتكە ئىگە.

يەركەنگە بارىدىغان يولنىڭ يېرىمىدا ئىلگىرى ھەربىي ئىشلار ۋە سودا ئىشلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن يېڭىسار دېگەن بىر شەھەر بار. ھازىر بۇ شەھەر چۆللىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەربىي جەھەتتىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى ۋە يېرىنىڭ ئالاھىدە مۇنبەتلىكى تۈپەيلىدىن، ئۆتكەنكى ئۈستۈنلۈكىنىڭ بىر قىسمىنى ساقلاپ كەلگەن.

يەركەن قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، ئۇدۇل ھېسابلىغان-دا قەشقەردىن تەخمىنەن 80 مىل كېلىدۇ، يول بىلەن ماڭغاندا تەخمىنەن 120 مىل كېلىدۇ، ئۇ ھازىرغا قەدەر شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. يەركەن دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بۇ شەھەر-نىڭ ئايلانمىسى تۆت مىل كېلىدىغان مۇستەھكەم سېپىللى ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆتمۈشتىكى قۇدرىتىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ شەھەر جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىدىكى شەھەرلەر ئىچىدە ئەڭ گۈللەنگەن ئاۋات شەھەر دېيىشكە ئەرزىيدۇ. لورد دوگلاس. فورسىتنىڭ مۆلچەرىچە، بۇ شەھەرنىڭ ھازىرقى نوپۇسىمۇ 40 مىڭدىن ئاشىدىكەن، شەھەر ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ نوپۇسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭغا يېتىدىكەن. شەھەرنى كەڭ بەلباغدەك ئوراپ تۇرغان مېۋىلىك باغلار بۇ يەرگە ناھايىتى ئاۋات، گۈللەنگەن بىر مەنزىرە بېغىشلايدۇ. مۇشۇ باغ-ۋارانلار سەيياھلارنى ئەينى زاماندا بۇ يەرنىڭ بايلىقلىرى ئۈستىدە ئارتۇقچە يۇقىرى باھا بېرىدىغان قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغان بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. شەھەر كوچىلىرىدا سېتىلىۋاتقان ھەر خىل مېۋە-چېۋە، ئوزۇق-تۈلۈكلەرنىڭ مۆلچەرلىگەندىن باشقا، يەنە كەڭ كۆلەملىك، ناھايىتى نۇرغۇن تاپاۋەتلىك كۆن-خۇرۇم سودىسىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. يەركەن بۇنداق تاۋارلارنى تامامەن دېگۈدەك مونوپول قىلىۋالغان. بۇ شەھەرنىڭ كۆن-خۇرۇمغا بولغان ئېھتىياجىمۇ ناھايىتى چوڭ. ئەمەر ھەر يىلى ئۆزىنىڭ ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئۆتۈك، ئېگەر-جابدۇقلىرى ئۈچۈنلا نۇرغۇن كۆن-خۇرۇم ئېلىپ قالماي، نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىمىگىمۇ كۆن-خۇرۇم ئىشلىتىدىكەن.

يەركەن گەرچە مۇشۇ باياشاد رايوندىكى ئاساسىي بازارلارنىڭ بىرى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئاھالىسى باي ۋە روھلۇق بولسىمۇ، لېكىن ھازىر كىشىلەر ئارىسىدا، مەركەز قەشقەرگە يۆتكەلگەن ۋە جۇڭگولۇق سودىگەرلەر جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بىللە كۆزدىن يوقالغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئاۋات يەركەن چۆللىشىپ، خۇددى يېزا بازارلىرىغا ئوخشاپ قالدى، دەيدىغان قاراش خېلى كۈچىيىپ قالغان. بەزىلەر شۇ جايدىكى ئوقۇمۇشلۇق بىر سودىگەردىن ئۇنىڭ جۇڭگولۇق ھۆكۈمرانلار ۋە يەرلىك

هۆكۈمرانلار ئۈستىدە قانداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى جاۋابىدىن ئۇنىڭ جۇڭگولۇقلار باشقۇرۇشقا ماھىر، دېگەن قاراشتا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن. ھېلىقى سودىگەر مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «سىز ھازىر بۇ بازاردا كۆرۈۋاتقان ئەھۋال خىتايلار① بار چاغدىكى ئەھۋالغا تامامەن ئوخشىمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، دېھقانلار توخۇ-تۇخۇملىرىنى، پاختا، يىپ-ماتالىرىنى، كالا-قوي، ئات-ئېشەكلىرىنى شەھەرگە ئەكىلىپ ساتىدۇ. بازاردىن قايتىشىدا چەت-شاتۇۋا، تۇماق-تەلپەك، ئۆتۈك-مەسە ۋە ئۆزلىرىگە لازىملىق نەرسە-كېرەك-لەرنى ئېلىپ، ئوبدان غىزا يەپ قايتىدۇ؛ بىز ماللىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، رەتلەپ، دۇكانلىرىمىزنى تاقاپ، چۆپقەتلىرىمىزنىڭ كېلەركى بازار كۈنى يەنە كېلىپ سودا-سېتىق قىلىپ كېتىشىنى كۈتىمىز. مۇشۇ ئارىلىقتا بەزىلىرىمىز ھەتتا ئاز-پاز مال ئېلىپ، سەھرادىكى چار بازارلارنىمۇ چۆگىلەپ كېلىمىز. ئەمما چوڭ سودا يەنىلا شەھەرنىڭ بازار كۈنىدە بولىدۇ. «خىتايلار» دەۋ-رىدە، ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ئۇ زامانلاردا ھەر كۈنى بازار بولۇپ تۇراتتى، بازار كۈنى تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى. ئۇ چاغلاردا بىر قازى ئالتە رەئىسنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، كىشىلەرنى ئۇرۇپ نامازغا ھەيدەيدىغان، ئاياللارنى كوچىلاردىن قوغلايدىغان ئىشلار يوق ئىدى؛ ئۇ چاغلاردا بەزى ئادەملەر ھاراق ئىچسىمۇ ياكى ھارام گۆشلەرنى يېسىمۇ دەررە يېمەيتتى. ئۇ چاغلاردا يەنە

① «خىتاي» دېگەن ئاتالغۇ ئەسلىدە تارىختىكى «قىتان» دېگەن ئاتالغۇ-نىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، چەت ئەللىكلەر ئۇنى «كىدان»، «كى-تاي» دەپ ئىشلىتىدۇ. يېقىنقى زاماندا «خەنزۇ» دېگەن ئاتالغۇ ئومۇملىشىشتىن ئىلگىرى، خېلى ئۇزاققىچە «خىتاي» دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىپ كەلگەن ئىدى. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە خەن-زۇلارنى ئەينى زاماندىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىكى «چىڭ» — جۇڭگو دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، «خىتاي» دەپ ئاتىغان. تەرجىمىدە ئەسەرنىڭ ئەسلى-قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ ئاتالغۇ ئەينەن قوللىنىلدى — مۇھەررىردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىزىقچىلىق قىلىدىغان موللاقچىلار، دارۋازلار، پالچى - رەمباللار، مەدداھلار ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. دۇكانلارنىڭ ئىشىكلىرىگە خىلمۇخىل تۇغ ئەلەملەر ۋە رەسىملەر ئېسىلاتتى. ھاجەتمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان، ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتكەن، تاۋار - دۇردۇن كىيىملەرنى كىيگەن نازىنىن سەتەڭلەرمۇ بار ئىدى.» بۇ سودىگەردىن يەنە ئاشۇ تۈزۈم شارائىتىدىكى ئەخلاقسىزلىقنى ھازىرقى ئاتلىق غازىنىڭ قاتتىق مۇسۇلمانچىلىق تۈزۈمىدىكى ئەخلاق بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولماس؟ دەپ سورالغاندا، بۇ سودىگەر: «شۇنداق، سېلىشتۇرۇشقا بولماس. ئۇ چاغلاردا لۈكچەك، بەڭگى - قىمارۋازلار تولا ئىدى؛ بەزىلەر قاتتىق مەس بولۇپ قالسا، يانچۇقچىلار ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىنى قۇرۇغداپ قوياتتى. لېكىن بۇ ئىشلار ھازىرمۇ تۈگەپ كەتكىنى يوق. لېكىن ئىلگىرىكىدەك ئاشكارا ئەمەس. چۈنكى ھازىر ئىسلام دىنى ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئۇنىڭ قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلماي بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ تولىمۇ ئوبرازلىق گۇۋاھلىق بولۇپ، ئىككى خىل ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى بەزىبىر تەقۋىم كىتابلاردىكىدىنمۇ ئېنىقراق سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ؛ ئەمدى بىز بايىقى تېمىمىزغا قايتىپ كەلسەك، يۇقىرىقى بايانلار جۇڭگولۇقلار بۇنىڭدىن 15 يىل ئىلگىرى قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، يەركەننىڭ بايلىقى ۋە نوپۇسىنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خوتەن يەركەننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 150 مىل، سانجۇنىڭ شەرقىغە تەخمىنەن 90 مىل كېلىدۇ. ئۇ كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قەشقەر رايونىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى بىرقەدەر مۇھىم شەھەردۇر. جۇڭگولۇقلار ئىدارە قىلىۋاتقان چاغلاردا، بۇ يەر ئەڭ گۈللەنگەن سانائەت

مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ يەر تىبەت بىلەن بولىدىغان بارلىق سودا - سېتىقنىڭ مەركەزلەشكەن جايى بولغاچقا، بازار ناھايىتى قىزىيتتى. جۇڭگولۇقلار بۇ جاينى «خوتەن» دەپ ئاتايدۇ، يەرلىك پۇقرالار يەنىلا «ئىلچى» دەپ ئاتىشىدۇ. تىبەتتىن كەلتۈرۈلىدىغان قوي يۇڭى ۋە ئالتۇنىدىن باشقا، بۇ يەرنىڭ ئۆزىدىمۇ كېيىنلۇن تاغلىرىدا ئالتۇن كانلىرى بار؛ ئۇنىڭ ئىپار، يىپەك، قاشتاشلىرى ئەتراپتىكى ئەللەرگە مەشھۇر. شۇ سەۋەبتىن، خوتەنمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ كېتىشى بىلەن زەربىگە ئۇچرىغان؛ بۇ شەھەرنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق، ياقۇپ بەگنىڭ قاتتىق ھەربىي تەرتىپلىرى ۋە ئامانلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى بۇ يەردىكى ئاجايىپ خىسلەتلىك مىللەتنىڭ غەيرىتى ۋە بايلىقى ئالدىدا تولىمۇ پۇچەك، سۇنئىي نەرسە بولۇپ قالغان.

ئۇچتۇرپان ياكى يېڭى تۇرپان. قەشقەردىن ئاقسۇغا بارىدىغان يول ئۇستىدىكى كىچىك بىر شەھەر. ئۇنى خېلى ئاتىقى چىقىپ قالغان تۇرپان بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. تۇرپان شەرق تەرەپتىكى يىراق بىر جاي، يەنى گەنسۇغا بارىدىغان چوڭ يول ئۇستىدىكى بىر شەھەر. كىشىلەر ئۇنى ئۇچتۇرپاندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، كونا تۇرپان دەپ ئاتايدۇ، ئۇچتۇرپان ھېچقاچان مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن شەھەر ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ جۇڭگو كارۋانلىرى چوقۇم ئۆتىدىغان يول بولۇشى بىلەن خېلى كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا، ياقۇپ بەگ بۇ يەردە بىرنەچچە قەلئە ياساتقان، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەربىي جەھەتتە مۇھىم قورۇلغا ئايلانغان.

ئاقسۇ — قەشقەرىيىنىڭ قەدىمكى مەركەزلىرىدىن بىرى. بۇ شەھەر «خىتايلار» قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، باشقا ھەرقانداق بىر شەھەردىنمۇ بەكرەك خارابلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئادىللىق بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ يەرنى قەشقەرىيىدىكى 3-

www.uyghurkitap.com

شەھەر دېيىشكە بولىدۇ. ھېلىقى ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، مۇز داۋان ئارقىلىق ئىلىغا ئۆتىدىغان بىر يول بولۇپ، يوللاردا ئۆتەڭلەر قۇرۇلغانىكەن. ياساش تولىمۇ قىيىن بولغان بۇ يولنى ئادەم ۋە ئات-ئۇلاغلارنىڭ مېڭىشىغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يىل بويى مەدىكار يالالاپ ياستىلىپ كەلگەنىكەن. ئەمما بۇ يولدا كۆپ يىللاردىن بېرى قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ئۇنى بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە خىراجەت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدا قوغۇشۇن، مىس ۋە گۈڭگۈرت قاتارلىق كان بايلىقلىرى مول بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ كانلار بىلەن ھېچ-كىمنىڭ كارى بولمىغان. تاشكۆمۈرمۇ بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ كۈن-دىلىك يېقىلغۇسى ئىكەن. ئاق كۆڭۈل ئاقسۇلۇقلار مەيلى ئەقىل-ئىدراك جەھەتتە بولسۇن ياكى ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش جە-ھەتتە بولسۇن قەشقەرلىكلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشقا لايىق. مۇز داۋان يولى توسۇلۇپ قالغانلىقتىن، ئەسلىدىكى غۇلجا بىلەن بولىدىغان سودا پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغان، نەتىجىدە چار روسىيىگە «تەۋە» بۇ جاينىڭ① بارلىق قاتناش-ترانسپورتى ناردىن تېغى ئارقىلىق ۋېرنىيغا② تۇتىشىدىغان بولغان. بۇ ئۆزگىرىش قەشقەرگە پايدىلىق بولسىمۇ، ئاقسۇغا پۈتۈنلەي زىيانلىق. بەلكىم ئاقسۇ ھېلىمۇ مۇھىم ئورۇنلارنىڭ بىرى بولۇشى ھەمدە ئۆزىنىڭ قولىدىن كەتكەن ئورنىغا ئويلىمىغان يەردە قايتا ئىگە بولۇپ قې-لىشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، بىز ياقۇپ بەگ ئۇ يەردىكى قەدىمكى قورغانلارنى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىدەك زامانىۋى توپ-زەمبىرەك-لەرنىڭ ئوقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قەلئە قىلىپ ئۆزگەرتكەن دېگەن گەپنىلا ئېيتالايمىز.

① غۇلجىنى دېمەكچى —— تەرجىماندىن.

① ۋېرنىي — ئالمۇتا — تەرجىماندىن

بىر يۇقىرىدا قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئۇچتۇر-
پان، ئاقسۇدىن ئىبارەت ئالتە شەھەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.
قەشقەرىيە مانا مۇشۇ شەھەرلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بىر زامانلار-
دا بۇ يەرنىڭ «ئالتە شەھەر» دەپ ئاتىلىشى مۇشۇ سەۋەبتىن
بولسا كېرەك. بۇلاردىن باشقا، بىر يەنە شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ
ئۆتىمىزكى، ھازىرقى قەشقەرنىڭ ئەڭ چەت غەربىي جەنۇبىدا
سېرىققول ياكى تاشقۇرغان دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بولۇپ، بۇ يەر
ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان بىرىنچى تايانچ پونكىت بول-
غاچقا مۇھىم بىر جاي ھېسابلىنىدۇ. سېرىققۇلنىڭ يېنىدا بەدەخشان،
ۋاخان دېگەن جايلار بار. بەزىلەر ،ئافغانىستانلىق شىر ئەلى قەشقەرى-
يىنىڭ تەسىرىنىڭ مۇشۇ جايلارغىچە كېڭىيىپ كېتىشىگە ئالاھىدە
دىققەت قىلماقتا، دەپ قارايدۇ. شۇنى جەزمەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ-
كى، شىر ئەلى ھەرگىز ياقۇپ بەگنىڭ مەلۇم پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ، پامىرنى بويلاپ ئالغا سىلجىشىغا يول قويمايدۇ. سېرىققول
ۋاغجىر تېغىنىڭ شىمالىي ئېغىزىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقاچقا،
ھىندىستانغا ئۆتىدىغان بۇ يول يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پات-
پات تىلغا ئېلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

مارالبېشى يەنى بارچۇق، خېلى كۆپ ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇ-
ۋاتقان ھەربىي بازىلارنىڭ بىرى بولغاچقا، ستراتېگىيە جەھەتتە
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ جاي قەشقەر بىلەن يەركەندىن كې-
لىدىغان ئىككى يولنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىغا جايلاشقان. بۇ يەر-
دىن يەركەن دەرياسىنى بويلاپ كۇچاغا بارغىلى بولىدۇ. لېكىن
بىرنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغىنى مارالبېشىنىڭ ئىنتايىن ئۆزگىچە خۇ-
سۇسىيەتكە ئىگە دولانلار ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ مەركىزى بول-
غانلىقىدۇر. بۇ خەلقنىڭ ئەقىل-ئىدراكى ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ
تۆۋەن ھالەتتە تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى ۋە تەن
قۇرۇلۇشى بەلكىم يەر يۈزىدىكى ئەڭ ناچارلارنىڭ قاتارىغا كى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

رىشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تېخىمۇ ئېچىنارلىق. ئۇلارنىڭ بەزى ئۆرپ - ئادەتلىرى كىشىنى يىرگىنىدۇرىدۇ. ئۇلار ئەڭ ناچار يەرلەردە، يەنى كەمىلەردە يېتىپ قوپىدۇ. چوڭراق شەھەرلەردە ئۇلارنى كۆرگەن بەزى سەيياھلار شەھەرلەردە بىرگە ئۇلار ھەققىدە تارقالغان رىۋايەتلەر زادىلا مۇبالىغە ئەمەس، راست شۇنداق، دەيدۇ. ئادەمنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ناچار تۇرمۇشىغا شۈكرى - قانائەت قىلىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش يولىدىكى ھەر قانداق تەدبىرلەرنى ياقتۇرمايدىكەن. بۇرۇن بەزىلەر ئۇلارنى بوستىلار (زاڭزۇلار) غا ئوخشاتقان، لېكىن بوستىلار تېخى ئۇلاردىن خېلى ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا يېقىن ئەتراپتىكى باشقا ئۇرۇق - ئايماقلار ئۇلارغا مەنسىتمەسلىك ۋە مەسخىرە قىلىش نەزەرى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

كوچا ناھايىتى ئاۋات (ئۆتكەندە شۇنداق ئىدى دېيىش كېرەك)، گۈللەنگەن يەنە بىر شەھەر بولۇپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ مال - مۈلكى ۋەيران بولغان ۋە كېيىنچەرەك تۇڭگان يېغىلىقى يۈز بەرگەندىن كېيىن، تا ھازىرغا قەدەر ئۆزىنى ئوڭشاپ ئالالمىغان. بىر چاغلاردا كوچانىڭ ئاھالىسى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 500 مىڭغا يەتكەن ئىكەن. بۇ يەر ئۆزىنىڭ مول بايلىقى ۋە خەلقىنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى جەھەتتە ئاقسۇدىن قېلىشمايدىكەن، لېكىن ھازىر بۇ شەھەر خېلى بەك چۆللىشىپ قالغان. كونا شەھەرنىڭ كۆپ قىسمى خارابىلىققا ئايلانغان. تۇڭگانلار ئاتلىق غازى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى توققۇز يىل ئىچىدە، ئۇرۇشتا خاراب قىلىنغان بۇ شەھەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا ھېچقانداق ئىش قىلىنمىغان دېيىشكە بولىدۇ.

كورلا ۋە قاراشەھەر كوچانىڭ شەرقىدە بولۇپ، بۇ شەھەرلەرمۇ ئۆتكەندىكى ئالا - توپىلاڭ ۋە قانلىق ۋەقەلەردىن كېيىن

تېخى ئۆزىنى ئوڭشاپ ئالالمىغان. لېكىن تۇرپاندىر ئېغىكى ۋەيـ
رانچىلىق ئالدىدا، بۇ شەھەرلەرنىڭ ئەھـۋالىنى خـېلىلا ياخـشى
دېيىشكە بولىدۇ. ئۆتكەندە جۇڭگو بىلەن بولىدىغان سودىدا، باشقا
جايلارغا قارىغاندا تۇرپان كۆپرەك مەنپەئەتدار بولغان بولۇشى مۇمكىن.
چۈنكى ئۇ ئاقسـۇ ياكـى كۇچادەك باياشات بولمىسـىمۇ، لـېكـىن
شەرقتىن غەربكە ياكى شىمالدىن ئۈرۈمچى ۋە چۆچەكلەرگە بارىـ
دىغان كارۋانلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ ئۆتىدىغان جاي بولغاچقا،
تۇرپانغا مەنپەئەت تېگىپ تۇرغان. كارۋانلار بۇ يەردە بىرنەچچە
ھەپتىلەپ تۇرۇپ، يۈك-تاقىلىرىنى پۈختىلاپ تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن
كېيىنلا تيانشاندىن ئۆتۈپ گۇچۇڭغا ياكـى چـۆلـلەرنى بىـسىـپ
قۇمۇلغا بارىدۇ. شۇڭا تۇرپان بىر مەھەل تازا ئاۋاتلاشقان. ئەمدىـ
لىكتە بولسا تۇرپاننىڭ كوچىلىرى چۆللىشىپ كەتكەن، ئەتراپىدىـ
دىكى يۇرت-مەھەللىلەرمۇ قاغجىراپ كەتكەن بولۇپ، ئۆتمۈشتىـ
كىدەك جۇشقۇنلۇق گۈللىنىشـتىن ئەسەرمۇ قالمىغان. ياقۇپ بەگ
تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى چىقتىمغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغاچقا، تۇرپاننى
ياقۇپ بەگنىڭ شەرقتىكى ئەڭ چەت زېـمىنى دەپ ھـېسابـلاشقا
بولىدۇ.

بىر يۇقىرىدا، قەشقەرىيەدىكى ئاساسلىق شەھەرلەر ھەققىدە
بىرقەدەر تەپسىلىي توختالدۇق، كىتابخانلارنىڭ ئېسىـدە ياقۇپ
بەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندا مۇشۇ شەھەرلەر ۋە بۇ شەھەرـ
لەرنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار بىرقەدەر باياشات ئىكەندۇق دېگەن
تەسىرات قالدۇرۇشقا تىرىشتۇق. قەشقەرگە بارغانلىكى كىشىلەردە
يەركەندىن قەشقەرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئېتىز-ئېرىقلارنىڭ
گۈللەنگەن مەنزىرىسى ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالـدۇرىدۇ. لـېكىن
شۇنىڭ بىلەن بىـلـلە، يېقىن ئەتراپـتىكى قاقاس چۆللەر بۇنداق
كۆركەم، چىرايلىق مەنزىرە ئالدىدا تېخىمۇ روشەن گەۋدىـلىنىپ
تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ئېتىز-ئېرىقلارنىڭ كۆلىمى كىچىك بولمىـ

www.uyghurkitap.com

سىمۇ، ئەمما پارچە-پارچە بولۇپ، بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. كەڭ ئېتىزلارنىڭ ئەتراپى ئامۇتلۇق، ئالمىلىق ۋە باشقا مېۋىلىك باغلار بىلەن ئورالغان. قەشقەرنىڭ يېزا-كەنتلىرى كەڭ كوچىلىق قاتار-قاتار ئۆيلەر ۋە چېۋەك-چېۋەك قورۇلاردىن تۈزۈلگەن بولماستىن، بەلكى كەڭ ئېكىنزارلىقلارنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى چوڭ يەرنى ئىگىلەيدۇ. چەتتىن كەلگەن كىشى بۇ يەرنى يېزا-كەنت جامائەسى دېگەندىن كۆرە، ئاھالىسى شالاڭ سەھرا دېسە بولغۇدەك، دېگەن تەسىراتقا كېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەر ئەسلىدىن مۇنبەت بولسىمۇ، ئەمما دېھقانچىلىق ئۇسۇلى نورغۇن كۈچ خورىتىدىغان بولغاچقا، ئېھتىمال ھەر بىر كەنتنىڭ يەرلىرىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىدىلا ھوسۇل ئېلىنسا كېرەك. شۇڭا قارىماققا ئۇمۇمەن پاراۋان ۋە ئاددىي-ساددا كۆرۈنگەن بۇ مەھەللە-كويلارمۇ پەقەت مۇشۇ كەڭ كەتكەن قاقاس چۆلدىكى ئاز-تولا بوستانلىقتىنلا ئىبارەت، خالاس. يەرلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يەرلەرنى ئىگىلەپ ئالغان ۋە ئۇلار ئۆز يەرلىرىنى تۆجۈپىلەپ تېرىمىغانلىقتىن قاردىماي ئوبدان ھوسۇل ئېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تېرىلغۇ يەرلەردىن ئېلىنىدىغان ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى يەنىلا ئىنتايىن چەكلىك. ئەڭ يامىنى شۇكى، تېرىلغۇ يەرلەر يىلدىن-يىلغا ئازىيىشىپ كېتىۋېتىپتۇ. دائىم بىر خىللا زىرائەت تېرىلىۋېرىدىغان مۇشۇنداق دېھقانچىلىق تۈزۈمى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق تۈزۈم مەڭگۈ ساقلىنىپ كېتىۋەرسە، يەرنىڭ كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بۇرۇندىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان سۇ قىسلىقى بۇيەردە يېڭىش زۆرۈر بولغان يەنە بىر قىيىنچىلىق. بۇ رايوننىڭ يەرلىرى ئومۇمەن ئۈنۈمسىز چۆللۈك، بۇ يەردىكى چۆللەر بارغانسېرى كېڭىيىپ كېتى-

ئېتىپتۇ. شىمال، غەرب، جەنۇب تەرەپلەردە يىراقتىكى تاغلار
شىرە-شىرە قەد كۆتۈرۈشۈپ تۇرىدۇ. جۇڭگولۇقلار قالدۇرۇپ
كەتكەن ئۆزگەرمەس بەلگىلەردىن سىرت، كونا يولدىن دېرەك
بېرىپ تۇرىدىغان چىغىر يولنىڭ ئىزلىرى ھەممە يەردە بىلىنەر-
بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ چىغىر يوللارنىڭ ساياھەتچىلەر-
نى بۇ يەرگە كىرىشكە قىزىقتۇرۇشى قىيىن. سەيياھلار بۇ يەرگە
كىرەلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرەر ياخشى نەرسىگە ئېرىشە-
لىشى ناتايىن. بۇ جايمۇ ئاسىيادىكى قالاق بىر رايون بېرەلەيدى-
غان ناھايىتى ناچار قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە ئوزۇق-تۈلۈك تەمى-
ناتىدىن باشقا ھېچنېمە بېرەلمەيدۇ. سانجۇدىن يەركەنگىچىلىك
بولغان يولدا پەقەت سۆكسۆكلۈك چۆلدىن باشقا نەرسىنى كۆ-
رۈش قىيىن. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈزلەڭلىكىدە ئۆسۈملۈك ناھايىتى
ئاز بولغاچقىمۇ، ھەممىلا جاي دېڭىزدەك غىلاڭ ساي كۆرۈنىدۇ.
ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدىغان بوران كىشىگە قۇملۇق چۆلدىن يا-
كى ئېگىز تاغدىن چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن كۆزگە كۆرۈن-
گەن ئېگىز-پەس قاقاس چۆللۈكلەر كىشىگە خۇددى كەربالانىڭ
چۆلىنى ئەسلىتىدۇ. قىرغىز چەپانلار بېقىپ يۈرگەن ئاۋارە قوي
پادىلار كىشىگە ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىزلىكنى ئەسلىتىدۇ.
يىراقلاردا سانجۇ داۋىنى ياكى گۆھەر بۇرۇن تاغلىرىنىڭ تۇمان-
لىق چوققىلىرى كۆزگە چېلىققاندا، سەيياھ ئۆزىنىڭ دۇنيانىڭ
ئەڭ ئېگىز يېرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەسكە ئالماي قالمايدۇ. ئە-
گەر جەنۇب تەرەپكە بارىدىغان بۇ يوللار تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزى-
مەيدۇ دېيىلسە، قەشقەردىن ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، قاراشەھەر،
تۇرپانغا بارىدىغان چوڭ يولنى يول قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى كاتتا ئىجا-
دىيەت دېيىشكە ۋە قورقماي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چوڭ يوللىرى بىلەن
سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە
قىلىشتىكى جاسارىتى، سەنئىتى، ئىقتىدارى جەھەتتىكى ئۆلمەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاتىرىدۇر. جۇڭگونىڭ ئۆز يېرىدە نۇرغۇنلىغان مۇھىم چوڭ يول-لار بار، لېكىن ئۇ يەرلەردە كېمە قاتنىيالايدىغان چوڭ دەريالار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق سەپەر قىلىش ناھايىتى ئاسان. شەرقىي تۈركىستاندا بولسا بۇنداق قوشۇمچە ۋاسىتە يوق. شۇڭا جۇڭگودىن جۇڭغارىيىگە، قەشقەرغە، قوقەنگە، بۇخاراغا بارىدىغان بۇ يولنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋانلىقىنى ساقلاش كېرەك. بۇنداق قىلىش، شەك-شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر خىزمەت. ئەمدى مۇز داۋاندەك بۇنداق ئالاھىدە قۇرۇلۇشقا كەلسەك، تېخىمۇ شۇنداق. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى، ناھايىتى مۇكەممەل تەشكىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قەشقەرىيىدە ئاز چىقىم بىلەن ئوڭايراق سەپەر قىلغىلى بولىدىغان بىرەر سۇ يولىنىڭ بولمىغانلىقى — ئۇنىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنى جەھەتتىكى چوڭ بىر يېتەرسىزلىك. ئەگەر بۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىكىدە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سۇغىرىش سىستېمىسى بولغان بولسا، بۇ رايوننىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى زىيىنىنى خېلى ئازايتقان بولاتتى. ئاتۇش دەرياسىغا ئوخشاش دەريا ئېقىنلىرى ئارقىلىق كۆكلەم تاشقىنىدا تاغلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان قار سۇلىرى قانداقلا بولمىسۇن قەشقەرىيىنىڭ غەربىي قىسمىنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ كېتەلەيتتى. بۇ جاينىڭ ھاۋا ئىقلىمى بىرقەدەر تۇراقلىق بولۇپ، خەلق ئىچىدە، تاغلىق جايلاردا ۋە يەركەندە بولىدىغان پوقاق كېسەللىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك تارقىلىشچان كېسەللىك يوق. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئىشچان، ياۋاش كېلىدىكەن. لېكىن بۇ «مەركىزىي رايون» دا بىز ئۇچراتقان ئىرقلار (مىللەتلەر) كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز لايىقىدا بايان قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدۇق. ئەنجان ۋە قوقەن سو-

دىگەرلىرى بۇ يەردىكى تەبىقىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ باي تەبىقە
بولۇپ، ئۇلار سودا-سېتىق قىلىشتا ھەممىسىدىن ئېشىپ چۈشى-
دىغان قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەن. تارانچىلار — جۇڭغۇلۇقلار 1762-
يىلى قەشقەردىن غۇلجىغا كۆچۈرگەن ھاشارچىلارنىڭ ئەۋلادلىرى.
ھەربىي قىسىم ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا يەنە بىر مۇنچە «خى-
تايلار» ئىشلەۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىغا يوشۇرۇن ھالدا ئې-
تىقاد قىلىشىغا يول قويۇلغان. باشقا ئىرقلار ئۇلارنى ياخشى كۆر-
مەيدۇ، ھەتتا چاپلاشقا بولىدىغانلىكى بەدناملارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ-
لارغا چاپلايدۇ. لېكىن بۇ «خىتايلار» مۇشۇ جايدا ئۆزلىرىنى
يوشۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن. ئۇلار گەرچە شۇ جايدىكى ئەر خەقلەر
ئارىسىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئاز سانلىق گۇرۇھقا ئاي-
لانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگولۇق قېرىنداش-
لىرى بۇ جايغا تەدرىجىي يېقىنلىشىپ كەلگەن چاغلاردا، خەۋپ-
لىك ئادەملەر قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەن. قەشقەرىيىدە، يەرلىك ئا-
ھالە ئىچىدە ۋە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىككى خىل مۇھىم
كىشىلەردىن باشقا، يەنە قوشنا دۆلەتلەردىن، بولۇپمۇ قوقەندىن
كەلگەن كىشىلەرمۇ بار. تەبىئىكى، ياقۇپ بەگ قوقەندىن كەل-
گەن كىشىلەرنى تولىمۇ ئەتىۋارلايدىكەن. بىز قەشقەرىيىنىڭ جۇغ-
راپىيىۋى ئالاھىدىلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئاندىن
ئۇنىڭغا ئۇلاپلا شۇ جايدىكى ئىرقلار ئۈستىدىمۇ توختالماقچى ھەم-
دە ئۆتمۈشتىكى ئەھۋاللارنى تارىخىي يوسۇندا بايان قىلماقچىمىز.
كىتابىمىزنىڭ مۇقەددىمە خاراكتېرلىك بۇ پاراگرافلىرىنىڭ بەزى مۇ-
جمەل قاراشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ مەرھۇم ئاتىلىق
غازىنىڭ ھاياتىغا توغرا باھا بېرىشىگە ئىمكان بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز

قەشقەرىيە — ئاسىيانىڭ غايەت زور ئەۋزەللىككە ۋە خىيالى
نۇرغۇن ماددىي بايلىققا ئىگە بىر قىسمى، لېكىن بۇ جاي ئۆزىنىڭ
ئىنتايىن بەختسىز سەرگۈزەشتىسى نەتىجىسىدە، يېقىنقى زاماندا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جۇڭگولۇقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىسقا دەۋرنى ھېسابقا ئالمىغان-
دا، ئىچكى يېغىلىقلار تۈپەيلى يىلدىن-يىلغا ئاجىزلىشىپ كەت-
كەن. بەزىلەر، ئېھتىمال، قەشقەرىيە ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مول تەبى-
ئىي بايلىقلىرىغا تايىنىپ، بەزى زۆرۈر ۋاسىتىلەرنى ھازىرلىماي
تۇرۇپمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتالايدۇ، دەپ
تولىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىشى مۇمكىن. بۇ بەلكىم ئېھتىمالغا
ناھايىتى يېقىن قىياستۇر، ئەمما قولىمىزغا چۈشكەن ئەڭ ئىشەنچ-
لىك ماتېرىياللار بىزنى مۇنداق بىر ئىشەنچلىك خۇلاسىگە
ئېلىپ بارىدۇكى، بىز بۇ خۇلاسىدىن ھەقلىق يوسۇندا، قەشقەرى-
يىنىڭ ئورنى، تەبىئىي بايلىقى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالى قۇدرەتلىك
تىنچ بىر ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئۇنى ھەقىقىي تۈردە مۇھىم ۋە گۈل-
لەنگەن ئىتتىپاقداش ئەل قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بېرى-
دۇ، دېگەن قاراشقا كېلىمىز.

# II باب. قەشقەرىيەدىكى ئىرقلار ھەققىدە ئومۇمىي بايان

كاسپىي دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزدىن تارتىپ قىزىلئارت تېغى ۋە پامىر ئېگىزلىكىگىچە، پارس قولتۇقىدىن سىبىرىيىگىچە بولغان مۇشۇ كەڭ زېمىندا ئارىيانلار بىلەن تۇرانلار بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان زومىگەرلىك تالىشىپ كەلگەنىدى. تۇرانلار مۇشۇ رايوندىكى جەسۇر، ئۇرۇشقاق قەبىلىلەرنى قويىنغا ئېلىپ، ئۆزلىرىنى ياۋروپالىقلار بىلەن نەسىلداش دەپ قارايدىغان ئىرقلارنى ئاخىر ئىستېلا قىلىۋەتكەنىدى. مۇشۇ رايوندىكى ئارىيانلارنىڭ ئاساسىي ۋەكىلى بولغان تاجىكلار ياكى پارسلار بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان غەربىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ پۇقراسى بولۇپ كەلدى. تۈركلەر تۇرانلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى. تاجىكلارنىڭ ئۆز قىسمىتىگە شۈكرى قىلىپ تۇرغانلىقىغا ئىستېلاچىلارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈكى سەۋەب بولغان دېگەندىن كۆرە، ئۇلارنىڭ تىنچلىق سۆيەرلىكى، باشقىلارغا زىيان-زەخمەت سالمايدىغانلىقى سەۋەب بولغان دېگەن تۈزۈك. ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ساپ قانلىق تاجىكلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاسىيانىڭ ھەرقانداق بىر جايىدا ساپ قانلىق تاجىكلار ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئومۇمەن قامەتلىك، ساقاللىق، قوش بۇرۇن، يوغان كۆز كېلىدىكەن، قوقەنلىكلەر بىلەن بۇخارالىقلار تاجىكلارغا خۇددى نورمانلار ساكسونلارغا قارىغاندەك قارىشىدىكەن. بۇ رايوندىكى ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئىر-

قى بويىچە تۈرگە ئايرىلىدىكەن. مەسىلەن، ئۇلار ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۆزبېكلەر، قىپچاقلار، قىرغىزلار ياكى تاجىكلار دەپ ئاتىلىدىكەن؛ شۇڭا ئۆتمۈشتىكى دۈشمەنلىك قاراش بۇ يەردە تاكى بۈگۈنگىچە مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان. كىشىلەردىكى قان-داشلىقنىڭ سىرتقى ئالامىتى بولغان چىراي پەرقلىرى تۈپەيلە-دىن كېلىپ چىققان، ياكى مۇۋاپىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر خىل ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىداشلىقنىڭ يىمىرىپ تاشلانغان-لىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىناقسىزلىق نەتىجىسىدە، غەربىي تۈركىستان مەشھۇر يىغىلىق سورۇنىغا ئايلىنىپ قالغان. ھالبۇكى، بۇنداق يىغىلىقلا ئۆز نۆۋىتىدە رۇسلارنىڭ سىياسىتى ۋە تەسىر كۈچىنىڭ بۇ خانلىقلارنى پارچىلىۋېتىشىگە ياردەم بې-رىدىغان سەۋەب بولۇپ قالغان. شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك بۇنىڭدەك ئېغىر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈ-رۈپ بېرەلەيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، بۇ يەردىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ماكانلاشقان يۇرتى بويىچە تۈرگە ئايرىلىدىكەن. بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ تاجىك ياكى ئۆزبېك، ياكى قىرغىز ۋە ياكى قىپچاق بولۇشىغا قارىماي يەركەنلىك ياكى قەشقەرلىك دەپ ئايرىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بىز شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسى بىلەن غەربىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ ئۆرپ - ئادەت، ئاھالە ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ شۇنچە كۆپ، شۇنچە ئېنىق پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەك ھەيران قالىمىز، ئەمما سەل ئىز-دىنىدىغانلا بولساق، قەشقەرىيىدە مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىناق-سىزلىق ۋە دۈشمەنلىكنىڭ قوقەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خانلىق-لارغا قارىغاندا ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئە-گەر، بۇ جايدا مىللىي نىزا يەنە بار دېيىلسە، مەيلى ئۇنىڭ قان-داق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ مىللىي نىزانىڭ مەنبەيىنى ئا-رىيانلار بىلەن تۇرانلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكتىن ئەمەس،

بەلكى باشقا سەۋەبلەردىن ئىزدەش كېرەك؛ شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنداق نىزالار يا دىنىي ئەسەبىيلىكتىن، يا شەخسىي قارا نىيەتلىكتىن، يا جۇڭگولۇقلار بىر تەرەپ، قوقەنلىكلەر بىر تەرەپ بولۇپ قەشقەرىيە ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىشتىن كېلىپ چىققان دۈشمەنلىكتىن پەيدا بولغان. ئەگەر بۇ پاكىتلارنى ئېسىمىزدە ئېنىق تۇتىدىغان بولساق، بۇ ئەلدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەتنى ئىرقلار ھەققىدىكى تەسۋىر بىلەنلا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز؛ لېكىن ئۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پاكىت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق تەسۋىرنى پۈتۈنلەي قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

ھازىر جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ ناتونۇش رايونلارنىڭ ئاھالىسى تېخى يېقىنقى زامانغا قەدەر ساپ تاتار دەپ قارالغاچقا، ئۇلار تۇرانلارنىڭ بىر تائىپىسى دەپ ھېسابلىناتتى. ھېلىمۇ بەزىلەر بۇ تەبىرگە ئىنتايىن توغرا دەپ ئىشەنمەكتە، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا باشقىچە ئاساسلار بىلەن بۇ قاراشنى رەت قىلىۋاتىدۇ، بۇنداق قارىغاندا، بۇ بىر قەدەر ئىشەنچلىكتەك قىلىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئاھالىسى تارىختا ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالغان، بۇ مىللەت ھەقىقەتەنمۇ تاتارلاردۇر. لېكىن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، قەشقەرىيە بىلەن سودا-سېتىق قىلىشقان تاجىك سودىگەرلىرى بۇ ئەلدە كۆپلەپ ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلار ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن بۇ ماكان تەدرىجىي ھالدا تاجىك كۆچمەنلىرى كەڭ دائىرىدە ماكانلاشقان رايونغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ تاجىكلار تەدرىجىي تاتارلىشىپ كەتكەن. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئارىيانلارغا خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى يەنىلا شەك-شۈبھىسىز ساقلاپ قالغان، ئاكا-ئۇكا شلاگىنتۋېيت (Shlagintweit) ۋە ئۇلاردىن

كېيىنكى شاۋ روبېت (Shaw Robt) ئەپەندىمۇ مۇشۇ قاراشنى
ھەممىدىن ئىلگىرى تەشەببۇس قىلغانلار ئىدى، بۇ قاراش ھازىر
ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنماقتا. دېمەك، بىز قەشقەرىيىدە تا-
جىكلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تۇرانلار
بىلەن بىر ئىرق ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت غەلىتە ئەھۋالنى كۆ-
رۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە يول قويىدىغان
كەڭ قورساقلىقىنىمۇ كۆردۇق، بۇنداق ئەھۋال ئاسىيانىڭ باشقا
ھېچقانداق يېرىدە ئۇچرىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، مۇقىم ئولتۇراقلاش-
قان ۋە تىنچلىقنى خالايدىغان ئەنجانلىق كۆچمەنلەر بىلەن
قەشقەر خەلقىنىڭ جاھىل قىرغىزلارغا بولغان دۈشمەنلىكى چوڭ-
قۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن. ئەگەر قىرغىزلار ئەمىنلىكتە داۋام-
لىق تەھدىت سالىدىغان بارلىق خەۋپ-خەتەرنىڭ مەنبەيى
بولۇپ قېلىۋېرىدىغان بولسا، بۇنداق دۈشمەنلىك تۈگىمەيدىغان-
دەك قىلىدۇ؛ لېكىن بۇنداق ھېسسىيات ۋە ھەرقايسى دەۋرلەر-
دىكى بۇددىستلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىدە
ئىپادىلەنگەن دىنىي ئۆچمەنلىكلەر غەربىي ئاسىيادىكى قەبىلىلەر
ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققىچە تۈگىمەي كەلگەن ئىرقىي ئۆچمەنلىكتەك جا-
ھىل ئەمەس ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆپ ياخشىلىنىپ كې-
تىشى چوڭ ئېھتىماللىققا ئىگە. قەشقەرىيىدىكى ئالتە شەھەرگە
جايلاشقان مۇتلەق كۆپچىلىك ئاھالە تاجىكلارنىڭ ئەۋلادى.
لېكىن بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان، موڭغۇللار بىلەن جۇڭگولۇق-
لارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۇلارنىڭ قېنى تاتارلار بىلەن
كۆپ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ساپلىق دەرىجىسى تۆۋەنلەپ
كەتكەن. بۇ ئىككى چوڭ ئىرقتىن ئىلگىرى، يەنە نۇرغۇنلىغان
ئافغانىستانلىق ۋە بەدەخشانلىق كۆچمەنلەر بۇ ئەلدە ۋە-
زىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەسكەر بولۇشنىڭ ئۆزلىرىگە
بىر مەنپەئەت بېرىدىغانلىقىنى سەزگەندە، قەشقەرىيىگە توپ-

تولۇپ كېلىشەتتى ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ جايدا ماكانلىشىپ قالاتتى، ئۇلارمۇ شۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ سىرتقى قىياپىتىدە ئېنىق ئىز قالدۇراتتى، ئەمدى ئارىيانلارنىڭ ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ۋە غەربىي ئاسىيا تۈزلەڭلىكلىرىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرىيىدىن ئىبارەت تېخىمۇ بەك تۇساقلىق ئوتلاق رايونغا كۆپلەپ يۆتكەلگەنلىكىنى بىلمەكچى بولساق، ئۇ ھالدا تارىخنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە ياكى تارىخنىڭ تۇمانلىرى ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولغان دەۋرلەرنى ئاختۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇ چاغدىكى چېك كۆچۈش دەل ھەرقايسى تۇرانلار قەۋملىرى خۇددى قەدىمى يەتكەن يەرنى خاراب قىلىدىغان چېكەتكىلەر توپىدەك تارقىلىپ بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ ھەممە يېرىگە يامراپ كەتكەن چاغدا يۈز بەرگەن، خېتەنمۇ دەل شۇ دەۋردە بىنا قىلىنغانىدى. شۇڭا بۇ جاينىڭ نامىدىنلا ئارىيانلىقلارنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

قىرغىزلار ياكى باشقا قىرغىز قەبىلىلىرىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈنلا رۇسلار تەرىپىدىن قارا قىرغىزلار دەپ ئاتالغان ئاھالە (ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەرگىز قىرغىز ئەمەس) چوڭ بىر كۆچمەن قەبىلە بولۇپ، قوقەن، جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئەزەلدىن تۇراقلىق بولمىغان، ئەمما مۇھىم بىر پېرسوناژلىق رولنى ئويناپ كەلگەن بىر ئىرقتۇر، ئۇلار ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدىكى كىرىش تەس بولغان رايونلارنى، قىزىلئارت تۆپىلىكى ۋە تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ ماكان تۇتقان. بۇ قەبىلە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشىغان ھەمدە ئۆزىگە قوشنا ئەللەرگە پاراكەندىچىلىك سالىدىغان ئاپەتنىڭ مەنبەيى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئادەت بولۇپ قالغان بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىنىڭ سىرتىدا، ئاندا - ساندا ئىستىلاچىلىقمۇ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقانچە كاتتا ئاتامانلار باش كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، ئۇلار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇشۇ بىرقانچە ئاتامانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىستىبلاچىلار قىياپىتىدە مەيدانغا چىققانىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى زادىلا ئۇزاققا دارمىدى. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار كۈچى بىر تۈركۈم ئىنتىزامسىز، تۇراقسىز چەۋەندازلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۈچى جانپىدالىق كۆرسىتىپ، ئۇر-چاپ بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشتىلا ئىدى. ئۇلاردا ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستىبلا قىلىشتا زۆرۈر بولغان ھېچقانداق تەشكىلات ۋە قابىلىيەت يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئادەمنى قورقۇتقۇدەك ھەيۋەت بىلەن بېسىپ كىرىشى، لېكىن ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى ئۆلتۈرۈش، كۆيدۈرۈش، بۇلاش-تالاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىرەر ئىمپېرىيە قۇرۇش ئەمەس، بەلكى بۇلاڭچىلىق قىلىش ئىدى. مۇشۇ مەقسەتكە يەتسىلا، ئىمپېرىيە دېگەن نەرسە بىلەن كارى بولمايتتى. ئۇلار بىر مەھەل دېگۈدەك تەڭداشسىز، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ كېتىشكەنىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قورغانلىرى ئۆپچۆرىسىدە بەزى تۇراقلىق ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلۇشقا باشلاپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىگە چەك قويغاندا، ئۇلارنىڭ باھادىرلىق يۈزىسىدىن قىلىدىغان ئۆتمۈشتىكى قاراملىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى جان تالىشىشقا ئايلىنىپ قالاتتى، خالاس. قىرغىزلار ماكانلاشقان جايلار ھەددىدىن تاشقىرى ئۇنۇمسىز يەرلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چەكلىك ئاھالىسىمۇ تۇرمۇشنى قامدىيالمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئاخىر ھەممىشە تەييار تۇرىدىغان ئىنتىزاملىق دۈشمەنلىرى بىلەن ھەر يىلى ئۇرۇش قىلىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى قامداشقا زۆرۈر بولغان لازىمەتلىكلەرنى غەملەشكە مەجبۇر بولاتتى. ئەگەر ئاسىيادىكى بۇ ئەللەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تەدرىجىي يوسۇندا خورىتىپ كېتىۋاتقان ئىچكى جەڭ-جېدەللەر بولمىغان بولسا ئىدى، شۈبھىسىزكى، قىرغىزلار بارا-

بارا يېقىلىپ كەتكەن بولاتتى. ھالبۇكى ئۇلار بۇنداق جەڭ-جېدەللەردىن پايدىلىنىش ماھارىتىنى چاپسانلا ئۆگىنىۋېلىپ، قايسى تەرەپ پۇلنى كۆپ بەرسە شۇ تەرەپكە ئەسكەر بولۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆز مىھنىتىنى ساتىدىغان بولۇشتى. ئۇلار باھادىرلىق جەھەتتە ھەرقايسى قىپچاق قەۋملىرىگە يېتەلمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەر جەددىي پەيتلەردىن ئامان ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇلارمۇ مۇشۇ چارە بىلەن ئۆزلىرىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار ھېلىمۇ يەنە شۇنداق رول ئوينىماقتا، ئۇلارنىڭ قوشنىلىرىمۇ ئۇلارغا ئۇمۇمەن ئۆتمۈشتىكىدەك مۇئامىلە قىلىپ كەلمەكتە.

قىپچاقلار — يەنە بىر چوڭ قەبىلە، ئۇلار گەرچە قەشقەردىيىمدە ھېچقانچە بىر ئىش قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى ئۆزبېكلەرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر بىر تارمىقى دېيىشىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ روناق تاپقان دەۋرى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، ئەقەللىسى ھازىر شۇنداق. بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى ئۇلارنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزبېكلەر ئارىسىدىكى باشقا قەۋملەر ۋە قىرغىزلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاپ قويدى. قىپچاقلار ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى مۇسۇلمان قۇلنىڭ ئىقتىدارى نەتىجىسىدە، قوقەندە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ، ئەينى زاماندا بۇرۇنقى خانلىقنىڭ چوڭ دۈشمىنى بولغان بۇخارانىڭ سالغان پاراكەندىچىلىكىنى توسۇشقا قادىر بولالىغانىدى. لېكىن 1853 - يىلى ئۇلارغا قارشى قوزغالغان سۈيىقەست چار روسىيىنىڭ سىر دەريا رايونىغا باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن ئاخىر غەلىبە قىلدى، مۇسۇلمان قۇل ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن، قىپچاقلارنىڭ كۈچى تامامەن يىمىرىلدى. لېكىن، ئۇنىڭدىن كېيىن، تېخىمۇ مەشھۇر بولغان بىرقانچە يولباشچى، مەسلەن، ئالىمقۇل ۋە ئابدۇراخمان ئاپتابەچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(ئاپتونومچى) دېگەنلەر مەيدانغا چىقتى. ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلارنىڭ شەرقىي قىسمىغا تامامەن دېگۈدەك قالماقلار ياكى قالماقلار بىلەن قانداش بولغان قەبىلىلەر ماكانلاشقانىدى، مانجۇرىيە ۋە جۇڭغارىيە ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قالماقلار بىلەن قانداش ئىدى، ھەتتا چار روسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى ۋولگا، دون دەريالىرى ۋادىسىدىكى بىرمۇنچە جايلارغىمۇ مۇشۇ قەبىلىلەر ماكانلاشقانىدى. لېكىن قالماقلار سىياسىي جەھەتتە ھېچقانچە مۇھىم ئورۇن تۇتمايتتى. قالماقلارنىڭ قۇمۇلۇق چۆلنىڭ شىمالىدا ۋە شەرقىي تۈركىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئارىلىقىدىكى بۇ رايوندا ماكانلاشقانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ بىر قىسمى قالماقلارنىڭ ئاساسىي تەركىبى كېيىنكىلەر ئىدى. قالماقلار قەدىمكى مۇناسىۋەتلىرى تۈپەيلىدىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە بېقىناتتى؛ ئۇلار بەزىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان ۋە پات-پات پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار ھامان جۇڭگو دائىرىلىرىدىن كەچۈرۈم سوراپ ۋە ئۇلارغا ئەل بولۇپ كەلگەنىدى. تۇڭگان يېغىلىقىدا قالماقلار يەنىلا جۇڭگوغا ساداقەتمەن بولۇپ، تۈرلۈك شارائىتلاردا ناھايىتى پايدىلىق خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق جۇڭگو قوشۇنلىرى ئاساسەن قالماق قەبىلىلىرىدىن چېرىك ئالىدۇ. بۇ قەبىلىلەر دىنىي جەھەتتە ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بولغان ساداقەتلىكى جەھەتتە تۇڭگانلارغا ئوخشىماسلىقى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

تۇڭگانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خىلمۇخىل رىۋايەتلەر بار؛ جۇڭگو قەشقەرىيە بىلەن ئىلىنى قولىدىن بېرىپ قويۇشتا ۋە ياقۇپ بەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تارىخىدا تۇڭگانلار ئەنە شۇنداق مۇھىم روللارنى ئوينىغانلىقتىن، كىتابخانلارغا بۇ ۋەقەگە دائىر ئەمەلىي ئەھۋالنى تەپسىلىيرەك تونۇشتۇرۇپ

ئۆتۈشمىزگە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ «تۇڭگان» دېگەن بۇ نامىنى قوللىنىشتا مۇسۇلمانلار①نى كۆزدە تۇتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز، بۇنىڭدا گەپ يوق. ئەنە شۇ قائىدە بويىچە شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، «خىتاي» دېگەن ئاتالغۇ ئادەتتە بۇددىستلارنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن بۇ نام ئەمەلىيەتتە «جۇڭ-گولۇقلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىز بۇ ئىككى خىل ئاتاشنى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق (بىز ئېتىراپ قىلىدىغان نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىككى خىل ئاتالغۇنى قوللانغان)، تۇڭگانلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش قىيىن ئەمەس. دېمەك، يۇقىرىقىلارنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا «تۇڭگان»لار جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇسۇلمان پۇقرالارنىڭ دەل ئۆزى. لېكىن بەزىلەر تۇڭگانلارنى مۇستەقىل، ئۆزىگە خاس ئىرقىي ئالامەتلەرگە ئىگە مىللەت، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭچە بولغاندا، تۇڭگانلارنى V، VI ئەسىردىلا مۇستەقىل بىر جەمئىيەت بولغان، ئۇلار شۇ دەۋردە تىيانشاننى بويلاپ ماكانلاشقان ۋە قارا شەھەرنى ئۆزىنىڭ مەركىزى قىلغانىدى، دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. كىشىلەر ئومۇمەن، پولكوۋنىك پرژېۋالسكى باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئەڭ يېڭى تەكشۈرۈشتە بۇ رايوندا ئومۇمەن بىرەر مۇھىم شەھەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم بولمىدى دەپ قارالغان دې-يىشىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېيتقاچ ئۆتەيلىكى، ئۇ چاغلاردا ئۇلار بۇددىست ئىدى؛ لېكىن ئىسلام دىنى VIII-ئەسىردە ئاسىيادا كەڭ تارقالغان چاغدا، ئۇلارمۇ شۇ يېڭى دىنغا ھەممىدىن بۇرۇن ئېتىقاد قىلغانلار قاتارىغا ئۆتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز دىنىغا

① رۇسلار «تۇڭگان» دېگەندە جۇڭگودىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئەمەس، بەلكى پەقەت خۇيزۇلارنىلا كۆزدە تۇتىدۇ — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

قىلىنغان بۇنداق ئاسىيلىق تۇڭگانلار بىلەن بېيجىڭ خانى ئوت-
تۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن تۇڭ-
گانلار گەنسۇ ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىگە كۆچۈرۈلدى. بىز ئۇلارنىڭ
ئۇ يەرلەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق-قائىدى-
لىرىگە ئىگە مۇستەقىل بىر مىللەت بولۇپ قېلىۋەرگەنلىكىنى
قىياس قىلالايمىز، شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش ئۇن ئەسىردىن كۆپ-
رەك داۋام قىلىپ كەلدى. تارىخ بىزگە بۇ يېڭى دىنىنىڭ ئۇلار-
غا قىلىچىنىڭ قوماندانلىق ئاستىدا مەجبۇر تېڭىلغانلىقىنى كۆر-
سىتىپ ئۆتتى. بىر خىل يېڭى دىنغا شۇنچە قەتئىي پوزىتسىيىدە
بولۇشنىڭ مۇمكىنلىكىنى كىشى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ،
جۇڭگو تارىخىدا بۇ چاتاقچى تائىپە توغرىسىدا ئارتۇقچە بىر نېمە
دېيىلمىگەنلىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. خان يارلىقلى-
رىدا ۋە باشقا ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە تۇڭگانلار ھەممىشە تىلغا
ئېلىنىپ تۇرۇلسىمۇ، پەقەت ئۇلارنىڭ دىنى توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ
جۇڭگولۇق يات تائىپە ئىكەنلىكى توغرىسىدىلا گەپ بولۇنغان،
لېكىن باشقا مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنمىغان. شۇنداقتىمۇ XVI ، XVII
ئەسىرلەردىن ئىلگىرى تۇڭگانلار كەمدىن كەم تىلغا ئېلىنغان.
ئەنە شۇ دەۋرگە كەلگەندىلا، تۇڭگانلار ئارىسىدا بۇددىست ھۆ-
كۈمەتكە دۈشمەن بولغان دىن تارقاتقۇچىلار پەيدا بولغاچقا،
جۇڭگو خاقانى تۇڭگانلارغا ئىنتايىن قاتتىق تەدبىر قوللىنىشقا
باشلىغان. تۇڭگانلارنى بىر دىني مەزھەب دېيىشتىن، بىر مىل-
لەت دەپ قاراش، ئېھتىمال، بىر خىل يېڭى نەزەرىيە ياكى
بىر خىل توغرا كەشپىيات بولسا كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن
ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ پەقەت ئاشۇنداق يۈزەكى ھادىسىلەرنىڭ
ناھايىتى ئاددىي ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنلا قول-
لىنىلغان ئەپچىل بىر خىل ئۇرۇنۇش ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا تېخىمۇ
يېقىن. يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشتىن بىرسىنى كىتابخانلار

ئۆزى تاللىۋالسۇن. ئەگەر تۇڭگانلار مۇستەقىل بىر مىللەت دەپ قارىلىدىغان بولسا، شەرقىي تۈركىستاندا ماكانلاشقان زور بىر قىسىم خەلق قالماقلار ئەمەس، بەلكى تۇڭگانلار بولىدۇ؛ ئەگەر مۇشۇ كىتابىمىزدىكى قاراش قوبۇل قىلىنسا، تۇڭگانلار باشقا-باشقا دەۋرلەردە ئىسلام دىنىغا كىرگەن قالماقلاردۇر، تۇڭگانلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ قىسمىدىكى ئاساسىي خەلقتۇر. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى سەھىپىلىرىدە، «خىتاي» دېگىنىمىزدە بۇددىستلار ياكى ھۆكۈمران سىنىپنى كۆزدە تۇتىمىز؛ «تۇڭگان» دېگىنىمىزدە گەنسۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قارام جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنى ياكى بېقىندى ئىرقلارنى كۆزدە تۇتىمىز. ئىرقىي جەھەتتىكى يامان ھېسسىياتلار بۇ رايوندىكى مىللىي ماجىرالار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغۇسى ئىزدىنىشلەرگە يېقىنقى زاماندا دىندەك ئۇنچىۋالا قاتتىق تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، تۇڭگان دېگەن نامنىڭ ھەقىقىي مەنىسى توغرىسىدىكى خىلمۇخىل قاراشلار ئومۇمىي مەسىلە ئۈستىدىكى قاراشلارغا ھېچقانداق ماھىيەتلىك تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# III باب. قەشقەرىيىنىڭ تارىخى

ئانچە ئەھمىيىتى بولمىغان شەخسلەرنىڭ نامىنى تەكرارلاپ كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتمەستىن، بۇ دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن بۇيانقى ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن كۆپ قېتىملىق بويسۇندۇرۇش ۋە بويسۇنۇش داۋامىدىكى ئاساسىي تارىخىي پاكىتلارنى ئاسانراق چۈشەنگۈدەك قىلىپ رەتلەپ چىقىش لازىم، قەشقەرىيىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىشنىڭ تولىمۇ قىيىن يېرى مانا شۇنىڭدا. مەن قەشقەرىيە توغرىسىدا مۇكەممەل تارىخىي بايانىنى ئۇقماقچى بولغانلارغا لورد دوگلاس. فورسىيتنىڭ يەركەنگە ئەلچى بولۇپ بارغانلىقى توغرىسىدا يېقىنقى سۇنغان رەسمىي دوكلاتىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن دوكتور بېللېۋنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇپ بېقىشنى باشتىلا تەۋسىيە قىلىپ قويماقچىمەن. ئۇلار بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇشۇ رايونىدا مىلادىيىدىن تارتىپ ھازىرغىچە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايدۇ؛ لېكىن بۇ رايوندا يۈز بەرگەن تۈرلۈك بالايىئاپەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى مەمۇرچىلىق بولغان قىسقا ۋاقىتلارنى، ئالدىنقى دەۋر بىلەن بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ھەر بىر بۇرۇلۇشلارنىلا تەكرار بايان قىلىپ ئۆتۈش بىزنىڭ ھازىرقى تەلىپىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قەشقەرىيىنىڭ ئۆز تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزدىن مەقسەت قەشقەرىيىنىڭ ئۆز قوشنىلىرى ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئاتالمىش غازى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان بۇ دۆلەت-

نىڭ چۈشىنىپ بولمايدىغان قەدىمكى خارابىلىقلار ئۈستىگە قاز-
داق قۇرۇلغانلىقىنى تېخىمۇ ئوبدانراق بىلىپ چىققىشتىن ئىبارەت.

IX ئەسىردىن ئىلگىرى، جۇڭگو ئىمپېرىيىسى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە قوقەن ۋە كەشمىر بىلەن چېگرىلىنىدىغان يەرلەرگىچە كېڭەيگەن، ئەمما تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن ئىچكى يېغىلىقلار بۇ بۈيۈك ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ چەت جايلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئاسانلا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن، نەتىجىدە بۇ جايلاردىكى بېقىندى مىللەتلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىرى يېڭىباشتىن جىسمانىي ئەركىنلىككە ۋە قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان زېمىنلىرىغا ئىگە بولۇۋالغان. لېكىن ئەپسۇسكى، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتى ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەقدىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانمىغان: راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار ھەتتا ئاۋۋالقىدىنمۇ ئېچىنىشلىق قۇللۇققا ۋە تېخىمۇ ئېغىر ئاسارەتكە چۈشۈپ قالغان، قەشقەر، يەركەن، تۇرپان ۋە باشقا ئۇششاق بەگلىكلەر جۇڭگونىڭ ئىلكىدىن ئاجراپ كەتكەن، بېقىندى جايلاردا ئىسيان كۆتۈرگەن پۇقرانى باستۇرۇشقا ئىمپېرىيىنىڭ قۇربى يەتمەي قالغان چاغلاردا، بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك فېئوداللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن، ئۇلار سان-ساناقسىز كىچىك بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى دەپ تىنىمىي جەڭ-جېدەل قىلىشىپ، پۇقرالارنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە ئەمىنلىكىنى قۇربان قىلغان، خۇددى ئوتتۇرا ئەسىردە ئىتالىيىدىكى بارون ياكى گرافلارنىڭ ياۋروپانىڭ بەزى ئەڭ باياشات رايونلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ قۇرۇقداپ قويغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خان-بەگلىرىمۇ ئاتۇش دەرياسى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەپ جەڭ-جېدەل قىلىشقان، قارىماققا بۇنداق ھالەت تاكى جۇڭگو قايتا كۈچىيىپ ۋە ئەمىن تېپىپ،

قولىدىن كەتكەن زېمىنلىرىدا ۋاقىتىنچە ئۈزۈلۈپ قالغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنگە قەدەر داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ چاغدا يەنە بىر يېڭى كۈچ قەشقەرىيىنىڭ غەربىي چېگرىسىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان. مىلادى 676-يىلى ئابدۇللا جىھاد باشچىلىقىدىكى ئەرەبلەر پېرسىيىدىن چىقىپ ئامۇ (oxus) دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىنى بويلاپ يۈرگىنىچە يۇرت-ئايماقلارنى ۋەيران قىلغان، ئادەملەرنى قىرىپ زار قاقشاتقان، شۇ زامانلاردا، بۇخارادا خاتۇن (Khaton)① ئىسىملىك گۈزەل، ئەقىدارلىق بىر خانىش ئۆز ئوغلىنىڭ ئورنىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانىدى. ئۇ تۇل قېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ دۆلىتى مۇشۇنداق تاسادىپىي ھەم قورقۇنچلۇق تاجاۋۇزچىلىق خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. گەرچە ئەتراپىدىكى قوشنا دۆلەتلەر، جۈملىدىن قەشقەرىيە بۇ ئايال پادىشاھقا ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئىككى قېتىم جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ پايتەختىگە چېكىنىپ كىرىپ مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ھېلىقى ئەرەب سەركەردىسىمۇ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئالالمىغاندىن كېيىن، شۇ ئەتراپتىن نۇرغۇن ئولجا ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ، ئاستا-ئاستا چېكىنىپ پېرسىيىگە قايتىپ كەتكەن. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئەرەبلەر قايتىدىن باستۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن تارتۇقلارنى ئېلىپ يەنە قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇتەيبە ئىسىملىك يەنە بىر ئەرەب سەركەردىسى تېخىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ بىر مەھەل قورال ۋە قىلىچىنىڭ كۈچى بىلەن قەشقەرىيە ئارقىلىق كۇچانى بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەن.② بۇ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەرىقەتلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم جۇڭگو چېگرىسىغا

---

① Khaton ئادەم ئىسمى ئەمەس، «خانىش» دېگەن سۆز — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

② قۇتەيبە قەشقەر ۋە كۇچاغا كەلمىگەن — تەرجىماندىن

كىرىشى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە قۇدرەتلىك قورال كۈچىنى ئازغا تىرەك قىلالىغانلىقى ئۈچۈن بۇ زېمىندا بەزى بازىلارنى قۇرۇۋالالىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىر ئىچىدە، ئۇلار يەنە داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسىنى مۇستەھكەملىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، قەشقەرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى بۇ يېڭى دىنىنى قوبۇل قىلدى.

X ئەسىردە، قەشقەرىيە ھۆكۈمرانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بۇرۇنقى دىنىنى تاشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن پۇقرالىرىغىمۇ مۇشۇ دىنىنى قوبۇل قىلدۇرغان: بىزگە مەلۇمكى، تا شۇ ۋاقىتقا قەدەر مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئاشۇ جايدىكى ۋەكىلىنىڭ يۈكسەك ئورنى تېخى كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغانىدى. تېخى. بىرلىككە كەلمىگەن بۇ دۆلەتنىڭ ھوقۇقى ھەربىيلەرنىڭ قولىغا كۆپ قېتىم مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ئەلدە خالىغىنىچە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ يۈرۈشەتتى. گەنسۇغا چېكىنىپ كەتكەن جۇڭگولۇقلار بۇ چاغدا ئۆزىگە ھامىي بولىدىغان قۇدرەتلىك ئىتتىپاقداش دۆلەت تاپالمىغاچقا، ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان بىر خىل كۈچكە مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق تايانمىسا بولمايتتى. X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن مۇسۇلمانلار جۇڭگو بىلەن سىياسىي، سودا مۇناسىۋەت ئورناتقان ئۇدۇن (ماچىن) ۋە خوتەنلىكلەرنىڭ قېشۇنى بىلەن بىر نەچچە قېتىم تۇتۇشۇپ مەغلۇپ بولغان. ئۇلارنىڭ سەردارى خار قالۇ (Kalkhalu) يېڭىسارنىڭ يېنىدا قەشقەرىيىنىڭ ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىنى بىر نەچچە قېتىم ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتقان. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە، قەشقەرىيە قوقەننىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئىلگىرىكى ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالغان. ئەمما خوتەن تۇنجى قېتىم ئىسلامىيەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. بۇغراخان جەمەتى

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ چاغدىلا شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىپ، زېمىننى ياقۇپ بەگنىڭ زېمىنى بىلەن تەڭ دېگۈدەك دەرىجىدە كېڭەيتكەن.

قارا خىتايلار① خېيلۇڭجياڭدىن ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى جايلاردىن ئۇزاق زامانلار جەريانىدا جۇڭغارىيىنىڭ غەربىگە كۆچۈپ كېلىپ، ئىلى شەھىرىنى بىنا قىلغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە مەلۇم تۈرك قەۋمى بىلەن بىرلىشىپ، قۇدرەتلىك ۋە مۇستەھكەم ھاكىمىيەت قۇرغان. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى گورخان (Gorkhan) يەنى «شاھەنشاھ» بولۇپ، ئۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قەۋمىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى سەردارى ئاقساقال يوھان ياكى پادىشاھ يوھان دەپ ئاتالغان مەشھۇر زاتىمىش. باسمىچىلىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان ئولۇسلارنىڭ زۇلمىنى يەتكۈدەك تارتقان قوشنا قەبىلىلەر گورخاننىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ھەمىشە ماقۇللۇق بىلدۈرگەن، لېكىن ئۇ قىپچاقلارنى ۋە باشقا بەزىبىر قەبىلىلەرنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۆزى ئىشغال قىلغان قوشنا ۋە ئىتتىپاقداش ئەللەردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتمەي تۇرىۋالغان. ئارقىدىنلا قەشقەرىيە بىلەن خوتەننى يۇتۇۋېلىپ قالماستىن، بەلكى پامىردىن ئۆتۈپ پەرغانە ۋادىسىغىمۇ بېسىپ كىرگەن ھەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنتلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان، لېكىن بۇ كەڭ زېمىندىكى ئىمپېرىيە قىسقىغىنە بىر مەھەل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان. گورخاننىڭ ئاشۇ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كېيىنلا خىۋە، يەنى خارەزىم بىلەن قارا خىتايلار ئوتتۇرىسىدا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلغان زومىگەرلىك تالىشىش يېغىلىقى

① جۇڭگو تارىخىدىكى غەربىي لياۋ خاندانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى، ئۇلار قىتانلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ — تەرجىماندىن.

يۈز بەرگەن. خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدىغان، نايمان قەبىلىسىنىڭ ئاقسالىلى كۈچلۈكخانمۇ گورخانغا قارشى سەپكە قېتىلغان، گورخان بىر نەچچە قېتىملىق شىددەتلىك جەڭنى بېشىدىن كەچۈرگىنىدىن كېيىن، 1214 - يىلى مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن. لېكىن كۈچلۈكخاننىڭ غالىبىيىتىمۇ ئۇزاققا بارالمىغان. چۈنكى ئۇ ئاسىيادا مەيدانغا چىققان ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە كۈچلۈك دۈشمەندىن بىرى بولغان چىڭگىزخانغا دۇچ كېلىۋاتقانىدى.

موڭغۇللارنىڭ مۇستەقىل بىر ئۇلۇس سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى تەخمىنەن قارا خىتايلار جۇڭغارىيىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگونىڭ شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بۇ يەرلەرنى قاتتىق ۋەيران قىلدى. چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئۆز ئۇلۇسىنىڭ تازا روھلىنىپ كۈچ - قۇدرەتكە تولغانلىقىنى، بەزى قوشنا ئەللەر ئىچىدە بولسا جەڭ - جېدەل بولۇۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئۇزاق يىغىلىقتىن كېيىن يېڭىباشتىن ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. جۇڭگولۇقلار ئۇ چاغلاردا تازا پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇ ئىمپېرىيە بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقى بار چىڭگىزخان مۇشۇ باياشات ئەمما مۇداپىئەسىز قوشنىسىنىڭ باغرىغا قادىلىپ كىرىشتىنمۇ ئوڭاي بىر ئىش يوقلۇقىنى سەزدى.

چىڭگىزخان 1154 - يىلى دولان يۇلتۇز (Dylon yulduc)① دېگەن جايدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇسقا باھادۇر (Musoka Bahabur) تاتارلارنى بىر قانچە قېتىم يەڭگەن ماھىر ھەربىي ئادەم ئىدى. چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى قىسمىنى پۈتۈنلەي ئۇرۇن - مەرتىۋە جەھەتتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى يېڭىش داۋامىدا ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئۇلۇسى ئىدىنى

① موڭغۇلچە سۆز، مەنىسى يەتتە يۇلتۇز — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاماندا ئۇز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر نەچچە گورۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن مەيدانىدىلا تاشقى دۈشمەنگە قارشى ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشالايتتى. بۇ گورۇھلاردا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مۇئەييەن بىر سەركەردىگە بويسۇنۇشنى يامان كۆرىدىغان كەيپىياتنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇزاق يىللارنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئۇتۇقلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇلۇغ نامىغا لايىق تېخىمۇ يۈكسەك شان - شەرەپ قازانغاندىلا، بۇ قەبىلىلەر ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. لېكىن ئۇ چاغدا چىڭگىزخان كىچىك بىر كۆچمەن ئورۇقنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، تېخى ئات ئاتىقى چىقمىغانىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز كەلگۈسى ۋە بۈيۈك ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن ئاكتىپ تەييارلىنىشقا باشلىغان. ئۇ بالچىنا سازلىقىنىڭ يېنىدىكى نامرات مەھەللىدە تۇرۇۋاتقان چېغىدىلا، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى قانۇنلىرىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ قانۇندا، يولباشچىغا بويسۇنۇش ئاساسىي پرىنسىپ قىلىنغان، ھەر دەرىجىلىك ھەربىيلەر رەئىيە قىلىشقا تېگىشلىك تەرتىپ ۋە تۈزۈملەر، ئۇرۇش ئولجىلىرىنىڭ بىر تۇتاش تەڭ تەقسىم قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن؛ لېكىن بۇ قانۇن - بەلگىلىمىلەرنىڭ ئالدىنقى قىسمى تولىمۇ قاتتىق بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تىلىپى بويىچە بولغاندا، ھەر بىر شەخس ئۆز مەنپەئىتىنى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تامامەن قۇربان قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا بۇ قانۇن - بەلگىلىمىلەر دەسلەپكى چاغلاردا، ئەكسىچە ئۈنۈم بەردى، يەنى چىڭگىزخان دۇنيانى ئىستېلا قىلىشقا ئىنتىلىۋاتقان تەلۋىلەرنى ئۆزىنىڭ تۇغى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى بەزى ئەگەشكۈچىلىرىدىنمۇ مەھرۇم بولدى. چىڭگىزخان 1203 -

يىلى، 49 ياشقا يېتەي دېگەندە ئاندىن موڭغۇل ئۇلۇسلىرىنىڭ
ھەممىسىنى ئۆز قوماندانلىقى ئاستىغا توپلىيالىدى. ئۇ مەقسىتىگە
يەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىستېلاچىلىقىنى دەرھال باشلىۋەتتى
ۋە قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئاسىيانىڭ زور كۆپ
قىسمىنى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزۈۋالدى. ئۇ تاتار ۋە تاڭغۇتلارنىڭ
ھەرقايسى ئۇلۇسلىرىنى ئىستېلا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار-
نى ئۆزىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتىغا كىرگۈزۈپ، ئەسكىرىي تۈزۈمى-
نىڭ ئىختىيارىغا ئېلىپ، ناھايىتى زور ئەگەشكۈچى قوشۇنغا
ئىگە بولۇپ قالدى. شۇڭا چىڭگىزخان ئاشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن
قەشقەرىيە، جۇملىدىن خوتەن، جۇڭغارىيىگە ۋە تاڭغۇتلار رايو-
نىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇ چاغلاردا شەرقتىكى
جۇڭگو ۋە غەرب تەرەپتىكى غەربىي تۈركىستان تەۋەسىدە گۈل-
لىنىپ ۋايىغا يەتكەن خىۋە ھاكىمىيىتىدىن باشقا، ئۇنىڭغا تاقابىل
تۇرالىغۇدەك بىرەر كۈچ قالمىغان ئىدى. موڭغۇللارنىڭ شۇنداق
ئىتتىپاق تۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر خۇارەزىم شاھىغا
ئاڭلانغاندىن كېيىن، خارەزىم شاھى دەرھال ھەقىقىي ئەھۋالى-
نى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەلچى ماڭغۇزدى. شۇڭا چىڭگىزخان جۇڭ-
گوغا لەشكەر تارتىۋاتقان چاغدا، غەربىي ئاسىيانىڭ ئەلچىلىرى
ئۇنىڭ بارگاھى ئالدىدا ھازىر بولۇشقان ئىدى. ئۇ گەرچە تە-
كەببۇر ھەم سۈرلۈك ئىستېلاچى بولسىمۇ، لېكىن ئەلچىلەرنىڭ
سالىمىنى ئىللىق چىراي بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارغا سەمى-
مىي دوستانىلىك پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ئەل-
چىلەرنى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار ۋە «مەن شەرقنىڭ خاقانى،
سىز غەربنىڭ شاھى، سودىگەرلەر بېرىپ - كېلىپ، ئىككى ئەل
ئارىسىدا مال ئالماشتۇرۇپ تۇرسۇن» دېگەن مەزمۇندىكى ئالا-
ھىدە مەكتۇپ بىلەن ئۆز ئېلىگە قايتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ
ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، ئۆزئارا باردى - كەلدى

مۇناسىۋىتىنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن سودىگەرلەر ۋە
ئەمەلدارلاردىن تەركىب تاپقان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ماڭغۇز-
دى. لېكىن خىۋە سۇلتانى، ئېھتىمال، ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان
رەقىبىنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنمىدىمۇ يا بولمىسا ئۆز كۈچىنى خاتا
مۆلچەرلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر چىڭگىزخاننىڭ دوستانە تەشەببۇسىغا
مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز دۆلىتىگە
كەلگەن سودىگەرلەر سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندە، زىياننى
تۆلەپ بېرەي دېمىدى. بۇنداق مۇئامىلىگە XII ئەسىردە ئۆزد-
نىڭ ئىرادىسىنى قانۇن ھېسابلاپ خالىغىنىنى قىلىۋاتقان ئىستىلا-
چىلا ئەمەس، ھەتتا XIX ئەسىردىكى مەرىپەتلىك ھۆكۈمرانلار-
نىڭمۇ ھەر قاندىقى چىداپ تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چىڭگىزخاننىڭ
جۇڭگو بىلەن قىلغان ئۇرۇشى غەلىبىلىك ئاياغلىشىشى بىلەنلا،
ئۇ بۇنداق ۋاپاسىزلىقنى قاتتىق جازالاش ئۈچۈن، دەرھال تو-
لۇق تەييارلىنىشقا كىرىشتى. چىڭگىزخان بىر قانچە يۈز مىڭ
قوراللىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ كۈن چىقىشتىن يولغا چىققان
پېتى ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان غەربىي ئاسىيادىكى مىللەتلەر
ئۈستىگە خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك ئېتىلىپ باردى. شۇ چاغلاردا،
يەر شارىنىڭ ئەڭ گۈزەل، مۇنبەت رايونلىرى ئىستىلاچى قوشۇن
تەرىپىدىن خالىغانچە دەپسەندە قىلىندى، بۇ قوشۇن بۇزغۇنچى-
لىقنى تېخى بىر خىل سەنئەت دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى يۇقىرى
پەللىگە كۆتۈرگەن ئىدى. بۇ تاتار ئىستىلاچىسىنىڭ ئۆز يول-
دىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغىنىدىن بۇيانقى ئارىلىقتا
700 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلارنىڭ بۇخارا، بەلخ،
سەمەرقەن، خىۋەلەرنى شۇنىڭدەك ئاشۇ قۇملۇقتا غايىب بولغان
شەھەرلەرنى ئېلىشقا ئىشلەتكەن ھۈنەر-سەنئەتلىرىنىڭ ئىزلىرى
ئاشۇ قەدىمكى زاماندىن قېپقالغان پايتەخت خارابىلىرىدا ھېلىمۇ
ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئافغانىستان، شۇنىڭدەك رۇسلار تەرىپ-

دىن تا ھازىرغىچە ئۆتكىلى بولمايدۇ دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان تاغ تىزمىلىرى بۇ «تەڭرى قامچىسى» نىڭ ئالغا سىلجىشىنى توسىيالمىغان ئىدى. كابۇل، قەندىھار، غەزنە قاتارلىق شەھەرلەر، خۇددى بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگىرى بىرىستانىيە باتۇرلىرىنىڭ شىددەت بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قولغا چۈشۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش، يىراق موڭغۇل يېرىدىن كەلگەن ئىستېلاچى قوشۇنىنىڭ قولىغا ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈپ كېتىۋەردى. ئۇلار ئاسىيانىڭ خەرىتىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاھالىسى زىچ، باياشات شەھەرلەرنى خارابىلىققا ئايلاندۇردى، بىر مەھەل مەمۇر- چىلىق ۋە ئەمىنلىكتە تولغان رايونلارنى چۆل - باياۋانغا ئاي - لاندۇردى. ئەمما چىڭگىزخان بۇنىڭ بىلەنمۇ قانائەت ھاسىل قىلماي، ئۆزىنىڭ تېررورلۇق ھەيۋىسىنى ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ يىراق، چەت ياقلىرىغىچە يەتكۈزدى. ئۇ بىزنىڭ شىمالىي چېگ - رىمىزدىكى سىۋاتتا① قارارگاھ قۇرۇپ قىشلىدى. بىز ئۈچۈن رىۋايەت بولۇپ تونۇلغان ئاشۇ جايلارغا پەقەت موڭغۇل، ماكىدونىيە ئىستېلاچىلىرىنىڭلا قەدىمى يەتكەنىدى. چىڭگىزخان پانجىرا (panjkora) دەر - ياسى بويىدىكى باش بۇغ بارگاھىدىن دېھلىغا ئەلچى ماڭغۇ - زۇشنى ماڭغۇزغان، ئۇنىڭ ئېرىشكەن ئۇرۇش نەتىجىلىرىگە قانائەت قىلماي، ھىندىستاننىمۇ ئالاي دېگەن نىيەتتە بولغان - بولمىغانلىقىغا بىز تېخى بىر نېمە دېيەلمەيمىز.

چىڭگىزخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىننىڭ ئەڭ يىراق شەرقىي چېتىدە يۈز بەرگەن توپىلاڭ ئۇنىڭ ھىندىستان ئۈس - تىدىكى دىققىتىنى بۆلۈپ تاشلىدى. چىڭگىزخان ئۆز ھۆكۈمران - لىقىنى ئاغدۇرۇشقا قەست قىلغان بۇ توپىلاڭنى شەخسەن ئۆزى

---

① سىۋات (swat) پاكىستاندىكى بىر جاينىڭ ئىسمى، بۇ يەر XIX - ئەسىردە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى — تەرجىماندىن XIX

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بېرىپ تېزدىن تىنچىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ سىۋاتتىكى قارار ـ گاھىدىن دەرھال يولغا چىقىپ، قونار دەرياسى ۋادىسى ۋە چىترال ئارقىلىق ۋاغجىر (Baroghil) تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرىيىگە كىردى. كۆكلەم پەسلىدە بۇ تاغ يوللىرىدا مېڭىش ئىنتايىن قىيىن بولغاچقا، بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ناھايىتى كۆپ تالاپەت كۆرگەن بولسىمۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئاساسىي قوشۇنىنى باشلاپ، يەركەنگە يېتىپ كەلدى، ئاندىن تۈركىستان ئېلىنى ئالدىراش كېسىپ ئۆتۈپ، پايتەختى كورلۇن (ئۇلانباتۇر) غا يېتىپ كېلىپ، توپىلاڭنى دەل ۋاقتىدا تىنچىتىۋالالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ زېھنىنى جۇڭگو تۇپرىقىنى ئىستېلا قىلىشقا ئۆمۈربويى سەرپ قىلدى. چىڭگىزخان گەرچە بۇ ئىشنى تولۇق ئورۇنلاپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇدا 20 يىل داۋام قىلغان كۆپ قېتىملىق جەڭدە جۇڭگو خاقانىنىڭ قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز مەغلۇپ قىلدى. ئۇ ئۆزى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى يەنى 1227 ـ يىلى، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ بېيجىڭ شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالدىكى بىرقانچە ئۆلكىسىنى ئاخىر بېسىۋالدى.

ئۇ ئۆزى باشلىغان ئىشنى تاماملاش ۋەزىپىسىنى ئوغلى ھەم ۋارىسى ئوگدايى خانغا تاپشۇردى. چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئوغۇللىرى بۆلۈشۈۋېلىشتى. قەشقەرىيە جۇڭغارىيە، خارەزىم بىلەن ئافغانىستان قوشۇلۇپ چاغاتايى خانغا تەئەللۇق بولدى. بۇ ھۆكۈمران ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ۋاسىلىكىدىكى كەڭ جايلارنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ئەلنىڭ ھەممىلا يېرىدە جېدەل ـ ماجىرا كۆتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى جايلار ئۆز ئالدىغا بەگلىك بولۇۋالدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، چاغاتايى ئۇچىغا چىققان بۇددىست ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەن كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئالەمگە مەشھۇر ئاتىسىنىڭ يارىماس ۋارىسى

ئەمەس، بەلكى ئېھتىياتچان ۋە دانا بىر ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىچكى يېغىلىق گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ يۈز يىلچە داۋاملاشتى. ئاخىرىدا چاغاتاينىڭ بىر ئەۋلادى يېڭى بىر موڭغۇل دۆلىتىنى قۇردى ياكى ئۆزلىرىنى يەتتە ئۇلۇس (jattah Ulus) دەپ ئاتىدى. لېكىن بۇمۇ پەقەت ۋاقىتلىق ھەل قىلىش چارىسى ئىدى، خالاس.

تۆۋەندە بىز كىتابخانلارغا مۇشۇ بالايىئاپەتكە تولغان دەۋردىكى بەزى مۇھىم ۋەقەلەرنى ئىمكان قەدەر قىسقارتىپ بايان قىلىپ بېرىمىز. ئاشۇ دەۋردە چىڭگىزخاننىڭ نۇرغۇن - ئۇرۇق پۈشتىلىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تاكى بىر - بىرىنى يەپ تۈگەتكەنگە قەدەر ئۇرۇشۇپ كەلدى. بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، مۇشۇ دەۋرنىڭ كۆپ قىسمىدا خرىستىئان، بۇددا ۋە ئىسلام دىنلىرى شەرقىي تۈركىستاندا باپباراۋەر ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشى بۈيۈك بۇددىست ئىستېلاچى چىڭگىزخاننىڭ غالىب قوشۇنى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىپ، «مۇقەددەس شەھەر» بۇخارانىڭ غەربىگە قەدەر سۈرۈپ تاشلاندى؛ موڭغۇللار مۇشۇ جايلارنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن خېلى ئۇزاققىچە ئۇلارنىڭ «پەيغەمبەر» نىڭ ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر خەۋەرمۇ ئاڭلانمىدى. چىڭگىزخان بۇخارانى بېسىۋالغاندا، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇرۇقىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قۇرۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ، بىز ئۇنى بۇنداق يېڭى بىر يات دىننى بۇ زېمىندىن يوق قىلىپ تاشلىماقچى بولغان دېيەلمەيمىز. ئۇ بۇ دىننىڭ كۈچىنى يىمىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۆز ئىمپېرىيىسى ۋە شەخسىي مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق شەرتى ئاستىدا، بۇ دىننى ئۆز ئەركىگە قويغانىدى. دېمەك، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا XIV ئەسىردىكى شەرقىي تۈر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىستاندا، دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن باپباراۋەر گۈللىنىۋاتقان غەلىتە بىر مەنزىرە ئايان بولدۇ. ماركوپولو دەۋرىدە قەشقەرىيەدە تازا گۈللەپ ـ ئۇلغايغان نىستورىيانلار① كېيىنكى چاغلاردا مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ زوراۋانلىقى ئاستىدا خارلىنىپ پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكەنىدى.

چاغاتاي خان ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، چىڭگىزخاننىڭ پەيـ نەۋرىسى ھەيدەر قەشقەر ۋە يەركەندە تەختتە ئولتۇردى، ئۇزاققا قالماي، ئۇ قورال كۈچىگە تايىنىپ، ئەپچىل دىپلوماتىيە ۋاسىتەـ سى ئارقىلىق قوقەن بىلەن بۇخارانىڭ كۆپ قىسمىنى يۇتۇۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ غەلىبىسى ئۇزاق داۋام قىلالمىدى، ئۇ ئاخىر ئۆزـ زىنىڭ رەقىبلىرى تەرىپىدىن تەختتىن ھەيدەلدى. چاغاتاي خاننىڭ يەنە بىر پەينەۋرىسى بالاخان (Burac) نىڭ ئوغلى دۇۋاخان (Dauakhan) خوتەننىڭ ھۆكۈمرانى بولدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە غەربىي تۈركىستاننىڭمۇ شاھلىق تەختىنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولغان ئۇنىڭ نەۋرىسى تويماينىتى، ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى. لېكىن جۇڭگو خاقانى تۆمۈرخان (يۈەن سۇلالىسىنىڭ چىڭزۇڭ خانى) لاھور شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا قەدەر يېتىپ بارغان ئۇزاق سەپىرىدىن قايتقاندا، دۇۋاخان ئۇنىڭ بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، بارچۇق—(مارالبېشى—BarTchuk) ئەتراپىدا بولغان جەڭدە يېڭىلدى ۋە جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ، بىز تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان ئىشلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى ئۇ تەخمىنەن 1310 ـ يىلى يەرلىك خەلق تەرىپىدىن پادىشاھـ لىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇلغان ئەمىر خوجىنىڭ ئاتىسى ئىدى. دېمەك، قەشقەرىيەدىكى خوجىلارنىڭ ئەجداد نەسەبى دەل مۇشۇ

① خرىستىيان دىنىنىڭ باشقا بىر مەزھىپىگە (يەنى نىستورىيان مەزھىپىگە) ئېتىقاد قىلغانلار — مۇھەررىردىن.

زاتتىن باشلانغان؛ قەشقەرىيەدىكى خوجا جەمەتلىرىنىڭ ھوقۇق
ۋارىسلىقى باشلانغان دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقانداق پادىشاھ
جەمەتلىرىنىڭكىدىنمۇ ئۇزۇن. ئاخىر قولىدا ئەمەلىي ھوقۇقى بار دەپ
ھېسابلانغان چاغاتاي خان «قازان ئەمىرى» (Kazan Ameer)
دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، يەنە يېغىلىق دەۋرى
باشلىنىپ كەتتى. ھەربىي قوشۇن سەركەردىلىرى ۋە مەرتىۋە-
ئۇنۋانلىرى گۇمانلىق دەپ قارالغان ھەم بىر-بىرىگە دۈشمەن
بولۇپ كەتكەن پادىشاھ-بەگلەر چاغاتاي خاننىڭ بوش قالغان
ئورنىنى بەس-بەستە تالاشتى. لېكىن تاكى شۇ ۋاقىتقا قەدەر
بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى بۇددىستلاردىن ئىدى. تۇغلۇق
تۆمۈر، چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ قېپقالغان ساناقلىق ئەۋلادلىرىدىن
بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز جەمەتىگە قارىتىلغان بىر قېتىملىق ئەڭ
قاتتىق قىرغىنچىلىقتا، قەشقەرىيەدىكى مۇھىم بىر دېھىرىدان
كىشىنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئامان قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇزاققىچە ئۇ مۇشۇ دۆلەتنىڭ چەت-چېگرا جايلىرىدىكى تاغ-
باياۋانلاردا سەرسانچىلىقتا ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۆل-
پەتلىرىنىڭ ھەممىسى بۇددىستلاردىن ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە،
چىڭگىزخان بۇخارانى ۋەيران قىلغاندا ئامان قالغان ئىسلام
ئۆلىماسىنىڭ بىر ئەۋلادى «چىن ئىمان» نىڭ ئەقىدىلىرىدىن
ئۇنىڭغا تەلىم بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن
تۇغلۇق تۆمۈر: «ئەگەر مەن يېڭىباشتىن ئۆز تەختىمدە ئولتۇ-
رىدىغان بولسام، جەزمەن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىمەن» دەپ
ۋەدە بەردى. ئۇزاققا قالماي قەشقەرىيەدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش-
لەردە يەرلىك خەلق ئەل ئېتىراپ قىلىدىغان بىر زاتنى ئۆز-
لىرىگە ھۆكۈمران قىلماقچى بولۇشتى، بۇ جەھەتتە تۇغلۇق
تۆمۈرگە تەڭ كېلەلىگۈدەك ئادەم يوق ئىدى. ئۇ خانلىق تەخ-
تىگە ئولتۇرۇشى بىلەنلا، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىقىنى ئاشكارا جاكالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە يىل ئىچىدە تۈركىستاندىكى مۇھىم ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى ئۇنى دوراپ كەينى-كەينىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ رايوننىڭ كۆپچىلىك ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلمەكتە. ئېھتىمال، جۇڭگو ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ چاغلاردا نۇرغۇن جۇڭگو سودىگەرلىرى، ئەمەلدارلىرى، لەشكەرلىرى ئاز سانلىق بۇددىستلارنى قارشى دىنغا ئىشەنگۈچىلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈر مىلادى 1362-يىلى ۋاپات بولدى.

مۇشۇ چاغلاردا بولسا كېرەك، ئاسىيادا ئىككىنچى بىر چوڭ ئىستېلاچى — تۆمۈر لەڭ باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ 1333-يىلى تاشكەنتنىڭ شەھرى سەبز دېگەن جايدا تۇغۇلغان. ئۇ ئاشۇ جاينىڭ ھۆكۈمرانى، بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تارخاينىڭ ئوغلى ئىدى. تۆمۈر لەڭ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تاشكەنتنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى. ياش ۋاقىتلىرىدا قازان ئەمىرنىڭ ئوردىسىدا ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. قازان ئەمىرى ئۇنىڭغا ئالىي مەرتىۋە ئىنئام قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ نەۋرىسى گۈزەل ئولياتۈركەن خاتۇن خېنىمنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا نىكاھلاپ بەرگەنىدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تۆمۈر لەڭ بۇنداق ئىلتىپاتتىن مەھرۇم قالدى. ئۇنىڭ نائىنساپلىقى ئۇنى ئەمىرنىڭ ئۇنىڭغا بېرەلەيدىغان ۋە ھەقىقەتەنمۇ بەرمەكچى بولغان ئىلتىپاتىدىنمۇ چوڭراق ئىشقا قىزىقتۇرغانلىقتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ تاشكەنتتىكى ھاكىمىيەت ئورنىدا مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇنى ئۇنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ خوتۇنى بىلەن پانا ئىزدەپ خىۋە قۇملۇقىدىكى تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا قېچىپ باردى. ئۇ ئىشەنچسىز كۆچمەن

چارۋىچىلار ئارىسىدا خاتىرجەم بولالماي، ئۆز ئەتراپىغا بىر توپ كاللا كېسەرلەرنى توپلىدى - دە، قارا نىيەت بىلەن تېخىمۇ چوڭ قاراملىققا كىرىشتى. ئۇ پەرسىيىنىڭ كوھىستان ئۆلكىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ يەرنى تالان - تاراج قىلدى. ئۇ بۇ قېتىمقى ھەرىكە- تىدە خېلى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن جەڭدە بىر پۇتى ئوقيا ئوقى تېگىپ يارىلاندى، ئۇنىڭ بۇ يارىسى ئۆمۈرۋايەت تولۇق ساقايمىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭغا «ئاقساق تۆمۈر» ياكى «تۆمۈرلەڭ» دېگەن نام سىڭىپ قالدى. كىشىلەرگە مەشھۇر بولغان «تۆمۈرلەڭ» دېگەن ئىسىم ئەنە شۇنداق كېلىپ چىققان. تۆمۈرلەڭ شۇ قېتىمقى بولاكچىلىق ئۇرۇشىدا شۆھرەت قازىنىپ، مۇستەھكەم ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ خېلى كۈچلۈك بىر قوشۇن توپلاپ، تاشكەنتكە باستۇرۇپ كىردى ۋە فەرغانىنى قوشۇپ ھازىرقى روسىيىگە تەۋە قوقەن رايونىنىڭ ھەممىسىنى بېسىۋالدى. 1363 - يىلى قابىل شاھ دېگەن ئىشتالىيەتچىنى شاھلىق تەختىگە يۆلەپ چىقار- دى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، ھۇسەيىن دەيدىغان يەنە بىر ئاقساقال بىلەن زومىگەرلىك تالىشىپ يۈرۈپ، 1369 - يىلى ناھايىتى زور غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ چۈمپەردىسىنى پۈتۈنلەي يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى شاھ دەپ جاكالىدى. ئۇ ئاھالىسى كۆپ بولغان سەمەرقەنتنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى ۋە بۇ شەھەرنى بىر مەھەل غەربىي ئاسىيادا مەشھۇر بىر شەھەرگە ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، چەت ئەللەرگە ھۇجۇم باشلىدى. ھەممىدىن ئاۋۋال بەدەخشاندىكى تاغ خەلقى ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى ۋە بىر نەچچە قېتىملىق شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن، تۆمۈرلەڭ ئۆزىنىڭ دىققەت نەزەرىنى شىمالغا قاراتتى، شىمالدىكى چېگرىنىڭ سىرتى چاغاتاي يەتتە ئۇلۇسىنىڭ بەگلىرى سوراۋاتقان جۇڭغارىيە ئىدى. تۆمۈرلەڭ بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمدا ئۇلارنىڭ پادىشاھى قەمەرىددىننى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، 1390 - يىلغا كەلگەندىلا ئاندىن تولۇق غەلىبە قازىنالىدى. تۆمۈرلەڭ باستۇرۇپ كەلگەندە، قارشى تەرەپ ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى قەلئەلەرگە كىرىۋالاتتى، تاجاۋۇزچىلار چېكىنگەندە ئاندىن يوشۇرۇنۇۋالغان جايىدىن چىقاتتى.

خوش، ئەمدى بىز يەنە قەشقەرىيەگە قايتىپ كېلەيلى: تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى قەيس خوجا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى. 1383 - يىلى ئۇ 30 ياشقا كىرگەندىلا يېڭىباشتىن تەختكە ئولتۇردى. ئۇ چىن مۇسۇلمان بولغاچقا دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، تۆمۈرلەڭ بىلەن قوشنا ئەللەر ئارا بولىدىغان ئەڭ ياخشى دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن ئىتتىپاق تۈزدى، ئەمما ئۇ تۆمۈرلەڭنىڭ يەتتەئۇلۇسقا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىغا قاتناشمىدى. شۇڭا، تۆمۈرلەڭنىڭ قوشۇنلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىنى ھە دەپ تالان - تاراج قىلىۋاتقان چاغدا، قەيس خوجىنىڭ دۆلىتىمۇ يەتتە ئۇلۇسقا ئوخشاشلا، 1389 - يىلدىن 1390 - يىلغىچە داۋام قىلغان ئۇرۇشنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل ئىچىدە، ئۇلار دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، شۇنىسى ئېنىقكى، قورقۇنچلۇق زوممىگەر دۆلەت ئۇنىڭ چېگرىسىدا دېۋىيلەپ تۇرغان چاغدا، قەيس خوجا زادىلا خاتىرجەم بولالمايتتى. قەيس خوجىنىڭ بۇنداق پەرىشانلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تۆمۈرلەڭنىڭ ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن بۇيرۇقىدىنلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ، تۆمۈرلەڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ بەزى جايلاردا دېھقانچىلىق قىلىپ، مال - ۋاران تۇپلاپ،

تۆمۈرلەڭنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە تەييارلىغان زۆر قوشۇننى تەمىنلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ مۇشۇ بۇيرۇقنى ئورۇندا-ۋاتقاندا، قەشقەرىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇ «تەڭرى قامچىسى»نىڭ 1405 - يىلى 5 - فېۋرالدا تۇساتتىن ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. قەيس خوجىمۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى. قىسقىغىنا 150 يىل ئىچىدە، بۇ كاتتا ئىستېلاچىنىڭ زېمىنى يەنە بىر قېتىم پارچىلىنىپ كەتتى. دەرۋەقە، تۆمۈرلەڭنىڭ ئەھۋالى چىڭگىزخان-نىڭكىدىن ئاددىيراق ئىدى. تۆمۈرلەڭنىڭ چىڭگىزخانىڭكىدەك ئۇگداي، چاغاتايغا ئوخشاش ئاتاقلىق ۋارىسلىرى يوق ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئۇرۇق-جەمەتلىرى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەت-كەچكە، تا ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى چىڭگىزخاننىڭ نامىنى ئۆچۈرمەي كېلىۋاتىدۇ. لېكىن تۆمۈرلەڭنىڭ بۇنداق ئەۋ-لاد-پۇشتلىرى يوق ئىدى. تۆمۈرلەڭنىڭ ئەركە ئوغلى جاھان-گىرنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋارىس تاللاش ئۈمىدىنى يوققا چىقاردى.

قەشقەرىيەدىكى يېغىلىقلار ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، تاكى 1445 - يىلغا كەلگەندىلا بىر قەدەر تۇراقلىق ھۆكۈمەت بارلىققا كەلدى. ئەينى يىللاردا ئەل سۆيەر موۋىسسىپىت ۋەزىر قۇتىدار (Khudadar) نىڭ نەۋرىسى سەئىد ئەلى بۇ قالايمىقانلاشقان ئەلدە قىسقا مۇددەت بولسىمۇ تەرتىپ ۋە بىرلىك ئورناتتى. ئۇ 1457 - يىلى ۋاپات بولدى. مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە، جۇڭغارىيەنىڭ خېنى يۇنۇس ئۆز چېگرىسىدا يۈز بەرگەن غالىيانلارنى تىنچىتىشتا ئالاھىدە رول ئوينىدى. ئۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن دانا پادىشاھ سۈپىتىدە ئېغىزغا ئېلىناتتى. ئۇنىڭ ئوردىسىغا بارغان چەت ئەل ئەلچىلىرى، ئېلگىرى، يۇنۇسنى قوپال-بەدەۋى موڭغۇل بولسا كېرەك دەپ ئويلاشقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تولىمۇ سىپايە، قائىدە-يوسۇنلۇق كىشى ئىكەنلىكىنى

كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. يۇنۇس جۇڭغارىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدا، قەشقەرىيىدە ئابابەكرى دېگەن يەنە بىر مەشھۇر زات ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ زات قەشقەرىيە ھۆكۈمرانى سەئىد ئەلىنىڭ ئوغلى شاھنەزەرنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ شۇ ئەلدىكى تالانتلىق، تەرىپلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان ساناقلىق بىر نەچچە پادىشاھنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ يېغىلىق ئۇزۇلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن دەۋرلەردە تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتەلىدى. ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرى ئۇنىڭ بېشىدا تۇمان ئەگىپ قالغان بولسىمۇ، ئاشۇ قېتىمقى بالايىئاپەتتىن ئىلگىرىكى مەمۇرىچىلىق ئۇنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتۈشىمىزگە ئاساس بولىدۇ. ئۇ تەنھەرىكەتچى، ئوۋچى ۋە ھەربىي كىشى بولغاچقا، ئانىسى ئۇنى بەك ئەتىۋارلايتتى، شۇڭا باشقا قېرىنداشلىرى ئىچىدە، ئۇنىڭ ئورنى جىق يۇقىرى ئىدى. ئۇ خوتەنگە ھۆكۈمران بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي يەكەننى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزۋالدى ھەمدە قەشقەرىيىنىڭ ھۆكۈمرانى ھەيدەر بىلەن ئۇزاققىچە قاتتىق ئېلىشتى. بۇ چاغدا ھەيدەر جۇڭغارىيە ھۆكۈمرانى يۇنۇسنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى. ئابابەكرى گەرچە ئۇلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يۇنۇسنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇننى يېڭىشىگە كۆزى يەتمىدى. ئابابەكرى تاكى ھەيدەر ئەخمەقلىق قىلىپ يۇنۇس بىلەن ئادا - جۇدا بولغاندىن كېيىنلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن زېمىنىنى سوراش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويالىدى. ھەيدەر بىلەن يۇنۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاخىر ئۇرۇش پارتلىدى. يۇنۇس جۇڭغارلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇرۇنقى ئىتتىپاقدىشى ھەيدەرنى يەڭدى ۋە ئۇنى ئەسىرگە ئالدى. بۇ ماجىرالار ئابابەكرى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. 1486 - يىلى يۇنۇس ئۆلگەندە، قەشقەرىيە

ئابابەكرىگە ئوڭچە قالدى. ئۇ قەشقەرىيىنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، 1499-يىلى تۇنجى قېتىم ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلدى. يۇنۇسنىڭ ئوغلى — كىشىلەر تەرىپىدىن «قاسساپ» دەپ ئاتالغان ئەھمەد چاغاتاي موغۇللىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلدى. دەسلەپتە ئىككى تەرەپ تەڭ كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئابابەكرى شىمالدىن كەلگەن باسقۇنچىلارنى يېڭىپ قاچۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل ئىچىدە، ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەرىيە ئەمىنلىك ۋە مەمۇرىچىلىق ئىچىدە گۈللەپ ياشنىدى، بېيىپ ئاۋاتلىشىپ، ئاچكۆز قوشنىلىرىنىڭ كۆزىنى قىزارتىۋەتتى. شۇ يىللاردا بۇ دۆلەت مۇستەبىتلىك ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرۇلۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا گۈللەندى. خۇددى شۇ يەر توغرىسىدىكى بىر يىلنامىدا خاتىرىلەنگىنىدەك، «سەيياھلار ئەنجاندىن جۇڭگونىڭ چېگرىسىدىكى قومۇلغا قەدەر بولغان يوللاردا ھېچنېمىدىن تەشۋىش قىلمايتتى. تاماقتىن، قونالغۇدىن غەم قىلمايتتى». لېكىن 1513-يىلى بۇ دۆلەتتە يەنە يېغىلىق يۈز بېرىپ، ئابابەكرى تەختتىن پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئەھمەدنىڭ ئوغلى يەنى جۇڭغارىيە ھۆكۈمرانى مەنسۇرنىڭ ئىنىسى سەييىت شۇ يىلى قەشقەرىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، قەشقەرنى بېسىۋالدى. لېكىن ئابابەكرىدىن ئۇنىڭغا پەقەت ۋەيران بولغان بىر دۆۋە كاھىش، خىش كېسەكلەرلا قېپقالغانىدى. سەييىت يېڭىسارغا قاراپ سىلجىغاندا قارشىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭىسار شەھىرىنىڭ يېنىدا قەشقەرىيىنىڭ ئەسكەرلىرىنى يەڭگىنىدىن كېيىن بۇ شەھەرنى ئالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەركەن بىلەن قەشقەرنىڭ ئاچقۇچى دېيىلگەن بۇ يەرنى بېسىۋالدى. ئابابەكرى يەركەننىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ شەھەردە بىر

نەچچە ئايلاپ مۇداپىئە كۆرۈپ ياتقان بولسىمۇ، لېكىن سەيىتنىڭ قوشۇنى قىستاپ كەلگەندە، شەھەرنى تاشلاپ خوتەنگە قاچتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى① قۇرۇق تاغ دېگەن جايدىمۇ بىر مەزگىل تۇرغانىدى. ئۇنىڭ مۇلازىملىرى ئۇنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويغاندىن كېيىن، يالغۇز تاشلاپ كېتىشتى. ئۇ تىبەت ئېگىزلىكىدىكى جىلغا ۋە چۆللۈكلەرگە چېكىنىپ بېرىۋېلىپ، قاقاس تاغلىقلاردا بىر نەچچە ئاي ئاچ-توق سەرسان بولۇپ يۈردى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاخىر تاغلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنمىش. مانا بۇ — بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەن ئابابەكرىنىڭ ئاقىۋىتى. بۇ پادىشاھ ئامەت تاپقاندا ئۇ بىرگە ئۆزىنىڭ بەئەينى پادىشاھ دارىيۇسقا② ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇ قاچقاندا نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنى ئېلىپ ماڭالمىغانلىقىدىن خەۋىرى بار كىشىلەر ئۇنىڭ ئاچكۆز ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ ھەم شۇنداقلا ئۇنىڭ قانخور ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ. ئەمما دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانغا خاس نۇرغۇن ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بەزى جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى جاھانگىرنى يەركەندە لەشكەر بېشى قىلىپ قالدۇرۇپ قويىدۇ. سەيىتنىڭ لەشكەرلىرى قىستاپ كەلگەندە، جاھانگىر سانجۇغا قېچىپ كېتىدۇ ۋە بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا تىرىك قولغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۇشۇ چاغلاردا، ئاسىيادا ئۈچىنچى چوڭ ئىستېلاچى بابۇر باش كۆتۈرۈپ چىقتى. بابۇر 1481 - يىلى تۇغۇلغان، 12 يېشىدا

① ئېھتىمال قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاغ بولسا كېرەك — تەرجىماندىن.

② دارىيۇس — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 522 - يىلدىن 486 - يىلغىچە ئىراندا ھۆكۈم سۈرگەن ئاخمەنىدلار جەمەتىدىن چىققان بىر پادىشاھ. ئۇ ئەينى زاماندا ئۆزىنىڭ ئاچكۆزلۈكى، زالىملىقى ۋە تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن داڭ چىقارغان — مۇھەررىردىن

قوقەن ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنى ئاتىسى ئۆمەر شەيخنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇپ، تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ. ھىندىستاننى ئىستېلا قىلغان بۇ كىشى قەشقەرىيەنىڭ تەقدىرىگە پەقەت ۋاسىتىلىك يوسۇندا تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. ئۇنىڭ ئىشلىرى باشقا بىر دائىرىگە مەنسۇپ بولغانلىقتىن، بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈستىدە چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرلەڭ ئۈستىدە توختالغاندەك توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

سەييىت ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوشنا ئەللەرگىچە كېڭەيتتى. ئۇ بىزنىڭ ھىندىستانىمىز ① بىلەن چېگرىلىنىدىغان پامىر ۋە بەدەخشان ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ تاغلىق رايوننى ئىشغال قىلىشقا ئالدىراپ كەتتى، بۇ تاغلىق رايوندىكى ئۇششاق ئەللەر خۇددى شۇ رايوننىڭ تاغ تىزمىلىرىدەك كۆپ ئىدى. لېكىن ئۇ بولورنى ياكى ھازىرقى زاماندا «كاپىرىستان»② دەپ ئاتالغان جايلاردىكى كاپىرلارنى ئىستېلا قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشقان بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە ئۆز چېگرىسىنى كېڭەيتىشنى ئۇزاققا داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە سەييىت قىلىچ ۋە ياراق بىلەن تىبەت، كەشمىرلەرگە باستۇرۇپ كىردى؛ 1532-يىلى ئۇ بىر قېتىملىق ئۇزۇن سەپەردىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، قارا قۇرۇم ئېغىزىغا يېقىن بىر جايدا ھاۋانىڭ شالاڭلىقىدىن دېمى سىقىلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى يېڭى يېغىلىقتىن بىشارەت بېرەتتى. ئۇنىڭ قانۇنىي ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى سەييىتنىڭ بىر جۆرىسىدىن بولغان ئوغلى رەشىد تەرىپىدىن ياقا

① ھىندىستان شۇ چاغدا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھامىيلىقىدا ئىدى — تەرجىماندىن.

② كاپىرىستان — ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىتىلىۋاتقان دەسلەپكى چاغلاردا ئەرەبلەر تەرىپىدىن كاپىرىستان دەپ ئاتالغان. بۇ يەر ھازىر ئافغانىستان چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، ھېلىھەم كاپىرىستان دەپ ئاتىلىدۇ — مۇھەررىردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇرتلارغا قوغلىۋېتىلدى. رەشىدخان كاپىرىستان بىلەن تىبەتكە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشلىرىدا، ھەربىي سەردار سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەنىدى. رەشىدخاننىڭ قىسقىغىنا ھۆكۈمرانلىقى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاياغلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى. كېيىنكى ئەھۋاللار ھەققىدە ھازىر خىلمۇخىل گەپ بار. ئۇلارنى بىر-بىرلەپ مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرۇش كىشىنى تولىمۇ زېرىكتۈرىدىغان بىر ئىش. مەسىلەن، بېنولت. دې گويس دېگەن بىر پورتۇگالىيىلىك مىسسىئونېر، سەييياھ 1603-يىلى تەختتە تۇرۇۋاتقان مۇھەممەدتخان دېگەن بىر ھۆكۈمران بىلەن كۆرۈشكەندە بۇ ھۆكۈمراننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنىكەن. لېكىن ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ خاننىڭ ھەمشىرىلىرى مەككىدىن ھەج قىلىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇلارغا خېلى شەپقەت قىلىپتۇ. بۇ گەپ مەيلى مۇشۇ ھۆكۈمراننىڭ شەخسىي كۈچ-قۇۋۋىتى ياكى مۇشۇ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۈچۈن بولسۇن، ئانچە ئادىل باھا بولمىسا كېرەك.

مۇشۇ چاغلاردا خوجا جەمەتلىرى تارىخ سەھنىسىگە چىقىشقا باشلىدى. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى گۇرۇھ گويا مونتاك بىلەن كاپرىت ① نىڭ رولىنى ئويناۋاتاتتى. ئۇلار ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرىشىدە ئاقتاغلىقلارنىڭ ئاقساقىلى خوجەندلىق خوجاكالان (يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئەمىن خوجىنىڭ پۇشتى) نى ياردەمگە تەكلىپ قىلدى. خوجاكالان 1618-يىلى قەشقەرگە كېلىپ نەۋرىسى ھىدايىتۇللا خوجىغا تايىنىپ، يەرلىك خەلقنىڭ خوجىلارغا بولغان ھۆرمىتىگە ئېرىشىۋالدى. ئۇلارنىڭ

---

① مونتاك بىلەن كاپرات — ئەدەبىيات - سەنئەت قايتا گۈللەنگەن دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىتالىيىنىڭ ۋېرونا شەھىرىدە ئىككى ئەۋلادقىچە بىر - بىرىگە رەقىب بولغان ئىككى ئائىلە. مۇھەررىردىن

ئەسىرى تا ھازىرغىچە تۈگەپ كەتكىنى يوق. كىشىلەر تەرىپىدىن ھەزرىتى ئاپپاق① خوجا دەپ تەرىپلەنگەن ھىدايىتۇللا خوجا يەرلىك خەلقىنىڭ قەلبىدە ھەرگىز مۇھەممەت پەيغەمبەردىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ ياراتقان بەزى مۆجىزىلىرى ۋە ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇقەددەس سۈپەتلەر ئۇنى يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا ئىنتايىن يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگە قىلغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ نوپۇزى كىشىلەر تەرىپىدىن ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈلگەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئوغلى يەھيا خوجا ياكى خان خوجا ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىنغانىدى. لېكىن ئۇ ھىدايىتۇللا خوجا ئۆلۈپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق غىدلىياندا ئۆلتۈرۈلدى. نەتىجىدە كونا زاماندىن قېپقالغان يېغىلىقلار يەنە باشلاندى. سىياسىي سەھنىدە تەخت تالىشىدىغانلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆزۈلمەي چىقىۋەردى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نەسەبى تۆپەيلىدىن يولباشچى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى قىيىن ئىدى. ئاخىرىدا يەنە بىر كۆچتۈڭگۈر رەقىب ئوتتۇرىغا چىقاتتى. شۇنداق قىلىپ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان پەلەكنىڭ چاقى تاكى 1720 - يىلغا قەدەر ئايلىنىۋەردى.

قەشقەرىيىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرى جۇڭگونىڭ مەزكۇر رايونىنى ئىستېلا قىلىشى بىلەن يېڭى ئۆزگىرىش يۈز بەردى. شۇڭا بىز بۇ قېتىمقى ۋەقەنى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاستە سەۋەبچى بولغان ئىشنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ بىزگە بەرگەن ئاساسىي ساۋاقلىرىنى ئەسلەپ باقساق يامان بولماس. ئەڭ ئالدىراڭغۇ كىتابخانلارمۇ مۇنداق بىر پاكىتقا دىققەت قىلىشى مۇمكىن: سەككىز ئەسىردىن بۇيان بۇ زېمىندا پەقەت ئىككى قېتىملا تۇراقلىق، تىنچ ھاكىمـ

① ئىسلام دىنىدىكى بىر خىل ھۆرمەتلىك نام. جاھاننىڭ ھۆرمىتى دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەت ھۆكۈم سۈرگەن. ھالبۇكى، بۇ ئىككى قېتىملىق ھاكىمىيەت
پەقەت چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرلەڭدىن ئىبارەت ئىككى ئىستېلاچى-
نىڭ چاڭگىلىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى پەقەت شۇ جاي-
دىكى پۇقرالارنىڭ ئۇلارغا بويسۇنغانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى
دەپ ھېسابلىنىشقىلا بولىدۇ. لېكىن ئارىلاپ-ئارىلاپ يۇنۇس،
ئابابەكرى ياكى دەسلەپتە باش كۆتۈرۈپ چىققان خوجىلارغا
ئوخشاش بەزى يولباشچىلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارمۇ ئۆز
چېگرىلىرىنىڭ دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىماسلىقىغا
ئاران بىرنەچچە يىل كاپالەتلىك قىلىپ تۇرالىغاچقا بۇ ئەلنى
چەت ئەللىك سەيياھلار ئالدىدا يۈزەكى بولسىمۇ ئاۋات، خاتىرجەم
قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. لېكىن مۇشۇنچىلىك قۇياش
نۇرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنسانلارنىڭ زۇلمەت ئۇپۇقىدا غىل-
پال قىلىپ كۆرۈنۈپ قوياتتى-دە، ئۆتۈپ كېتەتتى. ھەربىر
ھۆكۈمران ئاغدۇرۇلغاندا، پۇقرالارنىڭ قەلبىدىكى «ياخشىلىنىپ
كېتەر» دەيدىغان ئۈمىد تېخىمۇ خىرەلىشىپ كېتەتتى؛ بىز ئاشۇ
مۇقەددەس خوجىلار ۋارىسلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ خاتالى-
قى ۋە ئاجىزلىقىنى تەكرارلاشتا بۇرۇنقى ھەرقانداق ھۆكۈمرانلاردىن
قېلىشمايدىغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، پۇقرالارنىڭ چەتتىن ياردەم
تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. شۇ زامان-
لاردا، بۇ يەردە «پۇقرانىڭ يىلىكى ئۈزۈلگەندە، خىزىرنىڭ رەھمى
كېلىدۇ» دېگەن ماقال تارقالغان. شەك-شۈبھىسىزكى، 1720-
يىلى، قەشقەردىمۇ پۇقرالىرىنىڭ بېشىدا ئۇزۇندىن بۇيان
داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان زۇلۇم شۇنچىلىك ئېغىرلاشتىكى، شۇ
كەمدە ياردەمنىڭ مەيلى نەدىن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ
ياردەم پۇقرانى پەقەت كۈلپەتتىن قۇتقۇزالايدىغانلا بولسا ئال-
قىشلانماي قالمايتتى. لېكىن ئۇلار ئەسىرلەر بويى تۆت كۆزى
بىلەن كۈتكەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى

ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئالامەتنىڭ يوقلۇقىنى سەزگەندە، «ئۈمىد يوق يەردە ئىرادە يوق» دېگەندەك، قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ ھەتتا زالىم پادىشاھلار ۋە ھەددى-ھېسابسىز ئۆشرە زاكات، ئالۋان-ياساقلار ئاستىدا پۈكۈلگەن قەددىنى سەل-پەل رۇسلىۋېلىشقىمۇ كۆزى يەتمىدى.

شۇبھىسىزكى، جۇڭغارىيە بىلەن قەشقەرىيىدە ئۆي چاشقىنىدەك يامراپ كەتكەن ئالتۇپىلاڭلار يەنە داۋاملىشىدىغان بولسا، بۇ ئىككى رايوندىكى ھاياتلىق ۋە بايلىق پاك-پاكىز خوراپ تۈگەيتتى. شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋال شۇكى، ئاھالىنىڭ نوپۇسى كېشىنى چۆچۈتەرلىك سۈرئەتتە ئازىيىپ كەتكەن، بۇ جايدىكى بايلىق مەنبەلىرى تەدرىجىي تۈگەپ كېتىۋاتقان، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغۇدەك كۆزگە كۆرۈنەرلىك مەنبەمۇ قالمىغانىدى. ئېھتىمال، كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتىدىغىنى مۇنداق بىر ئەھۋال بولسا كېرەك: كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھۆكۈمرانلار ھەممىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىكى كەيپى ساپا، ئەيش-ئىشرىتى ئۈچۈنلا بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىۋېتىشكەن. ئۇلار يېغىلىق ۋە غەلىيان بىلەن تولغان بۇ زېمىندا يېغىلىقلارغا ئاخىر بىر كۈن خاتىمە بېرىلىپ، ئەسىرلەر بويى زۇلمەتلىك سىياسەت ئاستىدا ئېزىلىپ كېلىۋاتقان پۇقرالارنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوللىرىغا قورال ئېلىپ، زالىملارنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمىغان. بۇنى يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى «يالىڭاياق سۇدىن قورقماپتۇ» دېگەن تەمسىل بىلەنلا ئىپادىلەش مۇمكىن. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن خانلار ۋە ئەمىرلەرنىڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتكۈدەك يېرى يوق. لېكىن ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ۋەقەلەر قەشقەرىيىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا مۇقەددىمە بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بابىمىزدا ئۇلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. VIII، IX ئەسىرلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جوڭگو ھاكىمىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىيادىن چېكىنىپ چىققاندىن باشلاپ، تاكى XVIII ئەسىرگىچە قەشقەرىيە ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىنىڭ تارىخىدا ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان بالايىئاپەتلەردىن باشقا ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا كېرەك. بۇ ھۆكۈمرانلارغا ھېسداشلىق قىلغۇدەك ھېچنىمە يوق، پەقەتلا يۇنۇس بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بىزنىڭ ھېسداشلىق قىلىدىغىنىمىز پۈتۈنلەي ئاشۇ جايلاردا ياشاۋاتقان بىچارە ھەر مىللەت خەلقى! شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز قەشقەرىيە خەلقىنىڭ XVIII ئەسىردە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىكى ھېسسىياتىنى چۈشىنىشكە مۇۋاپىق كەلگۈدەك بۇرۇلۇش ياسىدۇق. كېيىنكى بابتا بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشتىن ئىلگىرى، قاتمۇ قات جىنايەتلەرگە بوغۇلغان، ئەمما ئۆز جىنايىتىنى ئازراق بولسىمۇ يۇيالىغۇدەك پەزىلەتكە ئىگە بولمىغان بىر توپ پادىشاھ-بەگلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قىلچىلىكمۇ ئەپسۇسلانماي كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن بۇ بابىمىزنى ئاياغلاشتۇرىمىز.

# IV باب. جۇڭگونىڭ قەشقەرىيەنى ئىستېلا قىلىشى

بىر 1720 - يىلدىن كېيىن تاكى 1760 - يىلغىچە بولغان
ئارىلىقتا، يەنى قەشقەرىيە جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەت-
كەنگە قەدەر بۇيەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدىكى بايان-
مىزنى داۋاملاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، جۇڭگونىڭ تارىخىنى قىسقىچە
بايان قىلىپ ئۆتسەك يامان بولماس. چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندى-
لا بۇ كۈچلۈك دۆلەتنىڭ قانداقسىگە شۇنچىۋالا يىراقتا قول ئۇ-
زاتقانلىقىنى، خۇسۇسەن بۇ ئىشلارنى قانداقسىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك
ئورۇنلىيالىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرى-
دا، بېيجىڭدىكى ھاكىمىيەت بېشىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى
تۇراتتى. لېكىن بۇ ھاكىمىيەت مانجۇ - تاتارلاردىن بىر نەچچە
قېتىم زەربە يەپ ئاساسى جەھەتتىن لىڭشىپ قالغانىدى. 1620-
يىلى مانجۇلار مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋەنلى خان ۋاپات
بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ قولىدىن لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى تار-
تىۋالدى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، مانجۇلار XIII ئەسىردىكى
موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىمىش ①. جۇڭگونىڭ يەرلىك
خەلقى قوزغىلىپ موڭغۇللار تەسىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندا، ئۇ-
لار جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى چۆللۈككە قېچىپ كەتكەنىكەن. «يەنە
بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئەسلىدە كامچاتكا تۇندىراسىدا
ۋۇجۇدقا كەلگەن يېڭى بىر مىللەت بولۇپ، نوپۇسىنىڭ كۆپىيى-
شى بىلەن تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ جەنۇبقا كۆچۈشكە مەجبۇر

① مانجۇلار جۇرجىتلارنىڭ ئەۋلادى — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغانىكەن. بۇ سۆزلەرنىڭ زادى قانچىلىك ئاساسى بار - يوقلۇقى بىز بايان قىلماقچى بولغان ۋەقەلەرگە كۆپ تەسىر قىلمايدۇ. ئەمما بۇ مىللەتنىڭ جەسۇر - ئۇرۇشقاق بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ شۇچاغلاردىلا چوڭ - چوڭ ئەسكىرىي قىسىملارنى ئىشقا سالالايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئامەتى كەلگەن چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ نەسىلداشلىرى بولغان شەرقىي جوڭغارىيە تاتارلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ ئۆز قوشۇنىنى كېڭەيتەلەيدىغانلىقىنى جەزمەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەينى زاماندا جۇڭگو پادىشاھى ۋەنلى خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسىغا قارشى چىققۇچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پارتلىدى. كېيىنكى كۈرەشلەردە، تەخت تالاشقۇچى تەرەپ مانجۇلارنى ياردەمگە چاقىردى. نەتىجىدە، مانجۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تەرەپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى؛ لېكىن ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئېنىق بولۇپ قالغاندا، مانجۇلارنىڭ كېلىشىم بويىچە چېكىنىپ چىقىپ كېتىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقى ئايان بولدى. دېمەك، مانجۇلارمۇ خۇددى ئەنگلىيە تارىخىدىكى ساكسۇنلار، جۇڭگو تارىخىدىكى موڭغۇللاردەكلا ئىش قىلدى. ئۇلارنىڭ تۇنجى پادىشاھى شۈنجىخان 1644 - يىلى تەختكە ئولتۇرۇپ، بۈيۈك چىڭ («ئالىيجاناب، پاك» دېگەن مەنىدە) سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى بولدى. لېكىن شۈنجىخان ئۆزىنىڭ غالىب قوشۇنى تەرىپىدىن تەختكە يۆلەپ چىقىرىلغاندا، ئۇ تېخى پۈتۈن جۇڭگونى تولۇق بويسۇندۇرۇپ كېتەلمىگەنىدى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان 17 يىل ئىچىدە، جۇڭگونىڭ يەرلىك كۈچلىرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ تۇردى ۋە غەلىبە قىلىۋەردى. 1661 - يىلى ئۇنىڭ ئوغلى كاڭشى خان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، بىر قاتار قانۇنىي تەدبىرلەر ۋە ئۈنۈملۈك ھەربىي ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئاتىسىنىڭ جۇڭگودا قولغا كەلتۈرگەن ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. بۇ، مەزكۇر سۇلالىنىڭ گۈللىنىپ ۋايىغا يەتكەن مەز-

گىلى بولۇپ، تىبەت مانا مۇشۇ چاغدا جۇڭگونىڭ زېمىنىغا قوشۇل-
غانىدى. ھىندىچىنى ۋە بىرما چېگرىسىدىن تاكى خېيلۇڭجياڭ
(ئامۇر) دەرياسىغا قەدەر بولغان كەڭ زېمىنلار مانجۇ ھاكىمىيىتى-
گە بويۇن تولغىيالمايدىغان بولدى. شۈبھىسىزكى، تىبەتنىڭ ئىس-
تېلا قىلىنغانلىقى — جۇڭگولۇقلارنىڭ خىيالىغا شەرقىي تۈركىستان-
نىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىمىز بار، دېگەن يېڭى پىكىرنى
كەلتۈردى. ئۇلار تىبەت ئېگىزلىكىگە ھامىيلىق ھوقۇقىنى قايتا
يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئۆتمۈشتە جۇڭغارىيە بىلەن تۈركىستانغىمۇ
ھامىيلىق قىلغانلىقىنى ئەسكە ئېلىشتى. بۇ ئىشنى ئاخىر قارانى-
يەت ھۆكۈمدار ياكى ۋالىيلاردىن بىرى ئاۋام خەلقنىڭ ئارزۇسى-
غا ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ۋە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
ئۆزىنى كۆرسىتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. لېكىن كاڭشى خان
تولىمۇ ئېھتىياتچان پادىشاھ بولغاچقا، ئەمدىلەتىن مۇستەھكەملەن-
گەن دۆلىتىگە خەۋپ يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، جۇڭغارىيە
ياكى تۈركىستانغا ئەسكەر چىقارمىدى؛① كاڭشى خان بۇ جاي-
لاردىكى ئويرات ۋاڭ - گۇڭلىرىنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرگەنلى-
كىدىن بەك قانائەتلەنگەنىدى. 1721 - يىلى كاڭشى خان ۋاپات
بولغاندىن كېيىن، ئوغلى يۇڭ جېڭ ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق
قىلدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە
ئاتا - بوۋىسىغا ئوخشاشلا، گەنسۇنىڭ غەربىدىكى جايلاردا بولۇ-
ۋاتقان جېدەل - ماجىرالارغا ئارىلاشمىدى. 1735 - يىلى يۇڭ
جېڭ خاننىڭ ۋاپات بولۇشى ئۇنىڭ قارانىيەت ئۇرۇشپەرەس ئوغ-
لى چيەنلۇڭغا يول ئېچىپ بەردى. چيەنلۇڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈ-
زۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىدە
خالىغىنىنى قىلالايدىغان ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى بايقىدى ۋە ئۆ-
زىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتكۈل تاشقى كۆرۈنۈشىدىن

① بۇ سۆز ئېنىق ئەمەس - ت.

مەمنۇن بولدى. ئۇنىڭ خەزىنىسى تولۇق، مەملىكەتىمۇ گۈللەپ ۋايىغا يەتكەنىدى. پادىشاھ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىسى تەرىپىدىن ئوبدان ئىدارە قىلىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن بۇنداق بىر مەملىكەتنى مۇشۇنداق باي - قۇدرەتلىك ھالىتىدە ساقلاپ كېتىۋەرسىلا بولاتتى. ۋەھالەنكى، ئۇرۇشقاق، مۇستەبىت بىر پادىشاھ باي، تىنچلىقسۆيەر، ئىتائەتچان پۇقرالارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەن پۇخادىن چىقمايتتى. چيەنلۇڭ مۇشۇ دەۋرىمىزدىكى باشقا بۈيۈك ھۆكۈمرانلارغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ باي، ھەددى ھېسابسىز پۇقراسىنى ئىشقا سېلىشىنىڭ بىردىن - بىر يولى ھۆكۈمرانىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرغۇدەك ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئۇنىڭ داڭقىنى ئالەمگە يېيىش، دەپ قارايتتى. جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنىڭ شۆھرىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاسىيادا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. بىرەر يەككە دۆلەت ياكى دۆلەتلەر ئىتتىپاقى ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى. شۇڭا چيەنلۇڭ خانمۇ قوشنا ئەللەر بىلەن دۈشمەنلىشىشكە مۇۋاپىق باھانە تاپالماي يۈرەتتى. چۈنكى بۇ دۆلەتلەر جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىناۋىتىگە خىلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىپ قويسا ئەڭ زور تۆلەم تۆلەشكە چىن كۆڭۈللىرىدىن رازى ئىدى. شۇڭا تۈركىستاننى ئىستېلا قىلىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەڭ ياقىدىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇشپەرەسلىك مىجەزى، جۇڭگونىڭ شۇچاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالى، ئىنتايىن مول بايلىقى ۋە ئادەم كۈچى ھازىر بىز ئېيتىۋاتقان ۋەزىپىدىن نەچچە باراۋەر قىيىن ئىشلارنى ئورۇنلاشقىمۇ يار بېرەتتى، بۇنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىساقلا، چيەنلۇڭنىڭ جۇڭغارىيىگە مۇداخىلە قىلىشقا نېمە ئۈچۈن قىزىققانلىقىنى ئاسانراق چۈشىنىمىز.

بىز ئەمدى قەشقەرىيىگە قايتىپ كېلىپ، ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتتە قالغان بۇ يۇرتتا روي بەرگەن بەزى ۋەقەلەرنى بايان

قىلىپ ئۆتەيلى. غالدان باشچىلىقىدىكى قالماقلار ئاپئاق غوجىنى يەركەنگە پادىشاھ قىلغانلىقتىن، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرا تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەندى. ئاق تاغلىقلارنىڭ باش ۋەكىلى بولغان بۇ شەخس دۈشمەن قەۋمـ لەرنىڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سىقىپ چىقاردى. ئاپئاق غوجا بىر نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، قالـ ماقلار، قىرغىزلار ۋە قىپچاقلارنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قەشقەرىيىنىڭ بەزى جايلىرىدا ئاقماي قالدى. ئۇـ نىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كۈنىمۇ ئۇنىڭدىن ياخشى ئەمەس ئىدى. بۇ مەملىـ كەت ئاخىر بىر قىپچاق ئاقساقىلى بىلەن بىر قىرغىز ئاقساقىلىنىڭ قولىدا پارچىلاندى. بەختكە يارىشا، بۇ ئىككىيلەن جېدەل ـ ماجىـ را قىلىشىپ، تۈنجى قېتىملىق ئۇر ـ چاپتىلا ئاخىر ئۆز بېشىنى يېدى. ئاپئاق غوجىنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئاقباش غوجا شۇ قېتىمـ لىق يېغىلىقتا يېڭىساردا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ بۇ ئىشتىن سەل بۇرۇن قوقەندىكى خوجەنتتىن قارا تاغلىقلار گۇرۇھىدىكى دانىيال خوجا ئىسىملىك بىرەيلەننى ياردەمگە چاقىرىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ تېخىمۇ زور ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قويغانىدى. نەتىجىدە ئۇلارمۇ ئەھمەت خوجا ئىسىملىك بىرەيلەننى چاقىرىپ كېلىپ، ئۆز مەنپەئىتىگە ۋەكىل قىلدى. دانىيال يەركەندە ئۇلارنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، قىرغىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن قورشاۋچىلارنى ئاران قاچۇردى. دانىيال گەرچە بۇ ئۇرۇشتا ئۇتۇپ چىققان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ يەرنى رەقىبلىرىگە تاشلاپ بېرىپ، قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ جۇڭغارىيىگە ــ قالماقلارنىڭ يېنىغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن، قالماقلار ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرۈپ، قەشقەرىيىنى قايتا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇ قېتىمـ قى جازا يۈرۈشى غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرنى قورـ شاۋغا ئېلىپ ئەھمەت خوجىنى تىرىك تۇتقان قالماق ئاتامانى

دانىيالنى ھاكىمىيەتكە يېقىن يولاتمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، بەلكى رەقىبلىرى بىلەن بىللە ئىلىغا يالاپ ئاپىرىپ، نەزەربەنت قىلىپ قويدى. ئىشنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆكتەملىك بىلەن ھەل قىلىنغانلىقىنى كۆرگەن قارانىيەت دانىيال يەنە كىمدىنمۇ بىھۇدە ئاغرىنالايتتى؟ مۇشۇ چاغدىن تارتىپ تاكى جۇڭگولۇقلار بۇ جاينى ئىستېلا قىلغانغا قەدەر، ئېلىدىكى قالماق ئاتامانلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، دانىيال قەشقەرىيە (بۇ چاغدا ئالتە شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بولدى) گە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. ئەمما ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەر بىر شەھەرگە قالماقلار ئۆزلىرى ئامبال تەيىنلەيتتى، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەمەلىي ھوقۇق يوق. پەقەت قۇرۇق ناملا بار ئىدى. قالماقلار دانىيالنىڭ مۇشت ئېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىنى ئىلىدا گۆرۈگە تۇتۇپ تۇردى. دانىيالنىڭ ئۆزىگىمۇ پات - پاتلا ئىلىغا بېرىپ، قەشقەرىيىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ تۇرۇشى شەرت ئىدى. مانا بۇ — قارا تاغلىقلاردىن بولغان دانىيالنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىلىدىكى قالماق ھۆكۈمرانلىرىغا تەۋە بىر ئۆلكە بولۇپ تۇرغان قەشقەرىيىنىڭ 1740 - يىلىدىكى ئەھۋالى، 1745 - يىلى جۇڭغارىيە پادىشاھى ئارابدانىنىڭ ئوغلى غالدان ① ۋاپات بولدى. ئامۇرسانا بىلەن داۋاچى دېگەن ئىككى ئاتامان ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل تەڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشتى. ئەمما ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆچەكىشىپ قېلىشتى ۋە بىر - بىرىنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەپ، ئۆز ھوقۇقىنى كېڭەيتىش نىيىتىگە كەلدى. ئامۇر سانا داۋاچىنىڭ ئەسكەرلىرىگە زادىلا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇ بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە مەغلۇپ بولغىنىدىن كېيىن، جۇڭغارىيىنى تاشلاپ جۇڭگوغا قېچىپ كەتتى. ئۇ لەنجۇ

① ئارابدانىنىڭ ئوغلى غالدان سېرىن چىيەنلۇڭنىڭ 10 - يىلى ئۆلگەن — خەنزۇچە تەرجىمانىدىن.

ۋىلايىتىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پايتەختتىكى بېرىپ جوڭگو
خېنىغا دەرد-ئەھۋالىنى ئېيتىش ھەمدە ئۆز نامىدىن ۋە قەۋم-
قېرىنداشلىرى نامىدىن ئېلى ۋە قەشقەرىيىنى چەكسىز قۇدرەتلىك
خانغا تەقدىم قىلىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇندى.

ئۇنىڭ ئىلتىماسى خان تەرىپىدىن ماقۇل كۆرۈلدى. چيەن-
لوڭ خان ئۇنى ئېتىبار بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئىلتىماسى
ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا جوڭخۇا
ئىمپېرىيىسى تەۋەلىكىدە مەرتىۋە، مائاش بېرىلىدىغان بولدى. ئامۇر-
سانا ئىلتىماسىنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ يازغانلىقى، چيەنلوڭنىڭ
ھەربىي جەھەتتىكى قارا نىيىتىدىن ۋە ئىشتىياقىدىن شۇنداق
ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، چيەنلوڭ ئامۇرسانا-
نىڭ نۇرغۇن ۋەدىلىرىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا ئەسكەر قوشۇپ بېرىش-
كە رازى بولدى. 1753-يىلى جوڭگو قوشۇنلىرى ئامۇرسانانىڭ
باشلامچىلىقىدا جوڭغارىيىدە پەيدا بولدى. داۋاچى ئۇلارغا بىر
قانچە قېتىم جان-جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ،
ئاخىر بۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىلدى. بەزىلەر، ئۇ ئۇچتۇر-
پاننىڭ بېگى خوجام بەگ تەرىپىدىن جوڭگولۇقلارغا تۇتۇپ
بېرىلگەن، دېسە، يەنە بەزىلەر، داۋاچىنى ئۇرۇشتا ئەسىرگە
چۈشكەن، دېيىشىدۇ، لېكىن يۇقىرىدىكى ھەر ئىككى كۆزقاراشتى-
كىلەر ئۇنىڭ بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى
ئىنكار قىلمايدۇ.① ئامۇرسانا ئۆزىنىڭ جوڭغارىيىدىكى ئورنىنى
قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، پۈتۈن دىققەت-ئېتىبارىنى قەشقەر-
يىنى ئىستېلا قىلىشقا قاراتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئىلىنى مەركەز قىلغان
جوڭغارىيىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ قوشۇنى يەنى ئۇ-
نىڭ ئۆز ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەدەت بەرگەن قوشۇن — خىتاي

① داۋاچى بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلغان دەرھال ئۆلتۈرۈلمىگەن — خەنزۇچە
تەرجىمانىدىن.

قوشۇنى بولۇپ، بۇ قوشۇن پەقەت بېجىڭ خانىغىلا سادىق ئىدى، ئۇلار ئويىرۇت ۋاڭ - گۇڭى ئامۇرسانا بىلەن بىللە كەلگەن خىتاي گېنېراللىغىلا بويسۇناتتى. بۇ چاغدا غالدانىنىڭ يەنە بىر ئوغلى يۇسۇپ ① قەشقەردە ئەڭ ئالىي ھوقۇقدار بولۇپ، ئىسلامىيەتنىڭ خىتاي خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ئۈستىدە ھەدەپ جار سېلىپ، كەلگۈسىدىكى غازاتتا قوقەن ۋە بۇخارا قاتارلىق مۇسۇلمان ھۆكۈمەتلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا تارتىشقا ئۇرۇنۇۋاتتى. ئامۇرسانا پۇرسەت كەلسىلا بۇ دۆلەتكە مۇداخىلە يۈرگۈزمەكچى بولۇپ، قەشقەرىيەنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا تاقەتسىزلىك بىلەن پەيت كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. يۇسۇپ بولسا ئېھتىياتچانلىق بىلەن چەت ئەللەردىن ئۆزىنىڭ ئامۇرسانانىڭ بۇ سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلىشقا ياردەم بەرگۈدەك ئىتتىپاقچى ئىزدەۋاتاتتى. بۇ چاغدا يۇسۇپ قەشقەرىيەدىكى قارا تاغلىقلارنىڭ ئاتامانى ھەم ۋەكىلى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئامۇرسانا يۇسۇپنىڭ رەقىبى بولغان ئاق تاغلىقلارغا ھوقۇق تەلىپىنى قويدۇرۇش قارارىغا كەلدى. جۇڭگو گېنېرالى ئۇنىڭ بۇ ھىيلىسىگە سۈكۈت بەردى. ئارقىدىنلا ئۈچتۇرپان بىلەن ئاقسۇدىكى قالماق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ياردىمىدە بۇ ھىيلە تەخىرسىزلا ئەمەلگە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قەدىمكى خوجا ئەۋلادلىرى ئىچىدىن ئەھمەتنىڭ ئوغلى بۇرھانىدىننى تېپىپ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇخلىسلىرىنى باشلاپ دەرھال ئۈچتۇرپاننى تارتىۋالدى ۋە بۇ يەردە يەرلىك خەلقنىڭ ۋالقىشىغا ئېرىشتى. بىرقانچە كىچىك قەبىلە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. لېكىن مۇشۇ چاغدا يۇسۇپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يەركەندىن قۇدرەتلىك قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتقانىدى.

① ئامۇرسانا چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى) ئۆلگەن. يۇسۇپ بولسا داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى (1830 - يىلى) ئوتتۇرىغا چىققان، شۇڭا ئۇلار بىر دەۋردىكى زامانداشلار ئەمەس — خەنزۇچە تەرجىمانىدىن.

بۇرھانىدىن خوجىنىڭ تەقدىرى قىلىنىڭ ئۈستىدە قالغان چاغدا، يۈسۈپ يېرىم يولدا ۋاپات بولدى. لېكىن يۈسۈپنىڭ ئابدۇللا دېگەن ئوغلى ئۆزىنى پادىشاھ خوجا (Padshah) دېگەن نام بىلەن ئاتاپ، ھەربىي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى-دە، بۇرھانىدىن خوجىنى ئۈچتۇرپاندا قورشاۋغا ئېلىۋالدى. بۇ چاغدا ئابدۇللا بۇرھانىدىن خوجىغا سۈلھ كېلىشىمى تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار يارىشىپ ۋە ئىتتىپاقلىشىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن «خىتاي» لارنى بىرلىكتە جازالاشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇرھانىدىن چىن مۇسۇلمان بولغاچقا، قارشى تەرەپنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا، ئابدۇللانى جۇڭگولۇقلارغا تەسلىم بولۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئابدۇللا ئۆز ئېلىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا تەقدىم قىلىۋېتىشنى زادى خالىمايتتى، شۇڭا ئۈچتۇرپان قورشاۋىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. قورشاۋچىلار ئارىسىدىكى بەزىلەر بۇرھانىدىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، قارا تاغلىقلاردىن ئايرىلىپ قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇللا ئۆزىنىڭ قالدۇق قوشۇنىنى تېز چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇرھانىدىن دەرھال قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى ۋە بۇ جايلاردا قىزغىن قارشى ئېلىندى. ئارقىدىنلا يەركەننىمۇ بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، خوجا ئەۋلادلىرى قەشقەرىيەنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە بويسۇندۇردى، ئاق تاغلىقلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى تولۇق ئىشقا ئاشتى.

بۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقان چاغدا، جۇڭگولۇقلار قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تاماشىچىلىرى سۈپىتىدە بىر چەتتە قاراپ تۇرغانىدى. ئامۇرسانا ئۇلارنى بۇرھانىدىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى قوللاشقا قىزىقتۇردى. شۇڭا جۇڭگولۇقلار يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇنىڭ ئوغلىغا قارشى ئۇرۇشقا ئادەتتىكىدەكلا مەدەت بېرىپ قويغاندىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىدى؛ ئۇلار تاكى بۇرھاندىن ئۆز غەلىبىسىدىن ئېسەنكىرەپ خۇدىنى بىلەلمەي، جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆتكەن ئۈمىدىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان چاغدىلا، ئاندىن بۇ ئەلنى ئىشغال قىلىش قارارىغا كەلدى. ئامۇرسانانىڭ پۇتىغا بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا پالتا چېپىلغانىدى. تۇرغۇن جۇڭگو قوشۇنلىرى ئامۇرسانانى قوغداپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ 1757-يىلى جۇڭغارىيىگە پادىشاھ بولۇۋېلىپلا ئۆزىنى جۇڭگونىڭ كونتروللۇقىدىن چەتكە ئالدى. ئەمما ئۇنىڭ توپلىغان ئەسكەرلىرى جۇڭگو قوشۇنىنىڭ بىر پەشۋاسىغا يارىماي تىرىپىرەن بولدى. ئامۇرسانا ئۆز ماكانىدىن يەنە بىر قېتىم قېچىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇ ئۆتكەن قېتىم بېيجىڭدىن پاناھ تاپقاندەك ئوبدان پاناھ تاپالمىدى. شۇ چاغدا، رۇسلار سىبىرىيىنى بېسىۋالغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار چۆل ھەم كىرگىلى بولمايدىغان بۇ يەرلەردىكى قورغانلىرىدىن چىقىدىغان بولسىلا، بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىمەيتتى؛ بۇ يەرلەر ئامۇرسانانىڭ نەزەرىدە پاناھلىنىشقا بولىدىغان بىردىنبىر ماكان ئىدى. ئۇ توبولسكىغا قېچىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 1757-يىلى شۇ يەردە ئۆلدى. رەھىمسىز جۇڭگولۇقلار رۇسلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەستىن، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسىمىز دەپ ئۆكتەملىك بىلەن تەلەپ قىلدى. چار روسىيە ھۆكۈمىتى ئامۇرسانانىڭ ئۆلۈكىنى چاكتۇغا يۆتكەپ كېلىپ، جۇڭگولۇقلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. مانا بۇ — قارا نىيەت ئامۇرسانانىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى سەرگۈزەشتىسى. دېمەك، ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يېتىپ كېلىشىگە بىۋاستە سەۋەبچى بولغان.

بۇرھاندىننىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تەڭ

كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان. مۇشۇنداق ھەقىقىي پاكىتلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇقلۇق قەشقەرىيەدە شۇنچە قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. لېكىن پاكىت ھەقىقەتەن شۇنداق. 1758 - يىلى، يەنى ئامۇرسانا ئۆلۈپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ھۆكۈمران ئۆزىنىڭ ئىنىسى خان خوجا ① بىلەن بىرلىكتە جۇڭگولۇقلارغا قارشى ئاشكارا ئىسيان كۆتۈردى. ئىلىدا تۇرۇش - لۇق بىرنەچچە «خىتاي» ئەمەلدارى خورلاندى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەمر - پەرمانلىرى ئوچۇقتىن ئوچۇق كەمسىتىلدى. بۇنداق پوزىتسىيىگە ھەرقانداق بىر ھۆكۈمران زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى؛ جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن بىر ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويساق، بۇنداق ئىشلارغا ئۇلار ئەزەلدىنلا سۈكۈت قىلغان ئەمەس. شۇڭا ئىلىدىن بىر تۈركۈم جۇڭگو قوشۇنى بۇ گەدەن - كەش ھۆكۈمراننى جازالاشقا ئەۋەتىلدى ھەم ئۇنىڭغا: جۇڭگونىڭ قولى يەتمەيدىغان يەر يوق! دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. بۇرھانىدىن بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى بىر قانچە قېتىملىق كەسكىن جەڭدە ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى، شەھەرلەر ئارقا - ئارقىدىن دەھشەتلىك تاجاۋۇزچىلارغا تەسلىم بولغاندا، خوجىلار ئەۋلادىنىڭ ئەڭ كېيىنكى ۋەكىللىرى پاناھ ئىزدەپ بەدەخشانغا قېچىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما بۇ يەرمۇ ئانچە تىنچ ئەمەس ئىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەيۋىتى ئۇلاردىن بۇرۇنراق ئۇيەرلەرگىمۇ يېتىپ بارغانىدى. بەدەخشاننىڭ ئاقساقىلى ئىستىلاچىلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئاكا - ئۇكا ئىككى خوجىنىڭ بېشىنى ئېلىپ، يەركەندىن قوغلاپ بارغان جۇڭگو قوشۇنىنىڭ گېنېرالىغا تەقدىم قىلدى. بۇرھانىدىننىڭ پەقەت سامساق خوجا ئىسىملىك بىر ئوغلىلا جۇڭگولۇق غالىبلارنىڭ خوجا ئەۋلادلىرىغا قىلغان

---

① خان خوجا ئەمەس، خوجا جاھان. مۇئەللىپ خاتا قىلغان — ت.

www.uyghurkitap.com

قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالدى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭ-
گولۇقلار قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىدىن تارتىپ پامىر، قوقەن
قاتارلىق جايلارنىڭ شەرقىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھېچقان-
داق بەدەلسىزلا ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالدى. ئۇلار ئامۇرسانانىڭ
جۇڭغارىيە توغرىسىدىكى قارا نىيىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭغارىيىدە
مۇستەھكەم بازىغا ئېرىشىۋالدى، ئارقىدىنلا شۇنىڭغا ئوخشاش
ئەپچىل ھىيلىنى قوللىنىپ، ئاقتاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ
زىددىيىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قەشقەرىيىگىچە
كېڭەيتتى، ئۇلارنىڭ قورچىقى بولغان ئامۇرسانا ۋە بۇرھانىدىن
جۇڭگونىڭ بېقىندىسى بولۇشقا تەن بەرمەي، مۇستەقىل بولماقچى
بولۇۋىدى. جۇڭگولۇقلار دەرھال ئەسكەر چىقىرىپلا بۇ توسالغۇ-
لارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئادالەت-
سىزلىكتە چېكىگە يەتكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق، بىز بۇيەردە جۇڭ-
گولۇقلارنىڭ دەھشەتلىك، قوپال باستۇرۇش ۋاستىلىرىنى يوشۇر-
ماقچى ئەمەسمىز. ئۇلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىش-
نىڭ ھەرقانداق شەپىسىنى سەزسىلا، رەھىم - شەپقەت دېگەننى
قايرىپ قويۇپ، ھەربىي كۈچنى ئايىماي ئىشلەتتى. مۆلچەرلىنىشىچە،
مۇشۇ ئىككى-ئۈچ يىللىق ئۇرۇشتا ئاز دېگەندە 500 مىڭ كىشى قىرىلغان.
بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى بىگۇناھ ئاھالە ئىدى. بىز گەرچە بۇ
سانىنى كۆپ ئاشۇرۇۋېتىلگەن دېگەن قاراشقا مايىلراق بولساقمۇ،
لېكىن ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. جۇڭ-
گولۇقلار ئۆز يولىدىكى توسالغۇنى سەزگەن ھامان قورال كۈچى
ئىشلەتتى، جۇڭگو چېرىكلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن جەڭ قىلغاندا،
كۆپىنچە دىنىي قانخورلۇق تۈپەيلىدىن تېخىمۇ رەھىمسىزلىشىپ
كېتەتتى. جۇڭگولۇقلار قەشقەرىيىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن،
ئەسكىرىي كۈچىنى قوقەنگە قاراتتى ۋە تاشكەنت بىلەن قوقەنگە
غەلىبىلىك بېسىپ كىردى. 1760 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، غەربىي

ئاسىيالىقلار جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىلگىرىلىشىدىن قاتتىق چۆچۈدى. ئافغانىستان بۇ چاغدا چەت ئەل تەرىپىدىن تېخى ئىستىلا قىلىنمىغان بىردىنبىر مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلىتى ئىدى. بالايىئاپەتكە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار ئافغانىستاندىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە چەك قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا ئافغانىستان يېقىنقى يىللاردا يۈز بەرگەن بىر بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋەقەلەرگە بەزى ئاساسەن، ئېھتىياتسىزلىق باتۇرلۇق ئەمەس دېگەن خۇلاسىگە كەلدى - دە، ئۇزۇندىن بۇيان كۆز تىكىپ كەلگەن بەدەخشانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى ئاقساقالنى جازالاش بىلەنلا چەكلەندى. لېكىن جۇڭگولۇقلار قوقەندە ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئاقىلانىلىك بىلەن قەشقەرىيىنىڭ ئەسلى چېگرىسىغا چېكىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتا كۆرسەتكەن زېھنىي كۈچى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ھەرقانداق بىر ھۆكۈمران مىللەت جەزمەن ياقتۇرىدۇ.

قەشقەرىيىگە قارىتىلغان ئىستىلا شۇنچە تېز بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىستىلانى تاماملاشقا بىر نەچچە يىل كېتەتتى. گەنسۇدىن يېڭى قوشۇن يۆتكەپ كېلىشكە، قىرىلغان قەشقەرلىكلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ شەنشى ۋە باشقا ئۆلكىلىرىدىن نۇرغۇن ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئورۇمچى ۋە قومۇل ئوپچۆرىسىدىمۇ ئادەم كۆچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. جۇڭگولۇقلار مۇشۇ ئەسكىرىي زاپاسلارنى ۋە بېيجىڭدىن ئىمپېرىيە قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزلىرىنى ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىگەن خوجايىن ھېسابلىيالايتتى، جۇڭگو ۋالىيسى ئاندىن ئۆز قوشۇنىنى ھەرقايسى شەھەرلەرگە تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالايتتى. بۇ-

نىڭدىن ئىلگىرى بولسا، بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا تاقابىل تۇ-
رۇش ئۈچۈن، ئەسكىرىي كۈچنى پەقەت بىر جايغا، كۆپ بولغان-
دا ئىككى - ئۈچ جايغا مەركەزلەشتۈرۈپ تۇرغۇزالايتتى. جۇڭگولۇق-
لار قوقەنلىكلەرنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سېلىق نورمىسىنى
بېكىتكەندىن كېيىن ئەسكىرىي كۈچنى قوقەندىن چېكىندۈرۈپ
چىقىپ، جۇڭغارىيىنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن ئۇلۇسلارغا قاراتتى.
كۆچمەن قىرغىز قەبىلىسىنىڭ ھەرقايسى يۈزلىرى① ئارقا - ئارقى-
دىن ئۇلارغا ئولپان تاپشۇرۇپ، بويسۇندى. جۇڭگولۇقلار
ئۇلارنىڭ بىلدۈرگەن ساداقىتىنى بىردەك قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو-
نىڭ مەرتىۋە - مەنسەپ دەرىجىلىرى بويىچە ئۇلارنى مۇكاپاتلىدى.
1766 - يىلى ئوتتۇرا يۈزنىڭ ئاقساقىلى ئابلەي ۋاڭ - گۇڭلۇق
مەنسىپى بىلەن تارتۇقلاندى. كىچىك يۈزنىڭ ئاقساقىلى نۇر ئەلى
بېيجىڭغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتكەندى، ئۇلار خوجايىنىنىڭ سا-
داقىتى ئۈچۈن بېرىلگەن كاتتا ئىنئاملارنى ئېلىپ قايتتى.
1765 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگولۇقلار جۇڭغارىيە ۋە قەشقەرى-
يىدە مۇستەھكەم ئورۇن ئالدى. ئۇلار خوتەننى ئىشغال قىلىپ،
ئۆزلىرىنىڭ ئۆلكىسى بولغان تىبەتكە بارىدىغان يولنى ئاچتى.
ئۇلار جەنۇب تەرەپتە ناھايىتى ياخشى بىر پارچە زېمىنغا ئىگە
بولغان بولسىمۇ، غەربىي جەنۇب تەرەپتە ئازراق توسقۇنلۇققا
ئۇچرىغانىدى. بىز يۇقىرىدا ئافغانىستان ئەمىرىنىڭ بەدەخشان
ھاكىمىنى چوڭ - كىچىك خوجىلارنى ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتى ئۈ-
چۈن جازالاپ، بۇيەرنى بېسىۋالغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق،
ئۇ باشقىلارنىڭ جۇڭگوغا قارشى ئورۇش ئېلان قىلىش توغرىسى-
دىكى تەلەپلىرىنى ئۆزلۈكسىز تاپشۇرۇۋېلىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ
ھىندى ۋە ئىران ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بولغان جېدەل تۈپەيلىدىن

① قازاقلارنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك (ياكى سول، ئوتتۇرا، ئوڭ) قىسىملىرى-
نى دېمەكچى — خەنزۇچە تەرجىمەدىن.



uyghurkitap.com

دىنى ھېسداشلىقنى مۇۋاپىق دائىرىدە چەكلىدى. شۇنداق بول-
سىمۇ، ئۇ بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيانى
ئىستېلا قىلغاندا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ تارتقان زىيانلىرىنى
كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئەلچىسى ئېلىپ كەلگەن جاۋاب ئۇنى قانا-
ئەتلەندۈرمىگەن بولسا كېرەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەدەخشانغا كۆچ-
لۈك قوشۇن كىرگۈزۈپ ئورۇنلاشتۇردى. دۇرانى (Durani) مىل-
لىتىدىن بولغان بۇ ھاكاۋۇر ئەمىر جۇڭگوغا قارشى تۇرماقچى
بولغانىدى، لېكىن ئۇ تۈركىستان ۋە جۇڭغارىيىدىكى زامانداشلىرى-
دىن خېلىلا ئەقىللىك بولغاچقا، بۇنداق ھەرىكەتتىن كېلىدىغان
خەۋپ - خەتەرنى توغرا پەملىيەلىدى. شۇڭا ئۇ نادىر شاھ ئىس-
تېلاسىدىن قالغان خارابىلىق ئۈستىگە قۇرغان قۇدرەتلىك ئىمپې-
رىيىسىنى ساقلاپ قېلىش بىلەنلا قانائەتلەندى. ئافغانلار يۇقىرى-
قى ئىشلارنى قىلغاندىن باشقا، يەنە سەمەرقەندنى قوغداۋاتقان
مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشكىمۇ ۋەدە قىلغانىدى. شۇڭا قەشقەرى-
يە خەلقى يەنىلا ئۇلارنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتەتتى. بۇ دۆ-
لەتنىڭ بەزى جايلىرىدا، بولۇپمۇ ئۈچتۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈل-
دى. ئەمما جۇڭگولۇقلار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ
قوزغىلاڭنى دەل ۋاقتىدا باستۇردى، بۇ جايدىكى خەلق قىرىل-
دى، شەھەر ۋەيران بولدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت يەرلىك خەلق-
نى شۇ دەرىجىدە قاتتىق يۈرەكزادە قىلىۋەتتىكى، شۇنىڭدىن كې-
يىنكى يېرىم ئەسىرچە ۋاقىت ئىچىدە، ئۇلار جۇڭگولۇقلارغا قار-
شى تۇرۇشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ قەش-
قەرىيىگە يۈرگۈزگەن ئىستېلاسى بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش نە-
تىجىدە بولۇۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل -
ماجىرانى ۋە باشقا خوجىلىق داۋاسى قىلغۇچىلارنىڭ جېدەل - ماج-
رالىرىنى، يەنى ئۆزلىرىنى، بىز 1760 - يىلىدىكى قىرغىندا ئامان
قالغان سامساق خوجىنىڭ ئەۋلادىمىز، دەپ ئوتتۇرىغا چىققانلار-

www.uyghurkitap.com

نىڭ جېدەل ـ ماجىرالىرىنى ئۇنتۇملۇك ھەل قىلىۋەتتى. بۇ مىللەت
شۇ چاغلاردا چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇ-
رۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئېھتىمال، ئۇلاردا جەزمەن چۈشكۈنلۈك
پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭدەك جۇڭغولۇقلار ھەرقان-
داق قارشىلىقتا يول قويمىغان ۋە قوپال ۋاستىلەرنى قوللانغان
بولسىمۇ، ئەمما يەنە بەزىلەر، ئەھۋالغۇ شۇنداق، ئېھتىمال، ئۇ-
لارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەڭگۈ داۋام قىلىشى، شۇڭا ئۇلار يىلدىن-
يىلغا يۇمشاق قول بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ قارىسا كېرەك.
شۇ ۋەجىدىن ۋەزىيەت يامانلىشىپ كەتمىدى، قەشقەرىيىلىكلەرمۇ
جۇڭغولۇقلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە بىپەرۋالىق بىلەن قارايدى-
غان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆز تەقدىرىنىڭ كۆپ ياخشىلىنىشىدىن
ئۈمىد كۈتەلمەيتتى. قىسقىسى، ئۇلار قارشىلىقلار تۈگىگەندىن
كېيىن، جۇڭغولۇقلارنىڭ قىرغىنچىلىقىمۇ ئاخىرلىشار، دەپ ئويلايت-
تى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىدىن بولغان زالىملار ئەسىر-
لەردىن بۇيان داۋاملىق قىرغىنچىلىق قىلىپ كېلىشكەنىدى.

جۇڭغولۇقلارنىڭ قەشقەرىيىنى بېسىۋالغانلىقى ئۈستىدە دوھا-
كىمە يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇن، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار
ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكىنىمىز پايدىلىق بولار. بۇ ئىككى مەزھەپ-
نىڭ جېدەل ـ ماجىراسى قەشقەرىيىنىڭ XV ، XVI ۋە XVII ئە-
سىرلەردىكى تارىخىنى سىڭگەن. 1533 - يىلى سەئىدىنىڭ كىچىك
ئوغلى ئابدىرىشىتخان ئاتىسى قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا
داڭ چىقارغاندىن كېيىن، ئاكىلىرىنىڭ قولىدىن دۆلەت ھاكىمىيە-
تىنى تارتىۋالغانلىقى بىزنىڭ ئېسىمىزدە. ئۇ ياش، نەسەب جە-
ھەتلەردىمۇ ئاكىلىرىغا يەتمەيتتى، ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پامىرنىڭ غەربىدىكى ئۆزبېك ئۇلۇسلىرى ئاق-
ساقاللىرىنىڭ ئىتتىپاقىدىن پايدىلاندى، ئۇلار بىلەن سۆھبەت
ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغلاردا، مەشھۇر شەيخۇلئىسلام، سەمەرقەنلىك

داموللا خوجا كاسانى دېگەن كىشى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندى، ئابدۇرىشىتخان ئۇنىڭغا بەكمۇ ھۆرمەت كۆرسەتتى ۋە قەشقەردىن چوڭ بىر پارچە زېمىننى سويۇرغال قىلىپ بەردى. ئۇ بۇيەردە ئۆيلىنىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدى. ئۇنىڭ شۇ يەردىكى ئىككى ئوغلى ئۇنىڭغا ۋەكالەتەن سويۇرغالدىن بەھرىمەن بولدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سەمەرقەندلىك خوتۇندىن تۇغۇلغانىدى، ئاكا - ئۇكا ئىككىلەن چىقىشالمايتتى. ئۇلار كېيىنچە دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ مەنسەپلىرىدە ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئىناقسىزلىقى بالىلىرىغا قالدى. چوڭىنىڭ ئېتى خوجاكالان بولۇپ، ئۇ يەركەن بىلەن قارا تاغدا تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغىنى ئۈچۈن قارا تاغلىقلارنىڭ پېشىۋاسى بولۇپ قالدى. كىچىكىنىڭ ئېتى ئىسھاق خوجا بولۇپ، ئۇ قەشقەر بىلەن ئاق تاغدا تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغىنى ئۈچۈن ئاق تاغلىقلار پېشىۋاسى بولۇپ قالدى. بۇ ئىككىسى (يەنى سەمەرقەندلىك شەيخۇلئىسلامنىڭ ئەۋلادلىرى) ئۆزلىرىنى خوجا دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئۆتكەندە بىر مەھەل ھۆكۈمران بولغان ھېلىقى قەۋمنىڭ ئۆزگىچە مەنىدە ئىگە خوجا نامى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

## 7. باب جۇڭگولۇقلارنىڭ قەشقەرىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقى

جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىۋالغانلىقىغۇ پاكىتقا ئايلاندى، ئەمدى، بۇ يېڭى ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرگۈزگەن قوراللىق مۇداخىلىسىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى نېمە بىلەن ئىسپاتلىدى؟ ئۇلار ئىستىلا قىلىنغان مىللەتلەر بىلەن يارىشىش ئۈچۈن، كەڭ كەتكەن بۇ رايوننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى قوللاندى؟ بۇ ئەزەلدىنلا بىر باي زېمىن ئىدى. ئەمما بىرقانچە ئەسىرلەردىن بۇيان يىراق كەلگۈسى مەنزىرە ئۈستىدە قىلچە پىلان تۈزمىگەن ھۆكۈمرانلىق، ھۆكۈمەتسىزلىك، ئۇرۇش - يېغىلىقلار بۇ زېمىننى ھالسىزلاندۇرۇۋەتكەن. جۇڭگولۇقلار بۇ رايونلارنىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلىرىدەك خەلققە ئالۋان - ياساق سېلىشنىلا بىلىپ خەلقنىڭ ئاچ - توق قېلىشى بىلەن كارى بولماي يۈرۈۋەرگەنمۇ - قانداق؟ جۇڭگونىڭ ئىلىدىكى جاڭجۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ ياكى كۇچاغا ئەۋەتىلگەن ئادەملىرى ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ باشقۇرۇش سىياسىتى قوللىنىپ، پرىنسىپسىز نەپسانىيەتچىلىك يولىنى تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاسىيادىكى باشقا مۇستەبىت پادىشاھلارغا ئوخشاشلا كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، كەلگۈسىدىكى ئىشلار بىلەنمۇ زادىلا كارى بولمايدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدىمۇ - قانداق؟ ئۇلارنىڭ

ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ قانداقلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن يەنە نېمىلەرنى قىلمىغانلىقىنى بىلمەكچى بولساق، ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارنىڭ قەشقەرىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەكلا كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق ھۆكۈمرانلىقتىن بۈيۈك ھۆكۈمران مىللەت بولغان بىزگىمۇ پايدىلىق نەرسىلەر چىقىپ قېلىشى مۇمكىن؛ بىز جۇڭگولۇق ئەمەلدارلارنى ئوتتۇرا ئاسىيادا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە قاراپ ئىختىيارىي ماختايمىز، چۈنكى بىز ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ مۇشكۈللۈكىنى باشقا ھەرقانداق مىللەتتىن توغرىراق مۆلچەرلىيەلەيدىغان بولۇشىمىز لازىم.

ئامۇرسانا ھالاك بولغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ مەمۇرىيىتىنى تۆۋەندىكى ئاساستا تەشكىللىدى: ئالىي ھوقۇق ئىلىدىكى جاڭجۇننىڭ قولىدا بولدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا مائاۋىن ۋالىي دەرىجىلىك بىر مەسلىھەتچى ئامبال قەشقەرىيىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. مەسلىھەتچى ئامبال يەركەندە تۇراتتى. ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتا يەركەندىكى مەسلىھەتچى ئامبال تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ ئەمەلدار ئىدى. ئەمما دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا ئۇ ئىلىدىكى جاڭجۇنگە بويسۇناتتى. ئىلىدىكى جاڭجۇنلا بېيجىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلالايتتى. بۇ مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ قول ئاستىدا يەنە ياردەمچى ئامبال ۋە ئەمەلدار ئامباللار بار ئىدى.

بارلىق شەھەرلەرنىڭ سىرتىدا، خەنچىلىك («ختاي شەھىرى») دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى شەھەرلەر قۇرۇلدى. بۇ قورغانلاردا «خىتاي»، تۇڭگانلاردىن تەركىب تاپقان جۇڭگو قوشۇنلىرى تۇرغۇزۇلدى. مۆلچەرگە قارىغاندا، يالغۇز

www.uyghurkitap.com

قەشقەر ۋە شۇ ئەتراپتىكى جايلارنىلا ساقلاش ئۈچۈن يېگىرمە مىڭ ئەسكەر توختىتىلغانىكەن. جۇڭغولۇقلارلا ھەربىي ئەمەلدار بولالايتتى، يۇقىرىراق دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورۇنلىرى ۋە مەمۇرىي ۋەزىپىلەرگىمۇ ئادەتتە بويسۇنغان مىللەتلەردىن ئادەم قويۇلمايتتى. لېكىن جۇڭغولۇقلارنىڭ قولىدا ئاران مۇشۇنچىلىكلا ئىمتىياز بار ئىدى.

دەرىجىسى تۆۋەنرەك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى يەركەن خانى ياكى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق باش خان ئامبال تەيىنلەيتتى، بۇنداق ئەمەلدارلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك مۇسۇلمانلاردىن بولاتتى. قەشقەرىيىلىكلەرنى ھەرگىزمۇ ئۆز يۇرتلىرىدا ئەمەلگە قويماسلىق بەلكىم جۇڭغولۇقلارنىڭ ئېھتىيات يۈزىسىدىن قوللانغان بىردىنبىر تەدبىرى بولسا كېرەك. شۇ ۋەجىدىن، ئەگەر بىر يەركەنلىك مەنسەپ تۇتماقچى بولسا، ئاقسۇغا ياكى ئۆز يۇرتىدىن يىراقراق بىر جايغا بېرىشى شەرت ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا چەكلىمە يوق ئىدى. مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئالىي مەنسەپ، ھېسابلانغان ھاكىمبەگنىڭ دەرىجىسى ئاتاقتا جۇڭغولۇق خان ئامبالنىڭ دەرىجىسى بىلەن تەڭ ئىدى. ئۇنىڭ خاس ساقچىلىرىنىڭ خىتاي قىسىملىرىدىن تۈزۈلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە، باشقا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، خەزىنە-ئاشلىق، تامۇژنا، باج ۋە شەھەرلەردىكى ئوقەت بېجى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يەرلىك ئەمەلدارلار باشقۇراتتى. خان ئامبال پەقەت بۇددىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دەۋا ئىشلىرى يۈز بەرگەندىلا ئارىلىشاتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇددىستلارنىڭ ئىستىبلاسى بىلەن مۇسۇلمانچىلىق ئۆزئارا ماسلىشىپ مادارا قىلىدىغان پايدىلىق مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. جۇڭغولۇقلار گەرچە ھاكاۋۇر بولسى-

مۇ، ئەمما ئاشكارا قارشىلىق كەيپىياتىدا بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا يول قويۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى سۆزسىز قوللىدى. بۇ ــ جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا يۈكسەك دەرىجىدە ئاسىيالىقلارچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيىسىنى قوللانغانلىقىنىڭ بىردىنبىر مىسالى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ دىنىي كەيپىيات ناھايىتى قويۇق بولغان بۇددىستلار دۆلىتى ــ تىبەتكە قىلغان مۇئامىلىسى ئۇنىڭغا ئوخشمايدۇ. لېكىن بۇ چارە ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولدى. جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى پەقەت ئىشلەتمىسە زادى بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئىشلىتەتتى، ئادەتتە ئاياپ ئىشلەتمەيتتى؛ خەلق ناھايىتى ئېدىركىن بولغانلىقتىن، ئۆزلىرىنى مەھكۇملۇقتا ياشاۋاتىمىز دەپ ئويلىمايتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ زورغېمى باج تاپشۇرۇشتىلا قالغان ئىدى. ھالبۇكى، باج ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋاقتىدىكىدەك ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئۇلار باجنى تاپشۇرۇۋەتسىلا ھېچنېمىدىن غەم قىلمايتتى.

ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققان ھاكىمبەگلىرى كۆپىنچە ھاللاردا يېڭىشەھەرلەردە تۇرۇشلۇق جۇڭگولۇق خان ئامباللاردىن كۆپ زالىم ئىدى؛ ئەمما بۇ زالىملار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە ياردىشا پات ـ پاتلا بېشىنى يەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھاكىمبەگلىرى ياكى مۇسۇلمان خانلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان چاغلاردا، خان ئامبال ئۇلارنى دەرھال ئالماشتۇراتتى، خان ئامبال ئۇلارنى ھېچقانچە گۇناھى يوق دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ باشقا جايلارغا يۆتكىۋېتەتتى. خان ئامباللىنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى تەرتىپنى ساقلاش ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاھالىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغاندا ئۆزى ئىشلىتىشتىن ناھايىتى بەك قاچىدىغان قورالنى ئىشلەتمىگۈچە

www.uygurkitap.com

تەرتىپنى ساقلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئاھالە جۇڭگولۇق خان ئامباللىغا مۇتلەق ئىشىنەتتى. ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىدىن بولغان ئاقساقاللار بىلەن جېدەللىشىپ قالسا، خان ئامبال ئۇلارنىڭ ماجىراسىنى ئادىل ھۆكۈم بىلەن ھەل قىلاتتى ۋە ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلاتتى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋالقى خانلىرى پۇقرالارنىڭ بۇددىست ئىستېلاچىلار سايىسىدە ئۆزلىرىنىڭ زۇلۇم قامچىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا ھەسرەت قىلىشاتتى. شۇڭا بىر خەلقنى بۇ ئېنىق پاكىتنىڭ كۆچىگە ئىشىنىدۇ دەپ ھېسابلاشقا ھەقلىقمىز. جۇڭگولۇقلار باج تاپشۇرىدىغان، تاقەتلىك قەشقەرىيىلىكلەرگە، ھەرقانداق جىددىي ۋەقەگە دۇچ كەلگەندە تامامەن ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن خەۋپسىرىمەيمۇ كەتمەيتتى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەسلەپكى 50 يىل ئىچىدە كۈچلۈك ئىدى. خان ئامباللارنىڭ مۇسۇلمان خانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى بولغان ۋە ئۇلار ئارقىلىق پۇقرالار بىلەنمۇ ئىناق ئۆتۈشكەنىدى. ئەمما بۇ مەسىلىگە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان بەزىبىر ئامىللار تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇرەككەپلىشىپ قالدى، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالدى. جۇڭگولۇقلار ئەسلىدە ئاقسۇ بىلەن ئۇنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرگە قوقەن بىلەن سودا قىلىش ئۈچۈن خېلى چوڭ ئىمتىيازلارنى بەرگەنىدى؛ سودا قىلىش جەريانىدا قوقەنلىكلەر بۇ شەھەرلەرگە ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. نەتىجىدە بۇ كىشىلەر يەرلىك خەلق ئىچىدە ئايرىم بىر گۇرۇھ بولۇپ شەكىللىنىپ، جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆلىنىشىدىن بەھرىمەن بولدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىنى سىلىغان كى-

شىلەردىن رازى ئەمەس ئىدى. بىرقانچە يىل ئۆتۈپ، قوقەن مۇھاجىرلىرىنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىغاندا، جۇڭگولۇقلار ئۇلارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلەردە بىردىن ئاقساقال سايلىۋېلىشىغا سۈكۈت قىلىدى؛ لېكىن ئاقساقاللار قوقەن خانى تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى. قوقەن خانى قوقەن مۇھاجىرلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان بىردىنبىر پادىشاھ ئىدى. بۇ ئەلدە ئاسانلىقنى كۆزلەپ، ساقلىنىپ تۇرۇشقا يول قويۇلغان مۇشۇ ئۈچىنچى خىل كۈچ ئاخىر جۇڭگولۇقلارغا ئەڭ يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، «خىتاي»لار بۇ ئاقساقاللارنى «ھەممە پىتنە - پاساتلارنىڭ بېشى» دەپ قاراشقا ھەقلىق ئىدى. ھېچبولمىغاندىمۇ قەشقەردە شۇنداق ئىدى. ئاقساقاللار ئەسلىدە تولىمۇ ئېھتىياتچان ئىدى، جۇڭگولۇق ئەمەلدارلارنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئىشنى زادىلا قىلمايتتى، ئۇلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى خان ئامابال بىلەن قارشىلىشىش ئەمەس، بەلكى يەرلىك مۇسۇلمان خانلارنىڭ ئەمرىنى رەت قىلىش ئىدى، شۇڭا ئۇلار بۇ ئىشتا ئۇتۇق قازاندى. جۇڭگولۇقلار ھەمىشە تىنىم تاپماي ئالدىراش - تېنەش يۈرىدىغان بۇ مەككار چەت ئەللىك ئاقساقاللارنى بىرەر خەۋپ يەتكۈزەر، دەپ ئويلىمىغانىدى، مۇسۇلمان خانلارمۇ ئىزچىل ئىتائەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئەئيانلاردىن ئىدى، لېكىن مەمەدانە ئاقساقاللار بۇ خانلار ئوتتۇرىسىغا ئىختىلاپ سېلىپ قويدى. جۇڭگولۇقلار بولسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ماجىرالارغا بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇردى، ئۇلار، ئېھتىمال، مۇسۇلمانلار ئۆزئارا جېدەل - ماجىرا قىلىشسا ھاكىمىيىتىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ دەپ قارىغان بولسا كېرەك. ئەمما ئۇلار بۇ مەسىلىدە خاتالاشقانىدى، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاقساقاللار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان خانلار ئالدىدا ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيەتلىرىدىن تېنى-

ۋالدى، ئۇلار بارلىق سۈيىقەستىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. بۇ سۈيىقەستلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈز بېرىشكە باشلىدى: قوقەنلىكلەر مۇسۇلمان خانلارنى يەكەندىن كېيىن ھاكاۋۇرلىشىپ، ئۆزلىرىنى باشقۇرىدىغان خان ئاملبالغا ئاپئاشكارا يۈت ئېتىشقا باشلىدى، بۇغۇ كېيىنكى ئىشلار، ئەلۋەتتە.

جۇڭگولۇقلار مۇسۇلمان ئاھالىگە كەڭچىلىك سىياستىنى قوللىنىۋاتقان چاغدا، ھوقۇق بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك باشقا مەسئۇلىيەتلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قىلالايدىغان ئەڭ چوڭ ئىلتىپاتى — تەرتىپ ساقلاش، دەۋاگەرلەر ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، بۇ، جۇڭگو مەمۇرلىرىنىڭ بىرىنچى ئەقىدىسى ئىدى. بۇ پاتىپاراق يۇرتتا ئەمىنلىك ئورنىتىلغان ھامان، سودا - سېتىق گۈللىنەتتى. زېمىنلىشىپ كەتكەن يەرلىك سانائەتلەر ئەمدى يېڭىباشتىن جانلانغان، چەت ئەل كارخانىلىرىمۇ بۇ جايلارغا جەلپ قىلىنغانىدى؛ جۇڭگو ھاكىمىيىتى بۇ يەرنى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ ئاۋات، بەختىيار بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى. لېكىن جۇڭگولۇق ھۆكۈمرانلار ياخشى تەرتىپ ئورنىتىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالغىنى يوق، ئۇلار بۇ جاينىڭ ئېزىلەڭگۈ - ھورۇن بىر مىللەتنىڭ خاھىشى بويىچە سۆرىلىپ مېڭىشىغا يول قويمىدى، شەخسەن ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ باشقىلارغا قانداق ئىشلەش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. يۈكسىلىشكە ئىنتىلگەن گەنسۇ، سىچۈەنلىك «خىتاي» سودىگەرلىرى قوۋۇل، تۇرپاندىكى بازارلارغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا توختاپ قالمىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى قەشقەرىيەنىڭ ئۆزىگىمۇ ئىچكىرىلەپ كىردى ۋە شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشتى. بۇ جۇرئەتلىك سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك كەسپچانلىقى ۋە ئەقىل - ئىدرىكى، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدە نەرسىلىرى،

كاپىتاللىرى ئارقىلىق بۇ رايوننىڭ تۇرمۇشىدا ئەزەلدىن كەم بو-
لۇپ كەلگەن بوشلۇقنى تولدۇردى. مۇشۇ «خىتاي» سودىگەرلىرىگە
ئەگىشىپ، بۇ جاي تېخىمۇ بېيىدى ۋە ئاۋاتلاشتى. يەركەن، قەش-
قەر، ئاقسۇ ۋە خوتەنلەر بۇ رايوندىكى بىرىنچى دەرىجىلىك شە-
ھەرلەرگە ئايلاندى. 1800 - يىلى بۇ رايوننىڭ ئاھالىسى ھەرقان-
داق چاغدىكىدىن كۆپىيىپ كەتتى.

سودا - سېتىق جەھەتتە ھەممە مىللەت باراۋەر ئىدى. جۇڭ-
گولۇقلار ئۆز ۋەتەنداشلىرىغا باشقىلار ئويلىغاندەك قانىداقتۇ ئالا-
ھىدە ئىمتىيازلارنى بەرگىنى يوق. مىڭ چاقىرىملاپ يوللارنى بې-
سىپ لەنجۇ دىيارىدىن بۇ يەرگە پۇل تاپىمىز دەپ كەلگەن «خى-
تاي» سودىگەرلىرى قوقەنلىكلەر، قەشقەرلىكلەر ۋە ئافغانلار بىلەن
باپباراۋەرلىك ئاساسىدا رىقابەتلىشىشى لازىم ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇر-
تى ئۇلارنى باج تاپشۇرۇشتىن ئازاد بولۇش ئىمكانىيىتىگە، چەت
ئەللىك سودىگەر ياكى يەرلىك سودىگەرلەردىن باشقىچىرەك بىرەر
ئوڭايلىققا ئېرىشتۇرەلمەيتتى، يەرلىك سودىنىڭ ئاساسلىق قىسمى
ئاۋۋالقىدەكلا كونا سودىگەرلەرنىڭ قولىدا ئىدى. قوقەنلىك، قەش-
قەرلىك سودىگەرلەر سودا - سېتىقتىن ئوخشاشلا پايدا ئالاتتى. ئەمما
جۇڭگوغا تېگىدىغان بىۋاسىتە مەنپەئەت ئۇلارنىڭكىدىن ئازراق ئىدى.

جۇڭگولۇقلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلكىلىرىنى سۇ-
غىرىپ كۆكەرتىشتە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرارلىق چارىلەرگە
ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر ئىدى. جۇڭگونىڭ ئۆز
زېمىنىدىكى دەرياسى ياكى كۆلى يوق جايلاردا بولىدىغان تەرەپ -
تەرەپلەرگە تۇتاشقان ئېرىق - ئۆستەڭلەر بۇ چەت ياقىدىكى قا-
رام زېمىندىمۇ ئوخشاشلا بارلىققا كەلدى. شەرقىي تۈركىستان سۇ-
غىرىش ئىشلىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ ناچار بولغان رايونلارنىڭ
بىرى، يەركەن دەرياسىنى بويلاپ كەتكەن بىر مۇنبەت بەلباغ
تەڭرى تېغىنى بويلاپ شەرقتىكى قۇمۇلغىچە سوزۇلغان، خەرىتى-

گە ئېلىنغان كىچىك-كىچىك دەريا ئېقىنلىرىدا يىلبويى سۇ ئاقمايدىكەن، يەركەن دەرياسىمۇ يىلنىڭ قۇرغاقچىلىق پەسىللىرىدە كىچىك بىر ئېقىنغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. جۇڭگولۇقلار بۇ كەمچىلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ۋە ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۆپرەك تېرىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلاردا ئېرىق-ئۆستەڭ چاپتۇرغان. مۇشۇ تەدبىرلەرنىڭ نەتىجىسىدە، ئېكىنزارلىقلاردا تېرىلغۇ كۆلىمى ئاستا-ئاستا، ئەمما سالماق كېڭىيىپ، قەشقەر، يېڭىسار ۋە يەركەن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئاسىيادىكى مەشھۇر باغ-بوستانلىق جايلارغا ئايلانغان، بۇ يەرلەردىن ئاشلىق، مېۋە-چېۋىلەر مول چىقىدىكەن. سەيياھلار يەركەندىن تاكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قەدەر چەكسىز كەتكەن باغ-بوستانلار ئىچىدە سەيلە قىلىپ ماڭالايدىكەن، ئۇلار ھەممىلا جايدا باياشاتلىق ۋە توقچىلىقنى، تىنچ-ئازادە ھويلا-ئاراملارنى ۋە خۇشچىراي ئاھالىنى ئۇچرىتىپ تۇرىدىكەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگولۇقلارنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز زېمىنىغا تۇتىشىدىغان ئىككى يولدا ترانسپورت لىنىيىسى بولۇپ، بىرى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى چوڭ يول، بىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ يولدۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خوتەن ئارقىلىق تىبەتنىڭ مەركىزى لاساغا بارىدىغان يەنە بىر هارۋا يولىمۇ بار، بۇ يول بىلەن كېشىمىرگىمۇ بارغىلى بولىدۇ، قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر بولغان خوتەن قاشتېشى تىبەتكە ۋە مارالبېشى ئارقىلىق جۇڭگوغا كۆپ مىقداردا توشۇلىدىكەن، قاشتېشى جۇڭگو ئاياللىرى ئۈچۈن ئەتىۋارلىق بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. پەقەت قاشتېشىغا تايىنىپمۇ خوتەننى كارامەت ئاۋاتلاشتۇرغىلى بولىدۇ، ئالتۇن، كۈمۈش، ئىپار سودىسىمۇ بۇ ئاۋات شەھەرنىڭ سودىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، جۇڭگولۇقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا، بۇيەردە يەنە كۆلىمى خېلىلا چوڭ

بولغان گىلەمچىلىك ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىمۇ بارلىققا كەلگەنىـ
كەن: بۇ يەردىكى ئالتۇن كانلىرى، ئىككى جايدىكىسىنى ھېسابـ
قا ئالمىغاندا، جۇڭگولۇقلار كەتكەندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ كارى
بولمىغانلىقتىن تاقىلىپ قاپتۇ، بۇ كانلار يۆلەيدىغان ئادەم چىقسا
ئاندىن نورمال ئىش باشلىيالىشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا.

جۇڭگولۇقلار ئاقسۇ ئەتراپىدىكى كۆمۈر كانىنىمۇ بەك كۆڭۈل
بۆلىدىكەن. بۇ خاڭلارنىڭ بەزلىرى شەخسلەر ئىلكىدە، بەزلىرى
ھۆكۈمەت ئىلكىدە ئىكەن، تاشكۆمۈر مەزكۇر شەھەرنىڭ كۈندىلىك
لازىمەتلىك بۇيۇملىرىدىن بىرى، لېكىن ئۇ سىرتقا توشۇلمايدۇ،
بىزگە مەلۇمكى، جۇڭگولۇقلار يەرلىك بايلىق زاپىسىنى ئېچىشقا
چەتئەللىكلەرنى باشلاپ كەلگەندىن كۆرە ئۆزى ئېچىشقا كۆپرەك
قىزىقىدۇ، شۇڭا كان ئېچىشقا دۆلەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم
بەرگەن ۋە يار-يۆلەك بولغانلىقىنى كۆردۇق، خوتەندىكى ئالتۇن
كېنى، ئاقسۇدىكى كۆمۈر كېنى ۋە كۇچادىكى سىنك كېنى بۇنىڭ
روشەن دەلىلى؛ ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈمرانلاردىن تارتىپ يېقىندىكى
مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارغىچە ھەممىسى بۇ كان مەھسۇلاتلىرىغا ئىزـ
چىل ھالدا ناھايىتى ئەخمەقلەرچە سەل قاراپ كەلگەن. قەشقەرنىڭ
ئۆتكەندىكى گۈللەنگەن مەزگىلىدىكى دۇنياغا مەشھۇر مەخسۇس كەسىپلىرى
ئانچە تاشلىنىپ قالماپتۇ. يەركەن بىلەن ئاقسۇنىڭ كۆن-بۇلغار-
چىلىقى، قەشقەر بىلەن خوتەننىڭ يىپەكچىلىكى ئۇرۇش تۈتەكـ
لىرى قاپلاپ كەتكەن چەنلۈك يىللىرىدىكىدەك گۈللەنمىگەن بولـ
سىمۇ، ئەمما خەلق ئاممىسى، يەنى يېزىلاردىكى دېھقانلار سىنىپى
يەنە داۋاملىق روناق تاپقان ۋە ياخشى باشقۇرۇلغان، سودا-
سېتىق ھەر جەھەتتىن ئىلگىرى باسقان، ئىستېلاچى دۆلەت ھاـ
كىمىيىتى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ بۇرۇن يېتىپ بارمىغان ۋە يېتىپ
بېرىشىمۇ مۇمكىن بولمىغان گۈللىنىش مەنزىلىگە قاراپ سالماق
قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا بىر چەتتە نازارەت قىلىپ تۇرۇش

بىلەنلا قانائەتلەنمەكتە.

ئاخىردا، جۇڭگولۇقلار يەنە بۇ جاينىڭ ھەر قايسى قىسىم-
لىرى ئارىسىدىكى قاتناش يوللىرىنى ياخشىلاشقىمۇ ئەھمىيەت
بەرگەن. ئۇلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇتلەق كاپالەتلەندۈرۈش
ئۈچۈن، ئىلى بىلەن قەشقەرىيە ئوتتۇرىسىدا يولچىلار
يىلبويى ئۈزۈلمەي راۋان قاتناپ تۇرىدىغان بىر چوڭ
يولنىڭ بولۇشى تامامەن زۆرۈر. شۇڭا ئۇلار نۇرغۇن مەبلەغ
ئاجرىتىپ، ئاقسۇنىڭ شىمالىدىكى تىيانشان تېغىدا جەنۇب
بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇزارت ياكى مۇز داۋان دەپ
ئاتىلىدىغان بىر يول ئاچقان. بۇ يول تىك داۋانلار ئارقىلىق
ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەك خەتەرلىك بولۇپلا قالماستىن
ھەممىشەم قار-مۇزلارنىڭ ئاستىدا قالىدىكەن. شۇڭا بۇ يولنىڭ
ئاسراقسىز قېلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە توسۇلۇپ قېلىشىدىن ساق-
لىنىش ئۈچۈن، بۇ يەردە ھەر كۈنى ئۇدۇللۇقچە يول ئاسراپ
تۇرىدىغان ئادەم تۇرغۇزۇشقا توغرا كەلگەن. بۇ يول كۆپ
خىراجەتلەر بىلەن پۈتكەن ۋە يولنى ئاسراپ تۇرۇشقىمۇ كۆپ
خىراجەت سەرپ قىلىنغان، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ ئاجايىپ قۇرۇلۇشى
15 يىلدىن بۇيان ياسالماي قالغانلىقتىن، ھازىر بۇ يول بۇزۇلۇپ
كېرەكتىن چىققان. ئەگەر جۇڭگولۇقلار ئىلىنى قايتۇرۇۋالسا،
ئۇلارنىڭ بۇ يولنى ياسايدىغانلىقىدا گەپ يوق. بۇ يولنىڭ
غەربىدە نارىن دەرياسىنى بويلاپ ئالمۇتا، چېلەك، قىرقىن
قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان تاغ يوللىرى بار بولۇپ، ياقۇپ
بەگ مۇز داۋان يولىنى تاشلىغىنىدا، ئۆزىگە ئاشۇ يولنى تاللى-
ۋالدى.

جۇڭگولۇقلار ئىچكىرىگە قايتىدىغان چوڭ يولنى ئاسراشقىمۇ
ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنىدى. شۇڭا تىيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جە-
نۇبىي ئارقىلىق ئىچكىرىگە بارىدىغان ئىككى چوڭ يولنى ئىمكانىيەت-

uyghurkitap.com

نىڭ يېتىشىچە دائىم راۋانلاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. تيانشاننىڭ شىما-
لىدىكى يول ماناس ۋە ئۈرۈمچى ئارقىلىق قۇمۇلغا تۇتىشىدىكەن.
تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى يول ئاقسۇ، كۇچا ئارقىلىق قۇمۇلغا
تۇتىشىدىكەن؛ كۇچادىن قەشقەر ۋە يەركەنگە بېرىشتا، مارالبېشى-
دىن ئۆتىدىغان يەنە بىر يولمۇ بار ئىكەن. بۇ يولدا ئادەم ئى-
زۇلمەيدىكەن. بولۇپمۇ خوتەن، سانجۇغا بېرىشتا چۆل بويىغا جاي-
لاشقان بۇ بىرىنچى ئۆتەڭدىن بۇرۇلۇپ يولنى قىسقارتماقچى
بولغانلار مۇشۇ يول بىلەن ماڭىدىكەن. ھەرقايسى شەھەرلەردە
ئۆز تەۋەسىدىكى يوللارنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپاراتلار
تەسىس قىلىنغان، بۇنداق يول باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ رولى
ناھايىتى چوڭ ئىكەن. دېمەك، جۇڭگولۇقلار مۇشۇنداق بىر قا-
تار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى 50 نەچچە يىل
ئىچىدە قەشقەرىيە بىلەن جۇڭغارىيىنىڭ بەختىگە ئايلاندۇرغان.
دەرۋەقە، بۇ جامائەت مۇئەسسەسەلىرى مالىيە مەسىلىسىگە تاقىلىدۇ،
ئەگەر مۇقىم باج كىرىمى بولمىغان بولسا، يوللارنى ياسىغىلى بول-
مايتتى، ياسىغان تەقدىردىمۇ يولنىڭ راۋان بولۇشىنى كاپالەتلەن-
دۈرگىلى بولمايتتى؛ ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى چېپىپ تۈزگىلى، بۇ
رايوننى ياخشى باشقۇرغىلى بولمايتتى؛ سودا-سېتىق ئىشلىرىنى
راۋاجلاندۇرغىلى بولمايتتى ۋە شۇ سەۋەبتىن چەت ئەللەرنىڭ
ھۆرمىتىگىمۇ سازاۋەر بولغىلى بولمايتتى. بۇنداق باج يولغا قو-
يۇلغاندىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە جىق كۆپىيىپ كەتكەن.

بۇ يەردە ئاساسلىق ئىككى خىل ئېلىق يولغا قويۇلغان.
بىرى — «ئۆشرە» دېيىلىدىغان دېھقانچىلىق بېجى ۋە «زاكات»
دېيىلىدىغان سودا-سېتىق، چارۋا مالدىن ئېلىنىدىغان باج يول-
غا قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەردە يەنە خۇددى دۆلىتىمىز-
دىكى تاپاۋەت بېجىغا ئوخشاش ئاساسىي باجلارنىڭ بىرى بولغان
ئۆي بېجى ئېلىنىدىكەن. يەنە بىر خىلى ھەربىي خىراجەت بېجى.

بۇنداق باج ئېچكى-تاشقى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياج ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. دۆلەت يەنە كان، كارخانىلاردىن خېلى كۆپ مىقداردا يىللىق باج ئالىدىكەن. بۇنداق باج ئادەتتە مەلۇم جامائەت ئىشلىرىغا سەرپ قىلىنىدىكەن، قىرغىز چارۋىچىلىرىدىن ئولپان ئېلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ چارۋا مېلىنىڭ ئېنىق سانى بولىدىكەن، باج نىسبىتى تۆۋەن ئىكەن. ئۇلار باج تۆلەش بەدىلىگە جۇڭگونىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشەلەيدىكەن. يۇقىرىقى چوڭ-چوڭ بىر نەچچە تۈرلۈك باجدىن باشقا يەنە بازاردا ئوتۇن ساتقاندا ئېلىنىدىغان ئوتۇن بېجى، شەھەرلەردىكى سېغىن كالا باققانلاردىن ئېلىنىدىغان سۈت بېجى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەچچە تۈرلۈك ئۇششاق-چۈششەك باجلار بار ئىكەن. قەشقەرىيە توغرىسىدا كىتاب يازغان بىر ئاپتور: بۇ باج-سېلىقلار «بىر تۈرلۈك تەييار زۇلۇم ۋاسىتىسى، نارازىلىقنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى بولۇپ قالدى. بۇنداق نارازىلىقلار تۈپەيلىدىن ھۆكۈمرانلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئەجەلى يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئۇلارغا ھېچكىم ياردەم قولىنى سۇنمايدۇ، ئۇلارغا ھېچكىم ھېسداشلىق قىلمايدۇ.» دېگەنىدى. لېكىن سەۋەب بىلەن نەتىجىگە بېرىلگەن بۇنداق خىيالىي باھا ھەرگىز پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

دەرۋەقە، بارلىق باج-سېلىقلار باجگىرلار ئارقىلىق تەييار ئېزىش ۋاسىتىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلىدىكى باجگىرلار مۇسۇلمانلار ۋە يەرلىك كىشىلەر ئىدى. ھەرقانداق ياخشى ھۆكۈمەت ئۈچۈن باج-سېلىقلار تامامەن زۆرۈر. بىر جۇڭگولۇقلارنىڭ باج-سېلىقلارنى قانداق ئىشلەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مەمۇرلىرىنىڭ باج-سېلىقنى ئومۇمىيلىقنى كۆزلەش روھى بىلەن شۇ جاينىڭ جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلغانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئۇلار ئېغىرچىلىقنىڭ ھەممىسىنى ئادالەتسىزلىك بىلەن مەھكۇم مىللەتلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ قوي-

غان، دېيەلەمدۇق؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەرىيىنىڭ ئاشۇ مەزگىللەردە ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئادەم يوق. ھەتتا ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلدىمۇ خەلق يەنىلا ئاشۇ ئاۋۋالقى مەزگىلنى ھەسرەت بىلەن ئەسلىگەن. شۇڭا، جۇڭگولۇقلار ئېغىر ئالۋان - سېلىقلار ئارقىلىق قەشقەرىيىنى شۇلۇۋالغان، دېيىش پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس؛ ئەگەر، بىرەر رەزىل زالىملىق بولغان دېيىلسە، بۇ زالىملىقنى «خىتاي» خان ئامباللىرى قىلمىغان، بەلكى مۇسۇلمان خانلار قىلغان.

جۇڭگولۇقلار ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋە يوقىلىشقا يۈزلەنگەن پەيتتە، يەرلىك خەلق ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئەڭ ياخشى دوستلىرىغا ھەققەتەن ۋاپاسىزلىق قىلىشتى ياكى ئۆز شەھەرلىرىدە جۇشقۇن ئەنجانلىقلارنىڭ مۇشۇ بۇددىستلار ھاكىمىيىتى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشىغا ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇرۇشتى. بۇ مۇھاجىرلار مۇشۇ ھۆكۈمرانلىققا ئەزەلدىن ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلگەنىدى.

قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ كالتا پەملىكى ئەشەددىي غازاتچىلاردىن بولغان قارا نىيەت قوقەنلىكلەرنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قويۇپ بەردى. لېكىن 40 يىل جەريانىدا مىسلىي كۆرۈلمىگەن ئۆچمەنلىك پىششىپ يېتىلىپ، ھۆكۈمرانلار بىلەن مەھكۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى، نەتىجىدە، ئۆتكەندە رەھىمدىل، خالىس دەپ ھېسابلانغان ھۆكۈمەت ئەمدىلىكتە يات مىللەتنىڭ ھەربىي ئىستىبدات، جاھالەتلىك ھۆكۈمىتى دەپ ھېسابلىنىدىغان بولدى. جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاندا زەئىپلىشىشكە باشلىدى. لېكىن شۇنداق ئەھۋالدىمۇ، جۇڭگولۇقلار تېخى يىمىرىلمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ئىچكى توپىلاڭ چىقىپ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن دۈشمەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن چاغدىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا، يەنى

ئۇلارنىڭ تەبىئىي چېگرىسىدىن 2000 مىل يىراقلىقتا، ئۇلارنىڭ قولىدىكى خەنجەرلەر بىر - بىرلەپ چۈشۈپ كەتتى. جۇڭگونىڭ قەشقەرىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقى 1820 - يىلغىچە داۋام قىلدى. بۇ مەزگىلدە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىنى قاچانلا قارىسا بىرخىللا گۈللىنىش مەنزىرىسى ئىدى. 1820 - يىلدىن 1860 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئەھۋال سەل ئۆزگەرگەن ۋە خېلى مۇرەككەپلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كىشىنى ئانچە قانائەتلەندۇرەلمەيتتى.

جۇڭگو قوشۇنلىرى 1758 - يىلى ۋە 1760 - يىلى قوقەنگە ئىككى قېتىم بېسىپ كىردى، تاشكەنت 1758 - يىلى قولدىن كەتتى، قوقەن 1760 - يىلى قولدىن كەتتى. جۇڭگولۇقلار قوقەندە بىر مۇنچە ئولپانغا ئېرىشكەندىن كېيىن چېكىنىپ چىقتى. ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن چيەنلۇڭ زامانىسىدا — 1795 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا — قوقەنلىكلەر ئولپاننى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ تۇرغانىدى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ئولپان ۋاقتىدا تاپشۇرۇلمايدىغان، بۇ ئىككى قوشنا ئەل ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە چېگرا توقۇنۇشى يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىر 1812 - يىلى ئىقتىدارلىق بىرخان قوقەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئولپان تاپشۇرمايدىغان بولۇۋالدى. جۇڭگولۇقلارمۇ ئۇلارنىڭ ئولپان تاپشۇرمىغانلىقىغا سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن جۇڭگو بىلەن قوقەننىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش شۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ كەتمىدى؛ چۈنكى ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار قوقەنگە ھەر يىلى بىرمۇنچە پۇل بېرىش ھېسابىغا شۇچاغدا قوقەندە تۇرۇۋاتقان خوجىلارنىڭ جۇڭگوغا قارشى بىرەر سۇيىقەستكە كىرىشىشىدىن ساقلىنىشنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق

دەپ قارىدى. بۇ ياردەم پۇل دۆلىتىمىزنىڭ پۇلى ھېسابىدا 3500 فوند ستېرلىڭغا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار قوقەن خانىنىڭ ئەنجانلىق سودىگەرلەرنىڭ قەشقەردە قىلغان سودىسىدىن باج ئېلىشىغا يول قويدى. بۇ باج بىر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئاقساقاللار تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان سودا بېجى بولۇپ، قوقەننىڭ نامرات خانلىرى بىر تۈرلۈك چوڭ كىرىم - تاپاۋەت ھېسابلىناتتى. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى مۇشۇنداق يول قويۇشلار ۋە ئىنئاملارغىمۇ رازى بولمىدى، ئۇلار جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇلايىملىقىنى ئاجىزلىق ۋە زەئىپلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىدى. مۇسۇلمانلار قايتا باش كۆتۈرۈپ چىققان مەزگىللەردە، قوقەنلىك سودىگەرلەر ناھايىتى مۇھىم سىياسىي ئەرباپلاردىن بولۇپ قالدى. قەشقەرىيىدە ئېھتىمالى بولغان ھەر قانداق بىر خوجىغا تۇترۇق بولۇپ بەرگەنلەر شۇلار ئىدى؛ دۇنيادا تۆگىمەي كېلىۋاتقان ئۇسال ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگولۇقلارغا دۆڭگەپ قويغانلارمۇ شۇلار ئىدى؛ قەدىمكى خوجىلار ئەۋلادىنى قەشقەرىيىگە قايتىپ كېلىشكە قۇتراتقانلارمۇ شۇلار ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىچە پەقەت خوجىلار ئەۋلادىلا ئاھالىگە ئەڭ چوڭ بەخت-سائادەت كەلتۈرەلەيتتى. بۇ سەۋەبلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇتقان ئورنىغا ئىچكى - تاشقى جەھەتلەردىن تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ نوپۇزى ئۇزاققا قالماي تېخىمۇ ئاشكارا تەھدىتكە ئۇچراشقا باشلىدى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ قىرغىنلىرىدا ئامان قالغان بىردىنبىر خوجا ئەۋلادى — سامساق خوجا تېخى بالا چېغىدىلا ۋاخاننىڭ خىلۋەت رايونلىرىغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. كېيىنچە، ئۇ بۇ يەردىن يەنە قوقەنگە قېچىپ بېرىپ تۇرۇپ قالدى ۋە شۇ يەردە ئۆيلەندى. بۇ خوجا ئەۋلادىنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى يۈسۈپ خوجا، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى باۋدۇن خوجا،

كىچىكى مەشھۇر جاھانگىر خوجائىدى. 1816 - يىلى قەشقەرىيىنىڭ غەربىدىكى تاشمىلىق دېگەن يەردە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇنجى قېتىملىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. گەرچە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ تېزلا باستۇرۇۋېتىلگەن ۋە قوزغىلاڭنىڭ ئاتامانلىرى ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شىددەتلىك بوراننىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

1822 - يىلى، جاھانگىر خوجا ئۆزىنىڭ قەشقەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، چوڭ ئاكىسى بۇخاراغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارا قىرغىزلار بىلەن بىرلەشتى. جاھانگىر خوجا بىر تۈركۈم قارا قىرغىزلارنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئاتامانى سۇرەنچى بەگنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇلار شەھەر سىرتىدا توسىلىپ قېلىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن نارىنىڭ يېنىدىكى بولۇر قىرغىزلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى، بۇ ئۇلۇس ئاتاقتا جۇڭگوغا تەۋە ئىدى. جاھانگىر خوجا مۇشۇ قىرغىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن چېگرىنى پاراكەندە قىلىپ تۇردى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ئۈچۈن دەرھال كىچىك بىر قوشۇن چىقىرىپ، قىرغىزلارنى قۇرۇتقا قورغىنىغا قەدەر سۈرۈپ باردى. ئەمما جۇڭگو قوشۇنلىرى غەلىبە بىلەن قايتىدىغان چېغىدا، بىر تار جىلغا ئىچىدە پىستىرمىغا ئۇچراپ پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشقا تاس قالدى. بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى تۇنجى قېتىملىق مەغلۇبىيىتى ئىدى. بۇ خەۋەر دەرھال ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالدى، بۇ ئىش خوجىلارنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. تەۋەككۈلچىلەر تەرەپ - تەرەپتىن جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەر چېگرىسىدا تىكلىگەن بايرىقىنىڭ ئاستىغا توپلىنىشقا باشلىدى، قوقەن خانى ئۇلارغا ئەيسا دادخاھ دېگەن قابىلىيەتلىك بىر قوشېگىنى ياردەمگە ئەۋەتتى، جاھانگىر خوجىنىڭ ئىشنى

خۇددى باشقا خوجىلارنى قوغدىغان ۋە قوللىغاندەك ئىزچىل قوغدىدى ۋە قوللىدى.

1826 - يىلى ئەتىيازدا جاھانگىر خوجا قەشقەرگە يەنە ھۇجۇم قىلدى، جۇڭگولۇقلار دۈشمەننى سەل چاغلاپ يېنىكلىك بىلەن قورغاندىن چىقىپ جەڭ قىلدى. بۇ چوڭ جەڭنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ قانداق بولغانلىقى بىزگە نامەلۇم. لېكىن بۇ جەڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى. جاھانگىر خوجا قەشقەر شەھىرىگە غەلىبە بىلەن كىرىپ كەلگەندە، ئاقساقاللارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن قايمۇقۇپ چىققان خەلق تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى. جاھانگىر خوجا ئۆزىنى سېيىت جاھانگىر سۇلتان دەپ ئاتاپ، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانلىقىنى جاكالىدى. ئۇنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى — قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىپادىسى — مۇھەممەت سېيىتنىڭ نامى بىلەن قەشقەرنىڭ مۇسۇلمان خانىنىڭ بېشىنى ئالغانلىقى بولدى.

قەشقەرنىڭ ئېلىنىشى پۈتۈن ئالتە شەھەردىكى ئاقساقاللارغا ئۇزاقتىن بۇيان تەييارلاپ كەلگەن ئىشلارنى دەرھال باشلىۋېتىشلار دېگەن چاقىرىقنىڭ بىشارىتى ئىدى، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلار دەرھال قوزغالدى. قوراللانمىغان جۇڭگولۇقلار ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچراپ، كوچىلاردىلا ئۆلتۈرۈلدى يات مىللەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بەلگىسى بولغان يېڭىشەھەرلەر تۈزلىۋېتىلدى.

قەشقەر يېڭىشەھىرى ئۇزاققىچە يالغۇز قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇردى، ئەمما ئۇزاق قورشاۋغا بەرداشلىق بېرەلمەستىن ئاخىر جاھانگىر خوجىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. جاھانگىر خوجا تولۇق غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھەممىدىن ئاۋۋال قوقەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا جۇڭگولۇقلاردا نېمىشقىدۇر ھېچبىر شەپە يوق ئىدى، ئۇلار ئانچە ئالدىرى-

مای، تەكىن تۇراتتى. قوقەن خىنى مەمەدەلى جاھانگىر خوجى-
نىڭ غەلىبىسى مېنىڭ يار-يۆلىكىمدە بولغان دەپ، ئەنئەنىۋى
جەھەتتە قانداقتۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە
قەشقەرنى ئۆزىگە بېقىندى قىلماقچى بولدى. لېكىن خوجا-ئاقسۆ-
ڭەكلەر بۇنى قوبۇل قىلمايتتى. قوقەندىن قەشقەرگە ئەۋە-
تىلگەن زور قوشۇن يېڭى شەھەر ئەتراپىدا 1000 ئادەمدىن
ئايرىلغىنىدىن كېيىن قايتۇرۇپ كېتىلدى. قوقەن قوشۇنىنىڭ
قايتۇرۇپ كېتىلىشى يېڭى ھۆكۈمراننىڭ ئوردىسىدا پىتنە يۈز
بېرىدىغانلىقى ۋە بۇ پىتنىگە قارشى كۈرەش قوزغىلىدىغانلىقى-
دىن دېرەك بېرەتتى. جاھانگىر خوجا بۇ پىتنىنى تېزلا ئۇجۇق-
تۇردى ۋە پىتنە چىقارغان قوقەنلىك قوشبېگى ئەيسا دادخاھنى
دەرھال ۋەزىپىسىدىن ھەيدەپ، ئۆزىنىڭ قوقەندە بولغان بېقىن-
دىلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتتى. مۇشۇ چاغدىلا جۇڭگولۇقلار كېلىۋې-
تىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى.

ئالتە شەھەرنىڭ غەربىي قىسمى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىلكىدىن
ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاقسۇ بىلەن مارالبې-
شى يەنىلا جۇڭگوغا سادىق ئىدى، جۇڭگولۇقلار يەنىلا بۇ جاي-
لاردىكى مۇھىم قەلئەلەرنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئىلىمۇ ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى، بۇ، ئۇلارنى مۇھىم ستراتېگىيە-
لىك ئورۇنغا ئىگە قىلاتتى. ئۇلار تۇڭگانلار ئارىسىدىن جازالاش
قىسىملىرىنى تەشكىل قىلىشتا بىر خىل پۈتمەس-تۈگمەس ئىس-
كىرىي مەنبەگە ئىگە ئىدى، بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ
ئۆتۈش كېرەككى، بۇزرۇكخان① ۋە ياقۇپ بەگ زامانىسىدىمۇ
ئۇلار مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك پايدىلىق شەرتنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ
كەلدى، ئۇلار مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك پايدىلىق شەرتنى ئۆز قولىدا

① بۇزرۇكخان — ئاپپاق خوجىنىڭ 7 - ئەۋلاد نەۋرىسى. «يەتتە شەھەر خانلىقى»
دىكى خىنى - مۇھەررىردىن.

تۇتۇپ تۇرالىسىلا مۇسۇلمانلارنىڭ تەلۋىلەرچە دىنىي ئېتىقادى بىلەن قوقەندنىڭ خوجىلار ئەۋلادلىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىشلىرى ھېچنىمىگە دال بولالمايتتى. جاھانگىر خوجا قەشقەردە ئالتە ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلدى، جۇڭگو گېنېراللىرىمۇ ئۇنىڭدىن تەل-تۆكۈس ئۆچ ئېلىش ئۇچۇن ئىلىدا ئالتە ئاي تەييارلىق كۆردى 1827-يىل 1-ئايدا، تۇڭگان، قالماق ۋە «خىتاي» ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن ئىلىدىن يولغا چىقىپ ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. ئىلى جياڭجۇنى بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى چاڭلىڭ دەيدىغان يەنە بىر گېنېرال بۇ يەردە تۆۋەندىكىدەك ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشتى: 12 مىڭ كىشىلىك كىچىك بىر قوشۇن زاۋال دەرياسىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ، چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ، خوتەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلىدۇ، قالغان چوڭ قوشۇن مارالبېشىغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ، مارالبېشىغا كەلگەندىن كېيىن، خىللانغان چېرىكتىن 7 مىڭ ئادەم يەركەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاساسىي قوشۇن قىزىل دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىنى بويلاپ مېڭىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ.

ئۇلار يېڭىئاۋاتقا يېتىپ كەلگەندىلا، جاھانگىر خوجىنىڭ بۇ يەرگە توپلىغان تەخمىنەن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا ئۇچراپ توسۇلۇپ قالىدۇ. ئىككى تەرەپ قوشۇنلار بىر بىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ توختىغاندىن كېيىن، دەرھال سەپ تارتىپ تىزىلىدۇ ۋە قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغان ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭگە تەييارلىنىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان رەسىم-قائىدە بويىچە، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۆز پالۋانلىرىنى سەپ ئالدىغا چىقىرىشىدۇ. جۇڭگولۇقلار كۈچتۈڭگەر قالماق ئۇقچىسىنى جاھانگىر خوجىنىڭ قوقەنلىك بىر كۈچتۈڭگەر سىپاھىغا قارشى چىقىرىدۇ. ھېلىقى

قالماق ئەنئەنىۋى قورال بىلەن قوراللانغانىدى، قوقەنلىك بولسا. كونا ئۇسخىدىكى ئېغىر بىر تال قارامىلتىق (بەردەڭگە) بىلەن قوراللانغانىدى. قوقەنلىك پالۋان مىلتىقنىڭ چاقمىقىنى قايرىپ ئوقلاپ بولغىچە جۇڭگولۇق ئوقچى ئۇنى ئوقيا بىلەن كۆكسىگە چېنەپ ئېتىپ ئۆلتۈردى. دۇنيادا ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى ئۆز پالۋانلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن بەلگىلەيدىغان بىرەرمۇ قوشۇن بولمىسا كېرەك، ئەلۋەتتە، لېكىن بۇ قېتىمقى جەڭ شۇنداق دەھشەتلىك بولدىكى، ئەيىۋۇ-ھەدىناس! بۇ توغرىلىق بىر بېيىتتا مۇنداق دېيىلىدۇ:

كىمىكى ئۆز رەقىبىنى قىلسا نابۇت ئاللا-يار،
غەلىبە مەنسۇپ بولغاي ئاڭا ئاللا-يار.

ھەر ئىككى تەرەپ بىر پەس قىسقا ئەمما كەسكىن ئېلىشقاندىن كېيىن، قەشقەر قوشۇنلىرى تېرىپېرەن بولۇپ چېكىنىدۇ جۇڭگولۇقلار ئىككىنچى كۈنى قەشقەرنى ئۈچ تەرەپتىن قورشىۋالدى. شۇ كۈنى كېچىسى جاھانگىر خوجا قورقۇپ كېتىپ، قارا تاققا قاچتى. لېكىن تاغنى قار قاپلاپ كەتكەچكە ئېغىزلاردىن ئۆتكىلى بولمايتتى. ئۇ بىر نەچچە كۈنگىچە مۆكۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىر جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن تىرىك قولغا چۈشۈرۈلدى. ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ مۇشۇ ئىمپېرىيىگە ئاسىيلىق قىلغان باشقا كىشىلەرنىڭكىدەكلا بولدى. ئۇ بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ، ئاۋۋال پۇت-قولى كېسىپ تاشلاندى، ئاندىن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇچتۇرپاننىڭ بېگى ئىسھاقبەگ خوجىلارغا قارشى چىقىپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە، قەشقەرنىڭ بەگلىكىگە تەيىنلەندى. جۇڭگولۇقلار تۈزلىۋېتىلگەن يېڭى شەھەرنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقتى. بۇ يەردە ياڭ دارېن (ياڭ فاڭ) نىڭ قوماندانلىقىدىكى «خىتاي» گارنىزون قىسمى قالدۇرۇلدى. ئىسھاقبەگ قەشقەرگە بەگ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي مەنسە-

پىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، جۇڭگوغا چاقىرتىپ كېتىلدى.

بۇ ئۈچ شەھەردە جۇڭگولۇقلار ھاكىمىيىتى ھېچبىر توسالغۇسىزلا يېڭىباشتىن قۇرۇلدى. شەرقىي تۈركىستاندا يەنە ئەمىنلىك ئورنىتىلدى. ئەمما جۇڭگولۇقلار قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان باستۇرۇش ۋە جازالاش تەدبىرلىرى يەرلىك خەلق ئىچىدە ئۆتكەنكىدىنمۇ كۈچلۈكرەك ئۆچمەنلىك قوزغىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ تەدبىرلەر باشقىلارنىڭ جۇڭگولۇقلارغا قوللانغان ۋاستىلىرى بولسىمۇ، بۇنداق ئۆزئارا ياۋۇزلۇق قىلىش تۈپەيلىدىن، بۇ جايدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دوستلۇق پاك-پاكىز تۈگىدى. 12 مىڭ تۈتۈن مۇسۇلماننى قەشقەردىن ئىلىغا كۆچۈرۈش جۇڭگولۇقلار قوللانغان ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. كېيىنكى بۇ رايوندا مۇھىم رول ئوينىغان ئاشۇ كىشىلەر شۇ چاغلاردا تارانچىلار دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ مەنىسى يانچىلار① دېگەنلىك بولىدۇ.

جۇڭگولۇقلار يەنە قوقەندىنمۇ جازالاپ قويۇش قارارىغا كەلدى. ئۇلار قوقەن بىلەن بولغان بارلىق سودىنى توختاتتى. ئەگەر ئۇلار ئۆز چېگرىسىنى داۋاملىق قامال قىلىپ تۇرالىغان بولسا، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەن بولاتتى. لېكىن بۇ چاغ قوقەندە مەدەلىخان تەختكە ئولتۇرغانىدى، بۇ كىشى شۇ چاغلاردا قوقەندە ئەڭ قارانىيەت، ئەڭ ئىقتىدارلىق بىر خان دەپ تونۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ قارا تېگىنىنى يۇتۇۋېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي بەدەخشاننىڭ بەزى چەت جايلىرىنىمۇ ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزۈۋالدى. بۇ چاغلاردا قۇندۇزدىكى مۇرادبەگ بەدەخشاننى پۈتۈنلەي يۇتۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا مەدەلىخاننى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېغۋاگەرلىكىگە چىداپ تۇرالايدۇ، دېيىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس

① «غەربىي چېگرىنى ئومۇمىي باشتۇرۇش چارىلىرىدىن قىسقىچە بايان» دېگەن كىتابتا ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن بۇ 12 مىڭ تۈتۈن «يانچى» دەپ ئاتالغان. ئەمما جەمئىيەتتە يەنە «تېرىقچى» دەپمۇ ئىزاھلىنىدۇ. — مۇھەررىردىن.

ئىدى، لېكىن ئۇ ئېھتىيات قىلىپ، ئۆز ھۇجۇمىنى جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق كۈچى چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن باشلىدى. مەمەدەلىخان جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىلىغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان سامساق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپ خوجىنى بۇخارادىكى جايىدىن چاقىرتىپ كەلدى-دە، ئۇنى ئۆزىنىڭ پاچچىسى ھەققۇلى بەگنىڭ قوماندانلىقىدىكى بىر قوشۇن بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتتى. جۇڭگو قوشۇنلىرى مىڭ يولدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇنىڭ غەربىيدىكى شەھەرلەر بۇرۇنقىدەكلا جۇڭگولۇقلارغا يەنە قارشى چىقتى ۋە يۈسۈپ خوجىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىق باشلىنىپ كەتتى، يۈسۈپ خوجىنىڭ تاجاۋۇزى تامامەن جاھانگىر خوجىنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ تەكرارلىنىشى ئىدى. لېكىن يۈسۈپ خوجىنىڭ غالىبىيىتى تېخىمۇ ئۆمرى قىسقا غالىبىيەت بولدى. جاھانگىر خوجا قەشقەرگە توققۇز ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا، يۈسۈپ خوجا سەۋلىنى① ھاكىمىيەت كۈرسىدا ئاران ئۈچ ئايلا تۇتۇپ ئولتۇرالىدى، خالاس.

جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى باركۆل بىلەن شەنشىدىكى ئۈششاق-چۈششەك مۇسۇلمان يېغىلىقلىرى تۈپەيلىدىن تاكى 1831-يىلى ئەتىيازغىچە كېچىكتۈرۈلۈپ ئاندىن باشلاندى. بۇ چاغدا ئۇلار قەشقەرىيىگە قايتىپ كېلىپ، يۈسۈپ خوجا ۋە قوقەن قوشۇنلىرىنىڭ بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى قوقەنگە قايتىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئەسلىدە قوقەنلىكلەر قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن مەزگىلدە بۇخارالىقلار قوقەنگە

---

① سەۋلە ياكى سەۋلىجان — قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ قولىدىكى ھۆكۈمرانلىق سەۋولى بولغان تاياقچە، ئۇنىڭ سىرتى ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن قاپلىنىپ، ياقۇت، مەرۋايىت قاتارلىق ئېسىل جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەن بولىدۇ — مۇھەررىردىن.



www.uyghurkitap.com

ھۇجۇم قىلغانىدى. ھەققۇلى بەگ خوجىلارنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىمۇ جىددىيرەك بولغان بۇ ۋەقەگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قوقەنلىكە جىددىي چاقىرتىلدى. يۈسۈپ خوجىمۇ جۇڭغۇلۇقلار بىلەن يەكمۇ-يەك ئېلىشىشتىن ۋاز كېچىپ، ھەققۇلى بەگ بىلەن بىللە قايتىپ كەتتى. قايتىپ بارغان قوقەن قوشۇنلىرى بۇخارا تەرەپتىن كېلىۋاتقان ھەرقانداق خەۋپنى تار-مار قىلالايتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، مەمەدەلىخان يەنە شەرق تەرەپتە ھەربىي ھەرىكەت قوزغاپ، جۇڭغۇلۇقلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى قىرغىزلارغا ھۇجۇم قىلدى. جۇڭغۇلۇقلار چوڭ ۋەزىيەتكە تەسىر قىلالمايدىغان بۇنداق ھەربىي ھەرىكەتلەردىن تولىمۇ بىزار ئىدى. شۇڭا قوقەن بىلەن سۈلھ قىلىشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، قوقەن ئۆتكەندىكى ئىمتىيازلىرىدىن باشقا يەنە سودا جەھەتتە بەزى يېڭى ئىمتىيازلارغىمۇ ئېرىشتى، ئاقساقاللارنىڭ ئورنى تۆۋەنلىمەستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىملاشتى. مەمەدەلىخان مۇرادىغا يەتتى ۋە شەرتنامىدە ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتكە ئاساسەن، خوجىلارنى قوللاشنى توختىتىپ، ئۇلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. جاھانگىر خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجىنىڭ باشچىلىقىدىكى ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ، شۈبھىسىزكى، جۇڭغۇلۇقلارنىڭ شان-شەۋكىتىگە بېرىلگەن چوڭ بىر زەربە ئىدى. ھەر جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭغۇلۇقلار مۇشۇ قوزغىلاڭلاردا بىر ياكى ئىككى قېتىم ئاشكارا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئۇلار بۇرۇندىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھازىرقى روسىيەدىكىلا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى 60 يىللىق ئەمىنلىك ئىچىدە بارلىققا كەلگەن ئىناقلىقنىڭ تەۋرىنىپ قالغانلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنچىلىك ئابروي ھېچنىمىگە ئەرزىمەيتتى،

www.uyghurkitap.com

بۇددىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، جۇڭگولۇقلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن بارلىق كونا نىزالار يەركەن بىلەن قەشقەردە يۈز بەرگەن چوڭ قىرغىنچىلىقلار ئىچىدە يېڭىباشتىن باش كۆتۈردى. قەشقەرىيىلىكلەر جۇڭگودىن كۆرگەن ئىلگىرىكى مەنپەئەتلىرىدىن مىننەتدار بولمىدى. جۇڭگولۇقلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ياكى قەشقەرىيەلىكلەرنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، ئۆزلىرىمۇ ئۇلارغا شۇنداق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار ياۋروپالىقلارنىڭ مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ هامان ئىللىق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنى ياقتۇرماي، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى چارىسى بويىچە ئۈچ ئېلىشقا كىرىشكەنىدى. هۆرمەتلىك كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، جاهانگىر خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجىنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلاشتۇرۇپ كەينى - كەينىدىن باشلىغان ئىككى قېتىملىق تاجاۋۇزى جۇڭگولۇقلارنىڭ قەشقەرىيىدىكى هۆكۈمرانلىق تارىخىدا بۇرۇلۇش ياسىدى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ جايدا يولغا قويغان رەھىمدىل سىياسىتىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن دېيىشكە بولاتتى، ئەمدى بۇ ۋەقەدىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق ئىبارە قوللىنىلسا، ئۇ بىمەنىلىك بولىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشكە تەنتەك، ۋاپاغاجاپا قىلىدىغان قەشقەرىيىلىكلەر ئۆزى جاۋابكار بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن قالسا، يەنە مەككار ئەنجانلىقلارمۇ جاۋابكار بولۇشى كېرەك. جۇڭگولۇقلار هېچ بولمىغاندا: بۇ مىللەتكە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئادىل هۆكۈمرانلىق قىلغىنىمىزدىن كېيىن، قورالسىز قېرىنداشلىرىمىز ۋە قوشۇنلىرىمىز تۇيۇقسىز قىلىنغان هۇجۇملارغا ئۇچرىغان ۋە مىڭلاپ قىرىلغاندا، بىز پەقەتكىنە بۇ يەرنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى كۆچەيتىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويدۇق خالاس، دېيىشكە ھەقلىق.

ئۇشىنىڭ قىزىق ھەم بىر-بىرىگە زىت بولغان يېرى شۇكى، بۇ ئارىلىقتا قىسقا بىر ئىستىراھەت مەزگىلى بولدى، مۇشۇ مەزگىلدە بۇرۇنقى گۈللىنىش-ئاۋاتلىشىش ۋەزىيىتى قايتىپ كەلگەندەك بولدى؛ بۇ تۆھپە جۇڭگولۇق ۋالىينىڭ قول ئاستىدىكى زوھۇردىن ھاكىم دېگەن مۇسۇلمان ياردەمچىسىگە مەنسۇپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى «خىتاي» دىن باشقا تائىپىلەرگە ئەزەلدىن نېسىپ بولمىغان «قەشقەر مەسلىھەت ئامبىلى» لىق دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. ئۇ بىر قەشقەرلىق كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى قوقەنلىك دەيتتى. ئۇ قوقەندە بىر سىياسىي گۇناھ بىلەن قاماقتا ياتقانىكەن. زوھۇردىن ھاكىم قەشقەرنى يەتتە-سەككىز يىل ئىچىدىلا يەرلىك خەلقمۇ، جۇڭگولۇقلارمۇ مەمنۇن بولغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈزگەنىدى. ئۇ قىلغان جامائەت ئىشلىرىنىڭ ئىچىدە، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ سىرتىدا يېقىنقى توپىلاڭدا تۈزلىۋېتىلگەن قەلئەلەرنىڭ ئورنىدا يېڭى قەلئەلەرنى ياساپ چىققانلىقىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. بۇ قەلئەلەر ھازىر «خىتاي شەھىرى» دېيىلمەستىن «يېڭىشەھەر» دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن 1864-يىلى زوھۇردىن ھاكىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قوقەن بىلەن خوجىلارنىڭ دۈشمەنلىشىش ئارقىسىدا پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىدى.

1845-يىلى، قوقەندە مەمەدەلىخان ئۆلگەندىن كېيىن، خۇدايارخان تەختكە چىقتى①. ئەمما ئۇنىڭ تەختىگە خىرىس قىلىۋاتقانلارنى يوق دېگىلى بولمايتتى. شۇ چاغلاردىكى ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن يېغىلىقلار داۋامىدا، قوقەنلىك بەزى تەۋەككۈلچىلەر جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ۋەكىللىكىدىكى

① مەمەدەلى 1842-يىلى ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا شېرئەلى (1842—1845) تەختتە ئولتۇردى. خۇدايارخان شېرئەلىدىن كېيىن تەختكە چىققان. — خەنزۇچە تەرجىمانىدىن.

www.uyghurkitap.com

مازىرقى خوجىلارنى جۇڭگولۇقلارغا ھېلىقىدەك يېڭى-يېڭىدىن ھۇجۇم قىلىپ تۇرۇشقا كۈشكۈرتەتتى. خوجىلار بولسا ئۇلارنىڭ گېپىگە بەك قۇلاق سالاتتى ۋە يېڭى-يېڭى ئىشلارغا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ قوياتتى. ئۇ چاغلاردا قوقەندلىك تەۋەككۈلچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى مەمەدەلىخاننىڭ قولىدا ئۇزاق مۇددەت ئىشلىگەنلەردىن ئىدى. لېكىن بىرقەدەر تىنچلىقنى خالايدىغان ھۆكۈمران خۇدايارخاننىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، ئۇلار قىلىدىغان ئىش تاپالماي بەزى شەھەرلەردە لاغايلاپ يۈرگەنىدى. شۇڭا قەشقەرلىق خوجىلار بۇ كىشىلەر ئارىسىدىن ۋە ئۆزلىرىگە ئەسقېتىپ كەلگەن قىرغىزلار ئارىسىدىن سان جەھەتتە خېلى كۆپ، لېكىن ئىچكى جەھەتتە ئانچە ياخشى ماسلىشىپ كەتمىگەن بىر قوشۇن توپلاشقا ئانچە قىينالمىدى. شۇچاغدا قوقەندە داڭلىق خوجىلاردىن يەتتىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كاتتا تۆرە دەپ ئاتالغانلاردىن ئىشان خوجا، بۇزرۇكخان خوجا ۋە ۋەلىخان خوجىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. شۇ قېتىم يۈزبەرگەن تاجاۋۇزچىلىق ۋەقەسى تارىخىي كىتابلاردا مۇشۇ خوجىلارنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىرسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالماي، بەلكى يەتتە خوجا يېغىلىقى دەپ ئاتالدى.

كاتتا تۆرىگە ئۇنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە سەرۋازلىرى قوشۇلۇپ، خېلى نۇرغۇن كىشى قەشقەرىيىگە قاراپ ھەربىي يۈرۈش قىلدى. قەشقەر ھەمىشە بۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇم قىلىدىغان بىرىنچى نىشانىسى ئىدى. قەشقەر 13 كۈن مۇھاسىرە قىلىندى، كېيىن ئىچكى جەھەتتە پىتنە چىققاندىلىقتىن ئاخىر قولدىن كەتتى. خوجىلارنىڭ غەلىبىسى پەقەت مۇشۇنىڭ بىلەنلا چەكلەندى، باشقا شەھەرلەر ئۇلارغا قارىمايتتى. ئۇلار بۇ يەردە راسا پۇخانىدىن چىققۇچە ئىككى ئايدەك ئويناپ يۈرۈۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن كۆكئاۋاتتا

مەغلۇپ قىلىندى ھەمدە چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. قەشقەر-
لىقلەرنىڭ نەزىرىدە خوجىلارنىڭ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزى دەسلەپتە
تولىمۇ كۆڭۈلكىلىك بىر ئىشتەك تۇيۇلغانىدى؛ خوجىلار قىسقىغىنا
ۋاقىت ئىچىدە سادىر قىلغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن ئاھالىنىڭ
ناھايىتى كۈچلۈك نەپرىتىنى قوزغىدى. زوھۇردىن ھاكىم
جۇڭگولۇقلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغانلىقتىن، مەنسىپىدىن
ئېلىپ تاشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى مەسلىھەتچى ئامباللارنىڭ
ھەممىسى «خىتاي» لاردىن تەيىنلەندى. خوجىلار توققۇز
يىلغىچە جىم يېتىۋالدى. لېكىن 1855 - يىلى ۋەلىخان تۆرە
بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى كىچىكخان خوجا قەشقەرىيە چېگرىسىدا
پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. ۋەلىخان تۆرە جۇڭگولۇقلارنىڭ
تاغ ئېغىزلىرىدا قۇرغان ئالدىنقى سەپ پوزىتسىيىسىنى پەقەت
1857 - يىلىغا كەلگەندىلا ئاران بۆسۈپ ئۆتەلىدى. بۇ ئىش
ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ غەلىبىسى تېزلا ئەمەلگە ئاشتى.
ئۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قەشقەرنى بېسىۋالدى، نەتىجىدە
قەشقەرىيىنىڭ خانلىق تەختى يەنىلا خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ
قالدى. ئاتۇش بىلەن يېڭىسارمۇ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.
ئاندىن ئۇ يەركەنگە تەھلىكە سېلىشقا باشلىدى. لېكىن ھەممە
جايدىكى جۇڭگو قوشۇنلىرى ئۆز قورغانلىرىنى تاكى دۈشمەن
ھالسىزلانغىچە ۋە ياردەمگە ئەسكەر كەلگۈچە قوزغالماي مەھكەم
ساقلىدى. ۋەلىخان تۆرە بۇ يەرلەرگە تۆت ئايدەك ھۆكۈمرانلىق
قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنى ئاخىر جۇڭگو قوشۇنلىرى
تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. بۇ خوجا قارا تېگىنىنىڭ جەنۇبىدىكى
دارۋاز دېگەن يەرگىچە قېچىپ بارغاندا، بۇ يەرنىڭ ئاقساقىلى
ئىسمايىل شاھ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قوقەنگە تاپشۇرۇپ بەردى.
خوجىلار ئىچىدە ياۋۇزلۇقتا ئەڭ ئۇچىغا چىققان بۇ زالىم،
ئادەمخور، شەھۋەتپەرەس ھۆكۈمران نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن

ئاخىر ياقۇپ بەگنىڭ قولىدا بېشىنى يېدى. يەرلىك خەلق ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاشۇ قىسقىغىنا مەزگىلنى ئەسلىگىنىدە ھازىرمۇ قورقۇپ تىترىشىدىكەن. يەرلىك خەلقنىڭ ئېيتىشىچە، ۋەلىخان تۆرە قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلغان ھۆكۈمرانلار ئىچىدە ئەڭ ياۋۇز، ئەڭ زالىم بىر ھۆكۈمە-رانىكەن. شۇ قېتىملىق ئىسياندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار قوللان-غان جازالاش تەدبىرلىرى ئالدىنقى ھەرقانداق بىر قېتىمدىكىدىن-مۇ قاتتىق بولدى. خۇدايارخان ۋە ئۇنىڭ قوقەنلىكلىرى ۋەلىخان تۆرە يېغىلىقىدا ئەنە شۇنداق رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇددى دوكتۇر بېللېۋ ئېيتقانىدەك، جۇڭگولۇقلارنىڭ «زادىلا چىقىشالمايدىغان» بۇ كىشىلەر بىلەن بولغان كونا مۇناسىۋىتى يەنىلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ قېتىمقى ۋەقەدىن كېيىن، قىرغىز كۆچمەن ئۇلۇسلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن يەنە پەقەت بىرلا قېتىم كىچىك ماجىرا يۈز بەردى. شۇ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلەرنىڭ باشلىقىمۇ بۇرۇن جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈ-رۈلگەن بىر كىشىنىڭ پۇشتى ئىدى. ئەمما بۇ قېتىمقى ۋەقە سىياسىي جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس.

ۋەلىخان تۆرىنىڭ تاجاۋۇزى تۈگىگەن يېغىلىقىدىن بۇرۇنقى خوجىلار يېغىلىقىنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. جاھانگىر خوجىنىڭ ھۇجۇمىدىن تارتىپ تاكى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ يېغىلىقلىرىغىچە بولغان 32 يىل ئىچىدە جەمئىي تۆت قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ۋەقەسى يۈز بەردى. بىرىنچى قېتىمقىسى جاھانگىر خوجىنىڭ تاجاۋۇزى، ئۇنىڭ ئاكىسى يۈسۈپ خوجىنىڭ بولسا ئىككىنچى قېتىمقىسى، يۈسۈپ خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى كاتتا تۆرىنىڭ تاجا-ۋۇزى بولسا ئۈچىنچى قېتىمقىسى، جاھانگىر خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى ۋەلىخان تۆرىنىڭ بولسا تۆتىنچى قېتىمقىسى ئىدى. ھەر قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىقتا ئۇلار بىر تالاي جىنايەتلەرنى سادىر

www.uyghurkitap.com

قىلغاندىن باشقا، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلمىدى. ھەر قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ۋە ئۇلار ئۆزلىرى دەۋالغان ئىلاھىي ھوقۇققا ۋەكىللىك قىلىدىغان خەلققە ھەددى ھېسابسىز بالايىئاپەت ۋە ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇنداق تاجاۋۇزچىلىقلار بىر-بىرىدىن رەزىل ئىدى. پەقەت جاھانگىر خوجىلا ئۇلار ئىچىدە ھەر جەھەتتە ئەڭ ياخشىسى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ يۇرتنى ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ ئادىل سورىغانىدى. ئۇنىڭ ئاكىسى يۈسۈپ خوجا قورقۇنچاق بىر ئادەم ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆز زېمىنىدىكى ۋەزىيەتنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئاز-تولا چۈشىنەتتى. كاتتا تۆرىدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى پەسىيىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەيش-ئىشرىتى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، زالىم ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇقرالارنى زار قاقشىتىۋاتقانلىقى بىلەن زادىلا كارى بولمىدى. «تاغلىق» خوجا ۋەلىخان تۆرىنى ئۆزىنىڭ جىنايىتى ۋە زالىملىقى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىنى بېسىپ چۈشتى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئۈمىد ياكى مەقسىتى يوق، شان-شەۋكىتى زادىلا يوق ئىدى، خۇددى كاتتا تۆرە ئۆز ئاتىسىغا يېتەلمىگىنىدەك، ئۇمۇ ئۆز ئاتىسىغا يېتەلمەيتتى. شۇڭا، بىز كېسىپ ئېيتالايمىزكى، ئەگەر بۈزرۈكخان ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن چەتكە چىقىرىپ قويۇلمىغان بولسا، ئۇنىڭ جىنايىتى ۋەلىخان تۆرىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن بولاتتى. شۇڭا كەچۈرگۈسىز جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان بۇ ياۋۇز، زالىم خوجىلارغا كىتابخانلار ئانچە قىزىقمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. لېكىن جۇڭگولۇقلار بىلەن ياقۇپ بەگكە ئادىل باھا بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ رەقىبلىرىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ

هۆرمەتلىك ھەزرىتى ئاپئاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇلۇغ قىسمەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ خاسىيەتلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، ئۆز قەۋمىدىن چىققان ھۆكۈمرانلارغا بولغان تەبىئىي ئىخلاس، ياتلاردىن بولغان ھۆكۈمرانلار — مەيلى ئۇلار قانچىلىك ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسۇن — ئۇلارغا يۈرەكتە ساقلىنىپ كەلگەن مۇقەررەر ئۆچمەنلىكنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تۆت خوجىنىڭ ئالدىنقى ئىككىلىسىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە مەغلۇبىيىتى، كېيىنكى ئىككىسىنىڭ ياۋۇزلۇق ۋە تاش يۈرەكلىكى ھەم شۆھـۋەتپەرەسلىكى ئارقىسىدا پاك - پاكىز تۈگەپ كەتكەنىدى. بۈزرۈكخان بۇيەرگە كەلگىنىدىن كېيىن، خوجىلارغا بولغان ساداقەتمەنلىك پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە جەمەتنىڭلا ئەنئەنىسى بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى.

جۇڭگولۇقلار جاھانگىر خوجا بىلەن ئۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ ئاچچىقىنى سەل بېسىۋېلىپ، قوقەنلىكلەردىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاۋۋالقى ئىشلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، دەپ جاكالىغان بولسا، ئاندىن ئۆتكەندىكىدەك ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى تىنچلىق ئىشلىرىغا قاراتقان بولسا، شۈبھىسىزكى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەڭگۈ داۋاملاشقان بولاتتى. چۈنكى ئۇچاغلاردا جۇڭگولۇقلار يەنىلا خېلى قۇدرەتلىك ئىدى. ئۇلار قوقەن بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ، بۇ ئەلنى چەتكە قېقىپ چىقىرىۋەتكەن ۋە قوقەنلىك ئاقساقاللارنى قوغلىۋەتكەن بولسا، ئېھتىمال، 40 يىلدىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ خەۋپتىن قۇتۇلغان بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇلار توڭگان يېغىلىقىدا مۇشۇ خەۋپ تۆپەيلىدىن ئاخىر گۇمران بولدى. يۈسۈپ خوجىنىڭ بېسىپ كىرىشىگە ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ زۇلمى سەۋەب بولغانىدى. ئەگەر ئۇلار مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن كەڭچىلىك تەتـبىرلىرىنى قوللانغان بولسا، ئېھتىمال، ئىش يامانلىشىپ شۇ دەـ

رىجىگە يەتمىگەن ۋە زوھۇرىدىن ھاكىم ھوقۇق تۇتقان مەنگىلىدىكىدەك، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەپ ئالالىغان بولاتتى. جۇڭگولۇقلار كەڭچىلىك قىلىشنىڭ پايدىسىنى بىلمىدى. ئۇلار كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشلاردا ئادىل، خالىس بولغىنى بىلەن، ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان كىشىلەرگە قىلىچىلىكمۇ ئىنسانپەرۋەرلىك قىلمىدى. ئۆزلىرىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئادەملەرنى قەتئىي ئۆلتۈرمىگۈچە ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئارام تاپمىدى. تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، ھەربىر مىللەتنىڭ تەقدىرى بىر-بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، جۇڭگولۇقلار ئىسيانكارلارغا ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئەڭ پەسكەش چارىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تولۇقلىدى. شەرەپلىك شەرتلەر بويىچە تەسلىم بولغان مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن قىرىپ تاشلىدى. قورال تاشلاپ تەسلىم بولغان ۋاڭگۇڭلارنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ دارغا ئاستى ياكى قول-پۇتلىرىنى سۇندۇرۇپ، قىيما-چىيما قىلىپ ئۆلتۈردى. بۇنداق ئىشلار جۇڭگو تارىخىدا ئادەتتىكىچە بىر ئىش بولۇپ قالغانىدى. جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى باشقۇرۇش تارىخىدىمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنداق بولدى. بىز مۇشۇ ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ناھايىتى چىرايلىلىق سىزىلغان بۇ سۈرەتتىكى داغلارنى يېپىۋېتىشنى بەك خالىساقمۇ، بۇ داغلار ئۈستىدە ئازراقمۇ توختالماي ئۆتۈپ كېتىشكە ھەققىمىز يوق. بۇ داغلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ بەرگەندىلا، ئاندىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىنى ئەتراپلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ؛ ئەگەر خەلق قانائەتمەن ۋە ئىستائەتچان بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ ھۆكۈمرانلىقتىن مەنپەئەت كۆرىدىغانلىقى شەك-شۈبھىسىز ئىدى. جۇڭگولۇقلار ئۆز نىسبىتىدە قانائەت قىلىدىغان ئىستائەتچان بىر مىللەتكە 50 يىل، ھەتتا 500 يىلغىچە ئادىللىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش-

نى خالايتتى، ھەتتا ئۇلارنى ئاسايىش، ئەمىنلىك يولىغا باشلاپ باراتتى؛ ئەگەر ئۇلار ئىسيان كۆتۈرىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئاشكارا قارشى چىقىدىغان، چەت ئەللىكلەرنى باشلاپ كېرىدىغان بولسا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى 50 يىللىق، ھەتتا 500 يىللىق ئىناق مۇناسىۋەتكە قارىماي، ئۇلارنى خۇددى قەشقەرلىقلەرنى جازالىغاندەك قاتتىق، دەھشەتلىك جازالايتتى، شۇنىڭدەك، مەلۇم بىر يۇكسەك مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش خاتا، ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلاتتى. شۇڭا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا جۇڭگولۇقلاردىن «كۆزۈڭنى ئويغانىنىڭ كۆزىنى ئوي» دەيدىغان قەدىمكى ئادىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دەپ ئۈمىد كۈتۈشنىڭ ھېچبىر ئاساسى يوق.

## VI باب. ياقۇپ بەگنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قوقەندە ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىللىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى

بىز ھازىر قەشقەرىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەرنىڭ تارىخى ئۈستىدە خوجىلارنىڭ بۇزرۇكخان بىلەن مۇھەممەت ياقۇپ بەگ قوشبېگىنىڭ باشچىلىقىدا يېقىندا قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرگىنىگە قەدەر توختىلدۇق. ئەمدى كىتابخانىلارغا شۇ قېتىمقى تەۋەككۇلچىلىكنى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، كەلگۈسىدىكى بۇ ئاتىلىق غازىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز. ئالدىنقى بابلارنىڭ كىتابخانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشىغا ۋە بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەتقىق قىلىۋاتقان ئالىملارنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ يېقىنقى زامان ئاسىيا تارىخىدا كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى ھەقلىق يوسۇندا ئېتىراپ قىلدۇرغۇدەك قانداق ئالاھىدە بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇھەممەت ياقۇپ بەگ تەخمىنەن 1820 - يىلى قوقەندىكى ئاۋات كىچىك بازار — پىسكەنتتە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى پىر مۇھەممەت مىرزا ئۆز ئۆيىدىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىدە مۇشۇ شەھەردە مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. ئەسلى سەمەرقەندنىڭ يېنىدىكى دېھقانلىق بولغان بۇ كىشى مەمەدەلىخان زامانىسىدا ئىسلام ئۆلىمالىرى تەبىقىسىگە كىرىش ئۈمىدىدە، خوجەنتكە كۆچۈپ كەلگەنىكەن. ئۇ بۇ يەردە گەرچە مەلۇم بىر مەدرىستە ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم سەۋەب بىلەن ئۆز قارارىنى ئۆزگەرتكەن

www.uyghurkitap.com

بولسا كېرەك، شۇڭا دىنىي ۋەزىپە ئۆتىمەي، مۈلكى ئىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇزۇن ئوتمەي بۇ زات قوقەنىنىڭ بىر رايونى بىلەن قۇراما شەھىرىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلىنىدۇ ۋە شۇ جايدىن بىر ئايالنى نىكاھلاپ ئۆز ئەمرىگە ئالىدۇ. ئۇ بۇ خوتۇندىن مۇھەممەت ئارىپ ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. مۇھەممەت ئارىپ قەشقەرىيىدە بىرمۇنچە مۇھىم مەنسەپلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، مەسىلەن، سىرىققۇلدا ئامبال بولغان. ئەمما ياقۇپ بەگنىڭ بۇ ئاتا بىر، ئانا باشقا ئاكىسى قابىلىيەتسىز بولغانلىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئەيتاۋۇز، يېقىندىن بۇيان ئانچە راۋاج تاپالمىغان بولسا كېرەك. 1818-يىلى، پىر مۇھەممەت ياكى كىشىلەر تەرىپىدىن مۇھەممەت لاتىپ دەپ ئاتالغان بۇ زات قۇرامادىن پىسكەنتكە كۆچۈپ كەلگەن. بۇ جايغا ماكانلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە ئۆيلەنگەن. ئۇنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى پىسكەنتنىڭ قازىسى شېيخ نىزامىدىننىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ياقۇپ بەگ دەل مۇشۇ خوتۇندىن تۇغۇلغانىدى. ياقۇپ بەگنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بەدەخشان چېگرىسىدىكى قاراتېگىن دېگەن يەردىن بولۇپ، ئۆزبېكلەر ئاشۇ جاينى ئىستېلا قىلغاندا، مۇھەممەت لاتىپنىڭ دادىسى (ئۇ چاغدا تېخى كىچىك بالىكەن) قوقەنگە قېچىپ كەلگەنىكەن. مۇھەممەت لاتىپ زادى ئۇلار دەھبىتكە كېلىشتىن بۇرۇن تۇغۇلغانمۇ ياكى دەھبىتكە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن تۇغۇلغانمۇ، بۇ ھەقتە ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ؛ لېكىن ھازىر بىلىشىمىزچە، ئۇ ئۆزىنى تۆمۈرلەڭنىڭ ئەۋلادى دەپ يۈرگەن. لېكىن بۇ گەپ ئۇنىڭ ئوغلى تازا روناق تېپىۋاتقان مەزگىلدە ئوتتۇرىغا چىققانمۇ-قانداق، ئىشقىلىپ، بۇ گەپنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش قىيىن. ئەمما ياقۇپ بەگنىڭ ئاتا-ئانىسى ئەسلى-زاتى بىلەن ماختىنالمايدىغان ئادەملەرمۇ ئەمەس. ياقۇپ بەگ ئەجدادلىرىنىڭ نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان تارتىپ كەلگەن كول-

پەتلىك تەقدىرى، ئېھتىمال، ياقۇپ بەگنىڭ ئىقتىدارى ئۇلارنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئامەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىلگىرىلا ئاخىرلىششقا باشلىغان بولسا كېرەك. ياقۇپ بەگنىڭ ئاتىسى، بوۋىسى مۇھىم بىر شەھەردە قازى بولغاندىن باشقا، يەنە ياقۇپ بەگنىڭ بىر ھەمشىرىسى تاشكەنتنىڭ ۋالىيسى نار مۇھەممەت خانغا ياتلىق قىلىنغانىكەن. تۆۋەندە بىز بۇ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنىڭ ياش ياقۇپ بەگنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۆسۈشىگە كۆپ ياردەم بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

پىسكەنت ياكى بەشكەنت دېگەن بۇ جاي ھېلىمۇ تاشكەنتتىن 50 مىل جەنۇبتا، خوجەنتكە ئۆتىدىغان يول ئۈستىدىكى بىر ئاۋات كىچىك بازار. بۇ يەرنىڭ خەلقى تىرىشچان، مۇلايىم كېلىدىكەن. ئۇلار ئۆز قەۋمىدىن ئىسلامىيەتكە يار-يۆلەك بولغان، روسىيىلىكلەرنى قورقۇتقان بۈيۈك ئاتلىق غازىدەك مەشھۇر زاتنىڭ چىققانلىقى بىلەن تولىمۇ پەخىرلىنىدىكەن. بۇ كىچىككىنە يۇرتتا نۇرغۇن تاجىكلار ياشايدۇ، مۇشۇ سەۋەب ۋە باشقا سەۋەبلەر ئەسلى تاجىك بولغان مۇھەممەت لاتىپنىڭ شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان. پىسكەنتنىڭ شەرقىدىكى ئەگرى-توقاي تاغ تىزمىلىرى تيانشان بىلەن قىزىلئارت تاغ تىزمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئېگىزلىكتە نۇرغۇن تاجىكلار ياشايدۇ. تاجىكلار ئەسلىدە پارسلاردىن كېلىپ چىققانلىقتىن، ئارىيان نەسلىگە كىرىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمران بولغان تۈركلەر ياكى تاتارلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. لېكىن ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان، ئۇلار دۆلەت تەشكىلاتىغا قاتنىشىش جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئادالەتسىزلىك بىلەن پەس ئىرق دەپ كەمسىتىلىپ كەلدى. شۇڭا ئەنگلىيىلىك ئاپتورلارمۇ مۇشۇ خاتالىقنى سادىر قىلدى ۋە تۈركلەرنىڭ بۇ قارام ئىرققا بەرگەن تەبىرىنى توغرا تەبىر دەپ قوبۇل قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە، ئەھ-

ۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. تاجىكلار ئىدراك جەھەتتە ئۆزلىرىنى بويسۇندۇرغان ھەرقانداق بىر ئىستىلاچىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ-لار بەستلىك كېلىدۇ، بۇرۇت-ساقال قويىدۇ. بۇ-ئارىيان نەس-لىدىن بولغان كىشىلەرنىڭ تاتارلاردىن پەرقلىنىدىغان بىر بەل-گىسى؛ ئۇلار ئۆزىنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە كۈچلۈكلۈكى جە-ھەتتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ھەرقانداق بىر ئىرقنى بېسىپ چۈشىدۇ. ياقۇپ بەگ دەل مۇشۇ ئىرقنىڭ ۋەكىلىدۇر. ئۇ گەرچە ئۆز ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى دېگۈدەك تاتارلارغا مەنسۇپ ھۆكۈمران مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى ئاساسىدىكى بەزى مەشھۇر كىشىلەر ۋە ئۇنىڭ مۇنەۋ-ۋەر ھەربىي قوماندانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھىندىقۇش تاغلىق رايو-نىدىكى ھۆكۈمرانلار جەمەتىدىن كېلىپ چىققانلىقى بىلەن مەغرۇر-لىنىدۇ. تاجىكلار ھېلىمۇ مەلۇم بىرخىل يەرلىك پارس شېۋىدە سۆزلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىران قان سىستېمىسىغا كىرىدىغان-لىقىدا شەك-شۈبھە يوق.

مۇھەممەت ياقۇپ بەگنىڭ بالىلىق ھاياتى پىسكەنتتىكى ئا-ئىلىسىدە ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەسلىدە ئۇنى ئۆزىنىڭ تاش-لىۋەتكەن كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدۇرماقچى بولغانىكەن. ياقۇپ بەگ ياش ۋاقتىدا ناھايىتى كاج بولغاچقا، ئۆز خاھىشىغا زىت ھەرقانداق چەكلىمىگە بويسۇنمايدىكەن. شۇڭا، ئاتىسى ئۇنى تەربىيىلەپ «موللا» قىلىپ يېتىش-تۈرۈپ چىقايچۇ دېگەن ئويىدىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەن. ياقۇپ بەگ 20 ياشقا كىرگۈچىلىك ئارىلىقتىكى ھاياتىنى پىسكەنتتە بىكارچىلىقتا ئۆتكۈزگەن. كېيىنچە ئۇ قوقەننىڭ سىياسىي ۋەزىيەتتىكى مالىمانچىلىقىدا ئۆز تەلىيىنى بىر سىناپ باقماقچى بولىدۇ. 1845-يىلى ئۇ يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغان خۇدايارخاننىڭ يېنىدا مەھرەم بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزد-

نىڭ تاشكەنتتە قوشبېگى بولغان پاچچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن
پانسات بېشى يەنى بەشيۈز بېشى بولىدۇ. بۇ—1847 - يىلىدىكى
ئىش. يەنە شۇ يىلى بولسا كېرەك، ئۇ ئاق مەسچىت رايونىنىڭ
زور ئېرىق دېگەن كەنتىدىكى بىر قىپچاقنىڭ قىزىغا نىكاھلىنىدۇ
ۋە بۇ خوتۇنىدىن قۇتقۇلى بەگ، بەگقۇلى بەگ ۋە ھەققۇلى
بەگ ئىسىملىك ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. بىز بۇ كىشىلەر
توغرىسىدا كېيىنچە كۆپ توختىلىمىز. 1847 - يىلى ياقۇپ بەگ
قوشبېگىلىككە، چۈشىنىشلىكرەك قىلىپ ئېيتساق، «ۋەزىر» لىككە
كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ سىر دەرياسى بويىدىكى ئاق مەسچىت دېگەن
جاينى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئالتە يىل-
غىچە يەنى 1853 - يىلى روسىيىلىكلەر ھازىرغا قەدەر توختات-
مىغان ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىنى باشلىغانغا قەدەر شەرەپ بىلەن
ئادا قىلىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا روسىيىلىكلەر تېخى ھازىرقى
نۇرغۇن ستراتېگىيىلىك بازىلارنىڭ بىرىگىمۇ ئىگە بولمىغانىدى.
ئۇ چاغدا سىر دەرياسىمۇ ئوغۇز دەرياسىدەكلا ئۇلارنىڭ چېگرى-
سىدىن خېلىلا نېرى ئىدى. ئاق مەسچىت—قوقەنلىكلەر مۇشۇ
دەريانىڭ ئايىغىغا بىنا قىلغان مۇھىم بىر ئالدىنقى قاراۋۇلخانا
ئىدى. ئۇ روسىيىلىكلەرنىڭ سىر دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان
كازالىنىسكى ئارقىلىق ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشى ئۈچۈن غايەت
زور بىر توسالغۇ ئىدى. شەك-شۈبھىسىزكى، ئالدىنقى قاراۋۇلخا-
نىدىكىلەر يېقىن ئەتراپتىكى بارلىق باسمىچىلارنى ھەمىشە
روسىيە كارۋانلىرىنى داۋاملىق بۇلاپ تۇرۇشقا كۈشكۈرتۈپ
تۇراتتى. شۇڭا روسىيىلىكلەر بۇ يەرنى يا ئىگىسىدىن تارتىۋېلىش،
يا تۈزلىۋېتىش، يا بولمىسا روسىيە قەلئەسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىش
قارارىغا كەلگەنىدى. گېنېرال پېروۋسكى (Perovsky) بۇيرۇقىغا
بىنائەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا ئەۋەتىلدى. كازالىنىسكى ياكى
بىرىنچى نومۇرلۇق قورغان سىر دەريانىڭ ئىككى قاسىنىقىنى

بويلاپ ماڭغاندا ئاق مەسچىتكە 200 مىلدىن كۆپرەك كېلەتتى. ئارقا سەپ تەمىناتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ ئانچە كۆپ كۈچ كەتمەيتتى. روسىيىلىك بۇ گېنېرال ھەربىي يۈرۈش ئۈچۈن ئانچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلماي ئولتۇرمايلا مۇشۇ قورغانغا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدا سېپىلگە ھۇجۇم قىلغان ئەسكەرلەرنىڭ سانى ھازىرقى زامان قوشۇنلىرىنىڭ سانىدىن كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قوشۇنى تەلىم-تەربىيە كۆرگەن، قورال-ياراقلىرى خىل قوشۇن ئىدى. ئۇنىڭ توپچى قىسىملىرى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. بۇ قوشۇن ئۆزىدىكى قۇرۇلۇشچى قىسىم ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاق مەسچىتنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان قارشى تەرەپ قوشۇنلىرى ئوق-دورا، ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتى جەھەتتە ئۇلاردىن كۆپ ناچار ئىدى. قورغاننى، مەيلى جايلاشقان ئورۇن ياكى قۇرۇلما جەھەتتە بولسۇن، ھەر قانداق بىر قۇرۇلۇشچى قىسىم ئوفىتسېرى بىر قاراپلا، 24 سائەتلىك توپقا تۇتۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دەيتتى. روسىيىلىكلەر ئۇرۇش سېپىنى ناھايىتى ئەپلىك تۈزگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمىدا پەشۋا يېدى. ئۇلارنىڭ مىنالىرىمۇ ئىككى قېتىم نابۇت قىلىندى. رۇسلار قورغاننى ئىككى كۈن شىددەت بىلەن توپقا تۇتتى، لېكىن مۇشۇ مەزگىلدە، قوقەنلىكلەرنىڭ مۇداپىئە سېپى قەيسەرلىك بىلەن بەرداشلىق بەردى. ئەمما شەھەرنى مۇداپىئە تۇرغان قىسىملارنىڭ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى ئۈنۈم بەرمىدى. ئۇزاق توپقا تۇتۇلۇش نەتىجىسىدە قورغاننىڭ سېپىلى بىرنەچچە يەردىن خېلى يوغان تېشىلدى. دېمەك، داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىۋېرىش ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالغانىدى. قورغاننىڭ قەيسەر قوماندانى ھەربىيلەرنىڭ شان-شەۋكىتى بولغان ھەربىي قائىدىنىڭ ئەڭ يۈكسەك تەلىپى بويىچە ھەممە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، داۋاملىق

قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ھېچقانداق پايدا ئالغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇرۇسىيىلىكلەرنىڭ سەھەردە ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، روسىيە قوماندانىنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇداپىيىدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنىنىڭ ئۆز ئابرويىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن تەسلىم بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ يەردە غەلىبە قازىنىش ئۇكاي دەپ ئويلىغان ھەم باشقا جايلاردىمۇ بۇنىڭدىن چوڭراق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى تاما قىلىۋاتقان گېنېرال پېروۋسكى ئاق مەسچىتتەك مۇشۇنداق كىچىك بىر جاينىڭمۇ ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن ناھايىتى تىرىكىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ قورغاندىن كەلگەن ئەلچىلەرنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئىپادىلىدى. قورغان قوماندانى تەسلىمنامىنى ناھايىتى يۈكسەك تەكەللۇپ بىلەن يازغان بولسىمۇ گېنېرال پېروۋسكى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى ۋە ئەلچىلەرگە: 2-كۈنى قورغاننى زەربىدارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئالىمەن، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلچىلەر چۆچۈپ كەتتى. غالىب گېنېرال ئۈچۈن ئېيتقاندا، كەڭ قورساقلىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغاندا ئۆز ھوقۇقىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا تەرسالىق بىلەن بايانات ئېلان قىلىش — گەرچە ئۇ گېپىنى 2-كۈنىلا ئىشقا ئاشۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ — ئانچە شەرەپ كەلتۈرمەيتتى. كىشىلەر رۇس گېنېراللىرىنىڭ ئۆز مەيلىچە چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرىدىن ۋە پادىشاھنىڭ مەدەنىيەتلىك ۋەكىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا بولغان كۆز قارىشىدىن، گېنېرال پېروۋسكىنىڭ مۇقەددەس ئانىنا ئوردىنى ياكى سانت گېئورگى ئوردىنى ئېلىشقا ئالدىراپ، سەۋەبسىزلا ياۋۇزلۇق قىلغانلىقىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى پەقەت ئۇنىڭ جىنايىتىنى ئېغىرلاشتۇراتتى، خالاس. ئاق مەسچىتنىڭ نامىنىڭ مۇشۇ ئىستىبلاچىنىڭ ئىسمى بويىچە پېروۋسكبورگ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ئۇنىڭ نامىنىڭ

مەڭگۈ ئۆچمەي ساقلىنىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلالمايتتى، بەلكى ئۇنىڭ سېسىق نامىنى ئالەمگە تېخىمۇ پۇر قىلىپ، مۇداپىئەدە قورغانلارنىڭ قەھرىمانلىقلىرىغا تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن بېرەتتى. قورغان قولدىن كەتكەن يىلى قىشتا، ياقۇپ بەگ بىلەن قوقەن خانىنىڭ ئىنىسى ساھىپخانىنىڭ بۇ يەرنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى بىكار كەتتى. رۇسلار شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرى قولغا كىرگۈزۈۋالغان بۇ يېڭى زېمىندىن زادىلا چېكىنمىدى.

1845 - يىلى، خۇدايارخان مۇسۇلمانقۇلنىڭ ياردىمى بىلەن قوقەننىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. مۇسۇلمانقۇل ناھايىتى زېرەك، ئىقتىدارلىق بىر قىپچاق ئاقساقىلى ئىدى. ئۇ ۋەزىر بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، قوقەندە ئەمىنلىك ئورنىغانىدى؛ لېكىن خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇنىڭدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئەھۋاللارغا ئوخشاش، ھۆكۈمران ئۆز تەختىنى نەپرەتلىنىدىغان ۋەزىرنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك تەدبىرى بىلەن مۇستەھكەملەپ ئالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئالقىشلانغانلىقىنى كۆرگەندە ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ. تېخى قانات-قۇيرۇقى تەكشىلەنمىگەن خۇدايارخان ئۆزىنىڭ ۋەزىرى مۇسۇلمانقۇل بىلەن مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە دەل ئەنە شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولغانىدى. ئۆزى تەنتەك ئەمما خوجىلار ئەۋلادىدىن بولغان بۇزرۇكخانمۇ ئۆزىنىڭ گېنېرالى، ۋەزىرى مۇھەممەت ياقۇپ بەگ قوشبېگى بىلەنمۇ كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە دەل ئەنە شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولدى. 1858-يىلى خۇدايارخان مۇسۇلمانقۇلنى قولغا ئالدى ۋە ياۋۇزلارچە قەتلى قىلدى. قوقەن ھۆكۈمرانىنىڭ بەختسىزلىكى ئالاھەزەل مۇشۇ ئىشتىن باشلانغان بولسا كېرەك. ئۇ ئاخىر روسىيىنىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان سەدىقە يېگۈچى بولۇپ قالدى. ياقۇپ بەگ گەرچە ئاق مەسچىتنى باتۇرلارچە قوغداپ سەل-پەل

ئاتىقى چىققان بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىنلا ئۇ مىرا-
قۇل دەپ ئاتىلىدىغان بولدى؛ بۇ، ئەمەلىيەتتە ئاقساقاللىغا تەڭ
ئەمەل بولۇپ، ئۇنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى سەل تۆۋەنلەپ قالدى.
بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، بەلكىم ئۇنىڭ ئاق مەسچىتنى قايتۇ-
رۇۋالالمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ياقۇپ بەگ كېيىنچە كىرىچ
قەلئەسىنى ساقلاشقا ئەۋەتىلدى ۋە بۇ ۋەزىپىدە تاكى مۇسۇلمان-
قۇل ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر تۇردى.

خۇدايارخاننىڭ مەللىخان دەيدىغان بىر ئاكىسى بار ئىدى.
ئۇ ئۇلۇغ مەمەدەلىخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەملىكەت ئىچىدە
يۈز بەرگەن ماجىرا بېسىلغاندا، مۇسۇلمانقۇل تەرىپىدىن چەتكە
قېقىلغانىدى. خۇدايارخان ھاكىمىيەتنى جانلاندۇرغان مۇسۇلمان-
قۇل قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، مەللىخان ۋە ئۇنىڭ چاپارمەنلە-
رى يەنە سۈيىقەست بىلەن شۇغۇللاندى. قىپچاق ۋە قىرغىز
ئاتامانلىرىدىن كۆپلىرى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ھە-ھۇ دېيىشىپ
بەردى. بۇ چاغدا ياقۇپ بەگمۇ مەللىخاننىڭ ئەڭ ئاكتىپ
قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇۋالدى. خۇدايارخان ۋاقىتىنچە تەختتىن
ھەيدەلگەن چاغدا، ياقۇپ بەگ يېڭى ھۆكۈمرانغا خىزمەت كۆر-
سەتكەنلىكتىن ساخاۋەرلىككە تەيىنلەندى. بۇ، مۇلازىم ياكى ساراي
خوجىدارىغا تەڭ مەنسەپ ئىدى. ئۇنىڭ قوشبېگىلىك مەنسىپىمۇ
دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە چېگرىدىكى قوراما دېگەن
قەلئەنىڭ تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى. بۇ يەر ئۇنىڭ ئاتىسى قازى
بولۇپ تۇرغان يەر ئىدى. 1860-يىلى، ياقۇپ بەگ روسىيىنىڭ
چېگرىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، شۇ مەزگىلدە
تاشكەنتتە تۇرۇۋاتقان قوقەن نايىپ بېگى قانائەت شاھ ھوزۇرىغا
چاقىرتىلدى. بۇ چاغدا روسىيە قوقەنگە تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتاتتى.
مۇشۇ ۋەجىدىن ياقۇپ بەگنىڭ ئورنى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. بۇ
چاغدا ھاكىمىيەت بېشىدا ئاران ئىككى يىل تۇرغان مەللىخان

ئۆلتۈرۈلدى. خۇدايارخان يەنە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىدىن
چىقىپ، قانائەت شاھ بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ قارشى ئېلىشىغا
مۇيەسسەر بولدى. خۇدايارخان بۇنىڭ ھېسابىغا ئۆتكەنكى ئىش-
لارنى سۈرۈشتە قىلماسلىقتا ۋەدە بەردى ۋە ياقۇپ بەگنى
قورامانىڭ تۆرىلىكى بىلەن مۇكاپاتلىدى. ماجىرا تازا ئەۋج ئېلى-
ۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە، قىرغىزلاردىن ئالىمقۇل دەيدىغان بىر
ئاقساقال سىياسىي سەھنىدە پەيدا بولدى. بۇ كىشى ئۆزىنىڭ
پېشىۋاسى مۇسۇلمانقۇل بىلەن خەلقنىڭ نەزەرىدىچە، ئۇنىڭ ئىزبا-
سارى ياقۇپ بەگنىڭ نۇرغۇن خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم-
لىگەنىدى. شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشتە
ناھايىتى ئىقتىدارلىق بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت ئىشىدا ئۇنىڭ
ئىقتىدارى مۇسۇلمانقۇلغا يەتمەيتتى، ھەربىي ئىشلاردا بولسا
ياقۇپ بەگكە يەتمەيتتى. ئۇ شىرئەلىخاننىڭ نەۋرىسى شاھمۇ-
راتنى خانلىق تەختىنىڭ ۋارىسى قىلماقچى بولغاندا، دەرھال ياقۇپ
بەگنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپ بەگ خۇدا-
يارغا يەنە بىر قېتىم ئاسىيلىق قىلدى. شۇنى ئېسىمىزدە مەھكەم
ساقلىشىمىز كېرەككى، خۇدايارخان ياقۇپ بەگنى ئىزچىل تۈردە
ئۆز دوستى دەپ قاراپ كەلگەنىدى، يەنە كېلىپ ياقۇپ بەگ
بىلەن خۇدايارخان بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپلا دوست ئىدى. ئەمما
بۇ سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشماي قالدى. خۇدايارخاننىڭ قوشۇنلىرى
قىستاپ كەلگەندە، ئالىمقۇلنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئۆزى ساقلاۋات-
قان خوجەنتنى تاشلاپلا پانا تىلەپ بۇخاراغا قېچىپ كەتتى.
ياقۇپ بەگ بۇ يەردە ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى قاتارىدا ئەتىۋارلىنىپ
ئوبدان كۈتۈۋېلىندى. 1868-يىلى، بۇخارا ئەمىرى مۇزەپپەر
باجىسى خۇدايارخاننىڭ ئۆز تەختىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم
بېرىش ئۈچۈن قوقەنگە ئەسكەر تارتىپ كەلدى. بۇ چاغدا خۇدا-
يارخان ئالىمقۇلنىڭ سۇيىقەستى بىلەن تەختتىن يەنە بىر قېتىم

ھەيدەلدى. ياقۇپ بەگمۇ ياردەمچى قوشۇن بىلەن بىللە قوقەنگە كېلىپ، قوقەننىڭ يېغىلىق بىلەن تولغان سىياسىي سەھنىسىدە يەنە بىر قېتىم ياكى ئاخىرقى قېتىم پەيدا بولدى. بۇخارا قوشۇنلىرى دەرھال قايتۇرۇپ كېتىلگەچكە، خۇدايارخان ياردەمچىسىز، يەككە-يىگانە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بىرنەچچە ئاي ئۆتمەيلا ئالىمقۇل بىلەن ياقۇپ بەگ باشقا بىرنەچچە ئاساسلىق ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە خۇدايارغا قارشى پىتنە تەييارلىدى. دەسلەپتە ئالىمقۇل تەرىپىدىن ئەتىۋارلانغان سۇلتان مۇراتمۇ ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئالىمقۇل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلتان سېيىت تەختكە چىقىرىلدى. ياقۇپ بەگ بۇ يېڭى پىتنىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن ناھايىتى چوڭ پايدىغا ئىگە بولدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنسىپى، مال-مۈلكىنى قايتۇرۇۋالغاندىن باشقا، يەنە قورامانىڭ تۆرىلىكىگىمۇ تەيىنلەندى. ئۇ ئۆز ئەتراپىغا بىر مۇنچە ئىتتىپاقچى توپلىدى ۋە ئۇلارنى باشلاپ خوجەنتنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاتلاندى. ياقۇپ بەگ بۇ مۇھىم شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاز قالغاندا، نايىپ بەگ ئالىمقۇل تاشكەنتنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تىنچىتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ قورامادىن ئۆتكەندە، ئۆزىنىڭ تۇغقىنى ھۆدەيچى ھەيدەرقۇلنى قوراماغا تۆرە قىلىپ تەيىنلىدى، ياقۇپ بەگنى بولسا ئۆزىنىڭ مەھرىمى سۈپىتىدە تاشكەنتكە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار تاشكەنتكە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا رۇسلار چىمكەنتنى ئىشغال قىلىۋالدى دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا چېرنىيايېۋ تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان قوشۇندىن ئامان قالغانلار يېتىپ كەلدى ۋە بۇ خەۋەرنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلىدى. 1864-يىلى ئاپرېلدىن ئۆكتەبىرگىچە بولغان ئارىلىقتا رۇسلار شەھەرگە قىستاپ كەلدى. بۇ چاغدا ياقۇپ بەگ پايتەختنىڭ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەۋاتقانىدى. گېنېرال چېرنىيايېۋنىڭ قوشۇنلىرى شەھەر سىرتىدا

پەيدا بولۇشى بىلەنلا، ياقۇپ بەگ ئىنتايىن يەڭگىللىك بىلەن كەڭ دالادا ئۇلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئالدىنىئالا پەرەز قىلىنغىنىدەك، رۇسلار غەلىبە قىلدى. ياقۇپ بەگ مەغلۇپ بولغان قوشۇننى باشلىغان پېتى تاشكەنتكە قېچىپ كىرىۋالدى. رۇسلارمۇ خېلى تالاپەتكە ئۇچرىدى، ئۇلار، ئېھتىمال، كونا رەقىبىنىڭ باتۇرلۇقىدىن چۆچۈگەنلىكتىن ياكى تېخىمۇ مۇھىمى تەمىناتتىن قىسىلغانلىقتىن ۋە سېپىلغا ھۇجۇم قىلىدىغان توپچى قىسىم بولمىغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئۆزلىرىگە ئارقىدىن كېلىدىغان ياردەم ۋە تەمىناتنى كۈتۈشنى ئاقىلانىرەك تەدبىر دېگەن ئويغا كېلىپ چىمكەنتكە چېكىندى. رۇسلار ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئالىمقۇل چوڭ بىر قوشۇننى باشلاپ تاشكەنتكە يېتىپ كەلدى-دە، رۇسلار يېتىپ كەلگىچە ئارىلىقتا مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەشۋېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن كىرىشتى. شۇنى تەھقىقلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ياقۇپ بەگ بۇنداق چوڭ قوشۇنغا تۇنجى قېتىم قوماندانلىق قىلغاچقا، ئۆزىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق مىجەزىگە هاي بەرمەي چېرنىياييېۋنىڭ تەلىم-تەربىيە كۆرگەن كۈچلۈك قوشۇنى بىلەن جەڭ مەيدانىدا يەكمۇ-يەك ئېلىشىپ ئىنتايىن ئەخمەقلىق قىلدى. ئەگەر ئۇ ھېلىقى رۇس گېنېراللىنىڭ شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويۇپ، ئالىمقۇلنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كەلگەندىلا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسا، روسىيە قوشۇنىغا ئەجەللىك زەربە بېرەلىگەن بولاتتى. ئالىمقۇل ئۆز ياردەمچىسىنىڭ بەك ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمىنى چىقىمغا ئۇچراتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، شەھەرنى جىم يېتىپ مەھكەم ساقلاش تاكتىكىسىنى قوللاندى. رۇسلار پەقەت ياقۇپ بەگ قەشقەرىيىگە كەتكەندىن كېيىنلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى. ئەمما بۇ چاغدا ئالىمقۇل رۇسلارغا تاقابىل تۇرۇشقا بار كۈچى بىلەن تەييارلىق

كۆرۈپ قويغانىدى. دەسلەپتە رۇسلار قوقەنلىكلەر بىلەن بىر ئېلىشىپلا چېكىنىۋىدى، قوقەنلىكلەر بۇنى بىر قېتىملىق غەلىبە دېدى. ئەمما 1865-يىلى، رۇسلار تېخىمۇ زور قوشۇنى بىلەن شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئالىمقۇل سان جەھەتتە رۇسلار قوشۇنىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان ئەسكىرىي كۈچىنى باشلاپ چىقىپ، تاشكەنتنىڭ شىمالىدا بىر قانچە مىل كېلىدىغان يىراق بىر جايدا رۇسلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئىككى تەرەپ تىر-كىشىپ تۇرغاندا، ئالىمقۇل قىرغىز سىپاھىلىرىنى باشلاپ شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى، كۆكرىكىگە ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلدى. ساداقەتمەن بىر قۇل بېشى ئۇنى مالىمانچىلىق ئارىسى-دىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدى، ئۇ شۇ كۈنى كېچىسى تاشكەنتتە ئۆلدى. ئالىمقۇلنىڭ ھەرىكىتىگە تەڭدىن ئازراقى خالىسانە ۋەتەن-پەرۋەرلىك تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، ئەمما تەڭدىن كۆپرەكى ئۇنىڭ شەخسىي غەرىزى تۈرتكە بولدى. ئالىمقۇل ئۆلگەن، ياقۇپ بەگ بولسا يىراقتىكى باشقا بىر فرونتتا تۇرۇۋاتقاچقا، قوقەننىڭ مۇستەقىللىقىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشتىن ئۈمىد ئۈزۈلگەنىدى. رۇسلار قوقەنلىكلەرنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتقاندىن كېيىن، تاشكەنت مۇھاسىرىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. قوقەنلىكلەر مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋال ئىچىدە بۇخارادىن ياردەم سورىدى. رۇسلار دەرھال جىنازا دېگەن يەردە ئۇلارنى توسۇۋالدى. 1866-يىل 5-ئايدا، يەنى تاشكەنت چېرنىيايېۋ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ 11 ئايدىن كېيىن، روسىيە قوشۇنلىرى گېنېرال رومانىسكىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىلىزار دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا بۇخارا قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. خۇدايارخان ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولغان روسىيە قوشۇنلىرىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان بۇخارا قوشۇنلىرىمۇ ئۆزىنىڭ زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق ھۆكۈمەت-سىزلىك مەزگىلىدە، ئالىمقۇل تەرىپىدىن تەختكە يۆلەپ چىقىرىل-

غان سۇلتان سېيىتنى يەنە بىر قېتىم تەختتىن ھەيدەپ چۇشۇردى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، خۇدايارخاننىڭ قولىدا پەقەت قوقەنىنىڭ جەنۇبىي قىسمىلا قالغانىدى. خۇدايارخان جىگىرى يوق، لايغەزەل بىر ئادەم ئىدى. ئۇ چەت جايلاردا سەرسان بولۇپ يۇرگىنىدە، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى ئەقەللىسى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا زادىلا كۆرسىتىپ باقمىغان ئىجتىھادى بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ ئۆزى ئادەتتىكى بىر پۇقرا سۈپىتىدە روسىيە ئوردىسىدىن مائاش ئالىدىغان بىچارە ئەھۋالغا چۇشۇپ قالغانىدا، بەختلىك ھېس قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆزى دۆلەت سورىغان چاغلىرىدا كۆرسەتمىگەن پەزىلەتلىرىنى كۆرسەتتى. بەختسىز سۇلتان سېيىت چەت ئەللەردە بىرنەچچە يىل سەرسان بولۇپ يۇرگەندىن كېيىن، 1871 - يىلى، تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ قوقەنگە قايتىپ كەلگەندە ئۆلتۇرۇلدى، سېيىتنىڭ بىر مۇنچە مۇخلىسلىرى رۇسلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان ۋە خۇدايارخان ئۆز رەقىبىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن چاغلاردا، پانالىنىش ئۈچۈن قىزىلئارت تاغ رايونىغا قېچىپ كېتىشتى، كېيىن بۇ يەردىن يەنە قەشقەرىيەگە بېرىپ ياقۇپ بەگكە قوشۇلدى.

ئەمدى گەپنى ياقۇپ بەگ ئۈستىدە يۈتكەيمىز. ئۇ تاشكەنت يېنىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالىمقۇل تەرىپىدىن تاشكەنتنىڭ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە ۋە مۇشۇ ۋىلايەتتىن ئەسكەر ئېلىشقا ئەۋەتىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئابرويى شۇ قېتىمقى ئوڭۇشسىزلىق تۇپەيلىدىن تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. بۇ قىرغىز ئاتامانى بىلەن تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن بۇ تاجىك ھەربىي بىر - بىرىدىن خېلىلا خۇدۇكسىرەيتتى. ياقۇپ بەگ ئالىمقۇلنى ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىدىكى توسالغۇ دەپ قارىسا، ئالىمقۇل بۇ قوشبېگىنى ئۆزى ئۈچۈن خەتەرلىك رىقابەتچى ۋە خەتەرلىك ئورۇنباسار دەپ

قارايتتى. شۇڭا ياقۇپ بەگنى لەت قىلىپ تاشلايدىغان، ھەتتا ئۇجۇقتۇرىدىغان بانا-سەۋەبلەرنىڭ ھەر قانداقتىنى ئالمقۇل ئالقىشلايتتى. بىر بۇ يېڭىلگەن گېنېرال تاكى قەشقەرگە بارغانغا قەدەر بولغان بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئۇ توغرىلىق ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىمىغاندۇق. ئۇ رۇسلاردىن ئىشتكىن ھاقارەتنىڭ دەردىنى باشقا بىر يەردە، باشقا بىر دۈشمەندىن ئالماقچى بولدى.

تاشكەنتتە مۇشۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن مەزگىللەردە، ئىلى بىلەن قەشقەرىيە چېگرىسىدىكى قىرغىز ئاقسۆڭكى سىدىق بەگدىن بۇ يەرگە ئەلچى كەلدى. بۇ ئەلچى ئۆز خوجايىنىنىڭ جۇڭگولۇق-لار بىر-بىرىنى قىرىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەرنى تارتىۋالغانلىقىنى، ئەمدى ئۇ قوقەن خېنىنىڭ قەش-قەرىيە خانلىق تەختىگە خان قىلىپ ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن خوجىلار ئەۋلادىدىن بىر كىشى ئەۋەتىشنى ئىلتىجا قىلىدىغانلى-قىنى خەۋەر قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، سىدىق بەگ قەش-قەرنى قورشاپ قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغاچقا، خوجا ئەۋلادىدىن بىرەيلەننى خان قىلىپ تىكلەپ قويۇپ، ئۆزىنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋالماقچىدى. لېكىن شۇ چاغدا تاشكەنتلىكلەرنىڭ قەشقەرىيىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن ھېچ-نىمىنى بىلمەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ھالبۇكى، قوقەن ئىزچىل يوسۇندا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچ-راتماي ساقلاپ قېلىش ۋە ھەر خىل چارىلەر بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىناۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا قەشقەردە يېڭىدىن يۈز بەرگەن ئىسيان توغرىسىدىكى خە-ۋەرنى ئېلىپ كەلگەن ھەر قانداق بىر ئەلچى دوستانىلىقنىڭ نە-مۇنىسى سۈپىتىدە بىرەر نەرسە ئېلىپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، تاشكەنتتە دوستانە مۇئامىلىگە ئېرىشمەي قالمايتتى. لېكىن بۇ نۆۋەت روسىيىنىڭ ھەربىي ھۇجۇمى قىستاپ كېلىپ قالغانلىقتىن، مەملىكەت-

نىڭ بارلىق كۈچى مۇداپىئە تەييارلىقىغا قارىتىلغانىدى. شۇڭا ئالىمقۇل بۇ ئىشنىڭ ئىستىقبالىغا ھەر قانچە كۆڭۈل بۆلسىمۇ ۋە ئۇلارغا ھەر قانچە ھېسداشلىق قىلسىمۇ، ھېلىقى قىرغىز ئەلچىسىگە ھېچقانداق ياردەم ۋەدە قىلالمىدى. ئەمما شۇ چاغدا جاھانگىر خوجىنىڭ بىردىنبىر ھايات ئوغلى بۇزرۇكخان تۆرە ئۆز ئەمەتىيارلىقى بىلەنمىكىن ياكى باشقىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ياقۇپ بەگنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەنمىكىن، قەشقەردىكى خانلىق تەختكە ئۆزى ۋارىس بولۇشنى خالاپ تەلەپ قويغاندا، ئالىمقۇل بۇ پىلاننى ئالقىشلايدىغانلىقىنى، ئاكتىپ ئارىلىشىشقا شارائىت يار بەرمەيۋاتقان مۇشۇ شارائىتتا بۇ ئىشنى مەنىۋى جەھەتتىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن ئۇ قوشبېگى مۇھەممەت ياقۇپ بەگنى باش قوماندان ياكى باھادىر بەگ سالاھىيىتى بىلەن بۇزرۇكخانغا خىزمەت قىلىشقا قوشۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئالىمقۇل ئۆزىنىڭ بۇ چاتاقچى خادىمىدىن قۇتۇلدى، ئۆزى قورقىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان بىردىنبىر ئادەم بولغان بۇ زاتنى شەرمەندىلىك ۋە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىش ئېھتىمالى بولغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا بىر ئىمپېرىيىنى قۇرۇپ چىققان بىر ئىشقا ئەۋەتتى.

تاكى مۇشۇ ۋاقىتقا قەدەر ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىدىن ئانچە ئۈمىد كۈتمەيتتى. دەرۋەقە، ئۇ تولىمۇ ئېھتىياتسىز ھەربىي بولسىمۇ، لېكىن باھادىر دېگەن ياخشى ئاتاققا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ دۆلىتىدىكى 20 يىللىق تارىختىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن پىتنىلەر ئىچىدە ئۇنىڭمۇ خېلى ھەسسىسى بار ئىدى. لېكىن ئۇنى ئۆزىدىنمۇ ئۈستۈنلۈككە ئىگە قوشۇننى يەڭگۈدەك ھەددە قولىغا قالغان مۇشۇ خارابىلىكلەر ئۈستىدە قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقالىغۇدەك قابىلىيەتكە ئىگە دەپ ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا

بېرىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، كىشىلەر ئۇنى پەقەت ھىزبىيلەر ۋە مۇسۇلمانلارغا خاس ئىخلاسمەنلىك بىلەن جەڭ مەيدانىدا باتۇرلارچە شېھىت بولۇشقا ئۆزىنى ئاتىغان دەيتتى. ئۇ قەشقەردىكى ئىستىلا قىلىش ئىشىنى باشلىۋەتكەن چاغلاردا ۋۇجۇدىدا كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىتلىكتىن ئۆزىنىڭ قىزىق قانلىقىنى ۋە غايەت زور قارا نىيىتىنى دىنغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى ۋە دىپلوماتلارغا خاس سۈرۈن چىرايى ئىچىگە يوشۇرغان قىران بىر كىشىگە ئايلانغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە پىتنە ئەڭ كۆپ بولغان ئوردا-قەسىرلەردە ئۆتكەن 20 يىللىق ھاياتىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلار ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆز كاماندىسىغا پۈتۈنلەي بويسۇندۇرالايدىغان قىلىپ يېتىلدۈردى، ئۇ ئەڭ بەختسىز كۈنلەردىمۇ ئۆزىنى تەمكىن، سالماق تۇتالايتتى؛ ئۇ ئاللانىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىپ كۆڭلىنى توق تۇتاتتى ۋە ئۆزىدە ھەر قانداق ئەھۋالغا تاقابىل كېلەلەيدىغان قابىلىيەت بار دەپ مەزمۇت تۇراتتى. ياقۇپ بەگنىڭ نامىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى نېمىشقا شۇنچە ئاسان بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان مۇنداق بىر پاكىت بار، يەنى ئۇنىڭ مەرتىۋىسى پۈتۈنلەي قابىلىيىتىگە تايىنىپ ئۆسكەن. ئۇنىڭ مال-مۈلكى ۋە نۇرغۇن چاپارمەنلىرى يوق، ئۇنىڭ ئىككى باشلىقىنىڭ بىرى قىپچاق، يەنە بىرى قىرغىز ئىدى. مۇسۇلمانقۇل بىلەن ئالىمقۇل ئىككىسى قابىلىيەت جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر ئارتۇقچىلىققا ئىگە كۈچلۈك رىقابەتچىلەردىن ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىدىكى ھوقۇق بىلەن ئۇرۇق مۇناسىۋىتى ئۇلارنى بۇ چىداملىق ھەربىي ۋە ئوردا مەھرىمىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغانىدى. ئۇنى كۆرەلمەيدىغان بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ نامراتلىقىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنى رۇسلار بىلەن يەك سودىسى قىلىشقان، دەپ ئۆسەك سۆز تارقىتىشقانىدى. ئەمما بۇ ئۆسەك سۆزلەر ئىچىدىكى بەزى ئىشلار رۇسلارغا

تەۋە بولمىغان جايدا يۈز بەرگەچكە، راست بولۇپ كېتىشىمۇ نا-
تايىن. ئۇنىڭ راست - يالغانلىقىنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى. ئاق
مەسچىت قولدىن كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى ئاق مەسچىت-
نى ساقلىغاندا تىرىشچانلىق كۆرسەتمىدى، رۇسلاردىن كۆپ پارە يې-
گەن بولسا كېرەك، دەپ ئەيىبلەنگەندى، يەنە بىر قىسىم كىشى-
لەر ئۇنى 1863 - يىلى بۇخارادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
رۇسلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسالمىدى. بۇنىڭغا پۇل سەۋەبچى بول-
غان بولسا كېرەك دەپ ئەيىبلەشكەندى. بۇ ئىككى قېتىملىق
ئىشتا تىلغا ئېلىنغان پۇلنىڭ سانى ناھايىتى چوڭ، شۇنداقلا بۇ
ئۆسەك سۆزلەرنىڭ ئۇپۇئۇچۇق يالغان ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمى-
غاندىمۇ، ئۇ پارە بېرىشكە ئەرزىگۇدەك ئادەم ئەمەس ئىدى. شۇ-
نىڭدەك ئۇنىڭ رۇسلارغا قارشى تۇرۇشى پۈتۈنلەي يىراقنى كۆر-
مەيدىغان دىنىي تەلۋىلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى، بۇنى ئويلىغىنى-
مىزدا، بۇنداق ئۆسەك سۆزلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئاسان گەپ؛
ياقۇپ بەگنىڭ بىرەر ئەگەشكۈچىسى يوقىرىقىدەك ئۆسەك سۆزلەر-
نى تارقاتمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشلار راست دەپ ئېتىراپ
قىلىنغانىدى. بىزنىڭچە، ئەگەر بۇنداق سۆز - چۆچەكلەر ھەقىقەتەن
راست بولىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا رۇسلار ئالمىقاچان بۇنداق
پاكىتنى ئاسىيا خەلقى ئالدىدا ئاشكارا قىلغان بولاتتى، ياكى
بولمىسا، ئۇلار ياقۇپ بەگدىن قەشقەردىيىنىڭ ئەمىرى بولۇپ تۇر-
غاندا ئۆزىنىڭ سابىق چۆپقىتىگە دوستانە پوزىتسىيە تۇتۇشىنى
تەلەپ قىلغان بولاتتى. ياقۇپ بەگ سۆز - چۆچەك بولۇۋاتقان
ھېلىقى بىرقانچە مىڭ فونت - ستېرلىڭ پارە ئۈچۈن رۇسلارغا
خىزمەت قىلغان ئەمەس. مانا مۇشۇ بىر ئىشتىلا يوقىرىقى ئۆسەك
سۆزلەرنىڭ پۈتۈنلەي توقۇپ چىقىرىلغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇم-
كىن. ئەگەر ياقۇپ بەگنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە بىر ئىش تولۇق
شاھىد بولالايدۇ، دېيىلسە، بۇ دەل ئۇنىڭ ئەڭ تەقۋادار مۇ-

سۇلمان ئىكەنلىكىدۇر. ئۇ بىر مۇسۇلمان بولغىنى ئۈچۈن، رۇسلار-
نى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق دۈشمىنى دەپ قاراپ، ئۇ-
لاردىن چوچۇقۇر نەپرەتلىنەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ دىنىي جەھەتتىكى
قاتتىق قوللۇقى ساختا دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى-
دىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنىمۇ چوقۇم ئەڭ چوڭ ئالدامچىلىق دې-
يىش كېرەك؛ دەل مۇشۇنداق قاتتىق قوللۇقلۇق ئۇنى روسىيە-
نىڭ تاكتىكىسىغا زادىلا سۈكۈت قىلدۇرمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە، ياقۇپ بەگنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئىسلام مەزھەپلىرى بىلەن
مۇناسىۋىتى بولغانلىقى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بوۋىسى شەرىئەتتە
مۇھىم دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنلىكى ئۈچۈن، ياقۇپ بەگ ئىز-
چىل يوسۇندا ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ قاتتىق ئەنئەنىۋىچى-
لىكىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ شەرىئەت بىلەن
زىچ باغلىنىپ تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك مۇھىم مەقسىتى قىلى-
غانىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردىمۇ ئىنتايىن ئوسال
ھالەتكە چۈشۈپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ بەزى ئەڭ سادىق مۇخ-
لىسلىرى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان چاغدا، ھەتتا ئۆزى تەختكە
چىقارغان بۈزرۈكخان ئۇنى خائىن، ۋەتەن ساتقۇچ دەپ ئېلان قىلغان
چاغدا، دىنىي ئۆلىمالارنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالىغانلىقى ئۈ-
چۈنلا، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى قىلچىمۇ يوقاتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە ئۇلارمۇ بۇ جەڭچىنىڭ ئىخلاسمەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە،
باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەر نېمىلەرنى دېگىنىگە قارىماي
ئۇنى ئىزچىل قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ كەلدى. ياقۇپ بەگ بۇخارا-
ئىي شەرىپتە تۇرغان چاغلىرىدا ئاسىيا بويىچە ئەڭ مەشھۇر بىر
نەچچە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بولغان ھەم ئۇ-
لار بىلەن خۇددى شاگىرت بىلەن پىر ئۇستازنىڭ ئارىسىدىكى
مۇناسىۋەتتەك مۇقەددەس مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا قەسەم بەردى.
ئۇ بۇخارادا ئۆزىنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلماقچى بولۇۋاتقان-

لىقىنى ئاشكارا بىلدۇرگەنىدى. ئۇ قەشقەردىكى سوراۋاتقان چاغ-دىمۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئويى بارلىقىنى بىرقانچە سورۇنىدا ئىزھار قىلىپ ئۆتتى. لېكىن ئۇنىڭ دۆلىتى ۋە ئورنى مۇقىم بو-لالمايۋاتقان شارائىتتا، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ھەج قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىسلام شەرىئىتىنى پەيغەمبەرنى ئىجرا قىلىشنى تەكىتلىدى ھەمدە مۇقەددەس خوجىلارنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ياسىلىۋات-قان بىرقانچە مازارغا فوند تەقدىم قىلدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا ھەر قېتىم بىرەر خەۋپكە دۇچ كەلگەندە، مۇشۇنداق يول ئارقى-لىق ئۆز مەنپەئىتى بىلەن ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىنىڭ مەن-پەئىتىنى ئوخشاش بىر ئورۇنغا قويىدى. ئۇ مەسئۇلىيەتچان ۋە مۇرادىغا يەتكەن خانغا ئايلانغان چاغدا، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ پۈتۈن ئاسىيادا ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ ئىخلاسمەن، ئەڭ سۈرلۈك ھامىيسى دېگەن نامىنى ئوڭايلا قولغا كەلتۈرەلىشىگە ناھايىتى كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزدى.

ياقۇپ بەگنى ھاياتىدىكى مۇشۇ مەزگىلدە تونۇيدىغان بى-رەيلەن بويى پاكار، ئەمما بەستلىك، زېرەك، چىرايلىق بىر ئادەم ئىدى، دەپ تەسۋىرلەپ بەردى. ئۇنىڭ قوقەندىكى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى، بېشىدا ئەگىپ يۈرگەن ئۆلۈم سايىسى، ئەتت-كى كۈنىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى ئورۇندى-كى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ئۇزاق ۋاقت ئوردا پىتنىسى ئى-چىدە ياشىغانلىقتىن، ھەرقانداق بىر ئىشقا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇنى كۆرۈپ قالغان كىشى جەزمەن دۆت، تېتىقسىز ئادەم ئوخشايدۇ دەپ قالاتتى. لېكىن گەپ ئۇ قىزىقى-دىغان ئىشقا، مەسىلەن، روسىيەنىڭ تاجاۋۇزى، ئىسلام دىنىنىڭ كېلەچىكى ۋە ياكى ئەنگلىيەنىڭ سىياسىتى قاتارلىق ئىشلارغا يۆت-كەلگەندە، ئۇ نىقابىنى دەرھال يىرتىپ تاشلاپ، شۇنداق بىر

ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتىكى، ئۆزىنىڭ ئاز-تولا ئورۇنلۇق پىك-
رى بىلەن، بولۇپمۇ بىر خىل پەۋقۇلئاددە سېھرىي كۈچكە ئىگە
ئاۋازى، پوزىتسىيىسى بىلەن ھەرقانداق كىشىنى قايىل قىلماي
قالمايتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئاددىي-ساددا كىيىنەتتى. كۆپچىلىك
ئاسىيالىقلاردەك سۆلەتۋازلىق قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق
باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشنى بىلمەيتتى. ھەتتا ئۇ
ھوقۇق-سەلتەنەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان چاغلاردىمۇ، ئۆ-
زىنى ئوردىدىكى ئاددىي بىر نەۋكەردەك تۇتاتتى. كىشىلەر خۇد-
دى تۆمۈرلەڭنى تەرىپلىگىنىدەك، ئاتىلىق غازىنىمۇ «باتۇر پۈتىنى
سەۋر-تاقەت ئۇزەڭگىسىگە قويغان كىشى» دەپ تەرىپلىشەتتى.
شۈبھىسىزكى، ئۇ چىڭگىزخان، تۆمۈرلەڭ ۋە بابۇر خاننىڭ ھەر-
بىي جەھەتتە قازانغان بۈيۈك غەلىبىلىرىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگە-
نىشكە بەلباغلىغانىدى. يۇقىرىقىلار بۈزرۈكخاننىڭ يىراقتا يۈرۈش
قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى توغرىسىدا بايان قىلماقچى
بولغانلىرىمىز. ئەمدى مەزكۇر خوجىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى. ئۇ ياش
جەھەتتە قول ئاستىدىكى ياقۇپ بەگ بىلەن قۇرداش ئىدى. لې-
كىن باشقا جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇلار بىر-بىرىدىن كۆپ
پەرقلىنەتتى. بۈزرۈكخان قورقۇنچاق، سۆلەتۋاز، ھەشەمەتخور بىر
ئادەم بولۇپ، ئۆز قەۋمىنىڭ مەككار، تۇترۇقسىزلىق مىجەزلىرى-
نىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا تېپىلاتتى، ئۇ ھاياتىدا ئۆزىدە كەم بول-
غان ئەڭ ئاددىي بىرەر پەزىلەتنى ھازىرلاش يولىدا ھېچقانداق
بىر ئىش قىلمىغانىدى. گەرچە ئۇ ۋەلىخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشىگە
قاتناشقان بولسىمۇ، ئىپادىسى ئانچە ياخشى بولمىغانىدى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن خوجىلار قەشقەرنى بېسىۋېلىپ بىرنەچچە ھەپتە
ئۆتەر-ئۆتمەي، ئۆز نەسەبداشلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان تەن-
تەكلىكى تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىدى. دەل مۇشۇ
ئىككى كىشى ئاخىر بىر دۆلەتنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن 1864-

يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا تاشكەنتتىن يولغا چىقىشتى، ئۇلارنى مۇۋەپ-پەقىيەت قازىنار دەيدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. ياقۇپ بەگچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنار دەيدىغان ئادەم تېخىمۇ يوق ئىدى. ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سەرگۈزەش-تىلىرىنى بايان قىلىمىز.

## VII باب. بۇزرۇكخان بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ قەشقە-رىيەگە بېسىپ كىرىشى

بىر يۇقىرىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خوجىلارنىڭ بىرقانچە قېتىم ھوقۇق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە قوقەننىڭ مەخپىي ياكى ئاشكارا ئېلىپ بارغان سۇيىقەستلىرى تۈپەيلىدىن بىرقانچە قېتىم تەھلىكىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆردۇق. لېكىن شارائىتنىڭ قانچىلىك مۇرەككەپ، مۇشەققەتلىك بولۇشى-دىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بىردەك ئىتتىپاقلاشقانلىقتىن، ھامان غەلىبە قازىنىپ كەلدى. جاھانگىر خوجا بىر مەھەل مۇۋەپپەق-قىيەت قازىنالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ يەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ھەددىدىن زىيادە ياۋۇزلۇق قىلغانلىقتىن ۋە ئۇ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ يەرنى تىنچلاندۇرۇش يولىدا سەرپ قىلغان زېھنى ۋە غايەت زور كۈچى تۈپەيلىدىن، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ھېچنېمە قالمىدى. ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق بېسىپ كىرىشىنى بولاڭچىلىق خاراكتېرى-دىكى بىر قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق دېيەكتىن باشقا گەپ تۇغرا كەلمەيدۇ. لېكىن 1859 - يىلىدىن بۇيانقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە زور، مۇھىم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنلىكتىن، جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىگە قارشى چىققانلارغا پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ شىددەت بىلەن زەربە بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىمپېرىيەنىڭ ھەممە يېرىدە غالىب ئىسيانچىلار ئۆز بايرىقىنى تىكلىۋېلىپ، ھۆكۈمەتنى تازا ھالسىرىتىۋەتتى. يۇننەن ئۆلكىسىدە دالى ۋىلا-يىتىنى ئۆزىگە مەركەز قىلغان بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمرانى پانتاي-

لار (Panthays) ① غا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى؛ پۇلكوۋنىڭ گودىن ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن، تەيپىڭ تيەنگو دۆلىتى نەتىجىسىنى مەركەز قىلىنغان ھالدا ئەڭ گۈللەنگەن باسقۇچقا يەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا، 1862 - يىلى گەنسۇ ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىدە يېڭىدىن ماجىرا چىقتى. ئەسلىدە بۇ ئۆلكىلەردە ئۆزاق زامانلاردىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن مۇسۇلمان بارئىدى. بۇ مۇسۇلمانلار XVII ئەسىردە بۈيۈك كاكىشىغا باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگۈچى مەنبەگە ئايلىنىپ قالدى. دەرۋەقە، پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۆەۋرۋايەت ئەمەن تېپىش ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى بىر يولىلا ھەل قىلماقچى بولۇپ، 15 ياشنىڭ يۇقىرىسىدىكى مۇسۇلمانلارنى قويماي قىرىپ تاشلاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنىدى. ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق تەلتۆكۈس چارىسۇ كۆتكەندەك نەتىجە بەرمىدى. بۇنداق زىيانكەشلىك بۇ ئىشقا جان كىرگۈزۈپ قويدىمۇ - قانداق؟ بىلمىدۇق، لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئېشىپ، ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىپ كەتتى، ئۆزلىرىنى باشقا جۇڭگولۇقلاردىن ئەۋزەل دەپ ھېسابلايدىغان بولدى. بۇ مۇسۇلمانلار «تۇڭگان» دەپ، بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان جۇڭگولۇقلار بولسا «خىتاي» دەپ ئاتىلىدۇ. نۇرغۇن يازغۇچىلار «تۇڭگان» دېگەن ئاتالغۇغا بۇنداق ئاددىي ئىزاھ بېرىشكە قوشۇلماي، ئۇلار باشقا بىر ئىرق، جۇڭگولۇقلار مەلۇم بىر قېتىملىق ئىستېلادا ئۇلارنى باشقا يەردىن كۆچۈرۈپ كەلگەن ياكى ئۇلار بەزى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغانلىقتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان دەيدۇ. ئۇلار ھەتتا بۇ مىللەتنىڭ نامى بىلەن

① شۇ چاغدا بىر مىللەتلەر ياۋروپالىقلارنىڭ تىلى بويىچە دۆلىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىدىكى خۇيزۇلارنى شۇنداق ئاتايتتى — خەنزۇچە تەرجىمانىدىن.

ئېتنىك مەنبەسىنى ئانۇر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ مەلۇم يېرىدىكى بىر قەبىلىگە ئاپىرىپ باغلايدۇ. لېكىن، بۇ مەسىلىنى تامامەن ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، جۇڭگولۇقلار مۇسۇلمانلارنى مۇشۇنداق دەپ ئاتىغان دېيىش ھەممىدىن ئاسان چارىدەك قىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدە ۋە گەنسۇغا يېقىن ئۆلكىلەردە بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، جىسمانىي جەھەتتە ۋە پائالىيەتچانلىقتا «خىتاي»لارنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئېھتىياتچانلىق، سەممىيلىك پەزىلەتلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇلارغا ئەپيۈن چېكىش ئادىتى يۇقمىغان. بىز يەنە شۇنىمۇ قىياس قىلالايمىزكى، ئۇلار ئەڭ روناق تاپقان دەۋرلەردە، چوقۇم تىنچ، قانائەتچان ۋە ئاقكۆڭۈل، مۇلايىم بىر مىللەت بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتە «خىتاي» لاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ نەشە ۋە ئەپيۈن چەكمەيدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بىزنىڭ قولىمىزدا ئۇلار توغرىلىق تېخىمۇ ئاددىي ۋە تېخىمۇ تەبىئىي بىر ئاساس بولغان ئىكەن، ئۇلارنى شىمالدىكى سوغۇق ئىقلىمدا ياشايدىغان، تېخىمۇ ساغلام بىر ئىرقنىڭ ئەۋلادى دەپ قىياس قىلمىساقمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ «خىتاي» ھۆكۈمرانلىرى ئۇلاردىن چىققان ئەسكەر، ساقچى ۋە ئۆتەكچى قاتارلىق ھۆكۈمەت چاكارلىرىنىڭ ناھايىتى يارامىلىق كېلىدىغانلىقىنى سەزگەن. ئاخىرقى بىر تۈرلۈك ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، ئۇلار قۇمۇلغا كۆچۈرۈلگەن، ئاندىن ئۇلار قۇمۇلدىن تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن. ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن قايتۇرۇلغاندا، ئۇلار ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئائىلە ھېسابىدا گەنسۇغا كېتىشنى خالىماي مۇشۇ جايلاردا قېلىپ قالغان چېرىكلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئاشقان. بۇ كىشىلەر بىرقانچە ئەۋلاد ئۆت-

www.uyghurkitap.com

كەندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپەيگەن، ئاخىرىدا بىر تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شەھەرلەردىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان كىشىلەرگە ئايلانغان. غۇلجىدىمۇ تۇڭگانلار خېلى كۆپ، لېكىن ئۇلاردىن تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا، بولۇپمۇ كۇچانىڭ غەربىگە ئۆتكەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. ئاقسۇ، غەربىي قەشقەردىكى قاتارلىق جايلاردا بولسا، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئەنجانلىقلارنىڭ كۈچى تۇڭگانلار ئۆتەلمەيدىغان توسۇققا ئايلانغان. شۇنىمۇ ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەككى، تۇڭگانلار قوقەنلىكلەرنى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. تۇڭگانلار جۇڭگونىڭ مۇسۇلمان پۇقراسى بولۇپ، ئەسلىدە گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان، كېيىنچە دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جۇڭگو تۈركىستانى بىلەن جۇڭغارىيىگە قاراپ تەدرىجىي كېڭەيگەن. چيەنلۇڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇلارغا قارشى تەدبىرلەر قوللىنىلغاندىن كېيىن ئۇلارنى دۆلەت ئىشلىرىدا ياللاپ ئىشلىتىشكە چەك قويۇلمايدىغان بولغان. ئۇلارغا ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى بىزمۇ ئۇچراتمىدۇق. ئۇلار شىبەلەردەك ئالىي ئىمتىياتقا ئېرىشەلمىگەن، شۇنىڭدەك گەنسۇدا بوزەك قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن جۇڭغارىيىدە جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغان. سىياسىي جەھەتتە ئۇلار ئەنجانلىقلاردىن ياكى تارانچىلاردىن ناھايىتى ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئەسلىدە جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ياكى جۇڭغارىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا كېلىدىغان تەھدىتنىڭ تۇڭگانلاردىن كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان توغرا سەۋەبلەرگە ئىگە ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۆلچەرلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش قىيىن. تۇڭگانلار شەكىل جەھەتتە ئەڭ ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانلاردىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەڭ تەقۋادار مۇسۇل-

مانلاردىندۇر. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۆزىنى «خىتاي» لاردىن چوڭ تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق چوڭچىلىقىغا «موللا»لار ياكى شەيخۇلئىسلاملار مەدەت بېرىپ تۇرىدۇ. جۇڭگولۇقلار زېمىن تەۋەلىكىنى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيتكەن چاغدا، بۇ كىشىلەر جۇڭگو زېمىنىدا ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى. ئۇلار «خىتاي» ئىستېلاسىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي دۈشمىنى بولغان بۇ ھاكىمىيەتنىڭ تاشقى مۇداپىئەسىنى ئاستا - ئاستا، ئەمما ھەقىقىي يوسۇندا يېمىرىشكە كىرىشتى. ئەقەللىسى جۇڭگولۇقلارنىڭلا نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن خاتىرجەم-لىك ۋە رىغبەتلەندۈرۈش سودا - سېتىقنى ئىلگىرى سۈردى. لېكىن بۇنىڭ ھېسابىغا ئىسلام دىنىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تەرغىپ قىلىدىغان روھى تېتىك، سۆزمەن دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ بۇ ئىمپېرىيىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغانلىقى ھەممىنى يوققا چىقاردى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىرقانچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىنلا نەتىجە بېرىشكە باشلىدى؛ جۇڭگولۇقلارنىڭ ھوقۇقى تۆۋەنلەپ، ئىنتايىن زەئىپلىشىپ كەتكەندە (نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق زەئىپلىشىش نەتىجىسىدە جۇڭگونىڭ ھاكىمىيىتى پارچە-لىنىشى مۇمكىن دېيىشكەنىدى. ئەمما كېيىنكى پاكىتلار بۇنداق زەئىپلىنىش تېخىمۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنىڭ باشلىنىشىنىڭ سىگنالى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى)، تۇڭگانلار ئارىسىدىكى دىن تارقاتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ سەۋر - تاقەت بىلەن تېرىغان زىرائەت-لىرى ھوسۇل بېرىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. شۇڭا بۇ ئىشنى مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغان دىنىي ئەسەبىيلىكىنىڭ تىرىلگەنلىكى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىماي بولمايتتى. بۇنداق قايتا تىرىلگەن ئەسەبىيلىك ئۆتكەن 30 يىل ئىچىدە چوڭ - چوڭ ۋەقەلەرنى تۇغدۇردى. ھازىرمۇ بۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

بەزى مەشھۇر نەتىجىلىرىنى كۆرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز.

1862 - يىلى گەنسۇنىڭ مەلۇم بىر كەنتىدە ماجىرا يۈز بەرگەنىدى، بىرقانچە ئادەمنىڭ بېشى ئېلىنىپ ماجىرا بېسىقتى. كىشىلەر بۇ ئىشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقان بىر چاغدا خېجۇ (لىڭشيا) ئايمىقىدا ياكى سالالار يۇرتىدا چوڭ كۆلەملىك ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ تۇڭگانلار قوزغىلىپ كەتتى، جاي - جايلاردا قولىدا قورالى يوق بىرمۇنچە بەختسىز «خىتاي»لار قىرغىن قىلىندى. ئىسيان تېزلا ئېچكى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى ۋە قوشنا بولغان شەنشى ئۆلكىسىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى، بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئەڭ قەبىھ ياۋۇزلۇقلار باشلىنىپ كەتتى. ئۇمۇرۋايەت تېپىنىچ ياشاپ كەلگەن ۋە تۇڭگانلار بىلەن ئىناق قوشنا بولۇپ ئۆتكەن «خىتاي» لار رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. شەيخۇلئىسلاملار ھوقۇقىنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىۋالدى. ۋە ئۆز مۇخلىسلىرىغا ئۇچىغا چىققان ياۋۇزلۇقنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ چاغدا ھۆكۈمەتنى باشقا يەرلەردە قىيىنچىلىققا بوغۇلۇپ قالغان دېگەن تەقدىردىمۇ، ئىسيانچىلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىنىڭ كۆتۈلمىگەن دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماقچى بولساق، ئۇ ھالدا «خىتاي»لار ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، ئۇلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن خەۋپنىڭ خاراكتېرى ۋە كۆلىمى جەھەتتە ھېچنېمىنى بىلمەيتتى دېسەك، ئاندىن بۇ ئىشنى چۈشەندۈرگىلى بولار. 1862 - يىلنىڭ ئاخىرلىرىغىچە گەنسۇدا بىر تۇڭگان ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى بىر مەھەل شەنشى ئۆلكىسىدىمۇ ئېتىراپ قىلىندى. شەيخۇلئىسلاملار ئۆزلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر مەمۇرىي ئاپپاراتنى تەشكىل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى ھەمدە جۇڭگولۇقلارنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۆچ ئېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.

گەنسۇدا يۈز بەرگەن ۋەقە باشقا جايلاردىكى تۇڭگانلارنىڭمۇ
دىققىتىنى قوزغىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇلارنى قۇمۇل، ئۈرۈمچى،
تۇرپان، ماناس قاتارلىق شەھەرلەردىكى ۋە ئەتراپقا جايلاشقان
باشقا شەھەرلەردىكى تۇڭگانلارمۇ دورىدى ۋە بۇ يەرلەردىمۇ
خۇددى گەنسۇدىكىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. جۇڭگولۇقلار-
نىڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلدى. ئىمكانىيەت يار بەرسىلا «خىتاي»
لار ئىنتايىن ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. يېپيېڭى بىر تۇڭ-
گان دۆلىتى بۇ شەھەرلەردە قۇرۇلدى. بۇ دۆلەتكە بىرەر شەي-
خۇلئىسلام ياكى شەيخۇلئىسلاملار گۇرۇھى باشچىلىق قىلاتتى.
ياكى بولمىسا، يەرلىك تۇڭگان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
ھەر بىر رايون ئاتاقتا ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى، شۇن-
داق قىلىپ، بۇ ھەرىكەت توسقىلى بولمايدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە
ئايلىنىپ، چوڭ قەدەملەر بىلەن قەشقەر، كۇچا ۋە ئاقسۇغا
كېڭەيدى ۋە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى. تىيانشاننىڭ
جەنۇبىدىكى ھەقىقىي تۇڭگان يېغىلىقى ئەزەلدىن ئاقسۇنىڭ
غەربىگە كېڭىيەلمىگەنىدى.

جۇڭگولۇقلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئالتە شەھەر ۋە غۇلجىدا
كۆرۈنۈشتە بىر نەچچە ئاي ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار-
نىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلانغانىدى. ئۇلار ياردەمسىز يېتىم ئەھۋالغا
چۈشۈپ قالغانلىقتىن، مەيلى ئادەم سانى ياكى ماددىي بايلىق
جەھەتتە بولسۇن، تۇڭگانلارغا زادىلا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇلار
ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان يەرلەرنى قوغداپ قالالىسىلا، ئەڭ
چوڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغان بولاتتى. تۇڭگانلار كۇچا ۋە ئاقسۇدا
ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمىگەچكە، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن خوجىلار
بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىنكى چاغلاردا
بىز تېخى بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى پەقەت

خوجىلارلا يالغۇز ئىگىلىۋالغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ شەھەرلەر پۈتۈنلەي جۇڭگو شەھىرى بولغان ئۈرۈمچى، قۇمۇل بىلەن قوقەنلىكلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى قەشقەر، يەركەن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئارىلىقىدا تۇراتتى. بۇ شەھەرلەردە يۈز بەرگەن تۇڭگان يېغىلىقلىرى قەشقەرىيىلىكلەرگە بۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇتتى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ مۇشۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق مۇداپىئە قىسىملىرى ۋە كۆچمەن ئاھالىسىمۇ ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان خەۋپنى توغرا تونۇتتى. قەشقەرىيىلىكلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىنداشلىرىغا ئوخشاش دىنىي ئەسەبىيلىكتىن خالىي بولالمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تۇڭگانلار غەلىبىسىدىن كۆرەڭلەپ كېتىشى تەبىئىي ئىدى، ئۇلارنىڭ مىجەزىنىڭ تۇترۇقسىزلىقى كۆپ قېتىم ئىسپاتلاندى، ئۇلار جۇڭگولۇقلاردىن كۆرگەن مەنپەئەتلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرقتىكى قوشنىلىرىنى دوراش ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەتنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. پۈتۈن ئالتە شەھەر رايونىنى قاپلىغان ئىچكى ئۇرۇش ۋە يېغىلىق ئوتىنى گەرچە ئالدى بىلەن ئۇلار تۇتاشتۇرمىغان بولسىمۇ، بۇنداق پايدىلىق پۇرسەت ئۇزاققا قالماي يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، قوقەن ھۆكۈمىتى مۇسۇلمان سودىگەرلەردىن باج ئالىدىغان شەھەرلەرگە باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بىرەر ئاقساقال ياكى باجگىر تەيىنلەپ ئەۋەتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. بەزى چوڭراق شەھەرلەردە بۇنداق ئەمەلدارنىڭ يەنە بىر مۇنچە سەركارلىرى بولاتتى. شۇڭا ئۆز ئىشىغا پۇختا بولغان قوقەن ئەمەلدارلىرى بەلگىلىك ساندا قەشقەرىيىگە يەنى جۇڭگو زېمىنىغا دائىمىي تۇرۇشقا ئەۋەتىلەتتى، ۋەلىخان تۆرىنىڭ يىراققا قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدە، بۇ كىشىلەر ياكى ۋەلىخان تۆرىنىڭ قول ئاستىدىكى گۇرۇھلارغا قاتناشقانلىقىدىن

ياكى چوڭ يېغىلىقتا ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، ئۇن ـ تىنىسىز يوقلىپ
كېتىشتى؛ شۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن،
مۇشۇنداق ئەمەلدارلار قوقەندىن يەنە يېڭىباشتىن بۇ يەرگە
ئەۋەتىلدى. ئۇلار قانۇنىي جەھەتتە، ئالدىنقىلارغا ئوخشاش
ئورۇنغا ئىگە ئىدى، لېكىن ئۇلار ۋەلىخان تۆرىنىڭ پاراكەندى ـ
چىلىكىگە ياردەملەشكەنلىكتىن بولسا كېرەك، جۇڭگولۇق خان ـ
ئامباللار ئۇلارغا ئاشكارا نەپرەت بىلدۈرىدىغان بولدى ھەمدە
ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق، قوقەنلىك باجگىرلارنىڭ قىزىقىدىغىنى
تاۋار ـ دۇردۇن ۋە باشقا ماللاردىن ئېلىنىدىغان باج، دېگەندىن
كۆرە دىنىي بىدئەت ۋە سىياسىي تەرغىبات دېگەن تۇزۇك،
دېدى. سەل ـ پەل پايدىسىز ئىش يۈز بېرىدىغان بولسىلا،
بۇنداق نەپرەت ئۇلغىيىپ توسۇۋالغۇسىز كۈچلۈك نەپرەت ۋە
دۈشمەنلىككە ئايلىناتتى. جۇڭگولۇق خان ـ ئامباللار ئۆز قولىدىكى
تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلىرىدىن يىراقلىشىۋاتقاند ـ
لىقىنى سەزگەن چاغدا، بۇنداق خەۋپ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ
كەتكەنىدى. ئەگەر يېڭىدىن يۈز بەرگۈسى خوجىلار يېغىلىقىغا
قايتۇرما زەربە بېرىشكە توغرا كەلگەندە، بۇ تۇڭگان قىسىملىرى ـ
نىڭ ئەسقېتىشى ناتايىن بولۇپ قالدى. ئۇ ھالدا ئۇلار ئىسلام
ئەھلىنى باستۇرۇشتىن چوقۇم باش تارتاتتى، تىغىنىڭ ئۇچى
ئەنجانلىقلارغا قارىتىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باش
تارتىدىغانلىقى شەك ـ شۈبھىسىز ئىدى. 1862 ـ يىلى تۇڭگانلار
گەنسۇ ۋە شەنشىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ غەلىبە قىلغان چاغدا،
ئالتە شەھەر خەلقى مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولدى.

جۇڭگولۇق خان ـ ئامباللارنىڭ ئەنجانلىق باجگىرلارغا
بولغان دۈشمەنلىكى 1859 ـ يىلىدىكى يەكەن ۋەقەسىدىلا كۈچ ـ
لۈك ئىسپاتلاندى. شۇ چاغلاردا، ئىنانچخان ئەفەندىن مۇشۇ
شەھەرگە تۆرە ئىدى، مەيلى شۇ چاغدا تەدبىر قوللىنىشقا تۈرتكە

بولغان سەۋەب شەخسىي ئاداۋەت بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئىشقىلىپ ئۇ ئۆز پۇقرالىرى ۋە جۇڭگولۇق ئاھالىنى ئەنجانلىقلارنىڭ گۇماشتىلىرى شەھەردە ئۇلارغا قارشى نارازىلىق پەيدا قىلىۋاتقۇدەك دەپ ئاسانلا ئىشەندۈرەلەيتتى. ئىش شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا قوقەنلىك بۇ ئەمەلدار بىلەن ئۇنىڭ سەركارلىرى دەرھال تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلەتتى. ئىنانچىخان ئەفرىدۇننىڭ ئۆز رەقىبىگە قويغان ئەيىبى بەلكىم مەلۇم ئاساسقا ئىگىدۇر، لېكىن تۇتامغا چىققۇدەك بىرەر ئاساسىنىڭ يوقلۇقى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن ئىدى. ئاخىر بۇ مەسىلە ئىلى جياڭجۈننىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا سۇنۇلدى، ھېلىقى ئەفرىدۇن ھۆكۈم بويىچە تۆرىلىكتىن قالدۇرۇلدى. قوقەن ھۆكۈمىتى يېڭى باجگىر ئەۋەتتى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ رازى قىلىنىدىغان ـ قىلىنمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئالتە شەھەردە قوقەن خېنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان باجگىر بولۇش ئانچە ھەۋەس قىلىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس.

ئىنانچىخان ئەفرىدۇن مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، يۇرتى تۇرپانغا قايتقانىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن تۇڭگان يېغىلىقىدا، ئۇ ھەممىدىن چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنى قوقەنگە قارشى سىياسەت قوللاندى دېگەنىدىمۇ، ئۇ يەنىلا مۇسۇلمانپەرەس ياكى تۇڭگانپەرەس ئىدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى بۇ قېتىمقى ئىسياننىڭ خاراكتېرى ئۈچۈن ناھايىتى تىپىك ھېسابلىنىدۇ. تۇرپان ئالتە يىلدىن كېيىن ئاتلىق غازىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنگە قەدەر، ئۇ تۇرپاننىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى.

ئىنانچىخان ئەفرىدۇندىن كېيىن، يەركەنگە تۆرە بولۇپ تەيىنلەنگەن كىشى قوقەنلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىدى.

ئەمما ئۇ بۇ جەھەتتە ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالغىنى بىلەن، يەرلىك خەلقنى، بولۇپمۇ يەرلىك مۇسۇلمان ئاھالىنى تازا قاقتى - سوقتى قىلىپ زار قاقشاتتى. ئۇنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ۋە زالىملىقى ئېزىلگۈچىلەرنىڭلا قارشىلىقىنى قوزغاپ قالماي، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى خادىملارنىڭمۇ نەپرىتىنى قوزغىۋەتتى. يەركەن ۋەزىيىتى دەل مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرغاندا، بۇ ئەمەلدار تۇڭگانلارنىڭ گەنسۇدا ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى، توغرىسىدىكى مەخپىي ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالدى. ئەگەر بۇنداق مۇھىم ئاخباراتنى كۆپچىلىك بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئاشكارا قارشى تۇرۇپلا قالماي، خوجىلارمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇشۇ رايونغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى يەنە بىر قېتىم دەۋا قىلىپ چىقىدىغانلىقىنى دەرھال پەملىدى. بۇنداق ئالاھىدە ئەھۋالدا ئۇ ھەرقانداق بىر جۇڭگو ئەمەلدارىغا ئوخشاش، تەشۋىش قىلغاندىن باشقا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا سادىر قىلغان ئادالەتسىزلىكىنى ئويلاپمۇ قورقۇپ كەتتى. بۇ خان ئامبال ئۆزىنى خەۋپتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئالاقزادىلىك ئىچىدە كۈچىنىڭ بېرىچە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇددىست ھەمراھلىرىنى يىغىپ ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزدى ۋە مۇشۇ يىغىندا ئۇلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى يەنە ھەربىي قىسىملاردىكى تۇڭگان ئەسكەرلەرگە ئەمدى نېمە ئۈچۈن تايانغىلى بولمايدىغانلىقىنى، تۇڭگان خەلقىنىڭ ئۇلار بىلەن قانداق قىلىپ بىرلىشىۋالغانلىقى، ئەنجانلىقلارنىڭ گۇماشتىلىرىنىڭ قانداق قىلىپ بارلىق مۇسۇلمانلارنى كۈچىنىڭ بارىچە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە قارشى قويغانلىقىنى ۋە ئەسلىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئەمدى شەرقتىكى تۇڭگانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن تېخىمۇ تېز يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆزلىرى زۆرۆر دەپ ھېسابلىغانلىكى ئالدىنى ئېلىش تەد- بىرلىرىنى دەرھال ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكرار- تەكرار تەكىتلىگەندىن كېيىن، تۇڭگانلار توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە ئاز سانلىق بولۇپ قالىدىغان- لىقىنى ئاگاھلاندۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى، بەلكى قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ خەۋپنى تۈپ- يىلتىزىدىن تۈ- گىتىش ئۈچۈن، شەھەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاش لازىملىقىنى ئاشكارا تەشەببۇس قىلدى. ئەمما ھەربىي كېڭەش ئىنچىكە ئويلانماي تۇرۇپلا بۇنداق كەسكىن تەدبىر قوللىنىشنى خالىمىدى، نۇرغۇن كىشىلەر قوشۇلمىغانلىقتىن، كېڭەش توختىدى. كېيىن بۇ كېڭەش يەنە چاقىرىلدى، بۇ قېتىم مۇ- تىدىل تەدبىر قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئازايغان بولسىمۇ، كېڭەش بىر قارارغا كەلمەيلا يەنە توختىدى. ناھايىتى روشەنكى، بۇ ئامبالنىڭ ئۆزىگە كېلىدىغان خەۋپ بۇ ئامبالنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىگە كېلىدىغان خەۋپتىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى، ئېھتىمال، ئۇنىڭ «خىتاي» ھەمراھلىرى ئارى- سىدا ئۇنىڭغا شەخسىي ئاداۋىتى بار كىشىلەر بار بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىككىنچى قېتىملىق كېڭەشتە، مۇشۇ مەزگىلدىكى جامائەت پىكرى- گە دىققەت قىلغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئۇلار كەسكىن چارە قوللىنىش توغرىسىدىكى بۇ تەكلىپكە نائىلاج قوشۇلدى. لېكىن يەنە شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ ئىش ئۈستىدە ئاخىرقى قارارغا كېلەل- مىدى. شۇنداق قىلىپ، «خىتاي» لار يەركەندىكى مۇداپىئە- لىنىش پۇرسىتىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويدى. ئۇزاققا قالماي، تۇڭگان ئەسكەرلەر ھالاۋىيە دېگەن مۇھىم بىر تۇڭگان ئوفىتسېرىدىن «خىتاي»لار ئارىسىدا ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇش توغرىلىق بىر خىل پىلان بولغانلىقىنى، ياكى بەزىلەرنىڭ ئېيتىقىنىدەك، «خىتاي» لار ئۇلارنى قىرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى. ئارقىدىنلا

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى ياكى جۇڭگوغا بارىدىغان يولدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشكەنلىكىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ خان ئامبالغا ۋە ئۇنىڭ لايغەزەل ھەربىي كېڭەشچىگە ئاۋۋال چاڭ سېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار بۇ سۈيىقەستنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ھەرگىزمۇ جۇڭگولۇق ھېلىقى ئامبالدەك ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدى.

قورالسىز «خىتاي» قىسىملىرى كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىندى، ئامان قالغان ئاز ساندىكىلىرى يېڭى شەھەر قەلئەسىگە قېچىپ كىرىۋالدى. بۇ 1863 - يىل ئاۋغۇستتا يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يالغۇز مۇشۇ قېتىمقى چاپ - چاپتا 7 مىڭدەك «خىتاي» ھەربىيلەر ئۆلتۈرۈلگەن. ئارقىدىنلا شەھەر خەلقىمۇ تۇڭگان قىسىملىرى تەرەپكە ئۆتكەن. شۇ ۋاقىتتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى بۇ يەرنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى كىم بولۇشى كېرەك؟ تۇڭگانلارمۇ ياكى ئەنجانلىق — قەشقەرلىق مۇسۇلمانلارمۇ، دېگەن مەسىلە ئىدى. تۇڭگانلار مەدەنىيەتسىز، قوپال، تومپاي ئەسكەرلەر ئىدى. كېيىنكىلەر بىر توپ ئەسەبىيلەشكەن خەلقنى كونترول قىلىۋالغان ۋە ئۇ يەر - بۇ يەردىن ۋاقىتلىق قۇراشتۇرۇلۇپ چىقىلغان كۆرۈنۈشتىكى باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا قاتناشقان بىر بۆلۈك ئۆتكۈر، قابىل كىشىلەر ئىدى. تۇڭگانلارغا قارشى تۇرۇۋاتقان تەرەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاقسۇ، كۇچادىن كېلىۋاتقان قوشۇن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. قوقەنلىك دېگەن نام بىلەن شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىككى خوجا كۇچادىن ئاقسۇغا قېچىپ كەلگەندە، ئاقسۇدىمۇ شۇندىغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالدى. ئۇلار كېيىنكى قېتىم قاچقاندا، ئۇلار بىلەن

بىر يولدىكى كىشىلەردىن بىرمۇنچىسى ئۇلارغا قوشۇلدى، شۇڭا ئۇلار يەركەنگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى خېلى ئۇلغىيىپ قالغانىدى. خوجىلار دەسلەپتە ئۆز قوشۇنلىرىنى تۇڭگانلار تەرەپكە قوشۇپ، يېڭىشەھەر قەلئەسىدە قېپقالغان قالدۇق «خىتاي» لارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. «خىتاي»لار بىر مەھەل باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەت يوقلىقىنى ھېس قىلدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بېردۇ؛ ئەگەر بۇ ۋەقە ئاسىيادا يۈز بەرمەي ياۋروپادا يۈز بەرگەن بولسا ئۇ، ھەربىر ئېلەرگە خاس كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان پىداكارلىق روھ ۋە قەھرىماقلىق پەزىلىتى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالىدىغان داستانغا ئايلانغان بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ بىر بايان قىلماقچى بولغان جەڭلەر تارىخىدىكى قەھرىمانلىقلارنىڭ بىردىن ـ بىر مىسالى بولالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت نام ـ ئاتىقى چىقمىغان شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا كىشىلەر ئۇنىڭ ھەققىي ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇ پەقەت ئۆزى مەنسۇپ بولغان چۆچەك ـ داستانلار مەملىكىتىگە دائىر رىۋايەت دەپلا قارىلىدۇ، خالاس، بىر ئائىلىدىن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئاخىر ھېلىقى خان ئامبال ئەمەلدارلارنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرتىپ كېلىدىكەن. بۇ چاغدا ئۇ ئۆيىدە سورلۇك ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنلىرى، خىزمەتكار ـ دېدەكلىرىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرغانىكەن. ھەممەيلەن يىغىلىپ تەق بولۇپ تۇرۇشىغا، دۈشمەن بېسىپ كەلدى دېگەن خەۋەر ئائىلىنىپتۇ. ياشىنىپ قالغان گېنېرال غاگزىسىدىكى ئوتنى يەردىكى مىنانىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەرگە دەبدەبە، ئەس ـ ئەسە بىلەن كىرىپ كېلىشكەن دۈشمەنلەر نەتىجىسىز غەلىبىگە ئېرىشىپتۇ. جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ

ھەرىكەتتى ئارقىلىق يەرلىك خەلققە بۇ يەرنىڭ قانداق ئىستېلا
قىلىنغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ
ئۆلگەندە قانداق ئۆلۈش كېرەكلىكىنى تېخى ئۇنتۇپ قالمىغانلى-
قى ھەققىدە ساۋاق بېرىدۇ. بىز مۇشۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، پۈتۈن ھېكايىگە بىر نەرسە سىڭگەنلىكىنى، بۇنداق
ھەرىكەتنى ماختىغاندىن سىرت، ئۇلارغا ئالاھىدە خەيرىخاھلىق
قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدۇق. جۇڭگولۇقلارمۇ خۇددى بىزنىڭ
1857 - يىلى ھىندىستاندا ئېغىر كۈنلەرگە قالغاندا قىلغىنىمىز-
دەك، ھېچنېمىدىن ئۆمىد قالمىغاندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلى-
قىدىكى يېرىم ياۋايى مىللەتلەرگە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى
كۆرسەتتى. ئىستىھكام قولدىن كەتكەندىن كېيىن، خوجا تەرەپ-
دارلىرى يەركەندە ئالىي ئورۇنغا ئېرىشۋالدى. شۇنىڭ بىلەن،
ئۇلار ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىر شەيخۇلئىسلامنى پادىشاھلىققا
تىكلىدى.

ئالتە شەھەر ۋايونىدىكى باشقا شەھەرلەرمۇ دەرھال
يەركەندىن ئۆگەندى. جۇڭگولۇقلارنىڭ جايلاردىكى ھاكىمىيەتلى-
رى ئارقا - ئارقىدىن پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. مۇسۇلمان-
لارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىكى «خىتاي»لار زادىلا تىرىك
قالمىدى. بەزى جايلاردا داۋاملىق تىركىشىپ تۇرغان بىر
نەچچە قورغانلا قالدى، بولۇپمۇ قەشقەر يېڭىشەھەر قورغىنى
ناھايىتى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى
جۇڭگولۇقلارنى يېڭەلمىگەن بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇلار قىرغىز-
لاردىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. بۇ كۆچمەن قىرغىزلار
ئۆز ئاتامانى سىدىق بەگنىڭ باشلامچىلىقىدا، جۇڭگولۇقلارنى
قوغلىۋېتىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. چۈنكى پاراكەندى-
چىلىكتە قالغان ھاكىمىيەتنىڭ ئورنىغا خاتىرجەم بىر ھاكىمىيەت-
نىڭ چىقىشى ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق ئىدى. شۇنىڭ

بلەن، قەشقەر يېڭىشەھىرى قورشۋېلىندى، لېكىن يېڭى ئىنتىپاقداشلارنىڭ مۇنتىزىم بولمىغان قوشۇنلىرى قورغانىغا ھېچقانداق بىر تەسىر كۆرسەتمىدى. بۇ قورغاننى ئادەمى ناھايىتى كۆپ بىر «خىتاي» ھەربىي قىسمى ساقلاۋاتاتتى. ئەگەر جۇڭگولۇق قوماندان ئاكتىپ چارە كۆرگەن بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى يوقىتالايتتى. لېكىن ئۇ كۈتۈۋاتقىنىغا بىرقانچە ئاي بولغان ياردەمچى قوشۇننى كۈتۈۋېرىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەي تۇرۇۋالدى، گەرچە بۇ قوماندانىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا زادىلا ياقۇپ بەگكە تەسلىم بولۇش نىيىتى يوق دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز كۈچىگە تولۇق تايانمىغانلىقىغا قارىپلا ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرۋۋالغىلى بولاتتى. سىدىق بەگنىڭ قورغاننى ئالالمايدىغانلىقىغا ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان دوستانە مۇئامىلىسىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، خاننى يۆلەپ تەختكە چىقارغان دېگەن ئاتاققا ئىگە بولۇشنى كۆزلىدى ـ دە، خوجا ئەۋلادلىرىدىن بىرىنى قەشقەردىكى ھۆكۈمران قىلىپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ تاشكەنتكە ئەلچى ① ئەۋەتتى. لېكىن قەشقەرنىڭ تېخى بويسۇنمىغانلىقى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى.

خوش، ئەمدى بىز بۈزرۈكخان بىلەن ئۇنىڭ باش قوماندانى ئۈستىدىكى پارىڭىمىزغا قايتايلى. ئۇلار تاشكەنتتىن ئۆزلىرىنىڭ ئالتە مۇلازىمى بىلەن بىللە يولغا چىققان بولۇپ، ئۇلار ئابدۇللا پانسات، مۇھەممەتقۇل شاھۋار، خوجا قۇلان ھۆدەيچى قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. كېيىنكى مەزگىلدە بۇ

① بەزى مەنبەلەردە، سىدىق بەگ جىن شياڭىمىن دېگەن يەنە بىر خۇيزۇ ئاتامانى بىلەن قوقەنتكە ئۆزى بارغان دېيىلىدۇ ـ ئۇيغۇرچە تەرجىمانىدىن

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياقۇپ بەگنىڭ رەھبەرلىكىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلار تاشكەنتتىن قوقەنگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئادىمى 68 گە يەتكەنىدى، بۇ تەۋەككۇلچىلەر ئاخىرقى تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، 1865 - يىل يانۋارنىڭ باشلىرىدا بۇ يەردىن قوقەن چېگرىسى ئارقىلىق شەرقىي تۈر - كىستانغا كىردى. تاغ ئارىسىدىكى قورغانلارنىڭ ھەممىسى تاشلىۋېتىلگەچكە، ئۇلار تېرەك جىلغىسىدىن ھېچقانداق قارشى - لىقسىزلا ئۆتۈپ كەتتى. يولدا كىچىك - كىچىك قىسىملار ئۇلارغا قوشۇلدى. مېڭىۋېرىپ قەشقەرنىڭ يېنىدىكى مىڭيول دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپىيىپلا قالماستىن، بەلكى ئىشەنچىسىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇنى كۆرگەن سىدىق بەگ سەل پۇشايمان قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ خوجىلارغا ئادەم ئەۋەتكەنىدى. ئەمدى قارايدىغان بولسا، بۇزرۇكخان ئۆزى بىلەن بىرمۇنچە مۇلازىملارنى ئېلىپ كەلگەننىڭ سىرتىدا، يەنە ياقۇپ بەگدەك پىشقان ھەربىي قوماندان ھەم ۋەزىرنىمۇ بىللە ئېلىپ كەپتۇ. شۇڭا ئۇ بۇزرۇكخاننى ئەمدى داۋاملىق ئىلگىرىلەۋەرمەسلىك كېرەك، تەۋەككۇلچىلىك بىلەن قىلىنغان بۇ ئىشنىڭ خەۋپ - خەتىرى جىق بولىدۇ، جۇڭگولۇقلار دەرھال قايتىپ كېلىپ ئۆچ ئالىدۇ دەپ توستى. لېكىن ئۇنىڭ گېپى ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى. مەيلى بۇزرۇكخان ياكى ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى ياقۇپ بەگ بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق نەسىھەتكە زادىلا قۇلاق سالمىدى ۋە ئۆزلىرى باشلىغان بۇ ئىشنى ئاخىر - غىچە ئېلىپ بارغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. دەرۋەقە ئۇلار باشلىغان بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىشى كېرەك ئىدى، ھېچبىر نەتىجە قازانماستىن قوقەنگە قايتسا، دۈشمەننىڭ قارىسىنى كۆرە - كۆرمەيلا قورقۇپ قاچتى دېگەن بەتنامغا قېلىشى تۇرغانلا گەپ

ئىدى. شۇڭا سىدىق بەگ ئۇلارغا خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئىستائەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇزرۇكخان ئاخىر ئۆز ئاتا-بوۋىسىنىڭ تەختىگە يۆلەپ چىقىرىلدى.

بۇزرۇكخان ئۆز ئوردىسىدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى ۋە ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرى ھەم ئەنجانلىقلارنىڭ سالام-تەزىملىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار قوقەنىنىڭ رەسىم-قائىدىلىرى بويىچە ئوردا قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئۇلار ھەربىي يۈرۈش قىلغان قىسىم بۇ شەھەردە تېخى چىڭ پۇت تىرەپ تۇرا-تۇرمايلا ئۆزلىرىنى خۇددى گۈللەپ قۇدرەت تاپقان بىر دۆلەتنىڭ پايتەختىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشىپ قائىدە-تۈزۈملەرنى بەلگىلىدى ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. سىدىق بەگ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىدىكى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۇزاققا قالماي سېزىپ قالدى ۋە دەرھال يېكەنساردا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى ھۆكۈمران دەپ ئېلان قىلدى. ئەمدى ياقۇپ بەگكە باش كۆتۈرىدىغان پۇرسەت كېلىپ قالغانىدى، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالدى ۋە تاكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بۇزرۇكخان خوجا تەختتىن ھەيدەلگىچە بۇ ھوقۇقنى ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ قىرغىز ئىتتىپاقچىلىرى خائىنلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ يېڭى خوجىنىڭ بايرىقى ئاستىغا مىڭبىر جاپادا ئاران 3000 كىشىلىك قوشۇن توپلىيالىدى. سىدىق بەگ ئۇلاردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان چوڭ قوشۇننى باشلاپ پايتەختكە باستۇرۇپ كەلدى. ياقۇپ بەگ بىر مەھەل مۇداپىئە ۋەزىيىتىدە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزگەزەرمىسىنى يېڭى-يېڭى ئادەملەر بىلەن تولۇقلاپ تۇردى. ياقۇپ بەگنىڭ رەقىبى سىدىق بەگ بولسا پۇقرالارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلىگۈدەك بىرەر نىشاننى ئوتتۇرىغا قويالمىغاچقا،

ئۇنىڭ قوشۇنى كۈندىن ـ كۈنگە ئازايسا ئازايدىكى، ھەرگىز كۆپەيمىدى. ئاخىر بۇ ئىككى قوشۇن دەلمۇ دەل ئىپلىشتى، بۇ جەڭ ئابدۇللانىڭ باتۇرلۇقى نەتىجىسىدە دەرھال ئومۇمىيۈزلۈك ئاتاكىغا ئايلىنىپ كەتتى. سىدىق بەگنىڭ قىرغىز قوشۇنى ئۇلارنىڭ شىددەت بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر جەڭدىلا تىرىپىرەن بولۇپ قېچىشتى. قىرغىزلار تاغقا قېچىپ بېرىپ ئاتامانىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭىباشتىن ئۇيۇشتى ۋە قەشقەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى رايوننى ئىگىلەپ، بىر خىل خەۋپلىك كۈچكە ئايلاندى. ئەگەر ياقۇپ بەگ ئۇلارنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرۇۋەتمەيدىغان بولسا، داۋاملىق ئىلگىرىلىيەلمەيتتى. شۇڭا ياقۇپ بەگ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، قورغانغا بېكىنىۋالغان قىرغىزلارغا قارشى شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. قىرغىزلار ئۇزاققا قالماي چېكىنىش يولى ئۈزۈلگەنلىكتىن، ئۆزلىرىنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلىۋاتقانلارغا قارشى نائىلاج ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككى تەرەپتىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ھەر بىر تەرەپتە بەش مىڭدىن ئەسكەر بار ئىدى. شەرقلىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە قىرغىزلار ئۆزىنىڭ بەستلىك گەۋدىسى ۋە تەلۋىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان سۈرەنچى دېگەن بىر پالۋاننى ئوتتۇرىغا چىقاردى، قارشى تەرەپمۇ بوش كەلمەي، ئابدۇللا دېگەن بىرەيلەننى ئوتتۇرىغا چىقاردى، جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولدى. ۋىجىك كەلگەن بۇ قوقەنلىك ئۆزىنىڭ بەستلىك رەقىبىنى يەڭدى. قىرغىزلار شۇ قېتىمقى ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن پۈتۈنلەي بىتچىت بولدى. سىدىق بەگ تاشكەنتتىكى ئالىمقۇلنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ياقۇپ بەگنىڭ قىرغىزلارغا قارشى تۇنجى جېڭى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. قىرغىزلار ئەسلىدە ياقۇپ بەگنىڭ ئەھدىلەشكەن ئىتتىپاقدىشى بولۇپ، ياقۇپ بەگمۇ شۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن قەشقەرگە كەل-

گەندى؛ ئەمدى شىمالدىكى خەۋپ تۈپتىن يوقىتىلدى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپ بەگ قەشقەرىيىنى ئىستىلا قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسىتىنى بەخىرامان ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ياقۇپ بەگ بىلەن بۇزرۇكخان ئۆزلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىنى قوغداش ۋە ھەرقايسى جايلارنى ساقلاپ ياتقان «خىتاي» قىسىملىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر بۆلۈك قوشۇننى قالدۇرغاندىن كېيىن، جەنۇبقا قاراپ يېڭىسارغا لەشكەر تارتتى، يېڭىسارنى بېسىۋېلىش ئۇلارغا ئانچە قىيىن بولمىدى. لېكىن ئۇلار جۇڭگولۇقلار بېكىنىۋالغان قورغانغا ھۇجۇم قىلغاندا، زەربە يەپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ياقۇپ بەگ بۇزرۇكخاننى قەشقەرگە يولغا سالغاندىن كېيىن، يەركەننى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە تەسىرى ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن ئۆزى يەركەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە ياقۇپ بەگ: بۇددىستلارغا قارشى غازاتتا تۇڭگانلار ياكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پىكىر ئىختىلاپى بولماسلىقى لازىم، خوجىلار بىلەن تۇڭگانلارنىڭ مەنپەئەتى بىر، دەپ ئاشكارا تەشۋىق قىلدى. خۇددى يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، ئالتە شەھەر رايونىدا تۇڭگان يېغىلىقى ھەممىدىن ئاۋۋال يەركەندە پارتلىغانىدى. شۇڭا ياقۇپ بەگ بۇ يەردىكى مەسىلىنى مۇرەسسە ئاساسىدا شىمالدىكى قوشنا شەھەرلەردىن بۇرۇنراق ھەل قىلىش چارىسىنى تاپتى. چۈنكى قەشقەر بىلەن يېڭىساردا ھېلىقى قارا نىيەت قىرغىز ئاتامانى ئۆزى ئۈچۈن بىر خانلىق ياراتماقچى بولغانىدى. بۇ چاغدا ئابدۇراخمان خوجا يەركەنگە پادشاھ ياكى ھۆكۈمران قىلىپ تىكلەنگەنىدى. جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ قورغىنى بىلەن بىللە بىتچىت بولغاندىن كېيىن، تۇڭگانلار بىلەن خوجىلار ئوتتۇرىسىدا يېڭى بىر كېلىشىم تۈزۈلدى. كېلىشىم بويىچە تۇڭگانلار قورغاننى

ئىگىلىدى، خوجىلار بولسا، شەھەر ئىچىنى ئىدارە قىلىدىغان بولدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھېچقايسىسى ھەرقانداق كىشىنىڭ خوجا ياكى خان نامى بىلەن پۈتۈن ئۆلكىگە ئالىي ھۆكۈمران بولۇش تەلەپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ياقلىمايتتى. ھالبۇكى، ياقۇپ بەگ دەل مۇشۇنداق بىر زاتنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىدە يەركەنگە بېسىپ كېلىۋاتاتتى. ياقۇپ بەگنىڭ قوشۇنى كۆپ توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدى، ئاخىر مىڭ تەسلىكتە ئۇنىڭ ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن شەھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىندى. ياقۇپ بەگ دىنداشلىرىنىڭ ئۆزىگە ئەنە شۇنداق دۈشمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، تەبىئىي ھالدا قاتتىق تېرىكتى. شۇڭا يەركەندە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان خوجىلارنىڭ تاناۋىنى تارتىپ قويۇشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. بىر قېتىملىق ماجىرادا (بۇ ماجىرانى مۇشۇ كاززاپ قوقەنلىكنىڭ كۈشكۈرتكەنلىكى سۆزسىز)، مۇشۇ خوجىلارنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى قاماققا ئېلىندى، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ياقۇپ بەگ بىرقانچە يۈز كىشىلىك قوشۇنى بىلەنلا بۇ چوڭ شەھەرنىڭ خوجايىنى بولۇۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيىتى ۋاقىتلىق ئىدى، ئۇنىڭ تەلىيى بەزىدە ئوڭدىن كەلمەيمۇ قالاتتى. بۇ چاغدا ئىككى مىڭ كىشىلىك بىر يېڭى قوشۇن كۇچادىن تاغارچىغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار شۇ يەردىكى ۋە يەركەن ئەتراپىدىكى قىسىملار بىلەن بىرلەشتى-دە، غايەت زور قورقۇنچلۇق كۈچىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە ئىشەنچ قىلىپ، يەركەنگە دەرھال ھۇجۇم باشلىدى. ئادەتتە قارامىلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ياقۇپ بەگ شەھەردىن ئۇلارغا قارشى ئاتاكىغا ئۆتتى. لېكىن بىر قېتىملىق كىچىك جەڭدە ئۇنىڭ ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى كىچىك بىر ئەترىتى مۇشۇ ئوفىتسېرنىڭ يېنىكلىك

قىلغانلىقى سەۋەبىدىن تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ياقۇپ بەگ ئەمدى يەركەندىن چېكىنمىسە زادى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا يەركەننى بوشاتتى-دە، كېچىلەپ يول بېسىپ، ئىككىنچى كۈنى يېڭىسارغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئادىمى كۆپ چىقىمغا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئېغىر قورال-جابدۇقلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، يەركەنگە قىلىنغان بىر قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى يېڭىلىك بىلەن قىلىنغان تەۋەككۈلچىلىك بولۇپ ئاخىرلاشتى.

بۇ چاغدا يېڭىسار قورغىنىدىكى «خىتاي»لار يەنىلا تىركىشىپ تۇرۇۋاتاتتى. ياقۇپ بەگ ئەمدى يېڭى تەۋەككۈلچىلىكنى باشلاشتىن ئاۋۋال ئۇلارنى يىغىشتۇرۇش قارارىغا كەلدى ۋە قەشقەردىن ياردەمگە ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ قورغانغا بولغان قورشاۋنى يېڭىباشتىن چىڭىتتى. قورغاندىكى ھەربىي قىسىم قىرىق كۈنلۈك قاتتىق قورشاۋغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىر تەسلىم بولدى. ياقۇپ بەگ گەرچە ئەسىرلەرگە رەھىمدىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلماقچى بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىككى مىڭدەك جۇڭگولۇقنى قىرىپ تاشلىدى. مۇشۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىن ھەتتا خوجىلارنىڭ بۇرۇنقى ھەربىي ھەرىكەتچىلىكىمۇ نەتىجە چىقىمىغان شارائىتتا، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەننىڭ تاشايىندا، دۆلەت ئىچىدىمۇ نارازىلىق، بۆلۈنۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئۇيۇقتىن يېڭى بىر خەۋپ پەيدا بولدى. دۈشمەنلىك غەربىدىكى بەدەخشان قوشۇنلىرى سىرىققولغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ياقۇپ بەگ يېڭىسارنىڭ شەھەر سىرتىدىكى قورغانغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىلگىرىلەۋاتقان بەدەخشان قوشۇنى بىلەن كارى بولماي قالدى. لېكىن بۇ قورغان ئېلىنغاندىن كېيىنلا بۇ ئىش ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر يېڭىشەھەردىكى

قورغانغا بېكىنىۋالغان «خىتاي» ئەسكەرلىرىمۇ بۇ يېڭى خاندان-
لىقتا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان مەنبەلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار
ئۇزاقتىن بېرى ھېچقاچان ھەرىكەت قىلماي جىم يېتىۋالغان
بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قاچان ھەرىكەت قوزغايدىغانلىقىغا
ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. جۇڭگولۇق قوماندانىنىڭ بۇنداق
غەلىتە بىپەرۋالىقىنى ئۇنىڭ بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار-
دىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىكەنلىكىدىن بولغان دەپ چۈشەن-
دۈرسەك كۇپايە قىلىدۇ. ئەھۋالنى كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان
ھەرقانداق بىر ئادەم تەلىم-تەربىيە كۆرگەن ئالتە-يەتتە مىڭ
ئەسكەرى بار جۇڭگو قوماندانى ياقۇپ بەگ ئۈچۈن جەڭ
قىلىۋاتقان ياكى ياقۇپ بەگكە ئەگىشىپ ئۆزىگە قارشى چىققان چوماق-
چىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتەي دېسە تامامەن يىغىشتۇرۇۋېتەلەيتتى، دەپ
ھېسابلىشى مۇمكىن. يېڭىساردىكى مۇداپىئە قوشۇنىنىڭ يوقىتىلىشى
بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ ئەھۋالى كۆپ ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن،
جۇڭگولۇق ھېلىقى قوماندانىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە
ئىمكان بېرىدىغان پۇرسەت ئازىيىپ كەتتى. ئۆتكەندە يېڭىسار
ئەتراپىدا ئۇنىڭغا ياردەمدە بولالىغۇدەك بىر ئىتتىپاقداش
قوشۇن بولغان بولسا، ئەمدى ئۇ بۇنداق ياردەمچى قوشۇندىن
ئايرىلغانىدى. ياقۇپ بەگمۇ ئاخىرقى قورغانغا بېكىنىۋالغان بۇ
«خىتاي»لارغا بولغان ھۇجۇمنى كۈچەيتىش قارارىغا كەلدى.
ئۇ باشقا رەقىبلىرى بىلەن تۈتىشىپ قېلىشتىن بۇرۇن، بۇ
«خىتاي» لارنىمۇ، خۇددى قىرغىزلارنى تارمار كەلتۈرگەندەكلا
يىغىشتۇرۇۋېتىشكە ئالدىرايتتى. بۇ چاغدا ياقۇپ بەگكە قارشى
ئاتلانغان سىدىق بەگ ئۆزىنىڭ قىرغىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ
يەنە قەشقەرىيىدە پەيدا بولدى. بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ تەلىيى
ئوڭدىن كېلىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن ياقۇپ بەگنىڭ
ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ باتۇر ئورۇنباسارى ئابدۇللا بەگ

ئۆزىنىڭ بىر بۆلەك قوشۇنى بىلەنلا سىدىق بەگنىڭ يولىنى باتۇرلارچە توراپ تۇرۇۋالدى. ئۇ بىر قېتىملىق قانلىق جەڭدە سىدىق بەگنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بۇ بەختسىز ئاقساقالغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى قوغلىۋەتمەكچى ياكى يوقاتماقچى بولغاندا، ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ ئىستىپاقچىسىز ۋە ئارمىيەسىز قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئابدۇللانى توسۇپ قويدى ۋە سىدىق بەگكە ئۇرۇشۇۋەرمەي ئىتتىپاقلاشاق، دېگەن تەكلىپنى قويدى. ئۇ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ يەرەكئالدى بولۇپ كەتكەن سىدىق بەگ بۇنداق ياخشى تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە شۇ پەيتتە «خىتاي»لارغا قارشى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى دۈشمىنى ياقۇپ بەگنىڭ سېپىگە قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ قوشۇلدى. شۇ ۋاقىتتىكى قىيىن ۋەزىيەت ئەگەر ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىسا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتەتتى؛ شۇڭا ياقۇپ بەگنىڭ بۇنداق قىيىن ۋەزىيەتنى ئوڭۇشلۇق ئوڭشاپ ئالالىغانلىقىنى ئۇنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيىتى دەپ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ئەگەر بۇنى چوڭ ئىشلار بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، كارول فرىدرىخنىڭ پىرنادا ساكسونلارنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قىسمىنى ئۆزىگە ئۆتكۈزۈۋالغاندا قوللانغان تاكتىكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. لېكىن تېخىمۇ دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى ياقۇپ بەگنىڭ بەدەخشان قوشۇنلىرىدىن كېلىۋاتقان خەۋپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتا قوللانغان چارىسى بولسا كېرەك. بەدەخشانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ قانداشلىرى ئافغانلارغا ئوخشاش بەستلىكلىكى ۋە تېتىك خۇلقى بىلەن ئاسىيالىقلار ئارىسىدا ئەڭ خىل جەڭچىلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ياقۇپ بەگنىڭ ئۆزىنىڭ مۇشۇ تەربىيە كۆرمىگەن قوشۇنى بىلەن ھېلىقى يېڭى تاجاۋۇزچىلارنى يېڭىشى قىيىن ئىدى. ياقۇپ بەگ بەدەخشانلىقلارغا تەكلىپ

قويدى. بەدەخشانلىقلار ياقۇپ بەگكە خىزمەت قىلىشنىڭ كۆڭۈل-لۈك بولمىغانلىقىنى ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەت نەتىجىسىدە، ئۇلار ياقۇپ بەگكە خىزمەت قىلىشقا ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ قوقەنلىكلەر، قەشقەرلىكلەر، قىرغىزلار ۋە بەدەخشانلىقلاردىن تەركىب تاپقان قۇدرەتلىك زور قوشۇننىڭ رەھبىرى بولۇپ قالدى. ئۇ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنلىكتىن، بۇ ئىشنى شىدىرقىتىن كېلىۋاتقان خەۋپ يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا تولۇق ئورۇنلاپ بولۇشقا ئۈلگۈردى.

كىتابخانلار دىققەت قىلغان بولسا كېرەك، بىز تا ھازىرغىچە بولغان جەڭلەرنى بايان قىلغىنىمىزدا بۇزرۇكخان ھەققىدە كۆپ توختالمىدۇق. دەرۋەقە، بۇ خاننىڭ تىلغا ئالغۇدەك ئىش - ھەرىكىتى ئانچە كۆپ ئەمەس، ياكى ئۇ تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ئىشمۇ قىلمىغان. بۇزرۇكخان ئاساسەن قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىنىڭ ھەرەمخانىسىدا زايا قىلغان ياكى كۆك-نار ئىستېمال قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ياقۇپ بەگ ئىشنىڭ بېشىدىلا، مەسئۇل ئاتامان سۈپىتىدە سەھنىدە پەيدا بولغان. ۋەقەنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلق بىلەن ئارمىيە ياقۇپ بەگنى ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى داھىسى دەپ قاراشقا باشلىدى. لېكىن ياقۇپ بەگ بۇ خوجا پادىشاھنى باشتىن تارتىپلا چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلغان بولسا كېرەك. مەسىلەن، ياقۇپ بەگ بۇزرۇكخانغا بىرنەچچە قېتىم ئەڭ پايدىلىق نەسىھەتلەرنى قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ھۆكۈمەت ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا زورلىغانىدى. لېكىن ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەن خوجا پادىشاھ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھېلىقىدەك ئارقا - ئارقىدىن ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ياقتۇرمىدى، نەتىجىدە ئۇ ئۆزىگە بالا تاپقان لەنىتى ھاۋايى - ھەۋەسكە غەرق بولۇپ

كېتىۋەردى. ياقۇپ بەگ بىر كۈنى ئۇنىڭغا ھاكىمىيەت ئىشىغا
مەسئۇلىيەتلىك بىلەن كىرىشىشنى قىزغىن تەۋسىيە قىلدى، بۇ
دەل ئالتە شەھەردە خوجىلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدىكى
يېغىلىق يۈز بەرگەن ۋاقىت ئىدى. بۇ چاغ ياز پەسلى بولۇپ
ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئېلىنغان 40 مىڭ
ئەسكەر مارالبېشى ئەتراپىدا پەيدا بولدى. قوشۇن مۇشۇ يەردە
تۇرۇۋالسا، قەشقەرگە تەھلىكە سالالايتتى ھەم يەركەننى قوغداپ
قالالايتتى. ئەگەر يەرلىك كىشىلەرنىڭ مەلۇماتى ئىشەنچلىك
بولىدىغان بولسا، شۇ چاغدا ياقۇپ بەگ ئاران 2500 دەك
ئەسكەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرالايتتى. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن-
راق مۆلچەر بويىچە ئۇنىڭ قولىدىكى قىرغىز، قىپچاق، بەدەخ-
شان قوشۇنلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ ئەسكىرى
يۇقىرىقى ساندىن خېلى كۆپ بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ سانى 2500
بولماستىن، بەلكى 12500 بولۇشى ئېھتىمال. ئەمما ئۇنىڭ زادى
قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بېسىپ كەلگەن ئەسكەرلەر
سان جەھەتتە ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرىدىن خېلىلا جىق ئىدى،
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبى ساپ
بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، جەڭگىۋارلىقىمۇ خېلىلا تۆۋەن ئىدى،
تۇڭگان قوشۇنلىرى يېڭىسارغا قاراپ سىلجىغاندا، ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ
قوشۇننى شۇ يەرگە توپلىۋالاتتى. ئۇ بۈزرۈكخاننى ۋە ئۇنىڭ
ئوردا مۇلازىملىرىنى پايتەختتىكى قەبىھ مەئىشەتپەرەسلىك ئىچىدىن
تارتىپ چىقىرىپ، ئۇلارغا جەڭگاھنىڭ تەمىنى بىر ئاز تېتىتىپ قويماقچى
بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ جەڭگە ئىنتىلىپ تۇرغانىدى، بۇ جەڭ
ئاخىر يېڭىسارنىڭ يېنىدا پارتلىدى. ياقۇپ بەگنىڭ تاكتىكىسى-
نى ئۇنىڭ جەڭگە ماھىر ئوفىتسېرلىرى قوللايتتى. ئۇ، جەڭنىڭ
نەتىجىلىك بولۇشى ئۈچۈن قۇدرىتى يەتكەن چارىلەرنىڭ ھەممى-
سىنى ئىشلەتكەننىڭ سىرتىدا، ئۆزىنى ۋە پۈتۈن ئىشلىرىنى

خۇداغا تاپشۇردى. بۇ قېتىمقى جەڭ ئۇزاق ۋە ناھايىتى
شىددەتلىك داۋام قىلدى. بەزىدە ھەتتا قايسى تەرەپنىڭ
يەڭگەنلىكى، قايسى تەرەپنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئايرىۋېلىشمۇ تەس
بولۇپ قالدى؛ جەڭدە زادىلا قىزغىن كۈچ چىقارمىغان قىرغىز
قىسىملىرى ئاخىر جەڭگاھتىن چېكىنىپ چىقتى. بۇ چاغدا
ئىستىھكاملىرىنى خېلى چىڭ ساقلاۋاتقان بەدەخشانلىقلارمۇ
قىرغىزلارنى دوراپ، جەڭگاھتىن چېكىنىپ چىقتى. ئەمدى ياقۇپ
بەگنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدىكى قىرغىز، بەدەخشان قوشۇنلىرىنى
يەڭگەن دۈشمەن ئارمىيىسىگە قارشى يالغۇز جەڭ قىلىشقا مەجبۇر
بولدى. ئىشنىڭ پۈتۈن تەقدىرى مۇشۇ جەڭگە باغلىق بولۇپ
قالغان جىددىي شارائىتتا، ھەرقانچە باتۇر كىشىمۇ مەيۈسلەنمەي
قالمايتتى. لېكىن ياقۇپ بەگ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئۆزىنى
قىلچىمۇ يوقىتىپ قويمىدى. ئۇ تاكى كەچكىچە «ئۆلسەك شېھىت،
قالساق غازى!» دەپ ۋارقىراپ يۈرۈپ، ئۆز قىسىملىرىنى باتۇر-
لارچە جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. دۈشمەن مۇشۇ ئازغىنا
كىشىلەرنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان پىداكارلىقىنى كۆرۈپ
مەڭدەپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىمۇ كۆپلەپ تالاپەت بەرگەچكە
چارچاپ ھالسىرىغان قوشۇنلىرىنى كەچقۇرۇن جەڭگاھتىن
چېكىندۈردى. ياقۇپ بەگ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تازا ئەپلىك
بولغان بۇ پۇرسەتنى باتۇرلارچە تۇتۇۋېلىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا
ئۆتتى - دە، دۈشمەننى زور تالاپەتكە ئۇچراتتى ۋە تىرىپىرەن
قىلىپ جەڭگاھتىن قوغلاپ چىقاردى. تۇڭگانلاردىن ئۆلگىنى
ئۆلۈپ، يارىلانغىنى يارىلىنىپ، ئاخىر مىڭدىن ئارتۇق تۇڭگان
ئەسكىرى ياقۇپ بەگكە ئەل بولدى، بۇ جەڭ ياقۇپ بەگنىڭ
ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق جەڭ ئىدى. شۇ قېتىمقى
جەڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى.
بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ غەلىبىسى خوجىلارنى يېڭى شان - شەرەپكە

مۇيەسسەر قىلدى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئابرۇيىنىمۇ ئاشۇردى. بىز يەنە شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، بۇ قېتىمقى جەڭ ياقۇپ بەگنىڭ ھەربىي تالانتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھۆرمەتكە لايىق ئەخلاق - پەزىلەتكىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئەسىرلەر مۇشۇنداق ئۇرۇشلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەلۇم دەرىجىدە غەمخورلۇققا ئېرىشتى. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، غەلىبىنى داۋاملىق كېڭەيتىش ئىمكانىيەت بولمىدى. مەغلۇپ بولغان كۇچالىقلار مارالبېشىغا چېكىنىپ كەتتى. ئۇلار بۇ يەردە بىرنەچچە ئاي تۇردى. ناھايەت بۇ قېتىمقى غەلىبىنىڭ ۋاستىلىك نەتىجىسى ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى بىۋاستە نەتىجىسىدىن قېلىشمايتتى.

بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشقان بۈزرۈكخان بىرىنچى تۇركۈم قاچقانلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ ئاخىرقى غەلىبە توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تامامەن پۇشايمان ۋە پەرىشانلىق ئىچىدە قالدى. ئىلگىرى ئۇ ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىك تۇرمۇشى تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغانلا بولسا تەختىنى ياقۇپ بەگنىڭ ۋەكالىتەن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكىمۇ رازى ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ شىكەستلەنگەن شۆھرەتپەرەس دىلى ئوت ئىچىدە پۇچۇلانغىلى تۇردى، ئۇ ياقۇپ بەگنىڭ قولىدىكى ھوقۇقنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەلنىڭ رايىغا يېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئاخىر ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن خەۋپلىك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ئەخمەق، قابىلىيەتسىز خان ئوردا ۋە ئارمىيە ئىچىدە ياقۇپ بەگنى كۆرەلمەيدىغان ھەرقانداق بىر رىقابەتچىگە قورال بولۇپ بەردى. ياقۇپ بەگنىڭ سۇيىقەستى توغرىسىدا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى بۇ خاننىڭ قۇلىقىغا بەكمۇ خۇش ياقاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ خەۋپلىك سۇيىقەستچىلەر دەل مۇشۇ قارا نىيەت

ئاقساقاللار ئىدى. ھالبۇكى، بۇزرۇكخان ئۆزىنى ۋە تاجىنى
مۇشۇنداق ئادەملەرگە تۇتقۇزۇپ قويدى. كۇچا قوشۇنلىرى
مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، يەركەننىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىر-
نىڭ بۇ ئۇرۇشپەرەست قوشنىسى بىلەن يارىشىشنىڭ ئاقىلانىلىك
ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇڭا يەركەن خوجىلىرى يېڭىسارغا
ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرىيە خېنىغا بەيئەت قىلىشنى
خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ بۇزرۇكخان
ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى ياقۇپ بەگنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىرەيلەن-
نى يەركەننىڭ تۆرىلىكىگە كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلىنىشىنى
ئىلتىماس قىلدى. ئەڭ قىزىق بولغان يېرى شۇكى، ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ ھەممە سۆزىدە ھەمىشە دېگۈدەك بۇ ۋەزىر بىلەن ئۇنىڭ
خوجايىنىنىڭ نامىنى ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇنغا قوياتتى. يەركەن
يېڭىشەھەر قورغىنىدىكى تۇڭگان باشلىقىنىڭمۇ يېڭىدىن كۆتۈرۈل-
گەن بۇ قۇياشقا بەيئەت قىلىشتا ئۇلاردىن كېيىن قېلىشقا كۆڭلى
ئۇنىمىدى. ئۇمۇ قەشقەرگە دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ
بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى يەنە بىر قېتىم
قەشقەرگە بۇرايدۇ. بۇ يەردىكى جۇڭگولۇقلار ھېلىمۇ ئۆزلىرى بې-
كىنىۋالغان قورغاننى مەھكەم ساقلاپ، ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلەرگە
قايتۇرما زەربە بېرىپ تۇراتتى. لېكىن ياقۇپ بەگنىڭ نۇرغۇن
دۈشمەنلەرنى يەڭگەن ھەر بىر غەلىبىسى، تۇڭگانلارنىڭ تەسىر
كۈچىنىڭ جۇڭغارىيىگە قەدەر كېڭىيىشى نەتىجىسىدە، بۇ يېتىم
قورغانغا قامىلىپ ياتقان بىر توپ بەختسىز «خىتاي»لارنىڭ
ئۈمىدى كۆپۈكتەك بەربات بولدى. ئەمدى سېپىلنىڭ ئىچىدىكى-
لەرنىڭ ساتقىنلىقى قورشاۋچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۆتۈشكە ئىچكى
جەھەتتىن ماسلىشىپ بېرىۋاتاتتى. قورغاندىن خې بۇيۈن ئى-
سىملىك بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېر گەرچە شەھەر مۇداپىئە-

www.uyghurkitap.com

سىگە مەسئۇل بولمىسىمۇ، لېكىن ياقۇپ بەگ بىلەن كېلىشىم تۈزدى. بۇ كېلىشىمگە بىنائەن، قورغاندىكى ئۈچ مىڭ «خىتاي» ئەسكەر چىرايلىقچە تەسلىم بولدى ۋە قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. ئۇلارغا خوجىلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىش ۋە ئىسلام دىنىغا كىرىش شەرت قىلىپ قويۇلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن ھېچكىم تەگمىدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغان ۋەزىپىلەرنى مەمنۇنلۇق بىلەن ئورۇنلىدى. ئىمان ئېيتقان بۇ كىشىلەر «يېڭى مۇسۇلمانلار» دەپ ئاتالدى. ئۇلار يېڭى ئىستىبلاچىغا تەسلىم بولغان ئاخىرقى بىر تۈركۈم «خىتاي» ئەسكەرلىرى ئىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىزى پۈتۈنلەي غايىب بولدى. ئۇزاق مۇددەتلىك قورشاۋ ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان غۇربەتچىلىكنىڭ نۇرغۇن ئازابىنى تارتىپ ئۈمىدىنى يوقاتقان بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە، ئۆلۈشكە رازىكى ئەمما تەسلىم بولۇپ ھاقارەتلىنىشنى خالىمايدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەرمۇ بار ئىدى. قوماندان جاڭ تەي سەپدىشى خې بۇيۈننىڭ ياقۇپ بەگ بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئىشىغا قاتنىشىشتىن باش تارتتى. قەشقەرىيە قوشۇنلىرىنىڭ قورغانغا كىرىدىغان كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاندا، بۇ قەيسەر خان ئامبال ئۆزىنىڭ قورۇسىغا كىرىۋېلىپ، ھەممە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە چاكارلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا يىغدى-دە، ئالدىنىئالا كۆمۈپ قويۇلغان بىر مىناغا ئوت يېقىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈۋالدى. مۇشۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتا دۈشمەنلەر قورغانغا باستۇرۇپ كىردى، ياقۇپ بەگ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىنلا ئۇلارنى ئاران كونترول قىلىۋالدى، مۇشۇ قىسقا ۋاقىتلىق بۇتىركىشىشتە نۇرغۇن «خىتاي» ئۆلتۈرۈلدى. خې بويۇن ۋە ئۈچ مىڭدەك ئادەم ئىستىبلاچى ياقۇپ بەگ قوشۇنىدا داۋاملىق ھەربىي

خىزمەت ئۆتەيدى. بابا ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ يېڭى ئىتتىپاق — ياقۇپ بەگ خېي بۇيۇننىڭ گۈزەل قىزىنى ئۆز نىكاھىغا ئالغانلىقتىن تېخىمۇ چىڭىدى، ئۇلار بىرنەچچە پەرزەنت كۆردى، لېكىن بۇ بالىلار تېخى كىچىك بولغاچقا، جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشالمىدى. ياقۇپ بەگنىڭ «خىتاي» لارغا ئىزچىل تۈردە مۆتىدىل مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلىكىنى مۇشۇ سەۋەبتىن بولغان دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. شۇنى تەھقىقلەشكە بولىدۇكى، بۇ «خىتاي» خوتۇن ياقۇپ بەگكە تاكى ئاخىرقى چاغلارغىچە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن.

بۇ ۋەقە 1865 - يىلى سېنتەبىردە، يەنى ياقۇپ بەگ ئالتە شەھەر رايونىغا تۇنجى قېتىم كېلىپ توققۇز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يۈز بەردى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىشى ئانچە تېز يۈرۈشۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ، تەلتۆكۈس ئورۇنلاندى، «خىتاي»لارنىڭ يوقىتىلغانلىقى. قىرغىزلارنىڭ ئەيۋەشكە كەلتۈرۈلگەنلىكى، قەشقەرنىڭ غەربىدىكى جايلارغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان تۇڭگانلارنىڭ توسۇپ قېلىنغانلىقىدەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياقۇپ بەگنىڭ ئۇتۇقلىرى ئىدى. ئۇ بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە ۋە قورشاۋدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، مەغلۇپ بولغانلار بىلەن غەلىبە قىلغانلارنىڭ پارچە - پۇرات قوشۇنلىرىنى يىغىندى - دە، ئۇلاردىن زور بىر قوشۇن تەشكىللىدى. ياقۇپ بەگنىڭ ئۆزىمۇ كەلگۈسىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلاشقا دائىر بىر مۇنچە ئىشلارنى قىلدى. مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان ھېلىقى تۆرىمۇ خىزمەتتە بارغانسېرى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغىلى تۇردى ۋە شەھۋەتپەرەسلىكتە بارغانسېرى چوڭقۇر پاتقاققا پېتىپ كەتتى. بۇزرۇكخاننى «شەھۋانىيلىقتا ئۇچىغا چىققان ئەخمەق خان» نىڭ تىپىك ۋەكىلى دېسەك بولىدۇ؛ لېكىن ياقۇپ بەگنى بولسا ئادەتتىكى قەيسەر،

كەسكەن «ۋەزىر» دەپلا تەرىپلەش كۇپايە قىلمايدۇ.

يېڭىشەھەر تەسلىم بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، قوقەندىن بىر تۈركۈم قوشۇن كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. لېكىن بۇ ئادەملەر نېمە ئادەملەر، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ ئادەملەر خۇدايارخانغا قارشى چىقىپ يېڭىلگىنىدىن كېيىن قەشقەرىيىگە قېچىپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم سۇيىقەستچىلەر ئىدى. خۇدايارخان ئالىمقۇل ئۆلگەندىن كېيىن يېڭىباشتىن تەختكە چىققانىدى. بۇ سۇيىقەستچىلەر خۇدايارخاننىڭ ئارمىيىسى تەرىپىدىن سۈرۈپ - توقاي قىلىنغاندىن كېيىن، پاناھلىنىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلمەكچى. ئۇلار چېگرىدا لاغايلاپ يۈرگەن چېغىدىلا، ياقۇپ بەگنىڭ «دوست سۈپىتىدە كەلگەن بولساڭلار، مەرھەمەت! ئەگەر، دىلىڭلارغا دۈشمەنلىك غەرىزىنى پۈكۈپ كەلگەن بولساڭلار، بېشىڭلارغا قىلىچ تەڭلەگلىك» دېگەن مەزمۇندىكى بىر پارچە قىسقا خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ قوقەنلىكلەر ياقۇپ بەگنىڭ بۇ باياناتى ئۇلارغا يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدە زادى نېمىلەرنى قىلىشى لازىملىقى ئۈستىدە ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغانىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئادەملەر ھەقىقەتەن ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇش نىيىتىدە بولۇۋاتاتتى؛ ئەمما ياقۇپ بەگنىڭ بۇ ھەيتىكى ئېنىق باياناتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ۋە ياقۇپ بەگنىڭ غەلىبىسىنىڭ مۇقىملىشىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدىن كېيىن، ئۇلار ھەممە غەرەزلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، قەشقەرىيە ئىتتىپاقىغا كىردى. دەل مۇشۇ چاغدا يەركەندە يېڭىدىن بىر ماجىرا يۈز بەردى. 1865 - يىلىنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ئېيىدا، ياقۇپ بەگ بۇزرۇكخاننى ئېلىپ، ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى. يەركەن سېپىلىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، خوجىلار بىلەن تۇڭگانلار ئۇلارنى

دەرۋازىدىن كىرگۈزمەي تالادا قويدى. ئەمما بۇيەردىكى خوجىلار بىلەن تۇڭگانلار ئۆزلىرىنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنـدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئەگەر ئۇلار بۈزرۈكخانىنىڭ قۇترىتىشىغا ئۇچرىمىغان بولسا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق مۇنداق ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتمىگەن بولاتتى. بۈزرۈكخان ئۇزاقـتىن بۇيان ئۆز ياردەمچىسىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىشقا پىرىشتىن تويغان؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردىكى ھۇزۇر ـ ھاـلاۋەتلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن، يەركەندىكى جاپاـلىق ئارمىيە تۇرمۇشى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى، ئۆزىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان بۇنداق چەكلىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆز بارـگاھىدىلا ئەمەس، قارشى تەرەپنىڭ بارگاھىدىمۇ ئۆزىنىڭ چاتاقچى گېنېرالىغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى. بۇنداق سۇيىقەست تۇڭـگان قىسىملار ئارىسىدا كىشىنى چۆچۈتەرلىك دەرىجىگە يەتتى. ياقۇپ بەگنىڭ ھاياتى قىلنىڭ ئۈستىدە قالغاندا، ئۇنىڭ سادىق دوستى ئابدۇللا بۇ سۇيىقەستنى سېزىپ قالدى. ياقۇپ بەگ دەرـھال ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى قوللىنىپ، ئۆز بارگاھىدىكى بۇ سۇيىقەستنى ئۈنۈملۈك ھالدا بىتچىت قىلدى. بۇ چاغدا ياقۇپ بەگ تېخى ئۆزىنىڭ غەزىپىنى چىقىرىۋالغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. بۇ پىتنە يىمىرىلىپ تۇرۇشىغا، يەنە بىر خەۋپ باش كۆتۈردى. ياقۇپ بەگنىڭ قول ئاستىدىكى تۇڭگان ئەسكەرـلەر قەشقەرىيە قوشۇنلىرىنى يوقاتماقچى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى شەھەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈردى. ئۇلارنىڭ پىلانى ئاۋۋال يالغاندىن تەسلىم بولۇپ، سېپىل دەرۋازىسىنى ياـقۇپ بەگكە ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ياقۇپ بەگنى ئالداپ ھېچـقانداق سۇيىقەست يوقلۇقىغا ئىشەندۈرۈپ خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن، قورغان ئىچىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ياقۇپ بەگنىڭ باشقا قىسىملىرىغا كېچىلەپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىـ

لىش ئىدى. قارىماققا، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك قىلاتتى. ياقۇپ بەگمۇ تۇڭگانلارنىڭ دوستانە تەكلىپىگە ئالدىنىپ، ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانىدى. تۇڭگانلار تەسلىم بولۇشتىن بىر كۈن ئىلگىرىكى كېچىسى، ۋىيىقەستچىلەر قورغاندىن چىقتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن قوشۇلدى-دە، ياقۇپ بەگكە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. بۇلارنىڭ قورال-ياراقلىرى تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن سۇيىقەستچىلەرگە جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، ئاخىر تۇڭگانلار غەلىبە قىلدى. ياقۇپ بەگ تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ، ئىككىنچى كۈنى ئاران تەسلىكتە بىرقانچە يۈز ئەسكەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى، بۇ توپنىڭ ئىچىدە ھەرھالدا ئابدۇللاغا ئوخشاش ئىشەنچلىك كىشىلەرمۇ بار ئىدى. سىدىق بەگ ① باشچىلىقىدىكى قىرغىزلاردا ئىشەنچ يوق ئىدى، بۇ ئاتامان يەنىلا ئۆزى ئۈچۈن چوت سوقۇپ يۈرەتتى. ياقۇپ بەگ پۈتۈن ئۆمرىدىكى مۇشۇ ئەڭ خەۋپلىك پەيتتە ئۆزىنىڭ ناھايىتى زىرەك ۋە كەسكىنلىكىنى كۆرسەتتى. رەقىبلەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى تامامەن ئورىۋالغان، ئۆزىنىڭ ئاران بەشيۈزدەك ئىشەنچلىك ئادىمىلا قالغان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ئۇ مۇشەققەتنى بىر-بىرلەپ يەڭدى-دە، بۇ رەزىل، گۇمانخور ۋە ھەسەتخور رەقىبلىرىنى چەكسىز قۇدرەت بىلەن بېسىپ چۈشتى. بۈزرۈكخان ياقۇپ بەگنىڭ بېشىغا ئاپەت كەلگەن مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، قوشۇنىنىڭ بىر قىسمىنى ۋە قىرغىزلارنى بۆلۈپ چىقىپ كەتتى-دە، ئۆز ئالدىغا باشقا بىر لاگىر تەشكىل قىلدى. دېمەك، بىز بايا ئېيتقاندەك، تۇڭگانلارنىڭ ھېلىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان تۇيۇقسىز ھۇجۇمى بۈزرۈكخاننىڭ كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا يۈز بەرگەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئېنىق

① خەنزۇچىسىدا «سادىق» دەپ خاتا ئېلىنغان — مۇھەررىردىن.

بىر پاكىت يوق ئىدى. مېنىڭ پىكرىمچە بۇ ئىشنى تۇڭگانلار ئۆزى پەيدا قىلدى، بۇزرۇكخان پەقەت ئىلگىرى ياقۇپ بەگ باشقا ئىشلاردا ئۇڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا خۇشال بولغاندەك، بۇ ئىشتىمۇ خۇشال بولدى، خالاس. ھازىرقى ئەھۋال شۇنداق ئىدىكى، قورغاندا بولسا غەلىبە قىلغان تۇڭگانلار تۇراتتى؛ شەھەردە بولسا ھاكىمىيەتنى تۇڭگانلار بىلەن شەھەرلىكلەر بىرلىكتە ئىدارە قىلاتتى. شەھەر سىرتىدا بولسا بۇزرۇكخان قايسى تەرەپكە ھېسداشلىق قىلىشنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغان قىسىملار بىلەن تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ياقۇپ بەگكە ھەرقاچان دۈشمەنلىك قىلىشى ئېھتىمال ئىدى. يەنە بىر تەرەپتە بولسا، ياقۇپ بەگ ۋە ئۇنىڭ ئاز سانلىق ئەگەشكۈچىلىرى تۇراتتى. دېمەك، ئىشتىن ئۇمىد ئۈزۈلگەندەك قىلاتتى. ئەگەر بۇ ئۈچ تەرەپ بىر سوتكا ئىچىدە مۇرەسسەگە كېلەلىسىلا، ياقۇپ بەگنىڭ تۈگەشكىنى شۇ ئىدى. لېكىن ئۇلار ياقۇپ بەگدەك دۈشمەنگە يېنىدىلا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھېچنېمە قىلالمىدى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا بەك ئىشىنىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان نەرسىلىرىنى يېڭىدىن تارتىۋېلىشىغا يول قويدى. ئەمدى بىز ياقۇپ بەگنىڭ بۇ مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىنى قانداق قوتقۇزۇپ چىققانلىقىغا قاراپ باقايلى: ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى، ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش توغرا كېلەتتى، ھالبۇكى، بۇنداق روھنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن بىر پەشۋا بىلەن قارشى تەرەپنى قاچۇرالايدىغان تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. ئەمما، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى بىلەن قورغاننى ئالغىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ شەھەر چوڭ ۋە تارقاق بولغاچقا، بۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىپ بېقىشقىمۇ بولاتتى، قەشقەر شەھەر قوشۇنلىرىغا مۇراد بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئابدۇللا ئەڭ قەتئىي باھادىرانە روھ بىلەن بۇ ھۇ-

جۇمنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى. ئۇ باشقا ھەممە بولىدىغان قىسىملار يېتىپ كەلگۈچە ئىشنى ئورۇنلاپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇنىڭغا ئېيدۋارد. برۇس① ھەققىدە يېزىلغان مۇنداق بىر كۇبلېت شېئىر مىسال بولالايدۇ:

«قارامىلىقتۇر ئۇنىڭغا خاس،
پالۋان ئىدى قورقماس،
قورقۇنچاقلار ئامەت تاپماس،
يېڭەي دېسەڭ سۇر! ئالغا باس.»

بۇ نەتىجە تۈڭگانلارنىڭ شادلىقىنى بىردىنلا يوققا چىقاردى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىدا تۇرغان دۈشمەننىڭ جۇشقۇن، باتۇرلۇقىغا تەن بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ياقۇپ بەگنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن بۇ ئۇتۇقلۇقىنى يوققا چىقىرىشقا تاس قالغان بىر ئېغىر بەختسىزلىك يۈز بەردى. بۇزرۇكخان يا ياقۇپ بەگنى بىتچىت قىلالماي، يا ئۆزى ئېتىپ قالغان شەھۋانىي تۇرمۇشتىن لەززەتلىنەلمەي، ئاخىر ھېچنېمىگە قارىماستىن ياقۇپ بەگنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش نىيىتىگە كەلدى. شۇڭا ئۇ شۇ مەقسەتتە ئۆز ئەركانلىرىنى ئېلىپلا يەركەندىن قەشقەرغە قېچىپ كېلىپ، ئۆز ئوردىسىغا كىرىۋالدى. بۇ يەردە ئۇ ياقۇپ بەگنىڭ قورۇسىنى مۇسادىرە قىلىپلا قالماي، بەنە ياقۇپ بەگنى ۋەتەن خائىنى، ئاسىي دەپ ئېلان قىلدى ھەممە ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلگۈچىلەرگە كۆپ ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى جاكالىدى. ئۇ قوشۇنلىرىغا باشقا بىر گېنېرالنى قوماندان قىلىپ

① 14 - ئەسىردە ئۆزىنىڭ جەسۇرلۇقى بىلەن داڭق چىقارغان شوتلاندىيە شاھزادىسى. كېيىنچە، ئىرلاندىيىگە ھارول بولغانىدى. بۇ بېيىتنىڭ نەدىن ئېلىنغانلىقى نامەلۇم — خەنزۇچە تەرجىمىدىن.

ئەينىلەپ، قەشقەرنى ياقۇپ بەگنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداشقا تەي-
يارلىق كۆردى. بەختكە يارىشا، يەركەندىكى تۇڭگانلار قەشقەر-
لىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئۇ ئىناقسىزلىقتىن تېخى بىخەۋەر ئىدى.
ئۇلار ياقۇپ بەگنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل بولغانلىقتىن، بۇزرۇكخان
قېچىپ كېتىپ ئۇزاققا قالمايلا ياقۇپ بەگكە تەسلىم بولدى.
شۇڭا ياقۇپ بەگ پۈتۈن كۈچىنى بۇ جاھىل خانغا قارىتىشقا
مۇۋەپپەق بولالىدى. باشتا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياقۇپ
بەگ مەھكىمە شەرئىي بىلەن ئىناق ئۆتەتتى، ئەمدى ئۇ بۇنىڭ
شاراپىتىنى كۆردى. بۇزرۇكخانىنىڭ دەسلەپتە ياقۇپ بەگنى تارمار
قىلىشتا قوللانغان ۋاستىلىرىنىڭ بىرى قەشقەر شەيخۇلئىسلامىدىن
بۇ باتۇرنى كاپىر دەپ جاكالاشنى تەلەپ قىلىش ئىدى. ئەمما
بۇ ھەزرەت ئۇ تەلەپنى رەت قىلدى ۋە ياقۇپ بەگنى «دۆلە-
تىمىزدە ھەم ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ماختاشقا ئەرزىيدىغان زات!»
دېدى. بۇزرۇكخان ياقۇپ بەگنى دىنىي جەھەتتە شەرمەندە قىلىش
مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، قورال كۈچى ئارقىلىق
يېڭىش قارارىغا كەلدى. بۇ گەرچە ئۈنۈملۈك چارە بولسىمۇ،
ئەمما بۇنداق چارە بۇزرۇكخانىنىڭ قولىدا زادى كارغا كەلمەيتتى،
شۇ چاغدا ئۇلار ئۈچۈن كۈچ سىنىشىدىغان مەيدان چەكلىك
ئىدى دەپ قارىغاندىمۇ، ئەمما تەختنى تارتىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقان-
لار كۆپ ئىدى. سىدىق بەگ بۇزرۇكخان بىلەن ئىتتىپاقلاشمايلا
قالماستىن، بەلكى ئۆزىنى بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان
قىلدى. بۇ ۋەقەنى كۆرگەن كۇچالىق خوجىلار بىلەن تۇڭگانلارمۇ
ئۆز قوشۇنلىرىنى توپلاشقا كىرىشتى.

بۇزرۇكخانىنىڭ ياقۇپ بەگنى توسۇشقا ماڭدۇرغان قوشۇنى
يېڭىسار بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىدا ئابدۇللا تەرىپىدىن قورشى-
ۋېلىنىپ، مەغلۇپ قىلىندى. ياقۇپ بەگ بولسا غالىبلارچە داۋام-
لىق ئىلگىرىلەپ، پۇقرالار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ئالقىش سادالى-

لىرى ئىچىدە قەشقەرگە كىردى. بۇ چاغدا، ئۇ، شەيخۇلئىسلامنىڭ خەلق ئىرادىسىگە ئاساسەن چىقارغان قارارى بويىچە قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى، دەپ ئېلان قىلىندى. يېڭىشەھەرگە قېچىپ بېرىۋالغان بۇزرۇكخان ئانچە-مۇنچە قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئوردىدا ئاخىر تىرىك قولغا چۈشتى، ياقۇپ بەگنىڭ بەزى ئاساسلىق رىقابەتچىلىرى دارغا ئېسىلدى، بۇزرۇكخان بولسا مىرزا قاماققا ئېلىندى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بۇزرۇكخان ئۆزىنىڭ پايدىسىز سۈيىقەستلىرىنى زادىلا توختاتمىدى. ئۇ قەشقەردە تۇرغان 18 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە تاكى باشقىلارنى كۈشكۈرتۈپ ياقۇپ بەگنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەنلىكى پاش بولۇپ قالغانغا قەدەر، يېڭى ھاكىمىيەتكە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدىغان بىر مەنبە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تىبەتكە سۈرگۈن قىلىندى. ئۇ تىبەتتە بىرقانچە يىل قاڭقىپ يۈرگەندىن كېيىن، يەنە قوقەنگە قايتىپ كېلىۋالدى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ ئۆزىنىڭ بالا-چاقىلىرى بىلەن ھېلىمۇ شۇ يەردە تۇرۇۋېتىپتۇ، بۇزرۇكخان قەشقەردە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئاخىرقى خوجا ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئاشۇ يەرنىڭ ئىستىقبالىنى ھەل قىلىدىغان ھەرقانداق بىر لايىھىدە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىرىلدۈرۈشنى قوللايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەبىت خانلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى. بىز كۆرگەن بۇنداق بىر تالاي زالىم ۋە زىناخور خانلار يېقىنقى يىللاردىلا ئاتىلىق غازىغا ئوخشاش غالىب ھەربىي ياكى قوقەنلىك مۇسۇلمانقۇلدەك پىشقان ۋەزىرلەر تەرىپىدىن بىر-بىرلەپ تەختتىن ھەيدەلدى.

قىرغىز ئاتامانى سىدىق بەگ ياقۇپ بەگنىڭ مۇستەھكەملىنىپ قالغان ھاكىمىيىتىگە ئانچە ئۇزاق قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. كۇچادىكى ماجىرامۇ تېزلا بېسىقتۇرۇلدى. ياقۇپ بەگ 12 ئايدىن

سەل كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر، يېڭىسار ۋە يەركەننى ئالدى. سىرىقتۇل بىلەن خوتەنمۇ ياقۇپ بەگكە بەيئەت قىلدى. ياقۇپ بەگ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭلەرنى كېيىنكى بابلاردا بايان قىلىمىز. ياقۇپ بەگ ئۆز ئورنىنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدىن كېيىن، بەدەخشانلىق ئەسكەرلەرنى چوڭ سوۋغا-سالاملار بىلەن رازى قىلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ياقۇپ بەگ بەدەخشانغا ئىزچىل تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ھەتتا ئافغانىستان ھۆكۈمرانى شىرئەلىدىن بۇ يەرنى بىر نەچچە قېتىم تارتىۋېلىشقىمۇ تەمشەلدى. ياقۇپ بەگنىڭ بۇ جەھەتتىكى قارا نىيىتى ئەزەلدىن ئاشكارىلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن شىرئەلى ئۇنىڭدىن خەۋپسىرەيتتى ۋە ئۇنى ئۆچ كۆرەتتى.

ياقۇپ بەگ بۇزرۇكخاننى تەختتىن ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالدى. 1864-يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغان بۇ ئىشنىڭ بىرىنچى قىسمى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. ياقۇپ بەگ تۇڭگانلارغا ۋە خوتەنلىكلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشتىن ئۇنىڭ بىۋاسىتە ھەرىكەت دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ۋەقەلەرنىڭ بۇ جۇشقۇن ھۆكۈمرانىغا بولغان تەسىرىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ياقۇپ بەگ رۇسلارنىڭ كۈچىنى ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى بىر نەچچە يىللىرىدىلا تونۇشقا باشلىغانىدى، ھەتتا رۇسلار 1870-يىلى غۇلجىنى بېسىۋالغان چاغدىمۇ ئۆزىنىڭ شىمالىدىكى بۇ كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالالىشىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي جەھەتتە زور ئاتاق قازىنىشىنى ۋە چوڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلغانىدىن باشقا، يەنە زېمىنى كەڭ بولغان قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ياقۇپ بەگ قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان بىلەن يەنىلا قوقەنگە قارام ئىدى،

ئۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ پادىشاھى بولغاندىلا، ئاندىن چار پا-
دىشاھ ياكى جۇڭگو ئىمپېراتورى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالايتت-
تى. بۇنى پەقەت ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر تۈرلۈك ئۇلۇغۋار غا-
يە دېگىلى بولمايتتى. 1866 - يىلى بۇخارا ئەمىرى ياقۇپ بەگ-
كە ئاتىلىق غازى دەپ نام بەرگەندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ قو-
لىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى.

## VII باب. تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇشلار

ياقۇپ بەگ بۈزرۈكخاننى يوقىتىپ، تۇڭگانلار ۋە جۇڭگو-لۇقلارنىڭ قەشقەرىيەدىكى قارشىلىقىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئورنى ئۈستىدە ئەستايىدىللىق بىلەن ئومۇمـيۈزلۈك ئويلىنىشقا ئازراق ۋاقىت چىقىرالىدى. ئۇ ئۆتكەن 12 ئاي ئىچىدە ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ داۋام قىلغان ئۇرۇشـنىڭ نەتىجىسىدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. لېكىن ھېچبولمىغاندا، بۇ ئەھۋالنىڭ ۋاقىت داۋاملىشىدىغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەسىلە ئىدى. ئۆتكەنكى تەۋەككۈلچىلەرمۇ ياقۇپ بەگكە ئوخشاش نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئەمما جۇڭگولۇقلار كۈچلىنىپ كېلىۋېلىپلا قايتا كەلدى. ياقۇپ بەگ ئېقىپ يۈرگەن بەزى مىش - مىش گەپلەرنىڭ ئورۇنسىز ئەمەس ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلگەي؟ بۇ مىش - مىش گەپلەرگە قارىغاندا، جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسى تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇشتىلا ئەمەس، بەلكى باشقا فرونتلاردىمۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان. تەيپىڭ تىيەنگو قوزغىلىڭى ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىمۇ بۇ ئىمپېرىيىنىڭ باشقا تەرەپلەردە ئۇچرىغان زەربىلىرىگە ھېچقانداق دال بولالمايتتى. ياۋروپالىق ئوبزورچىلار جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىدىغان كۈنى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا، دەپ ھۆكۈم قىلغان بولسىمۇ، ياقۇپ بەگنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئىنتايىن ناچار بولغانلىقتىن، ئۇ ھەتتا قەشقەر يېڭىشەھەرنى تەسلىم قىلغان چاغدىمۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ قايتىپ كېلىپ ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقتى. بىزگە مەلۇمكى، ئۇنىڭ قورقۇشىنىڭ ئاساسىي يوق ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇ ئىشنى

ئەمەلىيەتتىن ئۇن نەچچە يىل بۇرۇن مەۋلىچەرلەپ قويغانىدى. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ياكى ئامىتىنى ئۇستۇن چاغلىغان ئەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنى مەغلۇپ قىلغان كىشىلەر ئۇچرىغاندەك خەۋپكە ئۇچرىمايەن دەيدىغان دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بىرىنچى مەقسىتى جۇڭگولۇقلار كەلگەندە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى توپلاپ مۇستەھكەم بىر گۇرۇھ شەكىللەندۈرۈش ئىدى. لېكىن ياقۇپ بەگ ئالتە شەھەرنى بويسۇندۇرغان بۇزرۇكخانىنىڭ تۇغى ئەتراپىغا توپلانغان خىلمۇ خىل ئادەملەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن پېتىنىشالماي ئىناقسىز ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مىللىي بۆلۈنۈشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ باشقا جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ مەيلى غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىن قەتئىيەنەزەر، ئەنجانلىقلار بىلەن تۇڭگانلارنى، قەشقەرلىكلەر بىلەن «خىتاي»لارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇنۇملۇك بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ چىقىشقا قەتئىي بەل باغلىدى، بۇ ئاددىي غايە ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇنداق كېلىشەلمەيدىغان تەركىبلەرنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن «تۆمۈردەك قاتتىق» سىياسەت يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. ياقۇپ بەگ بۇنداق سىياسەتنى يۈرگۈزۈشتىن قىلچە قورقمايتتى؛ لېكىن ئۇ مۇشۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولغان چاغدا، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن بەدىلىنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. دۆلەتنىڭ نوپۇسى ۋە بايلىقى بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئەمما 1866 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇ كېيىنكى نۇقتىدىن گۇمانلانمىدى. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بۇ چاغدا ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرىيەدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قوقەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ھېسداشلىقىنى ئەكسىچە سۇسلاشتۇرۇپ قويغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. بۇنى خۇدايارخاننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. چۈنكى



www.uyghurkitap.com

ھازىر ياتۇپ بەگنىڭ تەختى مۇستەھكەملەنگەنلىكتىن خۇدايارخان بۇرۇن ئۆزىگە نەچچە قېتىم ئاسىيلىق قىلغان بۇنداق پۇقراسىنى ئەلۋەتتە، ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمما بۇ ئىشنى يالغۇز بۇنداق ھېسسىياتقىلا دۆڭگەپ قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنى چوقۇم چوڭقۇر-راق ۋە شەخسىي مۇناسىۋەتتىن باشقىراق تەرەپلەردىن چۈشەن-دۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ئاسىيادىكى كىچىك خانلارنىڭ تارىخقا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەرسى ئۆزىنىڭ ھەربىي ماھارىتى ياكى رەھىمدىللىك سىياستى بىلەن قۇرداشلىرىدىن ئېشىپ كەتسە، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق قىلغان ۋە ئورا كولىغانلىقلىرىنى كۆرى-مىز. دەرۋەقە، بۇلار ئارىسىدا ئىقتىدار ۋە باتۇرلۇقتا باشقىلاردىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدىغانلار ناھايىتى ئاز. مۇبادا بىرەيلەن بۇ جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ كەتسە، قوشنىلىرى ئۇنى، خە-تەرلىك يول تۇتتى، دەپ جاكالايتتى - دە، دەرھال ئۇ جۇقتۇراتتى ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇراتتى. بۇ خىل ئادەت تاكى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر داۋام قىلىپ كەلدى. روسىيە ئاسىيادا ئېلىپ بارغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش جەريانىدا، مەلۇم ئىككى دۆ-لەتنىڭ — مەيلى ئۇلار قانچە كىچىك بولسۇن - بىرلىشىپ، ئورتاق دۈشمىنى رۇسلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرغانلىقىنى زادىلا كۆرمى-دۇق. قوقەنلىكلەر ئەزەلدىنلا بۇخارالىقلارغا ياكى خىۋەلىقلارغا ياردەم بەرمەيدۇ؛ ئافغانلار ياكى قەشقەرلىكلەرمۇ قوقەنلىكلەرگە ياردەم بەرمەيدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قوقەنلىكلەر رۇسلار-نىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا بىر - بىرلەپ مەغلۇپ بولغىلى تۇرغاندا، باشقىلار خۇددى بوكسىرچىلار مەيدانىدىكى ئەنئەنىۋى شەرەپنى ئېسىدە تۇتقان كىشىلەرنىڭ تاماشاچىلارنى قايىل قىلغۇدەك ئۇ-سۇلدا بىتەرەپ تۇرغىنىدەك، بىتەرەپ تۇرۇپ كەلدى. لېكىن ئۇلار بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھو-

قوغدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ چەۋەندازلار قانىدىسىگە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىگە بولغان ئۆچلۈكتىنلا كېلىپ چىققان بۇنداق قىلىقلىرىنىڭ ئاقىلانە بولغان-بولمىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيىش تەس. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ قەشقەرىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن بۇنداق ئىچكى تارلىق ۋە قىزغانچۇقلارنى جەزمەن يەڭمىسە بولمايتتى. دېمەك، ئۇنىڭ يولىدا قاتتىق قات قىيىنچىلىق تۇراتتى. ئەگەر ئازراق ئۇتۇق بىلەنلا قانائەتلىنىدىغان بولسا ياكى ئارتۇقچە نەپسى يامانلىق قىلسا، قولغا كەلتۈرگەن ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىمۇ بار ئىدى، مۇشۇنداق شارائىتتا دۇچ كەلگەندە، ئەڭ باتۇر كىشىمۇ بىر قارارغا كېلەلمەي تەمتىرەپ قالاتتى ياكى ئەڭ كەسكىن كىشىمۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئاخىر بىر قارارغا كېلىشكە مەجبۇر بولغاندىلا ھەرىكەتكە كەلگەن بولاتتى. ياقۇپ بەگ بىر قانچە ئايغىچە كېيىنكى قەدەمدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

1865 - يىلى ئۇ يەركەنگە قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھۇجۇمىدىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن مارالبېشىنى بېسىۋالدى. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاقسۇ بىلەن يەركەن ئارىلىقىدىكى قاتناشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، ئاقسۇ بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى قاتناشقىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. يېڭىسارنىڭ شەرقىدە 200 مىل كېلىدىغان بۇ ئىستىھكام بۇرۇندىن تارتىپ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى، باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ياقۇپ بەگ بۇ ئىستىھكامنى ناھايىتى مۇستەھكەملىۋالغان، ياقۇپ بەگنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ئاقسۇ بىلەن كۇچادىن كەلگەن تۇڭگانلارنى يېڭىسار ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلغان غايەت زور غەلىبىسىنىڭ مەڭگۈ نەتىجىسىدۇر. كېيىنكى جەڭلەردە بۇ نەتىجە ئۇنىڭ يان قانىتىنى ئۈنۈملۈك ھالدا قوغداپ قالدى. ئەمما

ياقۇپ بەگ بېسىۋالغان بۇ قەلئەنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ ئۆز دىققىتىنى جەنۇب تەرەپتىكى شەھەر — خوتەنگە قاراتقان چاغدىلا تېخىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى. ياقۇپ بەگ مۇشۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى جە-نۇبتىكى تاكى قارا قۇرۇم ۋە كوئېنلۇن تاغلىرىغا قەدەر بولغان جايلار-غىچە كېڭەيتىشكە تولۇق قاراتتى. ئەمدى بۇ تاغلاردىن باشقا جايلاردا ئۇنىڭ دۈشمىنى قالمىغانىدى. خوتەندە جۇڭگو ھۆكۈ-مەت دائىرىلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، ھەبىبۇللا مۇپتى ئالىي ھۆكۈمران بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ شەھەرگە ۋە مۇشۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بۇ يەرگە ئانچە ئاۋارە بولمايلا تەرتىپ ئورناتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، ياقۇپ بەگ دەسلەپتە، قەشقەر ئەتراپىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈ-رۈپ ئۇزاق ئۆتمەي تۇنجى قېتىم يەركەندە پەيدا بولغاندا، يەركەن-لىكلەر يېڭى خوجىنىڭ خانلىق سەلتەنەتىنى ئېتىراپ قىلغان، خوتەنلىك ھەبىبۇللا مۇپتىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا شۇنداق قىلغانىدى. بۇ ھۆكۈمرانىڭ يەركەن ئۇرۇشى مەزگىلىدىمۇ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىملەرگە باشقىچە قاراشتا بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغانىدۇق. دەرۋە-قە، ئۇ بۇ رايونلاردىن يىراقتا تۇراتتى. لېكىن بۇ، خوتەننىڭ نېمە ئۈچۈن قەشقەر ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىپەرۋالىق قىلىپ تۇرغانلىقى-نى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ھەبىبۇللا مۇپتى بۇنىڭدىن ئىلگىرى-كى ۋاقىتتا بۇنداق پوزىتسىيىدە بولغان ئەمەس. بۇنىڭدىن خوتەن-نىڭ قەشقەردە يېڭىدىن قۇرۇلغان خوجىلار خانلىققا بەك ئىتا-ئەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن؛ ياقۇپ بەگ يەركەن-نىڭ جەنۇبىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ھەبىبۇللا مۇپتى بۇ ئىستې-لاچىنىڭ قارارگاھىغا دەرھال ۋەكىل ئەۋەتتى. ئۇلار ئۆز لايىقى-دا كۈتۈۋېلىندى. لېكىن ياقۇپ بەگ ھەبىبۇللا مۇپتىغا ئىشەن-مەيتتى ياكى ئۆچمەنلىك ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ياقۇپ بەگ ئۆزى-

نىڭ بۇ نىيىتىنى يوشۇرۇپ، ھېلىقى مۇپتىنى ئۆزىنىڭ قارارگاھىغا چىللاپ كىشى ئەۋەتتى. بۇ مۇپتى ياقۇپ بەگنىڭ ئۆز ئەلچىسىگە دوستانە مۇئامىلە قىلغانلىقىغا ئالدىنىپ كېتىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ھەمراھلىرىنى باشلاپ قەشقەرلىق بۇ گېنېرالنىڭ قارارگاھىغا كەلدى. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، دەسلەپتە ئۇلارغا ئىنتايىن ئىززەت-ئىكرام كۆرسىتىلگەن ۋە دوستانە مۇئامىلە قىلىنغان. ئۇلارغا كاتتا زىياپەت بېرىلگەن، ئېسىل تون كىيگۈزۈلگەن. لېكىن ئۇلارغا كۆرسىتىلگەن بۇ شان-شەرەپلەر پەقەت ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش مۇراسىمىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. ئۇلار كەچلىك زىياپەت ئۈستىدىلا قورالسىزلاندۇرۇلدى ۋە سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈلدى ھەم خوتەن شەھىرىگە بىرقانچە تەرەپتىن تەڭلا ھۇجۇم باشلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققىچە قارشىلىققا ئۇچرىدى. ئاتلىق غازىنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەن ئەسكەرلىرى ھەممە قارشىلىق ئاياغلاشقاندىن كېيىنمۇ ئۇزاققىچە توختىماي قىرغىنچىلىق قىلدى. ياقۇپ بەگنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىدىكى ئاساسلىق جىنايىتىنى كەچۈرۈش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇ مەرىپەتلىك ياۋروپا گېنېرالى بولغان بولسا، ئۇنى «ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى مەڭگۈلۈك داغ» دېگەن بىر جۈملە سۆز بىلەن تەرىپلىگەن بولاتتۇق؛ ئەمما قىلمىغان ئىشى قالمىغان بىر ئاسىيالىقنى بۇنداق سۆز بىلەن تەرىپلىسەك، تولىمۇ قاتتىق مەسخىرە بولۇپ قالار. ئۇنى تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا گەرچە ئانچە يامان دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئەخلاقىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى ھەققەتەنمۇ بەك ياخشى دېگىلى بولمايدۇ. ياقۇپ بەگنىڭ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ يەرنى تارتىۋېلىشى ۋە قورالسىز يولباشچىلارنى ئۆلتۈرۈشى خۇددى كېيىنكى چاغلاردا ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغاندەك قىلچە ئەھمىيەتسىز بىر ئىش ئىدى. ئېھتىمال،



www.uyghurkitap.com

ئاتىلىق غازىنىڭ قولىدا خوتەننىڭ ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان نۇرغۇن ئاساسلىرى باردۇر. ئۇ بەلكىم ھەبىبۇللامۇپتى ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنى ئۆزىگە بولغان سادىقتىدىن شۈبھىلەنگەندۇر. ئەمما بىزنىڭ ئۇقۇشىمىزچە، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مۇددىئاسى ئىنتايىن مۇجمەل بولغان، ھەتتا بۇ ئىشنى سىياسىي جەھەتتىكى ۋاقىتلىق تەدبىر دەپ قارىغاندىمۇ شۇنداق دېمەي بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، ھەتتا ھۇقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق قىلىشنى ئەپچىل يول قىلىۋالغان ئۇلۇسلارنىڭ نەزەرىدىمۇ بۇنداق قىرغىنچىلىقنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. خوتەن ۋە سانجۇ خەلقى شۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقنى ھەر بىر ئەسلىگىنىدە قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. ياقۇپ بەگنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئاساسلانغاندىمۇ، بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقى ئەڭ تەلتۆكۈس ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەڭ بەختەر بولغان. لېكىن ئاتىلىق غازى ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇشۇ قىسمىدا، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن بەك قاتتىق چۈشۈپ كەتكەن. بۇ 1867 - يىلىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى ئىش بولۇپ، ئاتىلىق غازى ئەمدى ئۆزىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قوشنىسى تۇڭگانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان پۇرسەتكە ئىگە بولغانىدى.

ھەقىقىي مەنىدىكى تۇڭگانلار ھەرىكىتى، يۇقىرىقى بابتا بايان قىلغىنىدەك، جۇڭگونىڭ گەنسۇ ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىدە باشلىنىپ، ئارقىدىن ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايلا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تۇرپان ۋە شىمالىدىكى ئۈرۈمچىگە يامرىدى. ھەرىكەتنىڭ ئوت يالقۇنى ئۇزۇنغا قالماي تۇرپاندىن قارا شەھەرگە، كۇچا ۋە ئاقسۇغا تۇتاشتى. ھالبۇكى، مۇشۇ شەھەرلەردە قوقەنلىك مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت يېڭى بىر ئاھالە تەركىبىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە شۇ جايدىكى جەلقىنىڭ جۇڭگولۇق تۇڭگانلار

بىلەن بىرلىشىۋېلىشى تۇپەيلىدىن بۇ يالقۇن تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى. تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ھەرىكەت ۋاقىتىنچە بېسىلىپ قالدى. بىز ياقۇپ بەگ بىلەن تۇڭگانلار ئارىسىدا ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنى بايان قىلىپ ئۆتۈشتىن ئىلگىرى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىدا قايتا گۈللىنىش جەريانىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشىمىز لازىم. 1860 - يىلى جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ جايدىكى ئورنى قەشقەرىيىدىكىدىن كۆپ مۇستەھكەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە قاتتىق ماجىرا يۈز بەرگەن. شۇ يىللىرى بەزىلەر جۇڭگو گېنېراللىنى ئۆلتۈرۈش ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش سۇيىقەستىنى پىلانلىغان. لېكىن بۇ سۇيىقەست سېزىلىپ قالغان ۋە پۈتۈنلەي بېتچىت قىلىنغانىدى. ئىلىدا پەيدا بولغان نارازىلىقنىڭ سەۋەبى جەنۇبتىكى رايونلارنىڭكىدىن كۆپ بولۇشى ئېھتىمال. بۇ يەردىكى مەسىلە «خىتاي» لار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە بولماستىن، ئىشسىزلارغا ئىش بېرىشنى، باج - سېلىقنى كېمەيتىشنى ۋە ئىش ھەققى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ چۇقۇرۇشۋاتقان خەلق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەرنى ئورۇنداپ بېرەلمەيۋاتقان ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە ئىدى. ئىلى جياڭجۈن مالىيە جەھەتتە قاتمۇقات قىيىنچىلىققا بوغۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا قوللىنىدىغان ئۇسۇلىنى، يەنى، پۇلنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈش ۋە قەغەز پۇلنى بولۇشىچە كۆپ تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە ئۇ مۇشۇ يول بىلەن قىيىنچىلىقنى ئازايتىشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ چارىسى گويا كۆيۈۋاتقان ئوتقا ياغ چاچقاندەك رول ئوينىدى، خالاس. ئەھۋال بارغانسېرى يامانلىشىپ، يىغىشتۇرۇۋالغىنى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. خەلق جۇڭگولۇقلارنىڭ قوشنا ئۆلكىلەردە پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەيرەتلەندى - دە، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى؛ جۇڭ-

گو ئەمەلدارلىرى بولسا تەرەپ-تەرەپتىن سوقۇۋاتقان بۇ بوران-چاپقۇن ئىچىدە گاڭگىراپ قالدى. ئۇلار ئىلگىرى بىر مەزگىل تازا گۈللەنگەن ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ماختالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە خاراب بولۇپ چۈشكۈنلەشكەن بىر خىل تۈزۈمنىڭ ۋەكىلى ئىدى. بىزنىڭ ئۇلارغا سەل قارىمىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى پەقەت ئۇلاردا ئۆتمۈشتىكى باتۇرلۇقتىن ئىبارەت بىردىنبىر گۈزەل پەزىلەتنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىدىنلا ئىبارەت. جۇڭگولۇقلار شەرقىي تۈركىستاننى دەسلەپ بويسۇندۇرغان چاغدا، ئۇلار قەشقەردىن زور بىر تۈركۈم كۆچمەنلەرنى يۆتكەپ چىقىپ، ئىلىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇلار «تارانچى» دەپ ئاتالدى. ئۇلار ئىككى، ئۈچ ئەۋلادتىن كېيىن، كۆپىيىۋېرىپ ئاھالىسى كۆپ بىر جەمئىيەت تەشكىل قىلدى. ئۇلار كۆڭلىدە جۇڭگولۇقلاردىن زادىلا رازى ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا، ئەگەر ئىستېلاچىلار ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ بەرمىگەن بولسا، ئىسيان كۆتۈرۈش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمىگەن بولاتتى، جۇڭگولۇقلارنىڭ مالىيە جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ نارازىلىقىنى قورقۇنچلۇق دەرىجىگە يەتكۈزگەن، جۇڭغارىيىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تۇڭگانلارنىڭ غەلىبىسى ئەمەلىيلىكتە زەئىپلىشىپ قالغان بۇددىستلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئەسەبىيلىكنى ئۆرلىتىۋەتكەن چاغدا، ھېلىقى تارانچىلارمۇ ئارقىدا قالماي، ئۇنتۇپ قېلىشقا ئازلا قالغان ئۆچمەنلىكلىرىنى قايتىدىن ئۇرغۇتۇپ، تۇڭگانلار بىلەن ھۇجۇم-مۇداپىئە ئىتتىپاقى تۈزۈشتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ھەربىي قوشۇن ئۇيۇشتۇردى. ئەمما ئېلىشىش داۋامىدا، ئىلى جىياڭجۈننىڭ تەلىم-تەربىيە كۆرگەن قوشۇنلىرى سان جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ناھايىتى كۆپ بولغان قوزغىلاڭچىلار ئاممىسىنى يېڭىۋالدى. لېكىن بايانداي قور-

غىنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى، بۇ غەلىبە ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا تارتقان زىيىنىنى قاپلاپ ئاشاتتى. 1866 - يىل 1 - ئايدا ئىلى تەسلىم بولدى، بۇ يەردە تۇڭگان - تارانچى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بۇ چاغدا جۇڭگو گېنېرالى ئۆز ئوردىسىنىڭ ئاستىدىكى ئوق - دورا قويۇلغان لەخمىنى پارتلىتىپ، ئۆزىنى ۋە نۇرغۇن مەھرەملىرىنى بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلەر بىلەن بىللە تۈگەشتۈردى. تۇڭگانلار مەمۇرىي جەھەتتە پەيدىنپەي تارانچىلارنىڭ ئورنىغا ئۆتتى. 1871 - يىلى روسىيىلىكلەر كەلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى بەش يىللىق مۇستەقىللىق مەزگىلىدە، بۇ يەردە ئاسىيانىڭ مۇشۇ رايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان بەزىبىر جېدەل - ماجىرالار يۈز بېرىپ تۇردى. ئىلى بىلەن بولىدىغان سودا ئازىيىپ كەتتى. دېمەك، روسىيىنىڭ بۇ يەرگە ئارىلىشىشىدىكى چوڭ - چوڭ سەۋەبلەرمۇ بۇ يەرنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە يىللىق مۇستەقىللىق مەزگىلىدە يىغىلىپ قالغاندى.

1867 - يىلدىن باشلاپ، ياقۇپ بەگ جەنۇبىي ۋە غەربىي تەرەپلەردىن كېلىدىغان تاجاۋۇزنىڭ خەۋپىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي تەرەپلىرىدە ئۆزئارا تۇتاشمايدىغان، ئەمما ئىتتىپاق تۈزگەن تۇڭگان دۆلىتىگە تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، تۇڭگانلار بىلەن ئاقسۇ ۋە كۇچادىكى خوجىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك ئاشكارىلاندى. كىشىلەرنىڭ ئومۇمەن پەرەز قىلىشىچە، ئۇلار 1865 - يىلدىكى ئاپەت خاراكتېرلىك ئۇرۇشتىن ھوشىغا كەلگەن ھامان، قوقەنلىك تەۋەككۈلچىلەرنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىشقا يەنە تىرىشىشى مۇمكىن. ئۇلار بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان جۇڭگولۇقلار ئۈستىدىن غە-

www.uyghurkitap.com

لىبە قىلىشقا موھتاج، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن قورقىدىغانلىقىمۇ ناھايىتى ئېنىق. ئەمما تۇڭگانلار بولسۇن ياكى ئاتىلىق غازى بولسۇن، ئۇلار مۇشۇ ئەمەلىي پاكىتقا قىلچىمۇ پەرۋا قىلمايتتى. ئەگەر ئاتىلىق غازى ئۈچۈن بىر ئېغىز خالىس گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە، بىز شۇنى جەزمەن ئېيتىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، تۇڭگانلار ئەسلىدە تاجاۋۇزچىلار، شۇنىڭدەك ئۇلار ئاتىلىق غازىغا نىسبەتەن ئەزەلدىنلا دوستانە پوزىتسىيە تۇتمىغان. دەرۋەقە ئۇ ئاشۇنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن بىر خىل دوستانە كېلىشىم ھاسىل قىلىش يولىدا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەكلىپى ئېتىبارغا ئېلىنمىغانىدى. بۇ شەھەردىكى خوجىلار بىلەن تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ بۇ يېڭى كەلداخۇن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەت قىلىشمىدى. ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى بىر مەزگىل سىناشتى. ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ئاۋۋال ئىش باشلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ياقۇپ بەگ دەسلەپتە قەشقەردە پەيدا بولغاندا، تۇڭگانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇمىدا ئۇنىڭ كۈچىنىڭ سالمىقىنى دەڭسەپ كۆرگەنىدى. شۇڭا ياقۇپ بەگ ناھايىتى كۈچلۈك ۋە ئىنتىزاملاشقان قوشۇن بىلەن ئۇلارغا زەربە بېرىدىغان چاغدا، ئۇلار ئۆتمۈشتىكى ھېلىقى زەربىنىڭ تەمىنى يەنە بىر قېتىم تېتىپ كۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە، ياقۇپ بەگ ئۆز چېگرىسى ئىچىدىكى تەرتىپنى ساقلاپ قالالىسىلا، شەرق تەرەپتىن تاجاۋۇزغا ئۇچراش خەۋپىدىن خالىي بولالايتتى. ئۇنىڭ شىمالغا جايلاشقان ئىلىدىكى تۇڭگانلار ئۇنىڭ دۆلىتىگە ئانچە ئۆچمەنلىك قىلىپمۇ كەتمىدى. ناھايەت. تۇڭگانلار تەرەپتىن ھېچقانداق ھۇجۇمغا ئۇچراش خەۋپى بولمىغانىكەن، ياقۇپ بەگنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە ئەلۋەتتە ئاساسى بار ئىدى.

ئۆز دۆلىتىنىڭ چېگرىسىدا دۈشمەن بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەقىقەتەنمۇ باش ئاغرىتىدىغان ئىش، لېكىن ئۆزى ئىنتايىن مۇستەھكەم مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، مۇداپىئەدىن ۋاز كېچىپ ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ پايدىسىز شارائىتتا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق ئىدى. ھەققانىيەت جەھەتتە زادىلا كەچۈرۈشكە بولمايدىغان، سىياسىي جەھەتتە پەقەت زۆرۈرىيىتى يوق ھۇجۇمنى زۆرۈر ئىدى دەپ تۇرۇۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئاقسۇ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى مارالبېشىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ئارقىسىدا تۈگەپ كەتكەنىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە تىنچلىقنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، قەشقەردىن ئاقسۇغا بارىدىغان سودا يولىنىڭ يېڭىباشتىن ئەسلىگە كېلىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. لېكىن تۇڭگانلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە چىداپ يول قويۇدىغان بۇنداق تەدبىرگە ئاتىلىق غازى ھەرگىزمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. دەرۋەقە، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئەيىبلىگىلى بولمايدىغان يېرىمۇ يوق ئەمەس، ياقۇپ بەگكە ئوخشاش مۇنداق تەقۋادار ۋە ۋۇجۇدىدا كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان سۈننىي مەزھىپىنىڭ بۇ مۇرىدى خۇددى كاپىرلاردىن بىزار بولغاندەك، ئۇلاردىن بىزار ئىدى. ياقۇپ بەگ ئاقسۇ خوجىلىرى بىلەن تۇڭگان ھۆكۈمرانلىرىغا ئۆكتەملىك بىلەن ئومۇمىي پەرمان چىقاردى، ئۇلار جاھىللىق بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ بۇ پەرماننى رەت قىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ قوشۇن توپلاپ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە كىرىشتى. ئۇ تۇڭگانلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى ئىسلامىيەت بىلەن تازا بىردەك ئەمەس دەپ ئەيىبلىدى ۋە تەقۋادار سۈننىلەردىن بۇ جاھىل خەلقنىڭ ئۆز مەزھىپىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ياقۇپ بەگ بۇنداق يېرىم دىنىي خاراكتېرلىك ئامىلنى مەسىلىنىڭ

ئىچىگە ئېلىپ كىرگەننىڭ سىرتىدا، يەنە كۇچانىڭ كەڭ زېمىنىغا ئىگىلىك ھوقۇقى تەلىپىنى قويۇپ، بۇ جايلارنى ئەسلىدىن خوجىلار خانلىقىغا تەۋە قەدىمكى زېمىنىنىڭ بىر قىسمى دېدى.

1867 - يىلى ئەتىيازدا ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئەگىپ يۈرگەن خەۋپ ئۇشتۇمتۇت تۇڭگانلارنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئۇلار قورقۇپ مەگدەپ قالدى. ئاقسۇ مەيلى يەر شارائىتى جەھەتتە بولسۇن، ياكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى جەھەتتە بولسۇن، ناھايىتى مۇستەھكەم بىر جاي ئىدى. ئەمما ياقۇپ بەگ ئۇ يەرنى ئانچە ئۇزاق قارشىلىققا ئۇچرىمايلا ئالدى ۋە شىددەت بىلەن كۇچاغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇ يەردە ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن تۇڭگانلار ئۆزلىرىنى سەل - پەل ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، تۇرپاندىن كەلگەن ياردەمچى قوشۇن بىلەن بىرلىكتە خېلى مۇستەھكەم سەپ تۈزۈپ، جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. كۇچا ھۆكۈمرانلىرى ئەسلىدە جۇڭگولۇقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە مەلۇم بىر ئەۋلىيانىڭ خاتىرىسىگە ئاتاپ سېلىنغان مازارنىڭ مۇتەۋەللىسى بولغان خوجىلاردىن ئىدى. بۇ يەردە ماجىرا يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار مازارنى تاشلاپ دىۋانىغا كىردى، ئەۋلىيا - ماشايىخلارغا قىلىۋاتقان دۇئا - تىلاۋەتلىرىنى تەرك ئېتىپلا، ئەمىر - پەرمان چۈشۈرۈپ خەلقنى ئىدارە قىلىدىغان مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۆتەشكە كىرىشتى. بىزنىڭ نەزەرىمىزدە، ئۇلارنىڭ ئۆز نامىغا نۇقسان يەتكۈزگەن ئىشى شۇكى، ئۇلار «خىتاي» لارنى قىرغىن قىلغاندا ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇلار ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، ئاۋامغا گويا خېلى رەھىم - شەپقەت كۆرسەتكەندەك بولدى. ئۇلار جۇڭگولۇقلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن تارتىپ ياقۇپ بەگ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگىچە بولغان

قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ھېچقانداق ئىش قىلماي تۇرۇپلا پۇقرالارنىڭ ماختىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ پايتەختىدىن 500 نەچچە مىل يىراقلىقتىكى كۇچادا ۋە باشقا يەرلەردە دۈش-
مەنگە دۇچ كەلدى، تۇڭگانلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قىلغان قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇ ئاقسۇغا يول ئېلىشتىن ئىلگىرى، يې-
ڭىدىن ھەربىي سەپكە ئېلىنغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن، بەزى ئوفىتسېرلىرىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. شۇنىڭدەك ھېلىقى شۇبھىلىك چارىسىنى يەنە ئىشقا سېلىپ، ئاقسۇدا ئەسىر-
گە ئېلىنغان نۇرغۇن تۇڭگانلارنى ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا قوشتى. ئۇ كۇچاغا يېتىپ بارغاندا، ياردەمچى قوشۇن تېخى كەلمىگەنلىكتىن، شەھەرگە كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىيالماي تۇرۇپ قالدى. ياقۇپ بەگ ۋە ئۇنىڭ بەزى ئېھتىياتچان ئەمەلدارلىرى مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، شەھەردىكى تۇڭگانلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئەمما تۇڭگانلار ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى ياكى ئاتلىق غازىنىڭ سەممىيىتىگە ئىشەنمىدى بولغاي، زۆرۈرىيىتى يوق دەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلدى. ئۇلار ياقۇپ بەگ بۇ يەرگە تاجاۋۇز قىلدى ۋە ئاقسۇنى يۇتۇۋالدى دەيتتى؛ ئۇلارنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ ئالدىغا قويغان بىردىنبىر شەرتى ئۆز قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىش ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئېغىر بېسىق ۋە ئېھتىياتچان كىشىلەرنىڭ ھەممە تىرىشچانلىقى ئۈنۈم بەرمىدى. ئاخىر ھەرقايسى تەرەپ تۇڭگانلارمۇ، قەشقەرلىكلەرمۇ قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ، يېڭىدىن قوشۇن توپلاشقا كىرىشتى. ئۇلار بىرقانچە ھەپتىگىچە تىركى-
شىپ تۇرۇشتى، بىر تەرەپ شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاقسۇدىن كېلىدىغان چوڭ يول ياقىسىغا جايلاشقان كىچىك تاغقا چىقىۋال-

غان: يەنە بىر تەرەپ شەھەر ئەتراپىدىكى ئىستىھكاملارغا ئو-
رۇنلاشقانىدى. تۇڭگانلارنىڭ ئەسكەرلىرى سان جەھەتتە كۆپ بول-
سىمۇ، ئەمما ياقۇپ بەگنىڭ قوشۇنى ئاساسى كۈچىنىڭ سۈپىتىنىڭ
ياخشىلىقى، قورال-ياراقلىرىنىڭ خىللىقى، ئوفىتسېرلىرىنىڭ تەجرى-
بىلىكى بىلەن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى-
نىڭ يادروسى ئافغان، قوقەن ۋە بەدەخشان قىسىملىرىدىن تەشكىل
قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئالدىنقى ئىككى يىللىق ئۇرۇشنى
بېشىدىن كەچۈرگەن كونا ئەسكەرلەر ئىدى. تۇڭگانلارنىڭ ئىچى-
دە بولسا باشپاناسىز جۇڭگولۇقلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىللار، ئاق-سۇ
ياكى يېڭىسارىدىن قېچىپ چىققانلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قورال-
ياراقلىرى كەم، تەشكىلىنىڭ تايىنى يوق بولغانىنىڭ ئۈستىگە قا-
بىلىيەتلىك يولباشچىسىمۇ يوق ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلارغا
ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى ئايدىڭ ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر
كۆڭلىدە ياقۇپ بەگكە ئۆز باشلىقلىرىدىنمۇ بەكرەك ھېسداشلىق
قىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەردىكى قوشۇنلىرى بىر قاتار
شانلىق ئۇرۇش نەتىجىلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي
تەسىرىنى ئۇرۇش ۋاسىتىسى ئارقىلىق كېڭەيتىشكە تەشنا ئىدى.
ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە كۇچادەك مۇنداق باياشات بىر شەھەرنى
بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ يانلىرىنى تولدۇرۇۋالىدىغان تازا ئوبدان
پۇرسەت تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار ياردەمچى قوشۇننىڭ يېتىپ كې-
لىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى
بەزى قىزىققانلىق كىشىلەر تېخى قىلچە ئىككىلەنمەستىن، دۈش-
مەننى قىرىش ئۈچۈن سەپكە ئاتلىنىشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ
قىلىشاتتى. ياقۇپ بەگ ئىنتايىن ئېھتىياتچان ئادەم بولغاچقا،
قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ دەي-دەيگە سېلىشى بىلەن ئالدى-
راپ ئىشقا تۇتۇش قىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ياردەمچى قو-
شۇن مۆلچەردىن تېز يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ياقۇپ بەگ

www.uyghurkitap.com

ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالىتىنى مۇۋاپىق چەك ئىچىدە ساقلاپ قالالىغاندىن تاشقىرى، ئاتاكىنى ئەسلىدىكى مول- چەرلەنگەن كۈندىن بۇرۇنراق باشلاشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. تۇڭگانلارنىڭ تائامانلىرى ياقۇپ بەگنىڭ جەم يېتىۋالغانلىقىغا ئالدىنىپ قېلىپ، ئۇنى ئەمدى تەۋەككۈلچىلىك قىلالمايدىغان بولدى، دەپ ھېسابلاپ، يېنىكلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇ- لار بىرقانچە قېتىملىق كىچىك ئۇرۇشۇشتىلا مەغلۇپ بولدى. شۇ- نىڭ بىلەن، تۇڭگان قىسىملىرى شەھەر ئىچىگە قېچىپ كىرىۋال- دى، ئارقىدىنلا قاتتىق قورشاۋ ئىچىدە قالدى. كۈچىنى ساقلاۋات- قانلارنىڭ سانى ئاز بولغاچقا، ئۇلار كۈچىنىڭ شەھەر ئەتراپى- دىكى كەڭ رايونلارنى ۋە نۇرغۇن مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قوغ- داشقا، شۇنداقتەك قەدىمدىن بۇيان ئۆز ئورنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قورغان-سېپىللىرىنى ساقلاشقا مۇۋاپىق ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتالمىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتەر-ئۆتمەي، ياقۇپ بەگ مۇداپىئەچىلەرنىڭ دىققەت بىر قىسىم ئىستىھكاملارنىلا مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بىرنەچچە ئىستىھكامنىڭ مۇداپىئەسىز تاشلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىۋالدى. شۇڭا ئۇ شەھەرنى ئومۇمىي ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىشغال قىلىپ، قورشاۋنى ئاخىر- لاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى. ياقۇپ بەگ بارلىق ئەسكىرىنى كۆ- چىنى توپلاپ، شەھەرگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى، لېكىن تۇڭگانلار جانپىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇنىڭ بىۋاستە قىلغان ھۇجۇملىرىنىڭ ھەممىسى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ يوققا چىقتى. ئۇ شەھەرگە ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوغلى قۇت قۇلى بەگكە تاپشۇردى. ئەمدى كۇچاغا قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بو- لۇشى پۈتۈنلەي مۇشۇ ئىشقا باغلىق بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئىش- نى ئورۇنلاشقا ماڭغان قوشۇننىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنلىكى

ۋە قوماندانىنىڭ باتۇرلۇقى ئارقىسىدا، بۇ ئىش ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى. ياقۇپ بەگنىڭ كارامەت ئىستىقبالىلىق، ئاران 20 نەچچە ياشلىق بۇ ئوغلى گەرچە شەھەرگە قىلغان ھۇجۇمدا ئۆلگەن بولسىمۇ، ئەمما كۇچا ئاخىر ئىشغال قىلىندى. مۇشۇ غەلىبە ئۈچۈن، ئېھتىمال، ئانچە كۆپ بەدەل بېرىلمىگەن بولسا كېرەك. تۇڭگانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە زەربە بېرىلگەچكە، ئۇلارنىڭ تەھدىتى ئەمدى قورقۇنچلۇق بولماي قالدى. قەشقەر بۇ ئۇنۇملۇك ھالدا قوغدىلىپ قالدى. تۇڭگان شەھەرلىرى ئارىسىدىكى ھەرقانداق ئىتتىپاقمۇ ئەمدى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ياقۇپ بەگ كۇچادا ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى زېرەكلىكى بىلەن غەلىبىسىنى ئىلگىرىلىمەكچى بولغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت بازىسىدىن بەك يىراق جايلارغا بېرىپ كەڭ كۆلەملىك جەڭ قىلىشقا ئىمكان بەرگۈدەك دەرىجىدە يېتىلمىگەنىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنى ئۆزىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆز زېمىنىنىڭ يەنە بىر قىسمىغا قارىتىشقا مەجبۇر قىلىدىغان يەنە بىر سەۋەبمۇ يۈز بەردى. يەنى رۇسلار قوقەن ۋە ئالموتا رايونلىرىدىن غۇلجىنىڭ غەربىدىكى جايلارغا تېز ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى.

ناھايىتى روشەنكى، ئېھتىيات يۈزىسىدىن تېزلىكتە قايتىپ كېتىش زۆرۈر ئىدى. مۇندىن قازىنىدىغان غەلىبىلەردىن ۋاقىتىنچە ۋاز كېچىشكە توغرا كەلدى. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ غەربىي زېمىنىدىكى ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن قايتىپ كېتىش ئالدىدا، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكۈمەت-تەۋەززۇ بىلەن ئېلىپ كەلگەن تەسلىمنامىسىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇ بۇ قېتىمقى شانلىق جەڭدىن كېيىن، كۇچا ئارقىلىق ئاقسۇغا ئالدىرىماي چېكىندى. ئاندىن تاغلىق رايونلارغا بۇرۇلۇپ، ئالدىنقى قېتىملىق يۈرۈشتە

نەزەردىن چۈشۈپ قالغان ئۈچتۇرپاننى ئىستىلا قىلدى؛ ياقۇپ بەگ بۇ ئورۇننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىلىدىكى تۇڭگانلار ئۆز ئىمپېرىيىسىنى تۇڭگانلار دۆلىتى بىلەن بىۋاسىتە تۇتاشتۇرغان بۇ كىشى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ ۋەقەلەر 1867 - يىلى يۈز بەردى. شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر توغرىلىق ئەنگلىيىدە بەزىبىر مىش - مىش گەپلەر پات - پات تارقىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئاسانلىقچە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئاشۇ ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پۈتۈن دۇنيا ۋە ھەتتا روسىيىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشمىگەنىدى. ئەمما بىرىنچى قېتىملىق تۇڭگان يېغىلىقىنىڭ ئاياغلىشىشى بىلەن يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇ دۆلەتنىڭ چېگرىسى كۇچاغىچە كېڭەيدى. بىز كېيىنكى باپتا روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستېلا قىلىش داۋامىدا، يېڭىدىن تىزۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئىتتىپاق ھەققىدە ئېنىق، توغرا بىر چۈشەنچىگە ئېرىشىش نىيىتىدە ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرىمىز.

چەت ئەللىكلەرنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرىكىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، نازارەت قىلىشقا باشلىغانلىقى، ئۇنىڭ تا بۈگۈنگە قەدەر چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان باشباشتاقلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراتتى. شۇڭا كۇچانى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۇرپانغا قەدەر بولغان جايلار 1871 - يىلدىن 73 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكىدەك چوڭ بالايىئاپەتلەردىن ئازراق بولسىمۇ ساقلىنىپ قالدى. ياقۇپ بەگنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىبىلىك ھەربىي يۈرۈشتە ئاقسۇ، كۇچا، ئۈچتۇرپاندىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم شەھەرنى بېسىۋېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن چېغىدا، بۇ دۆلەتكە روسىيىدىن كېلىدىغان خەۋپنىڭ تەھدىتى بىر مەھەل تۈگىگەندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىيەت مېۋىسىنى مۇستەھكەملەشكە كى-



uyghurkitap.com

رىشىپ كەتتى، ئاقسۇ ۋە كۇچادا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى ياسات-
تى، قوقەنگە ۋە غۇلجىغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى تاغ ئېغىز-
لىرىغا ھەر خىل تىپتىكى كىچىك-كىچىك قەلئەلەر سالدۇردى.
ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە دۆلىتىنىڭ ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش،
چەت ئەل تاجاۋۇزىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆ-
چى يېتىدىغان دائىرىدە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قول-
لانغاچقا، دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى نارازىلىق سادالىرى ئاتلىق غازى-
نىڭ غەلىبە تەنتەنىسى ئىچىدە ۋاقتىنچە جىمىقىپ قالغاندەك كۆ-
رۈنەتتى. ياقۇپ بەگ ھەقىقەتەنمۇ بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى
قولغا كەلتۈردى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن خېلى قانائەت-
لىنەتتى. جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە قۇدرەتلىك
بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش، مەلۇم بىر خىل مۇقىم ھاكىمىيەت
شەكلى ئارقىلىق بەزىبىر ماجىراچى ئېرقلارنى ۋە بىر-بىرىگە
دۈشمەن بولۇپ كېتىشكەن دىنىي مەزھەپلەرنى ئۆزئارا ئىتتىپاق-
لاشتۇرۇشنى ئانچە كىچىك مۇۋەپپەقىيەت دېگىلى بولمايتتى. دې-
مەك، مۇشۇ بارلىق شان-شەرەپلەر، ئەلۋەتتە، ھېچبىر شەك-شۈب-
ھىسىز ياقۇپ بەگكە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ئەگەر ياقۇپ بەگ
بولمىغان بولسا، شەرقىي تۈركىستاندا تاكى رۇسلار ياكى جۇڭگولۇقلار
ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىناۋەتلىك بىر ھۆكۈمەت قۇرغانغا قەدەر
بۇ يەر داۋاملىق قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرغان بولاتتى؛ ئە-
گەر ياقۇپ بەگ بولمىغان بولسا، قەشقەرىيە پۈتۈنلەي ئۈمىد-
سىزلىك ئىچىدە قالايمىقان بولۇپ كېتەتتى-دە، روسىيىنىڭ
غەلىبىسى ئۈچۈن تازا ئوڭشاي شارائىت تۇغۇلغان بولاتتى.
ياقۇپ بەگ قايتىپ كېلىپ، قەشقەرنىڭ ئانچە ئېغىر تەھدىتكە
ئۇچرىمىغانلىقىنى بىلگىنىدە، ئۆزىنىڭ تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش-
نى تېخىمۇ چوڭ كۈچ بىلەن ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرمىغانلىقىدىن
قاتتىق ئەپسۇسلاندى. ئۇ ئۈزۈلۈپ قالغان تۇڭگانلارغا قارشى

ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەقەززالىق بىلەن سەۋەب ئىزدەۋاـ
تاتتى. شۇ مەزگىلدە ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ بەدەخشان ۋە چىتـ
رالغا قاراشلىق تاغلىق رايونلاردىكى زېمىنىغا قول سوزۇپ، يىـ
قېتىملىق كىچىكرەك ئۇرۇش قوزغىدى. بەدەخشان قوشۇنلىرى قەشـ
قەرىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىنغاندىن تارتىپ سىرىقۇل ياقۇپ بەگـ
كە مەلۇم دەرىجىدە بويسۇنغانىدى. لېكىن ياقۇپ بەگ ئىنچىل
قوللاپ كەلگەن بۇ كىشىلەر 1868-يىلى قوزغىلىپ ئاسىيلىق
قىلدى، بۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار يەنە سانجۇغا ۋە يەركەنگە يېـ
قىن جايلارغا بىرقانچە قېتىم ئۇدا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق
قىلدى. ياقۇپ بەگ ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن دەرھال ئازراق
ئەسكەر ئەۋەتتى ۋە تاغ زەمبىرەكلىرى بىلەن ئاز ساندىكى خىل
ئاتلىق ئەسكەرلەرگە تايىنىپ، ئاز تالاپەت بېرىش بەدىلىگە بۇ
يەردىكى توپىلاڭچىلارنىڭ بارلىق قارشىلىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
ھالدا يېڭىپ غەلىبە قازاندى. 1869-يىلى فېۋرالدا، ئۇ بىر
قاتار مۆتىدىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، بۇ
يەرنى ئۆزىگە رەسمىي قوشۇۋالدى ۋە بۇ يەردىكى خەلقنى يەرـ
كەنگە كۆچۈرۈۋېتىپ، قىرغىز چارۋىچىلار بىلەن يەركەنلىكلەرنى
بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ دىققەت نەزەرىنى
شەرقىي تەرەپكە يېڭىباشتىن قارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.
شۇنىڭ بىلەن، 1869-يىلى تۇڭگانلارغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى
ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تاكى جۇڭگولۇقلار
يېڭىباشتىن ئوتتۇرىغا چىققانغا قەدەر داۋاملىشىپ، ئاندىن ئاـ
ياغلاشتى. ياقۇپ بەگنىڭ تۇڭگانلارغا يېڭىباشتىن قارشى ھەرىـ
كەت قوزغىغانلىقى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ داغ بولۇپ
قالدى. 1867-يىلى ئۇ تۇڭگانلارغا خېلى زور كۈچ بىلەن
تەككەن چاغدا، تۇڭگانلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ تېخى پاچاقلاپ
تاشلانمىغانلىقى ياقۇپ بەگنىڭ تۇيۇقسىز ھەرىكەت قوزغىشىغا



www.uyghurkitap.com

ئەپچىل سەۋەب بولۇپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن 1869-يىلى ئۇلار كورلىغا سۈرۈپ تاشلانغان، كېيىن ئۇلار گەرچە سودا كارۋانلىرىنى بۇلايدىغان، ساياھەتچىلەرنى پاراكەندە قىلىدىغان جېدەلكەش قوشنا بولسىمۇ، ياقۇپ بەگنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئۇلارغا قارشى قوزغىغان بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشىنى، بولۇپمۇ بۇ ئۇرۇشلاردا ئۇنىڭ ئۆزى ۋە قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ ئىنتايىن رەھىمسىز ۋاستىلەرنى قوللانغانلىقىنى ھەقلىق دەپ قاراش ھەر ھالدا ناھايىتى قىيىن. ياقۇپ بەگنىڭ مۇددىئاسى ھەرقانچە ئەرزىمەس بولسۇن، ئۇنىڭ تۇڭگانلارغا قارشى قوزغىغان «ئەھلى سەلب» ① ئۇرۇشى ئىنتايىن ئۇسال نەتىجە بىلەن ئاياغلاشقان بولسۇن، لېكىن ئۇنىڭ بۇ جېدەلكەش قوشنىسىغا قارشى ئىنتايىن كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقا ئەپچىل سەۋەب تاپمىقى قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى. 1869-يىلى كۈزدە، ئۇنىڭ غالىب قوشۇنى كورلىنى ئېلىۋالدى، ئۇ ئەمدى بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ھۇجۇم نىشانىسىنى تىيانشاندىن باشلىنىپ جۇڭغارىيىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تېكەس ۋە يۇلتۇز دەريالىرى ۋادىسىغا قارىتىدىغاندەك قىلاتتى. بۇ ئىش رۇسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويدى ۋە ئۇلارنىڭ غۇلجىنى ئېلىۋېلىشىغا ناھايىتى ئاسان بىر باھانە تېپىپ بەردى. بۇ رايوندا بۇرۇن تۇڭگانلار بىلەن تارانچىلار ئوتتۇرىسىدا ماجىرا يۈز بەرگەنىدى. ئەگەر ياقۇپ بەگ توختىماي ئىلگىرىلەۋەرگەن بولسا، غۇلجىنى ئاسانلا ئالاتتى. ئەمما رۇسلار 1871-يىلى غۇلجىنى ئېلىۋالدى. ئۇ-

① ئەھلى سەلب — ئەرەبچە «كرېستلىق قوشۇن» ياكى «كرېست ئارمىيىسى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاپتور بۇ يەردە ياقۇپبەگنىڭ تۇڭگانلارغا قارشى قوزغىغان ئۇرۇشىنى ئىستېھزا بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردە رىم پاپىسىنىڭ پىلانلىشىدا ياۋروپا دۆلەتلىرى خرىستىيانلاردىن تەشكىللىگەن كرېست ئارمىيىسى تەرىپىدىن پەلەستىندىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشقا ئوخشاتقان — مۇھەررىردىن.

لار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشىنى تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە
غۇلجىنى ياقۇپ بەگنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈ-
چۈن، دەپ ئىزاھلىدى. ئۇلار: بىز غۇلجىنى جۇڭگولۇقلار ئۈ-
چۈن ساقلاپ بېرىۋاتىمىز، بۇ يەرنىڭ قانۇنىي ئىگىلىرى قايتىپ
كېلىپ ئۇنى مەڭگۈلۈك قولىغا ئالغاندا، بۇ يەرنى ئۇلارغا ئۆت-
كۈزۈپ بېرىمىز، دېيىشتى. ياقۇپ بەگ چوڭ بىر تارماق قوشۇن-
نى تىيانشان رايونىغا كىرگۈزگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئاساسىي قو-
شۇنلىرى قاراشەھەر ۋە تۇرپاندا كەسكىن جەڭ قىلىۋاتاتتى، ياقۇپ
بەگ جەڭگە ھەمىشە ئۆزى چۈشۈۋالمايتتى، ئۇنىڭ بەگ، قۇلى بەگ،
ھەققۇلى بەگ دېگەن ئىككى ئوغلى بالاغەتكە يېتىپ قالغان بو-
لۇپ، بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۇلار پېشقەدەم بەگلەرنىڭ
ياردىمى بىلەن تۇرپان ۋە قۇمۇلدىكى تۇڭگان ھۆكۈمرانلىرى ئۈس-
تىدىنمۇ غەلىبە قىلدى. ھەتتا تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى
ۋە ماناسنىڭ بەگ - خانلىرىمۇ دۈشمەننىڭ بۇ قەھرىمان، جەسۇر
قوشۇنىنى توسۇپ قالالمىدى، بۇ شانلىق ھەربىي مۇۋەپپەقىيەت-
لەر ئۇلارنىڭ تەلۋىلەرچە، بۇزغۇنچىلىقلىرى ۋە بۇ جايدىكى
خەلققە قىلغان ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقلىرى تەرىپىدىن بۇلغىنىپ
كەتتى. بۇ ئەخمىقانە ھەرىكەتلەر جۇڭگولۇقلار ھۇجۇم قىلىپ
كىرگەن ھالقىلىق پەيتتە، مۇشۇ ۋەھشىلىك قىلغانلار ئۈچۈن ئە-
جەللىك زەربە بولۇپ ئۆزلىرىگە قايتقاندىلا ئىسپاتلىناتتى. ئۇلار-
نىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرى تاكى 1873 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر
داۋام قىلدى. دېمەك، ياقۇپ بەگ خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈر-
گەن ۋە ئۆز زېمىنىدىن تولىمۇ يىراق جايدا ئېلىپ بارغان بۇ
ئۇرۇشتا ھېچقانچە پايدا ئالالمىغان ئىدى. ئاتىلىق غازىنىڭ قو-
شۇنى تۇڭگانلارنىڭ ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇلدىكى ئاتامانلىرىنى بىر-
قانچە قېتىم يەڭگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇڭگانلارنىڭ شەھەرلىرى-
نى زادىلا ئالالمىدى. شۇڭا كۇچادىن تاكى لوپنۇرنىڭ شىمال-

غىچە بولغان رايونلار ئادەمسىز قاقاس چۆلگە ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالدى. چىقتىم تۇرپان بىلەن قۇمۇل ئارىلىقىغا جايلاشقان كىچىك بىر قورغان بولۇپ، قەشقەرىيە قوشۇنى مۇشۇ يەرگىچىلىك ئىچكىرىلەپ كېلەلىگەنىدى. ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە قومۇلدىكى ئېسىلزادىلەر جەمەتلىرى تۇرپان قولدىن كەتكەن چاغدا ئاساسەن يوقىتىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ شەھەرلەردىكى ئورنى تۇڭگان گېنېراللىرى (ئەمەلدارلىرى) ۋە تەۋەككۈلچىلەر تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى. تۇڭگانلار «جۇڭگولۇقلار جۇڭغارىيىگە ھۇجۇم قىلىدىكەن» دېگەن مىش-مىش پاراڭنى ئاڭلىشى بىلەنلا گەنسۇدىن غەربكە چېكىنىپ چىققانىدى.

تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ ياقۇپ بەگنىڭ تەلىم-تەربىيە كۆرگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆز تۇغى ئاستىغا توپلىنىۋېلىشىدا پايدىلىق رول ئوينىغانىدى. ئەمما كىشىلەرگە مەلۇمكى، بۇ رايوندا يىللاپ-يىللاپ ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ئۇرۇش ئاپىتى دەستىدە خەلق گادايلىشىپ، بايلىق تۈگەپ كەتتى. بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە مۇكاپات ئېلىش پۇرسىتى كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقان بىرچاغدا، تۈركىستان ۋە ئۇنىڭغا قېشنا يەرلەردە ياشايدىغان بەزى چىداملىق قەبىلىلەرنىڭ ئاھالىسى ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا كىرىشكە ئانچە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى. يېنىكرەك ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلەنگەن ۋە ئاسىيادىكى باشقا خانلارنىڭ ئاسارىتىدىن خالىي ھالدا ئەركىن ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان چارۋىچىلار ۋە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەن قىسىملار ئۈچۈن ئېيتقاندا، قاتتىق ئىنتىزامغا بويسۇنۇش بىر خىل زېرىكەرلىك ئىش ئىدى. ياقۇپ بەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئۇنىڭ قوشۇنىدىن قاچىدىغانلار بەك كۆپىيىپ كەتكەن، قوشۇنىغا يېڭى ئەسكەر ئېلىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئىستېلا

قىلىنغانلارنى ئىستېلاچىنىڭ قوشۇنىغا كىرگۈزۈشتەك ئىنتايىن ئۇتۇقلۇق بولغان كېنا چارە ئەمدى كارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئىستېلا قىلىنغۇچىلارنىڭ بىرسىنىمۇ تىرىك قويماي پاك-پاكىز قىرىپ تاشلاش ئەينى زاماندا بىر خىل ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار ۋە باشقا ئاھالىلەر دۆلەتنى ئەسكىرىي مەنبە بىلەن تولۇق تەمىنلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئاتلىق غازىنىڭ ئەڭ زور پۇقرالىرىدىن بولۇپ قالىدىغان تۇڭگانلارغا كەلگەندە ئاق-قارا دەپ پەرق ئېتىلمەستىن، ئۇلار رەھىمسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق زورمۇ زور تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ قوشۇنى ئەسكەرنىڭ ئازلىقىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. كىشىلەر تاكى ھالقىلىق پەيت يېتىپ كەلگەن چاغدىلا ياقۇپ بەگ قوشۇنىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالدى. گەرچە بارلىق چارىلەر بىلەن ئافغانلار، بەدەخشانلىقلار ۋە ھەتتا ھىندىلارنى قىزىقتۇرۇپ ئەسكەرلىككە ئالغان ۋە بۇ كىشىلەردىن قوشۇننىڭ ئىشەنچلىك ۋە ئۈنۈملۈك ئەسكىرىي يادروسىنى تەشكىللىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قۇدرەتلىك بىر ئارمىيە قىلىپ قۇراشتۇرۇپ چىقىشقا تېخىمۇ كەملىك قىلاتتى. شۇڭا بىر بۇ ئەمەلىي پاكىتلارغا ئاساسەن، ياقۇپ بەگنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى گەۋدىلىك ئەڭ چوڭ خاتالىقى دەپ قاراشقا پۈتۈنلەي ھەقلىقمىز. ئۇ كۇچانى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ قىممەتلىك بىر غەنىمەتكە ئىگە بولغان، قەشقەرىيىنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلانغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا چۈشۈرگەن؛ ئاقسۇ، كۇچادىن ئىبارەت چوڭ شەھەرلەرنى بېسىۋالغاچقا، ئۇنىڭ دۆلىتى ئۈنۈملۈك مۇداپىئەگە ئېرىشكەنىدى؛ ئۇنىڭ باج كىرىمىمۇ كۆپتىكەندەك ئاشقانىدى. ئەمدى ئۇ ھەقلىق يوسۇندا:

مەن ھەربىي قۇدرەت جەھەتتە ئالدىنقىلاردىن كۆپ ئېشىپ كەت-
تىم، دەپ قورقماي ئېيتالايتتى. ئەگەر ئۇ ئەقىللىق بولغان بول-
سا، دىققەت-ئېتىبارىنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا قاراتسا بولات-
تى. بۇنداق قىلغاندا، ئۇ ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىشتىلا ئە-
مەس، بەلكى پۇقرالارنى باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ ئالدىنقى خان-
خوجىلاردىن كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇپ تونۇلاتتى. ئەگەر ئۇ تۇڭ-
گانلارغا قارشى قېنى-قېنىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئۆچمەنلى-
كىنى جاھىللىق بىلەن ئاداققىچە داۋام قىلدۇرۇشتىن ۋاز كەچ-
كەن بولسا، ئۆزىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن ئېنىق دوستانە ئۆتەل-
گەن بولاتتى. ئۇلارنىڭمۇ ياقۇپ بەگكە ئانچە بەك زىيان سال-
ماسلىقى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق تەمكىن سىياسەتنىڭ پايدىسى
كېيىنكى چاغلاردا جۇڭگولۇقلار كېلىپ تۇڭگانلارنى جازالىغان
چاغدا روشەن بىلىنەتتى. تۇڭگانلار جۇڭگولۇقلارغا قارشىلىق
كۆرسىتىپ، ماناس ۋە ئۈرۈمچىنى قەتئىي مۇداپىئە قىلىپلا قال-
ماستىن، بەلكى تۇرپانغا چېكىنىپ، بۇ شەھەرنى ۋە ئۇنىڭ ئەت-
راپىدىكى جايلارنى، شۇنىڭدەك قاراشەھەر ۋە كورلىنى ئۇزۇن
مۇددەت ساقلاپ گېنېرال جىن شۈنىنىڭ ئالدىنى توسقان بولات-
تى. ياقۇپ بەگ بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تېخى ئۇرۇشقا سالمىغان جۇشقۇن
ئەمەلىي كۈچى بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىلگىرىلەپ ئۇنىڭ چېگ-
رىسىدىكى مۇستەھكەم شەھەر كۇچاغا يېتىپ كېلىشىنى بەخىرامان
كۈتۈپ تۇرالايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە، جۇڭگولۇقلار تۇڭگانلارنى
تارمار قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۈشكۈل ۋەزىپىنى ئەمدىلا ئورۇنلاپ بو-
لۇپ، ئۇنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلگۈچە ئاللىقاچان ماغدۇرىدىن
كېتىپ قالغانلىقىنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرگەن بولاتتى.

بىز كىشىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىشتا كىشىلەرنىڭ ھەرىكە-
تىنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلىنىمىز. ياقۇپ بەگ تۇڭگانلارنى توخ-
تىماستىن ۋە بىھۇدە پاراكەندە قىلىۋىدى، نەتىجىدە جۇڭگولۇق-

لار قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا، ئامان قالغان تۇڭگان شەھەرلىرىنى پاك-پاكىز تازىلاپ، غالىبانە قۇدرىتى بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ سان جەھەتتە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشتى. شۇڭا سەل-پەل ئويلاپ باقىدىغان بولساقلا، بۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئەڭ چىرىك سەۋەنلىكىنى، يەنى ئۇنىڭ ناداندلارچە يېڭىلىك بىلەن ئۇرۇش قوزغىغانلىقىنىڭ كەچۈرگۈسىز خاتالىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

بىز ياقۇپ بەگنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا قارشى قوزغىغان ئۇرۇشىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. ئەمدى بىز ئۇنىڭ قەشقەرىيە زېمىنىدا يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە مۇشۇ بىرقانچە يىل جەريانىدا بۇ دۆلەتنىڭ باشقا قىسىملىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتىمىز.

## IX باب. ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرىيە ھاكىمىيىتى

ياقۇپ بەگنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇشۇ بىر پارچە كەڭ رايونىدا 12 يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلغان تىنچ بىر ھۆكۈمەتنى قۇرغانلىقى ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. جەندىي پەيتلەردە ئۇنىڭ تاشقى سىياسىتىدە بەزى يېتەرسىزلىكلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەملىكەتنى ئىچكى جەھەتتىن ئىدارە قىلىشى ئەمەلىيەت ۋە تولۇق ئادالەت ئاساسىغا ئورنىتىلغانىدى. ئۇ بىر ھەربىي بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ ئاپىرىدىن ئۇقۇشىمىزغا تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. ئۇ نۇرغۇن جەڭلەردە غەلىبە قىلدى. ھايات-ماماتلىق ئېلىشىشلاردا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ۋە ئىرادىلىك ھەربىي دەپ تونۇلدى. ئەمما مۇشۇ پەزىلەتلەر جەھەتتە، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى، قەشقەرىيە قوشۇنىنىڭ مۇراتى ئابدۇللا بەگ ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگ بولسا، بەزى ئىشلاردىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر جەھەتتە، قەھرىمانلىق جەھەتتە ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى، ياۋۇزلۇق جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە كېتەتتىكى، ھەرگىز كەم قالمايتتى. ھەربىي جەھەتتىكى ئىقتىداردا ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ زامانداشلىرىدىن ناھايىتى ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدىغىنى ئۇ قوللانغان ئۆزگىچە چارە-تەدبىرلەر بولماستىن، مۇشۇ چارە-تەدبىرلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا ئىپادىلەنگەن ئۇنىڭ تەڭداشسىز زېھنىي كۈچى ۋە ئېگىلمەس-سۇنماس روھىدۇر. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلامىيەتنىڭ ھامىيسى بولۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىل-

غانىدى. بىز بۇ پاكىتنى دائىم ئەستە تۇتساق، ئۇنىڭ كۆپچىنىڭ سىرلىق مەنبەسىنى ئاندىن بايقىيالايمىز. بۇخارا ۋە ئافغانىستاننىڭ ئەمىرلىرى رۇسلارنىڭ قىزىقتۇرۇشلىرىغا گول بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي بايلىقىنى ۋاقىتىنچە بولسىمۇ كۆپەيتىشىنىڭ كويىدا دىنىي مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىۋېتەتتى. لېكىن ئاتالىق غازى (ھەقىقىي «پېشقەدەم پاسىبان») — ياقۇپ بەگ ئۆزىنى خار قىلىپ، بۇنداق پەسكەش ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايتتى. مەيلى تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار بۇ ھۆكۈمرانىغا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ھېسداشلىق قىلىپ، قانداقتۇر بىرەر خىيالىي كۈچ ئاتا قىلسىمۇ، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۆزىنىڭ رۇسلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ قۇدرەتلىك كۈچكە موھتاج ئىدى. ئۇنىڭدا ئەزەلدىن ئۇنداق يۈرەكلىك ھەرىكەت قوللانغۇدەك پۇختا ئاساس يوق ئىدى. لېكىن ئۇ ئەمەلىي كۈچنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق مەنسىتمەيدىغان بىر خىل پوزىتسىيىنىلا قوللاندى. بۇنداق تەلۋىلەرچە قىلىنغان ئوي-پىكىرنىڭ يوشۇرۇن سەۋەبلىرىنى پەقەت ئاتالىق غازىنىڭ قەشقەرىيىلىكلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ۋەكىلى بولۇش ئۈچۈن تىرىشقانلىقىدىنلا ئىزدەش كېرەك. ئۇ قەشقەرىيىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ رۇسلارنى خۇدۈكلەندۈرۈپ قويغانلىقىنى سەزدى. شۇڭا ئۇ ئۆز ئورنىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ھەر تەرەپتىن ياردەم ئىزلەشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە ئۆز دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى ۋە چار پادىشاھقا بويسۇندۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى شۇنچىلىك ئۇتۇقلۇق، ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك تېز، ئۇنىڭ گەپ-سۆزى شۇنچىلىك دادىل بولدىكى، رۇسلار بۇنىڭغا ھەتتا قەشقەرىيە، ئېھتىمال، بۇخارادىن

ياكى قوقەن ۋە ياكى خىۋەدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىر رەقىب بولسا كېرەك، دەپ خاتا ھالدا ئىشىنىپ قالدى (بىز شۇنى كەسكىن ئېيتىمىزكى، بۇنداق ئىشىنىشنىڭ قىلچىمۇ ئاساسى يوق ئىدى).

ئۆزى ياش، لېكىن ئۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا دۆلەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلارنى ئىدارە قىلىشى، ئېھتىمال، تەپسىلىي بايان قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قىزىقارلىق بىر تېما دەپ قارىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ تېمىغا دائىر قولىمىزدىكى بەۋاستە دەلىل-ئىسپاتلار بىز ئۈمىد قىلغاندەك كۆپ ئەمەس. ھەتتا دوگلاس فورسىتمۇ ئۆزىنىڭ رەسمىي دوكلاتىدا ياقۇپ بەگنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىز ئۈمىد قىلغاندەك ئۇنداق تەپسىلىي شەرھلەپ بېرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، روسىيە يازغۇچىسى گرىگورىيېۋنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ بۇ مەسىلىدىكى بىردىنبىر نوپۇزلۇق ئەربابتۇر.

بىز سۆزىمىزنى ياقۇپ بەگنىڭ ئوردىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلاردىن باشلايدىغان بولساق، مۇنداق ئىككى ئىشنى ئۇچرىتىمىز. بىرىنچى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەرلىك چوڭ ئاقسۆڭەكلەر، ياكى ئېيتايلۇق، ئۇنىڭ ئۆز جەمەتىگە ھەقىقىي بېقىنىدىغان ئادەملەر يوق. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا سادىق ۋە خىزمەتتە ئىقتىدارلىق ئاتامانلار، مەيلى قوقەنلىك ئاقسۆڭەكلەر بولسۇن، مەيلى قىرغىز ياكى ئافغان تەۋەككۈلچىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ باشلىقلىقىغا ياكى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىت پادىشاھىنىڭ كەڭ زېمىنىدىكى قورغانلارنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇلار پايتەختكە ۋاقتى-ۋاقتىدا سالامغا كېلىشەتتى. ياقۇپ بەگمۇ داۋاملىق چېگرا ئۆلكىلەرگە بېرىپ، ئۇلارنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە بىۋاستە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى؛ ئەمما نوپۇسى ئاز، جانلىق - تېتىك جەمئىيەتتە، ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەر ئىنتايىن قىممەتلىك

بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېھنىي كۈچىنى ئوردىنىڭ زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ئورنىدا ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايتتى. ياقۇپ بەگ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچىمۇ كارى بولمايدىغان خەلقنىڭ بېشىغا زورلاپ تاڭغان بولغاچقا، قىلچە بوشاشماستىن تىرىشقاندىلا، ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالالايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلالايدىغان زور بىر تۈركۈم ئىشەنچلىك ئادەملەرگە يەنى ھەربىيلەر، مەمۇرىي خادىملار ۋە ياجىگىرلاردىن تەركىب تاپقان ئۈچ خىل ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە موھتاج ئىدى. ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىغا قەدەر، ئۇنىڭ تۈزۈمىدە ھاياتىي كۈچ زەئىپلىشىپ كېتىدىغان، ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلارنىڭ مەنبەسى ئازلاپ قالىدىغان ياكى خوراپ تۈگەيدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلمىدى. لېكىن ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك روناق تاپقان مەزگىلدىمۇ، تولۇق ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى سەپلەش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ياقۇپ بەگ بارلىق تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا، ئەزەلدىنلا كۆڭلىدە ئۆزىگە نارازى بولۇپ كەلگەن «خىتاي» لارنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى. كۇچا ۋە ئاقسۇدىكى تۇڭگانلارغا كەلسەك، مۇبادا بىرەر جىددىي ئەھۋال يۈز بەرسە، ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇددىست قېرىنداشلىرىدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيتتى. ئەمما ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، دۆلەتتە خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرى، دىنى، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە يەرلىك مەمۇرىيەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان كەڭ مۈلكىي ئورۇنلار جەزمەن ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى زۆرۈر. شۇنى دەرھال سېزىۋېلىش مۇمكىنكى، ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلالمىغان بىرەر ھۆكۈمەت پەقەت چەكلىك ساندىكى ئادەم بىلەنلا ئۆز ئىشىنى

ئىدارە قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ قېيىنچىلىقىنى ھەل قىلالمايدۇ،
ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش مەنبەسىنى يا بالدۇر-
يا كېيىن خورىتىپ تۈگىتىدۇ ياكى كۆڭلىدە نارازىلىق ساقلاپ
كەلگەن خەلقنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ بېرىدۇ.
مۇنداق بىر ئەمەلىي پاكىتنى ھەممىدە ئەستە تۇتمىغاندا، ياقۇپ
بەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىرىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس: ئۇنىڭ
مۇسۇلمانچىلىق جەھەتتىكى قاتتىق ئەنئەنىچىلىكى ۋە ئۇنىڭ
مەملىكەت ئىچىدە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى زورلۇق بىلەن ئىجرا
قىلىشى ئۇنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى كۈچىنىڭ مۇھىم ئامىلى؛
بۇ ئىككى نۇقتا مەملىكەت ئىچىدە ئۇنى زالىم پادىشاھ ئورنىغا
چۈشۈرۈپ قويدى ۋە خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ھەم ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلى-
قىغا بولغان ھەرقانداق قىزغىنلىقىغا توسالغۇ بولۇپ بەردى.
ئاخۇنلار تەبىقىسى ۋە ئەنجانلىق تەلۋىلەردىن باشقا ئادەملەردە
ئاشۇنداق زور دىنىي قىزغىنلىقنىڭ بولۇشى ناتايىن؛ خۇددى
بۇخارالىقلار بىلەن ئافغانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمان تەلۋىلەر
دېيىلسە توغرا بولمىغىنىدەك، قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى
مۇسۇلمان تەلۋىلەر دېيىلسىمۇ توغرا بولمىغان بولاتتى. قەشقەر شە-
ھىرىدە ئاقسۆڭەكلەر ياكى باي ئەمەلدار تەبىقىسىنىڭ بولمىغانلىقىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە مۇنداق بىر خىل غەلىتە ئەھۋال مەۋجۇت
ئىدى، يەنى قائىدە-يوسۇنلار ئىنتايىن چىڭ ئىدى، كىشىلەر-
نىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ۋە مەرىكە-مۇراسىملىرى تولىمۇ ئاددىي
ئىدى. دەرۋەقە، قەشقەرگە كەلگەن ھەرقانداق بىر سەيياھنىڭ
ئوردا ئاكابىرلىرىنىڭ باياشات تۇرمۇشى ۋە ئېسىل تونلىرى ھەققىدە
قىلغان گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدۇق. ھەتتا، ئاتلىق غازىنىڭ
ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئاتاقلىق ئەربابلىرىدىن ھاجى تۆرە يەنى
سېيىت ياقۇپ خان بىلەن يەركەننىڭ ھاكىمى مەھەممەت
يۇنۇس قاتارلىق ئىككى زات يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولسىمۇ،

ئەمما ئۇلار ئوردىدا ئۆزلىرىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان باشقا ئەمەلدار-لاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. پادىشاھلىق قوشۇنىدىكى بەزى ئوفىتسېرلارنىڭ بۇلغارىدىن ئېكىلگەن ئاددىي ھەربىي كىيىم-لىرىگە ئەجدىھانىڭ رەسىمى مەشۇت يىپ بىلەن كەشتىلەنگەندى، بۇ ئىپتىمال، جۇڭگولۇقلاردىن قالغان بىر ئادەت بولسا كېرەك. قەشقەرىيىلىك مەشھۇر زاتلاردىن پەقەت ھاجى تۆرىلا يېقىندا دۆلىتىمىزگە زىيارەتكە كەلدى. بۇ زات ئىلگىرى روسىيە، تۈركىيە ۋە ھىندىستاننى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۆيىگە ياۋروپادا ئىشلەنگەن ھەشەمەتلىك كۆركەم بۇيۇملاردىن ئالغاچ كەلگەنىدى. لېكىن ئۇنى دورىغانلار ئانچە كۆپ بولمىدى. بۇ ئىشلارنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن ئۇ بىر مەھەل تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلار ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى. يورت مۆتىۋەرلىرىدىن يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر ئادەتتە ئۇچىسىغا كەمزۇل، ئاستىغا گەلەفىي شىم كىيەتتى. ئۈستىگە ئەدىيالدەك قېلىن پېرىجە يېپىنىۋالاتتى. دېھقانلارنىڭ كىيىمۇ بۇنىڭدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى، ئوخشىمايدىغان بىرلا يېرى ئۇلار ئادەتتە قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كۆرەك جۇۋا كىيىۋالا-تتى. ئەمىر ئاددىي - ساددا كىيىنىشىنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. ئەمىرنىڭ خىزمەتچىلىرى قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى، ئۇنىڭ ئوردىسىنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇش جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى ئوردىدا يولغا قويۇلغان بىر يۈرۈش مۇكەممەل قائىدە - يوسۇنلار ۋە كىشىلەرنىڭ بۇ ھۆكۈمرانغا ھەم ئۇنىڭ دىنغا بولغان يۈكسەك ئىززەت - ھۆرمىتى تولدۇرۇپ كېتەتتى. ئەمىر دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ سالامىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ قوبۇلخانىسىدا ئاشكارا قوبۇل قىلاتتى. مۇشۇ چاغدا كىشىلەر تۆۋەندىن كەلگەن ئەرزلەرنى ۋە

قاتتىق جازالاشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلار توغرىسىدىكى ئىلتىد-
ماسلىرىنى ئۇنىڭغا سۇناتتى. ئۇنىڭ شاگۋارى يەنى خارجىي
ئىشلار كاتىپى ھىندىستان ياكى روسىيە، ئافغانىستان ۋە ياكى
تۈركىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى، ئائىت ئەڭ جىددىي
ئىشلارنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلاتتى؛ سالام ۋاقتىدا پايتەختتە بولۇ-
ۋاتقان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ھازىر بولاتتى. ئۇلارنىڭ
ئىچىدە بەزىلىرى ھۆكۈمرانغا مەخسۇس سالام بەرگىلى كەلگەن
بولسا، بەزىلىرى جايلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن دوكلات
بېرىش ئۈچۈن كېلەتتى. ئەمىرنىڭ بىرنەچچە ھەمسۆھبىتى،
يەنى ئابدۇللاغا ئوخشاش يېقىن ئادەملىرىدىن باشقىلار ئەمىر-
نىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرالمايتتى. ئەمىرنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرالاي-
دىغان ئاشۇ ھەمسۆھبەتلىرىمۇ پادىشاھتىن مەلۇم ئارىلىق قويۇپ
ئولتۇراتتى. يېقىنلىششىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان يۇقرالار ئەمىرگە
ئىززەت - ئىكرام ۋە مۇلايىملىق بىلەن تازىم بەجا كەلتۈرۈپ،
تەكەللۇپ بىلەن تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگ يۇقرالار
بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئەدەپ - قائىدىگە ئالاھىدە دىققەت
قىلاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى ھاجى تۆرىدەك
تەجرىبىلىك ۋە نەسىل - نەسەپ جەھەتتە ھۆرمەتكە لايىق
ئالاھىدە بىر ئادەممۇ ئۆزىنى ئەزەلدىن بۇ ياش زالىم پادىشاھ
بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويمايتتى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن-
دە، ئۆزىنى كىچىك پېئىل، كەمتەر ۋە مۇلايىم - ئىنتا-
ئەتمەن تۇتاتتى. بىز ئىگىلىگەن ئاخباراتقا ئاساسەن مۇنداق
پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇنداق زالىم سىياسەت بۇ ھۆ-
كۈمران جەمەتىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى باتۇرلۇقى ۋە مەخپىيخانى-
دىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئېرىشكەن ياخشى ئوبرازىنىڭ
ھەممىسىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىۋەتكەنىدى. دېمەك، ئالفرېدە.

www.uyghurkitap.com

تېننىسون ① نىڭ «تېررورلۇق سىياسەت يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانىنىڭ دەل ئۆزى ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىدۇر» دېگەن سۆزى قەشقەرىيىدە كۈچلۈك ئىسپاتلاندى. دېمەك، بۇ دۆلەت ھەربىي تۈزۈم ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە ئۆزىگە بويسۇندۇرۇلغان ئېرقلارغا ئىشەنمىگەنىكەن، ئۇنىڭ شۇنداق قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قانداق قۇرۇلغان ۋە قانداق داۋام قىلغان دېگەن مەسىلىنى ئىسپاتلاشتا، ئۇنىڭ ئۆز ئوردىسىنى ياكى خان ئوردىسىنى مەخسۇس خان جەمەتلىرىلا تۇرىدىغان چوڭ بىر ھەربىي گەزەرمە قىلىۋالغانلىقىنى ئەڭ ئىشەنچلىك دەلىل قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭ تاشقىرقى ئۆيلىرىدە جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئېغىر قوراللىرىدىن تارتىپ يېقىنقى زامانىدىكى كروبىرچە، ئامىستىرامچە تۈرلۈك توپ-زەمبىرەكلەر پەۋەس تىزىقلىق تۇراتتى. قىزىل رەختتىن تىكىلگەن فورما كىيگەن خىل توپچىلار پولكىنى ئالساق، چەت ئەل باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇھىم جەڭلەرنى قىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار ئاساسىي شەھەرلەردىن كۆپ ئايرىلمايتتى. ياقۇپ بەگ ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى قەشقەر يېڭىشەھەردە زاپاس ساقلايتتى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردىكى زاۋۇتلار ياۋروپا ئىلىم-پەنلىرى ئاساسىدا ياسالغان ئەڭ مۇكەممەل قورال-ياراقلارغا تەقلىت قىلىپ خېلى نۇرغۇن توپ-زەمبىرەكلەر ۋە مۇسكېت مىلتىقلارنى ياسىيالايدىكەن، ئەمما دىققەت قىلىشىمىز تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، بىز ئەمەلىي ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياسىغان قورال-ياراقلارنى ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا بىرەر يازما خاتىرىگە ئېرىشەلمىدۇق. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان قورال-ياراقلارنىڭ تولىسى روسىيە ياكى ئەنگلىيە بەرگەن

① ئالفرېد تېننىسون (Alfred Tennyson 1809 — 1892) ئەنگلىيىلىك شائىر — ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن.

قورانلار. يافۇپ بەگنىڭ پىرقىزالىرى ئىچىدە كۆزى كۆرگەننى قىلالايدىغان جۇڭگولۇق تالانت ئىگىلىرى بولغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئارمىيىسىدە، بولۇپمۇ توپچى قىسىملار ئىچىدە يەنە توپىلاڭ① يۈز بەرگەندە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە ئارمىيىسىدىن قېچىپ كەلگەن ھىندىستان ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ھەربىيلەر سېرژانتلىق ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق ئوفىتسېرلىق ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىممەتلىك بايلىق ئىدى. ئۇلار قوقەندىن ۋە يېقىن ئەتراپتىكى تاغلىق قەبىلىلەردىن كەلگەن خىل قىسىملار بىلەن بىرلەشكەندە، پۈتۈن ئارمىيە مۆلچەرلىگۈسىز قۇدرەت تېپىپ كۈچىيىپ ۋە جانلىنىپ كېتەتتى. بۇ يەردە ئۆز ئۆۋىتى بىلەن شۇنىمۇ سۆزلەپ ئۆتىمىزكى، بۇ ئارمىيە بىر-بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدىغان چوڭ-چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈۋېتىلگەن، ۋەتەننى قوغداشتا دۆلەتنىڭ پۈتۈن كۈچى سەپەرۋەر قىلىنىدىغان جىددىي پەيتتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارىلاشما تەركىبىنىڭ تەتۈرسىچە ۋەزىپىلەرگە سېلىنىدىكەن. ئەمىر قەشقەرىيىنى ئىستېلا قىلىشتا ئىشقا سالغان خىلمۇخىل ئادەملەردىن تۈزۈلگەن قوشۇننى «يىگىتلەر» دەپ ئاتىلىدىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە «سەرۋازلار» دەپ ئاتىلىدىغان پىيادە ئەسكەرلەردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىغان. ئالدىنقى قىسمى بىرقەدەر خىللانغان، ساغلام، تەجرىبىلىك جەڭچىلەردىن تاللاپ تۈزۈلگەنىكەن. ئاتلىق ئەسكەرلەر ھەم ئاتلىقلار تەربىيىسىنى، ھەم پىيادىلەر تەربىيىسىنى كۆرىدىكەن. ئۇلار

① بۇ يەردە ھىندى ئەسكەرلەرنىڭ 1857 - 1858 - يىللىرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك كۆكۈمرانلىقىغا قارشى دىرتۇرگەن ئىسيانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن.

بىر سىستىۋوللۇق مىلتىق ۋە قىلىچ بىلەن قوراللاندۇرۇلغان. ئۇ-لارنىڭ ھەربىي فورمىسى پىششىق، سارغۇچ بۇلغارىدىن تىكىلگەنىكەن، ئۇلار بىزنىڭ قابىل چەۋەندازلىرىمىزغا ياكى قۇرماقچى بولغان رىفىللىق مىلتىقچى ئاتلىق قىسمىمىزغا ئوخشاپراق كېتىدىكەن؛ پىيادە ئەسكەرلەر توپچى ئەسكەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئۇلار ئاتلىق ئەسكەرلەردىنمۇ كۆپرەك ئىشلارغا سىڭىنىدىكەن، ئۇلارمۇ مەلۇم دەرىجىدە مۇنتىزىم تەلىم-تەربىيە كۆرگەن بولۇپ، گەزەرمىدە تۇرىدىكەن. ئۇلارمۇ مۇنتىزىم ھەر-بىيلەرنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئەمىر دۆلەتنى قوغداشتا ئۇلار-غىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تايىنىدىكەن. پۈتۈن مەملىكەتتە ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ سانىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي بۇرۇن بەزىلەر ئەسكەرلەرنىڭ سا-نىنى ئەللىك مىڭ ياكى ئاتمىش مىڭ دەپ مۆلچەرلىگەن. ئېھ-تىمال، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ھازىر بىز بۇ مەسىلىدە ئازراق ئەقىللىق بولۇپ قالغان بولساقمۇ، ئەمما يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىۋاتىمىز. لېكىن ياقۇپ بەگنىڭ تازا ئىشەنچلىك ئەسكىرى 20 مىڭدىن ئېشىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. تۇڭگان يېڭىلىقىدىن كېيىن ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ سانى مۇشۇ سانىنىڭ يېرىمىغا توغرا كې-لەتتى دېيىلسە، بىرقەدەر توغرا مۆلچەرلەنگەن بولىدۇ. ئانچە-مۇنچە كارغا كېلىدىغان بۇ ئاساسىي قوشۇندىن باشقا، تۈرگە ئايرىش قىيىن بولغان بەزى بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملارمۇ بار ئىدى، مەسىلەن، «خىتاي»لار، تۇڭگانلار، يېرىم بەدەۋى قىر-غىزلار ۋە دولانلىقلاردەك قوپال، چۈشكۈن بەدەۋىلەرمۇ سان جەھەتتە خېلى كۈچلۈك بىر قوشۇن بولۇپ شەكىللىنەلەيتتى. «خىتاي» لارنى بۇ ھېسابنىڭ سىرتىدا دەپ قاراش كېرەك.

چۈنكى ئۇلار يەركەن ۋە قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىن يىراققا بېرىشقا
ئەزەلدىن رۇخسەت قىلىنمايدىكەن، ئۇلار بۇ جايلاردا باشقىلار-
دىن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، ھەربىيدە قارا خىزمەتكە، قاراۋۇل-
لۇققا، قورال زاۋۇتى ۋە سېخلاردا ئىشچىلىققا سېلىنىدىكەن.
ھەرقايسى مەزگىللەردە قەشقەرىيە ئارمىيىسىدە خىزمەت ئۆتىگەن
تۇڭگانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ دۆلەتكە بولغان ساداقىتىگە
تازا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايتتى؛ بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلارنىڭ
باتۇرلۇقىمۇ بىر گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇلار مۇھىم ئەھمىيەتكە
ئىگە ئىتتىپاقداشلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئىقتىدار جەھەت-
تىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنەتتى. ياقۇپ بەگ ئىستىلا ئۇرۇشىنى
باشلىغان چاغلاردا ئۇنىڭغا قوشۇلغان تۇڭگانلار بۇلارنىڭ
ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىلىرىدەك قىلاتتى. ئاقسۇ ۋە كۇچا قولىدىن
كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قوشۇنىغا قاتناشقانلار ئىقتىدار
جەھەتتە ئاجىزراق ئىدى، ئۇلارنىڭ ساداقەتمەنلىكىنىمۇ ئانچە
بىلگىلى بولمايتتى. كورلا، تۇرپان ۋە ماناس قاتارلىق جايلار-
نىڭ ئارىلىقىدا ياشايدىغان تۇڭگانلاردىن ئېلىنغانلىرى كارغا
كەلمەيدىغان، پۈتۈنلەي ئىشەنچسىز نېمىلەر ئىدى. قىرغىز ۋە
قىپچاقلارنىڭ چارۋىچى قەبىلىلىرىنى دۈشمەننى قورقۇتالايدۇ
دېگەندىن كۆرە، دوست قوشۇنلارغا خەۋپ كەلتۈرىدىغان بىر
تۈرلۈك مەنبە دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. شۇڭا ياقۇپ بەگ
ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى خوجىلار ۋە تۇڭگانلارنىڭ سۇيىقەستى-
دىن، ھەم ئۆزىنى، ھەم ھۇجۇم قىلىپ كىرىش ئاسان بولغان
چېگرىسىنى قارانىيەت ۋە كۈچلۈك قوشنىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن
ساقلاش ئۈچۈن، بۇيرۇققا بويسۇنىدىغان، چەكلىك سانىدىكى
قوشۇننى ئۆز قولىدا تۇتۇپ كەلگەنىدى. مۇبادا ئۇ رۇسلارنىڭ
ئىلگىرىلىشىنى تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئۆزى يالغۇز توسۇماقچى
بولغان بولسا، ئىنتايىن بىمەنە ئىش قىلغان بولاتتى. ئۇنىڭ

ئۈچۈن بىر ئېغىز خالىس گەپ قىلىدىغان بولساق، ئۇ مۇشۇنداق قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەس ئىدى. قارىغاندا، رۇسلار ئەگەر ئۇنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرسە، ئۇ رۇسلارغا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە بارلىق كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتەتتى، ئۆلسىمۇ تەسلىم بولمايتتى، دېمەك، ئۇنىڭ ئۈمىدى پەقەت شۇنچىلىكلا ئىدى. ئۇنىڭ مۇنتىزىم قىسىملىرى سان جەھەتتە چەكلىك بولسىمۇ، ئۇلار ئاسىيا ئارمىيىلىرى ئارىسىدا خېلى يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى. دەرۋەقە، ئۇلار شىكلار① ۋە گوركالىقلار② دىن تۈزۈلگەن قوشۇندەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، ھەتتا ئافغانلارغىمۇ يەتمەيتتى. ئەمما ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار بۇخارا ئەمىرى ياكى قوقەن خانىنىڭ جەڭگە ئەۋەتكۈدەك قوشۇنلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىدى. ھالبۇكى، بۇنداق قوشۇننى پەقەت ياقۇپ بەگلا تەشكىللەپ چىقالىغانىدى.

ياقۇپ بەگنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى ئىنتايىن ئاددىي ئىدى. ھەر بىر رايونغا بىردىن دادخاھ تەيىنلىگەن بولۇپ دادخاھ ئۆزى تۇرۇشلۇق رايوننىڭ پۈتۈن مەمۇرىي ئىشلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى. ئەمما بۇ كىشىلەر پۇقرالار ئۈستىدىن مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئۆزى خالىغىنىچە زالىم سىياسەت يۈرگۈزىدىغان ۋەزىرلەردىن ئەمەس ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇششاق ئىشلاردا زالىملىق قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى! ئەمما پۇقرالار پادىشاھنىڭ ئەمرىسىز ئۆلتۈرۈلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قولىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك قورال تارتىۋېلىنغانىدى.

---

① شىك — ھىندىستاندىكى بىر مىللەتنىڭ نامى — ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن.

② گوركا — نېپالدىكى بىر مىللەتنىڭ نامى — ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بۇ ئەمەلدارلار قەشقەرگە كېلىپ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان رايوندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ مۇھىمراقلىرى ئۈستىدە دوكلات بېرىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۇنداق سورۇنلاردا مۇشۇ ئەمەلدارلار ئۈستىدە چۈشكەن ئەيىبنامىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرز-شىكايەتلەرنىڭ ھەممىسى ياقۇپ بەگنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ، رەسمىي مۇھاكىمە قىلىناتتى. بەزىلەر، ئېھتىمال، بۇ بىر تۈرلۈك كومېدىيە، ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن بىر ۋالى ئۆز نامىغا قىلىنغان ئادەتتىكى شىكايەتكە مېيىقىدا كۈلۈپلا قويۇشى تۇرغان گەپ دېيىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ پەقەت ئايرىم ئەھۋال بولۇشىلا مۇمكىن. نۇرغۇن ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىلىكى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىلدى. بەزىلىرى، مەسىلەن، ياقۇپ بەگنىڭ ئانا باشقا ئىنىسىغا ئوخشاشلار ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلار قاتارىدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. يەنە ئەمەلدار بىلەن قازىمۇ بىرلىكتە ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. قازى ۋالى بىلەن تەڭ دەرىجىدە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا جىنايەتچىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانۇنىي جەھەتتە ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلگەنىدى. شەرىئەت دائىرىلىرىگە مۇنداق مۇھىم ئورۇن بېرىلگەنلىكى جامائەتچىلىكنىڭ قەلبىدە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. چۈنكى قازىلار گەرچە ئەمەلدارلارنىڭ خاھىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمىسىمۇ، لېكىن شەرىئەتنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خاراكتېرى دەخلى-تەرۇز قىلىنمايتتى. بەزىلەر بۇ قانداق قانۇن؟ دېيىشى مۇمكىن. جۇڭگولۇقلارنىڭ تەسىرى بىلەن كىرگەن بىرنەچچە تۈرلۈك يېڭىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنلىرىغا تامامەن ئوخشايدىغان قانۇنلار ئىدى. ياقۇپ بەگ سۈننىي مەزھىپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى رىئايە قىلىدىغان، مۇھەممەت پەيغەمبەر تۈزگەن مۇقەددەس شەرىئەت ئەھكاملىرىنى

ناھايىتى قاتتىق ئىجرا قىلاتتى. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا، كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلىپ، قانۇننىڭ قەتئىيلىكىنى بوشاشتۇرۇشقا ھەرگىز يول قويۇلمايتتى. ئاياللار جىنايەت ئۆتكۈزسە، ئوخشاش جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئەرلەردىنمۇ ئېغىر جازاغا تارتىلاتتى. ئادەتتىكى جازالار، مەسىلەن، دەررە بىلەن ئۇرۇش، پۇت-قوللىرىنى كېسىش، پالاققا بېسىش قاتارلىق جازالار پەقەت ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەنلا ئىجرا قىلىناتتى. ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشكە تېگىشلىك بولغان ئەنزىلەرنىلا پادىشاھ قاراپ چىقىپ تەستىقلايتتى. ئوغرى-قاراقچىلار، قەلەندەرلەر ۋە ئەل ئايىغى بېسىققاندا كوچىدا يۈرگەن ساياقلار تۇتۇپ قازىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلەتتى، ئۇلارغا قازى تەرىپىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلەتتى. ئەگەر ئەيىبكار بۇرۇنمۇ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭغا دەررە بىلەن ئۇرۇش جازاسى بېرىلەتتى. يەنە ھوقۇقنى كەلسە-كەلمەس ئىشلەتكەن ئەمەلدارلارنى چەكلەيدىغان تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمىلەرمۇ بار ئىدى: ئومۇمەن يىگىرمە دەررە ئۇرۇلۇشقا ھۆكۈم قىلىنغانلار ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئەمەلدار تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈشى شەرت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، قازى جىنايەتچىنى ئۆزىنىڭ تەستىقى بىلەن بىللە مۇپتىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتەتتى، مۇپتى ئۇنى يەنە ئەلەمگە يوللايتتى. ئەلەم يەنە دادخاھقا ئەۋەتىپ بېرەتتى. مۇشۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئىچىدە قايسى بىرى ئەگەر ئۆزىدىن تۆۋەن بىر دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ تەستىقىغا قوشۇلمىسا ياكى ئەنزىنى ئۆزئارا يول قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمىسا، ئەنزە پادىشاھنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا يوللىناتتى ياكى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلاتتى. ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ تەۋەسىدە جازا ئىجرا قىلىغاندا، جازا مەيدانىغا بېرىشى شەرت ئىدى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشتا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئادالەتسىزلىك ئۈچۈن ئەمىر

ئالدىدا بىۋاسىتە جاۋابكارلىققا تارتىلاتتى. قازى رەئىس ئۈشـ
شاق-چۈششەك ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ
قىلالايدۇ. مەسىلەن، كوچىلارنى ئارىلاپ كېتىشۋاتقاندا، ئالدىغا
يۈزىگە چۈمبەت تارتمىغان ئايال ئۇچراپ قالسا، ئۇنى دەررە
بىلەن ساۋاشقا بۇيرۇلىيالايدۇ. ئەگەر يېمەك-ئىچمەككە يالغان نەر-
سىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ساتقان ياكى ساختا جىڭ ئىشلەتكەن
ھۆپىگەرنى ئۇچراتسا، دەررىلەشكە بۇيرۇلىيالايدۇ ۋە ئۇنىڭ ماللىرىنى
مۇسادىرە قىلالايدۇ ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭغا پۇل جەرىما-
نە قويالايدۇ. قازى ۋە ئۇنىڭ رەئىسلىرى ناماز ۋاقتىدا بىكار
يۈرگەن ئادەملەرنى مەسچىتكە ھەيدىيەلەيدۇ، ئۇ ئۆز خەلقى ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ ئازراق ھوقۇقىنى ئاتىلارچە نوپۇز بىلەن قاتتىق يۈرگۈزەلەي-
دۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق-ئۆكتەملىكىمۇ مەلۇم دەرىجىدە
چەكلىمىگە ئۇچرايدىكەن، قازىدا ئومۇمەن، قىرىق دەررە ئۇرۇشتىن
ئارتۇق جازا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى بولمايدىكەن. بۇ يەردە مەھكىمە
شەرئىيە (سوت) بىلەن مىرشاپلىق (ساقچىلىق) ئۆزئارا گىرەلە-
شىپ كەتكەن مۇرەككەپ سىستېما بولۇپ، بۇ سىستېما جەمئىيەت-
نىڭ ھەممە تارماقلىرىغا قەدەر سىڭىپ كەتكەن. ئەگەر بۇ
سىستېما ئۆزىنىڭ رولىنى تېگىشلىك دەرىجىدە مۇۋاپىق جارى
قىلدۇرالىغان، ئاتىلىق غازىنىڭ دۆلىتىدە ھەر ھالدا بىرقەدەر
ئادىل بىر قانۇن بولغان بولسا ئىدى، بىز ئۇنى خېلى ماخ-
تىغان بولاتتۇق، ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق
دەرىجىدە ئىقتىدارغا ئىگە بىرەر ساقچى قانۇنى ۋە تەرتىپ-ئىنـ
تىزامى بولغان بولسا، ئۇنى تېخىمۇ ماختىغان بولاتتۇق. ئەمما
ياقۇپ بەگ قانۇن تەسىس قىلىشتا ھېچقانداق ئىجادىي ئىش
قىلمىغان، قۇرئاندا تەقۋادار مۇسۇلمانلارغا قويۇلغان تەلەپلەرنى
ئاددىي قانۇن سۈپىتىدىلا قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جېدەل-
ماجىرالارنى تىنچىتىشتا ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايدىغان

پادىشاھلارغا خاس بولغان ھەممە تەدبىرلەرنى قوللانغان ھۆكۈمران سۈپىتى بىلەن (بۇ خىل تەدبىر فۇرشېر① ۋە ئىككىنچى ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئەڭ مۇكەممەللەشكەن) مۇشۇ خىلدىكى پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەمما ئۇ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ھېچكىمدىن ئوغرىلىۋالغان ئەمەس. چۈنكى ياۋروپادا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق نىزامنامىلەردىن ئۇنىڭ قىلچە خەۋىرى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇشۇنداق قۇسۇرسىز ساقچىلىق تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىققانلىق تۆھپىسىنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگودا بۇ خىل تۈزۈم بۇرۇندىن بار ئىدى. ئىمپېراتور ھەرقاچان ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا چىڭ تۇتماقچى ۋە ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىرادىسىنى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەريانىدا گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغاندا، ساقچىلىق ھامان ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ جانلىق قوراللىرىدىن بىرى بولاتتى. لېكىن ھەتتا ئاشۇ ئىمپېرىيە تارىخىدىمۇ، ئۇنىڭ خەلق ھەرىكىتىنى ۋە ھېسسىياتىنى تىزگىنلەشتە قەشقەرىيىنىڭ مۇشۇ ئون يىلدا يەتكىنىدەك مۇكەممەل دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان بىرەر خاتىرە يوق. قارىغاندا، جۇڭگونىڭ بىردىنبىر ئۈستۈن تۇرىدىغان يېرى ئۇنىڭ تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىدە بولسا كېرەك، چۈنكى تۇڭگانلار ياكى جۇڭگۇنىڭ ساقچىلىرى قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ ياكى ياقۇپ بەگنىڭ ساقچىلىرىدىنمۇ بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغانلىقى پۈتۈنلەي ئاشۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ.

ئەمدى بىز بۇ مۇھىم تەشكىلنى بىرئاز بايان قىلىپ ئۆتەيلى. مىرشاپلىق سىستېمىسى بىر-بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان

① فۇرشېر — فرانسىيىدىكى بىرىنچى ئىمپېرىيە دەۋرىدە ئۆتكەن ناپالېئون I نىڭ قول ئاستىدىكى ساقچى باشلىقى —— خەنزۇچە تەرجىمانىدىن.

ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بولمىغان «پاشىشاپ» ۋە «مىر غەزەپ»
دەپ ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنەتتى: «پاشىشاپ» تارمىقى دۆلە-
تىمىزدىكى مەخپىي ساقچىلارغا ئوخشىمايتتى، بىزنىڭ مەخپىي
ساقچىلىرىمىز جىنايەتچى سۇيىقەستچىلەرنى ئاشكارا ساقچىلار
بىلەن ھەمكارلىشىپ رازۋېت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە
ئالغان ئاشكارا رازۋېتچىكلار بولۇپ، ئۇلارنى ئالاھىدە جەمئىيەت-
نىڭ ھەممە ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان دېيىشكە بولاتتى. چۈن-
كى ھەممە كىشى ھوقۇقدارلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشنى
ئارزۇ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارغا ھەممىدىن مەخپىي ئاخبارات
يەتكۈزۈپ بېرىش بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئەڭ ئاسان چارىسى-
دۇر. ئەمما ناھايىتى روشەنكى، قەشقەردىكىدەك بىر مەسئۇل-
يەتسىز ھاكىمىيەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان دۆلەتتە، بىراۋنى ئۆزىنىڭ
قوشنىسىغا قارا چاپلاشقا ئوچۇقتىن-ئوچۇق رىغبەتلەندۈرۈش پاي-
دىسىز دەۋاغا ۋە قالايمىقانچىلىققا سەۋەبچى بولاتتى. بۇ يەردە،
ئېھتىمال، پۇقرالارنىڭ ھەددىدىن زىيادە گۇمانخورلۇقىنى چەك-
لەيدىغان بىر خىل ئۇسۇل بولسا كېرەك. گەرچە بۇ مەسىلە توغرى-
سىدا دەلىل-ئىسپات كۆپ بولمىسىمۇ، قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىككى
تەرىپى باردەك قىلىدۇ. بىرىنچىدىن، تۆھمەتخور ئېغىر جازاغا
تارتىلىش خەۋپىگە ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ تۆھمەت قىلىنغۇچى كىشى
ئەگەر ئەۋلىيالار پۇشتىدىن ياكى خىزمەتتىكى ئەمەلدارلاردىن
بولۇپ قالسا، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ ھەدېسلا پاش
قىلىۋېرىدىغان ئەھۋالنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. بولۇپمۇ كى-
شىلەر كېيىنكى چاغلاردا بۇنداق ئىشقا دەرھاللا ھەق بېرىلمەي-
دىغانلىقىنى، پاش قىلغۇچىلارنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنىڭ كەمدىن
كەم ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى. قارىغاندا، ياقۇپ بەگ
ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قوللىنىلغان بۇنداق چەك-
لەش تەدبىرلىرى ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ پەيدىنپەي مۇستەھكەملى-

www.uyghurkitap.com

نىشىگە ئېگىشىپ، كېيىنچە كۆپايە قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇ ۋەجىدىن «پاششاپ»لىق تەشكىلاتى بارلىققا كەلدى. «پاششاپ»لىققا كىرىدىغان خادىملار جەزمەن دادخاھ ياكى رەئىس تەرىپىدىن تەستىقلىنىشى شەرت ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «پاششاپ»لىق مەلۇم دەرىجىدە ئاشكارا بىر تەشكىلات ھېسابلىناتتى. ئەمما پاششاپلار ئۆزلىرىنى ناھايىتى خۇپىيانە تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئۇلارنى بىلىدىغانلار كەم بولمايتتى. جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەبىقىلىرى ئومۇمیۈزلۈك تەشۋىش ئىچىدە قالغانىدى، ئوردىدىكى ئەمەلدارلار، مەھكىمە شەرئىيەدىكى قازىلار-رەئىسلەر، دۇكاندارلار، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ قايسىبىر ھەمسۆھبىتىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىگە تۇزاق قويۇپ، كوكولىسىدىن تۇتۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەككە-دۈككە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزەتتى. بۇ قورقۇنچلۇق تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ھەمىشەم چەت ئەللىك ئەلچىلەر ياكى چەت ئەل سودىگەرلىرىگە ئەگىشىپ ھەمراھ بولۇپ يۈرگەچكە، ئۇلار كۆرۈنگەن ھامان ئاھالە ئۆزئارا قىلىشىۋاتقان سۆزىنى توختىتىۋالىدىكەن ياكى تاققا-تۇققۇ جاۋاب بېرىپ قۇتۇلىدىكەن.

شەك-شۈبھىسىزكى، ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى يۈكسەك دەرىجىدە مۇكەممەللىشكەن. بۇ مەخپىي تەشكىلات ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەر قادىر بولالمىغان مۇقىملىققا ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە قىلدى. بۇ تۈزۈمنىڭ رولى ئۈستىدىكى بايانلىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ پايلاقچىلار قوشۇنى پەقەت مەملىكەت ئىچىدىكى ئەنجانلىقلار ئارىسىدا ياكى تۇڭگانلار ئارىسىدا تەييارلىنىۋاتقان پىتنەلەرنى سېزىۋېلىشتىلا رول ئوينىيالىسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ پارتلاپ چىققان ھەرقانداق نارازىلىقىنى زورلۇق بىلەن باستۇرۇشقا ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيت-

تى. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى كىشىلەرنىڭ پەقەت پايلاقچىلىق قىلىشـ
تىن باشقا ئىش قولىدىن كەلمەيـتتى. ئۇ دەل مۇشۇنـداق بىر
تەشكىلات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىشلەپ بېرىدىغان كىشىلەر
جامائەت تەرىپىدىن تونۇلۇپ قالغان هامان، ئۆزىنىڭ زۆرۈرلۈكـ
نى يوقىتىپ قوياتتى. شۇڭا يەرلىك ئەمەلـدارلار ياكى قازىـلار
ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزلـىرىگە باغلانـغان مۇشۇ بىر تـوپ
ئەرلەرنى هەتتا ئاياللارنى قولىدا داۋامـلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئۈـ
چۈن، ئۇلارنىڭ ئىسىم - پەمىلىسىنى خۇپىيانە تۇتقاندىن باشـقا،
يەنە ئۇلارنى هەمىشە ئالماشتۇرۇپ — يېڭىلاپ تۇرۇشقا ۋە يېڭىـ
دىن ئەزا قوبۇل قىلىپ تەشكىلاتـنى راۋاجلانـدۇرۇشقا مەجـبۇر
ئىدى.

شەهەر مەمۇرىيىتىگە تەۋە مىرشاپـلار شەهەر ساقـچىسى ۋە
شەهەر ئەتراپى ساقچىسى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنەتـتى. ئۇلار
بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن بىرەر مۇقىم تەشكىلاتى بولمىـ
غان هېلىقى «پاشىشاپ» لاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنەتتى. مىرشاپـ
لارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى كۆپـچىلىككە ئايان ئىدى، شۇـ
نىڭدەك كۆپچىلىك ئۇلارنى پەرق ئېتىپمۇ ئالالايتتى. ئۇلار قاـ
زىنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىدىغانـلار بولۇپ، كوچا - گـۇزەرلەردە
تەرتىپ ساقلايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ساقچىلىرىمىزغا بەكمۇ ئوخشىشىپ
كېتىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقى «زو بېشى» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ
قول ئاستىدىكىلىرى «تاكتاكچى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئۈستىگە
بىرخىل چىرايلىق كەمـزۇل كىيـۋالىدۇ. تاكتاكچـىلارنىڭ گەزەرـ
مىسىدە مەشق مەيدانلىرى بار، لېكىن ئۇلارنىڭ گەزەرمىدە تۇـ
رۇشى شەرت ئەمەس. بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۇلار هەربىـي خاـ
دىملار دەپ قارىلىدۇ ۋە بارلىق جىنايى هەرىكەتلەرگە ۋە ئىسيان
كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بولغان كىشىلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا توغـ
را كەلگەندە بىرىنچى سەپتە تۇرىدۇ؛ قازى هەركۈنى كوچا - گۇـ

زەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئۇلار قازىغا ھەمراھ بولىدۇ. ئادەتـ
تىكى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرگە جازا بەرگەندە، ئۇلار جازانى قولىـ
دىكى قورالى — دەررە ئارقىلىق ئىجرا قىلىدۇ. كېچىلىرى شەھەرـ
نىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولسا
كېرەك. كۈندۈزلىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەر
دادخا ۋە قازىنىڭ قېشىغا ئۇلارنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىشقا
ئەۋەتىلىدىكەن، دەپ ئاڭلىدۇق. كۈن ئولتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ مۇـ
ھىملىقى تېخىمۇ روشەن بىلىنىدۇ، كېچىسى ئۇلار بارلىق چوڭ
كوچىلارغا، گۈزەرلەرگە، مەيدانلارغا ۋە شەھەرنىڭ باشقا ئوچۇق
سورۇنلىرىغا قاراۋۇللۇققا ئەۋەتىلگەندىن باشقا، تاكى كۈن چىقـ
قىچە شەھەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدا جەسەكچىلىك قىلىپ چىـ
قىدۇ. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارغا ناھايىتى چوڭ ھوقۇق بېرىلىـ
دۇ. ئەل ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ
سىرتقا چىقىشى خەتەرلىك؛ كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن كوچىدا
ئۇچرىتىلغان ھەرقانداق ئادەم دەرھال قاماققا ئېلىنىپ، تاكى
ئەتىسى ئەتىگەنگىچە نەزەربەنت قىلىپ قويۇلىدۇ. بۇ چاغدا قامالـ
غان كىشى ئەگەر مۇۋاپىق سەۋەب كۆرسىتىپ بېرەلىسە، بۇنىڭـ
دىن كېيىن يېرىم كېچىدە زادى سىرتقا چىقماسلىق توغرىسىدا
ئاگاھلاندۇرۇلغاندىن كېيىنلا قويۇپ بېرىلىدۇ؛ ئۇ ئەگەر سەۋەب
كۆرسىتىپ بېرەلمىسە، داۋاملىق نەزەربەنت قىلىپ قويۇلىدۇ. ئەـ
گەر ئۇ ناتونۇش، يات ئادەم بولسا، ئۇنىڭ خېلى كۈنلەرگىچە
ئەركىنلىككە ئېرىشەلىشىمۇ قىيىن بولىدۇ. شەھەر ئەتراپى ساقچىـ
لىرىنىڭ ۋەزىپىسى تاكتاكچىلارنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ
كېتىدۇ. ئۇلار يېزا يوللىرىنى كېچىچە چارلاپ يۈرىدۇ ۋە يول
ئېغىزلىرىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرىدۇ. شەھەردىكىگە ئوخشاش، قولىدا
يول خېتى يوقلارنىڭ ھەممىسى قاماققا ئېلىنىپ، ئەتىسى تەپسىـ
لىي سوراق قىلىنىدۇ. «ئوغرى ـ قاراقچىلار، قەلەندەرلەر، سەرگەرـ

دانلار» يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ پىكرى بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ. سەرگەردانلار قانۇننى ئىجرا قىلىشتا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى دۆلەتنىڭ ئايال پادىشاھى ئېلىزابىت دەۋرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. قەشقەرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەتتە پۇقرالارنىڭ پىكىر-خىيالى ۋە ھەرىكىتىگە ئارىلىشىشتا قوللانغان ئۇسۇلى يۈكسەك سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنى پەقەت ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي سوت بىلەنلا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇيەردە تەرتىپ ئورنىتىلغان. جامائەتنىڭ بەخت-سائادىتىنىڭ تىنچ تۇرمۇشقا زىيان يەتكۈزىدىغان يېغىلىقلار ئەمدى تۈگىتىلگەنىدى. چەت ئەللىك كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ تەرتىپنى بىر دۆلەت ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر دەپ بىلىدىغان كۆزەتكۈچى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاتالىق غازىنىڭ ھۆكۈمىتى گويا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەللەشكەن بىرى، بۇ ھۆكۈمەت ئورناتقان ئاشۇ تەرتىپلەر بولسا باشقا گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ تەرتىپلەرنىڭ ياراتقۇچىسىغا مەنسۇپ قىلىۋېتىشنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبىدۇر.

بۇ يەردە قولىدا يول خېتى بارلىكى يولۇچىلارغا يول يۈرۈش ئىمتىيازى بېرىلىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار خالايدىغانلا بولسا، قولىدا بۇنداق يول يۈرۈش ئىمتىيازى يوق كىشىلەرنىڭ يول يۈرۈشى چەكلەنگەن ۋاقىتتىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ھەربىر ئاساسلىق شەھەرنەردە مۇشۇنداق ساياھەت قىلىشقا رۇخسەت خېتى كېسىدىغان ئىدارىلەر بار. ئۆزىنىڭ يەنە قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن مال-مۈلكىنى مەڭگۈلۈك رەنىگە قويۇپ يولغا چىققان كىشىلەر ئۆز سەپىرىنى بىمالال داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئەمما بۇنداق مال-مۈلكى يوق كىشىلەر ئۆز يۇرتلىرىدىن بەك يىراق جايلارغا سەپەر قىلىشقا ئاسانلىقچە رۇخسەت ئالالمايدۇ. قوقەن، بۇخاراغا

بېرىدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭدىن باشقا چەت ئەللەرگە چىقىپ ساياھەت قىلىشقا رۇخسەت ئېلىش تېخىمۇ قىيىن، ئۇنداقلار پەقەت پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدىلا رۇخسەت ئالالايدۇ، شەيخۇلئىسلامنىڭ بۇخارا ياكى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغۇچىلارغا يول خېتى بېرىش ھوقۇقى بولغاچقا، بىزلەر تەقۋادار مۇسۇلمان سىياقىغا كىرىۋېلىپ رۇخسەت ئالغىلى بولىدىغان بىر يولنى تېپىۋالىدۇق. يول خېتىگە سەپەر قىلغۇچىنىڭ ئىسىم-پەمىلىسى، تۇرۇشلۇق جايى، كەسپى ۋە بارماقچى بولغان جايى قاتارلىقلار يېزىلىدۇ. ئەمەلدارلار قوشۇلسىلا ۋە قازىنىڭ رۇخسىتى بولسىلا، بۇنداق مۇھىم خەتنى ئېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس. سەپەر قىلغۇچى ئەگەر رۇخسەت قىلىنغان ۋاقىت ئىچىدە قايتىپ كېلەلمىسە، رۇخسەت قىلىنغان دائىرىنىڭ سىرتىدىكى بېرىش چەكلەنگەن مەلۇم بىر ئورۇنغا بېرىپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا بىرىنچى قېتىمدا پۇل جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئۇ ئەگەر يەنە خىلاپلىق قىلسا، قانۇن بويىچە ئېغىرلىتىپ جازالىنىدۇ، ئەگەر جامائەت بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان مۇشۇ ئەرباblarنىڭ قانچىلىك ھەق ئالىدىغانلىقى ۋە قانداق ئۇسۇل بىلەن ھەق ئالىدىغانلىقىنى بىلىۋالغان بولساق، تولىمۇ قىزىقارلىق بىر ئىش بولغان بولاتتى. بۇ جەھەتتە، قولىمىزدا بار ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بەك ئاز بولۇپ قالدى. بىز مەخسۇس شەھەر ساقچىلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈنلا ئېلىنىدىغان بىرخىل باجنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز، ئەمما بىزدە ئاساس بولمىغاچقا، شەھەر ئەتراپى ساقچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ قايسى پۇلدىن چىقىم قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتالمايمىز. سارايۋەن ۋە باققاللارنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىگە ئىش ھەققى قىلىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ھەپتىدە بىر قېتىم باج ئېلىنىدىكەن، ئەمما مۇھەمراق شەھەرلەردە بۇنداق بىر تۈركۈم چوڭ قوشۇننى بېقىپ كېتىشكە بۇ پۇلنىڭ سانى بەك ئازلىق قىلىدۇ. يەتمىگەن

قىسمى، ئېھتىمال، ئەدلىيە راسخودى ھېسابىدا دۆلەت خەزىنى-
سىدىن تۇلۇقلاپ بېرىلسە كېرەك. شۇڭا بىزنىڭ پەرىزىمىزچە،
شەھەر ئەتراپى ساقچىلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن، دېھقانلاردىن
ۋە يېزا ئاھالىسىدىنمۇ مۇشۇنداق باج ئېلىنسا كېرەك. پاششاپلار چە-
قىمى يېزىلاردا شەھەردىكىدىن ئاز بولغاچقا، يېزىلاردىن ئېلىنغان باج
ئاساسەن ھەممە چىقىمنى قاپلىيالىشى مۇمكىن ئەمما يەركەن بىلەن قەش-
قەردە ئەھۋال بۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇلار مۇشۇنداق كەسكىن چارى-
لەرنى قوللىنىشقا ئىمكانىيەت تېپىلمىدىغانلىكى سورۇنلاردا ساقچى-
لارنىڭ نازارىتى ۋە ھەربىي تېررورلۇقنى ئىختىيارىچە قىلالايدىغانلىقى
ئۈچۈن، قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ۋە ئىستېلا قىلىن-
غان خەلقنىڭ رەڭگى-روھىدا ھەم ھېسسىياتىدا بۇ نەرسىلەرنىڭ داغ-
لىرى ۋە تەسىرلىرى ئېنىق ساقلىنىپ قالغان. ئۆتكەندە، كۆكۆل
ئازادىلىكى، خۇشال-خۇراملىق قاپلىغان جايلارنى ھازىر گويا مەڭ-
گۈ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان غەم-غۇسسە قاپلاپ كەتكەن. ھۆكۈمە-
رانلار خەلقنىڭ ئامانلىقىغا ھەرقانچە كاپالەتلىك قىلغان بىلەنمۇ،
سودىنى ھەردائىم رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرغان بىلەنمۇ خەلقنىڭ رو-
ھىي قىياپىتىنى ۋە بەخت-سائادىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ تۇرغان
بولۇت-تۇمانلارنى تارقىتىۋېتەلمىدى. ئەھۋال خۇددى ئاھالە
ئىچىدىكى بىرەيلەننىڭ رەنجىش تەلەپپۇزى بىلەن «جۇڭگولۇقلار
ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا، ھەممە نەرسە بار ئىدى، ھازىر ھەم-
مە نەرسە يوق بولدى» دېگىنىدەك بولدى. بۇ سۆزنى ئەگەر سو-
دىسى كاسات بولۇپ، روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلەشكەن مەلۇم بىر
سودىگەر دېگەن بولسا، بىز ھەيران قالمايتتۇق. ئەمما بۇ سۆزنى
بىر ئاقساقالنىڭ ئوغلى بولغان ھەربىي كىشى دېگەننىدى. بۇنىڭدىن
ئۇ كىشىنى ياقۇپ بەگنىڭ ھەربىي تۈزۈمىدىن نارازى بولغان ۋە بۇ تۈ-
زۈمدىن بىزار بولغان دېسەك، ئۇھالدا، تاۋار ۋە سودىنى خۇددى
ئادەم نەپەس ئالمىسا بولمايدىغان ھاۋاغا ئوخشاش زۆرۈر دەپ قاراي-

دىغان، تىنچلىقنى بەكمۇ سۆيىدىغان پۇقرالارنى نېمە دېيىش كېرەك؟ غايەت زور خىراجەت چىقىم قىلىش بەدىلىگە ئوشۇقچە يالاپ ئىشلىتىلگەن پايلاقچى ۋە چېقىمچىلارنىڭ كاساپىتىدىن ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغان ئەنە شۇنداق مۇكەممەل ساقچىلىق تۈزۈمىدىن كەلگەن پايدىنى ئەگەر پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكى ۋە سودا-تىجارىتىنىڭ بوغۇلغانلىقى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان زىيان بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇ پايدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، مۇشۇ تۈزۈمنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتساق، قەشقەرىيەنىڭ ساقچىلىق تۈرۈمى ياقۇپ بەگنىڭ تازا ئەتراپلىق پىلانلىشى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىر تالاي پايلاقچىلىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ھەرقانداق بىر پادىشاھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن ساقچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئوشۇقچە ئامىل بولغانلىقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كېيىنكى بىرخىل ۋاستىنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەنمۇ ياكى ئالدىنقى بىرخىل ۋاستىنى قوللىنىپ، ئىشەنچلىك، باتۇر كىشىلەردىن تەركىب تاپقان، تەلىم-تەربىيە كۆرگەن ئارمىيىسى ئېرىشكەندىنمۇ چوڭراق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنمۇ؟ بۇنىسى گۇمانلىنارلىق ئىدى. تۇڭگان يېغىلىقى شەرق بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلىغان ۋە قەشقەرىيەنىڭ يەرلىك خەلقىگە ئىنتايىن ئاز ئەركىنلىك بەرگەن. سودا-سېتىقنى چەكلىمىگەندە ئۇچراتقان، سودا تەۋەككۈلچىلىكىگە توسالغۇ بولغانىدى. شۇڭلاشقا شەرقىي تۈركىستان سودىسىنىڭ چوڭ بىر قىسمى شىمال تەرەپتە قوقەنلىكلەرنىڭ ياكى رۇسلارنىڭ قولىغا، جەنۇبتا كەشمىرلىكلەر ۋە پەنجاپلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئاتالىق غازىنىڭ دۆلىتىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئېلىپ بارغان سودىسىغا سان جەھەتتىنلا ھۆكۈم قىلغاندا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ

روسىيە بىلەن ۋە روسىيىگە تەۋە دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىسى ئەڭ چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، لېكىن بىز مەسىلىنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ نەتىجىسى بىزنى خېلىقا نائەتلەندۈرىدۇ. لاداق ئارقىلىق خوتەن ۋە سانجۇ بىلەن بولىدىغان سودا مۇقىم ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، روسىيىنىڭ قوقەن ئارقىلىق بولىدىغان سودىسى بىر مەزگىل ئازايمىغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرغۇنلۇق ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭدەك، روسىيە بىلەن بولىدىغان نۇرغۇن سودىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ ھېسابىغا يېزىش كېرەك. چۈنكى قەشقەردىكى بازارلاردا ماركىسى روسىيىنىڭ، دېلى ئەنگلىيىنىڭ بولىدىغان ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. موسكۋا ياكى نوۋگورودتا ئىشلەنگەن ماللارنىڭ ھەشەمەتلىك ۋە چىرايلىق تايلىرى ئىچىدىن مانچېستېر ۋە لىۋېرپولدىكى① مەشھۇر زاۋۇتلارنىڭ ماركىلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى مەزگىلدىكى تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق يەنە شۇ ئىشمۇ ئىسپاتلاندىكى، شىكارپۇر ئارقىلىق پىلەن تاغ ئاغزىدىن ئېكسپورت قىلىنغان بەزى تاۋارلار ئارىلىقتىكى تاغلىق رايونلاردىن ئۆتۈپ ئەمىر ھەزرەتلىرىنىڭ زېمىنى بولغان قەدىمكى قەشقەرىيىگە يېتىپ كېلىدىكەن. ياقۇپ بەگمۇ سودىگەرلەرنى ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا تىرىشىدۇ؛ ئەمەلىيەتتە، ياقۇپ بەگ ئۇلارنىڭ بۇ دۆلەتكە كېلىشىگە قارشى ئەمەس، بەلكى بۇ دۆلەتتىن كېتىپ قېلىشىغا قارشى. شۇڭا ئۇ مۇشۇ يەردە ۋاقتىنچە تۇرۇپ قالغان سودىگەرلەرنىڭ ياتاق-تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئاساسلىق شەھەرلەردە كارۋان

① مانچېستېر، لىۋېرپول — ئەينى زاماندىكى ئەنگلىيە يېپەك مانائەت مەركەزلىرى — مۇھەررىردىن.

سارايلىرى ئاچقۇزدى؛ قوقەندىن كېلىدىغان سودىگەرلەر ئۈچۈن مەخسۇس بىنا قىلىپ بەرگەن ئەنجانلىق سودىگەرلەر سارىيى ياكى مېھمانخانىسى قەشقەر شەھىرى بويىچە ئەڭ چوڭ ۋە كىشىلەرنىڭ تازا - دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان قۇرۇلۇش- لارنىڭ بىرسىدۇر. ياقۇپ بەگ ھەتتا شەھەردىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردا چاكار بولۇپ ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن قېرى «خىتاي» لارنى ياكى يېڭى مۇسۇلمانلارنى كارۋان سارايلىرىغا قاراشقا ۋە بۇيەرگە چۈشكەن كىشىلەرنى كۈتۈشكە قويدى. بىز ياقۇپ بەگنىڭ ئەنگلىيە ۋە روسسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلغاندا، تۈرلۈك سورۇنلاردا تەستىقلانغان، سودىنى ۋە باشقا دوستانە بېرىش - كېلىشلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزىگە ئېنىق مەقسەت قىلغان بىرنەچچە سودا شەرتنامىسى ئۈستىدە تەپسىلىيرەك توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىز ھېلى ياقۇپ بەگنىڭ ئارمىيىسى، ساقچى، ئەدلىيە، مەمۇرىيەت ئاپپاراتلىرى ۋە ئوردىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتۇق. ئەمدى يۇقىرىدا بايان قىلىنمىغان بىردىنبىر مۇھىم تېما — ئەمىر قوللانغان مالىيە پرىنسىپى قالدى. ھەرقانداق بىر مەملىكەت ئۈچۈن، ھەتتا ئاسىيادىكى بىر مەملىكەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھامان مۇھىم باج كىرىمىگە ئىگە بولۇشى زۆرۈر. ياقۇپ بەگ تامامەن دېگۈدەك ئۇرۇش شارائىتىدا ياشاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرنەچچە قېتىم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ھەربىي خىراجەت كەمچىل بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرى زەئىپ - ئاجىز بىر خىل ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسكەرلە- گە بېرىدىغان مائاشىنىڭ كۆپ قىسمى تۇرپان ۋە باشقا جايلارنى تالان - تاراج قىلىشتىن توپلانغان بايلىقتىن چىقىم

قىلىنغان. ئۇنىڭ دائىملىق چىقىمى ئۇرۇش خىراجىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېشىپ بارغانلىقى نەتىجىسىدە ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ مالىيىسىدىكى كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلاش- ماي قالغان. توڭگان يېغىلىقى تۈگەپ، سودا - تىجارەت ئىشلىرى قىسمەن ئەسلىگە كەلگەن چاغدىلا، ئۇنىڭ مالىيە ئەھۋالىمۇ ياخشىلانغان. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرد- دىكى باج كىرىمىدە، ئىھتىمال، ئېشىنچە بولغان بولسا كېرەك. ھەرقانداق بىر گاداي پادىشاھنى خۇشال قىلىدىغان ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ياقۇپ بەگ ئاجايىپ- غارايىپ ۋاقىتلىق چارىلەرنى قوللىنىشقا، ئىنتايىن كۆپ سەۋر- تاقەت قىلىشقا ۋە جاپا چېكىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇرغۇنلىغان ئۇششاق - چۈششەك تۇسالغۇلارنى ۋە ئادەتتىكى كىچىك مەسىلى- لەرنى يېڭىشتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، بۇ، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئارمىيىنى ۋە سۈيىقەستچىلەرنى ئەپچىللىك بىلەن تىزگىنلىگەن چاغلاردىكى ئىپادىسىدىنمۇ قېلىشمايتتى. بۇ يەردە ئۇ يەنە جۇڭگولۇقلار- ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كەتكەن تۈزۈلمىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر خىل تۈزۈلمىنى بەرپا قىلدى. جۇڭگولۇقلارغا سېلىشتۇرغان- دا، ئۇ جۇڭگولۇقلاردىن گاداي ئىدى. جۇڭگولۇقلار پىقەت مال - تاۋارلاردىن ئېلىنىدىغان ئازغىنە باج كىرىمى بىلەنلا ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن مەمۇرىي جەھەتتىكى چىقىملىرىنى تولۇق قامدىيالايتتى. ياقۇپ بەگ بولسا بۇنداق مۇقىم باج مەنبەسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى؛ ئۇ جۇڭگولۇقلار يىغىپ كىرىم قىلىغاندەك شۇنچىۋالا نۇرغۇن پۇلنى پەقەت ھەم نامرات، ھەم يارتا- يېرىم ئىستېلا قىلىنغان جايلاردىنلا ئۈندۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ياقۇپ بەگنىڭ شۇ ئىشنى قىلالىغانلىقى ئۇنىڭدا مالىيە ۋەزىرى بولۇشقا لايىق ماھارەتنىڭ بارلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

بۇمۇ بىزنىڭ بۇ ئالاھىدە ھۆكۈمرانغا ئاپىرىن ئوقۇشىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبىدۇر. ئەگەر بىز ئۇنىڭ مالىيە جەھەتتە كۆرسەتكەن تۈرلۈك تىرىشچانلىقلىرىنىڭ تارىخىنى، شۇنىڭدەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان نۇرغۇن پىلانلىرىنى بىر-بىرلەپ تەپسىلىي تەكشۈرىدىغان بولساق، يېقىنقى زامان ئاسىياسىدىكى ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ قىزىقارلىق تارىخىي پاكىتلاردىن بىرىنى چوقۇم ئېچىپ بېرەلىگەن بولاتتۇق. لېكىن مۇشۇنداق ماتېرىياللار بولغان تەقدىردىمۇ، قەشقەرىيە بىزگە ئۆزىنىڭ بۇنداق تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى بەرمىدى. بىز بۇ ئىشنىڭ يىپ ئۇچىنى ئۆزىمىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغىلا ئاساسلىنىپ ئىزدىنىپ كۆردۇق. ياقۇپ بەگنىڭ ئوردا خىراجىتى ۋە خۇسۇسىي چىقىملار جەھەتتە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۈلگىسىنى ھازىرقى زامان ئاسىياسىدىكى باشقا ھۆكۈمرانلار ئۆزلەشتۈرۈۋالغان بولسا، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كۆرەتتى. ئىقتىسادنى تېجەش تۈزۈمىنى قاتتىق يولغا قويۇش ۋە پارچە-پۇرات چىقىملار ئۈستىدە نازارەت قىلىش — (مۇشۇنداق پارچە-پۇرات چىقىم قىلىنىدىغان پۇللار يىغىپ توپلانسا، ئۇ ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىنچىسى ياكى قىزىل رەقىمىنى بەلگىلەيدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ) ياقۇپ بەگنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىكى ئىككى يېتەكچى پرىنسىپ ئىدى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە ئىنتايىن قالاق بىر مەملىكەت قەشقەرىيىنى كۆپ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان جەدەل-ماجىرا ۋە يېغىلىقلار ئىقتىساد ھەم مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئىنتايىن قالاق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. لېكىن ئاتالىق غازى، ئېھتىمال، لاتىن پەيلاسوپلىرىنىڭ «ئىقتىسادنى تېجەش ئەڭ چوڭ كىرىمدۇر» ① دېگەن مەشھۇر سۆزىنىڭ ھەقىقەت

① بۇ، قەدىمكى رىم سىياسىيونى سىزرو ئېيتقان سۆز بولۇپ، لاتىنچىدا «Parsinnonia magnav esigalia est» دېيىلىدۇ — خەنزۇچە تەرجىمىدىن.

ئىگەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن بولسا كېرەك. شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ياقۇپ بەگنىڭ ئۆز ئالدىغا بەلگىلىۋالغان ۋەزىپىسى جۇڭگولۇقلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. جۇڭگولۇقلار ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئاجىز قوشۇنلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش خاھىشىدا بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆز ئىمپېرىيىسىنى كېڭەيتىش ئەمەس، بەلكى كىرىم - تاپاۋەت قىلغىلى بولىدىغان بىر پارچە زېمىنغا ئىگە بولۇۋېلىش، يەنى خۇددى بىزنىڭ ئىستېلاچى ئانگلو - ساكسون ئەجداتلىرىمىزنىڭ مال - مۈلۈك تېپىپ بېيىش ۋە نەۋەككۈلچىلىك ھەم پۇرسەتپەرەستلىك بىلەن بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش كويىدا جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كېزىپ چىققىنىدەك بىر ئىش بولۇپ، جۇڭگولۇقلارمۇ دەل مۇشۇ نىيەتتە گويا بىر خىل قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان قىزغىن جاسارەت بىلەن پۈتۈن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىغا يامراپ كېتىشكەنىدى. بۇنداق قىلىشتا ئۇلارنى كۆزى يېتىپ تۇرغان مەنپەئەت قىزىقتۇردى ھەم ھەربىي جەھەتتە بىرەر شۆھرەت قازىنىش ئىستىكى دەي - دەيگە سالدى. ئىمپېراتور چېيدىنلۇڭ چوڭ چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتكىنىگە كۆرەڭلەپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ گېنېراللىرى بىلەن ۋالىيلىرى تېخىمۇ ئەمەلىي مەنپەئەتلەرنى كۆزلەيتتى. ئەگەر تۈركىستاننى مەڭگۈ ئىستېلا قىلىش دېگەن مۇشۇ نىشانە ئالتۇندەك نۇر چېچىپ چاقناپ تۇرمىغان بولسا، ئۇلار ئۆز ئىمپېراتورىنى بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىنى بۇنىڭدىن كۆپرەك پايدا كېلىدىغان بىرەر ئىشقا قارىتىشقا كۆندۈرگەن بولاتتى. جۇڭگولۇقلار قەشقەرىيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق - مەرتىۋىسىنى ئۈستۈرۈشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەرنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى تەشكىللىك ھالدا تالان - تاراج قىلىپ خورىتىۋەتمەستىن، پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارىنى بۇ يەرنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇشقىلا قارىتىپ، ناھايىتى ئاقىلانە ئىش قىلدى. ئۇلار قوللانغان چارە- تەدبىرلەرنى ئالدىنقى بابلاردا تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتۇق. جۇڭگولۇقلارغا قاراشلىق جايلارنىڭ ئۈچ ئەۋلادتىن بۇيان گۈللەپ- ياشنىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگولۇق مەنسەپدارلارمۇ بېيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقمۇ ئۇلاردىن قېلىشمىغۇدەك روناق تاپتى. جۇڭگولۇقلار تىبەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا يولغا قويغان پرىنسىپقا ئاساسەن، قەشقەرىيىنى باشقۇرۇشتىمۇ ئۆز ئۇستىگە خېلى ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئالغانىدى. ئەمما ئۇلار كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك سەۋر- تاقەتكە ئىگە بولغانلىقتىن ۋە بۇ يەرنى ياخشى باشقۇرغانلىقتىن، بارلىق مۇشكۇللۇكلەرنى يېڭىپ كېتەلىدى. دۆلەت خىراجىتى ۋە يەرلىك چىقىملار ئۈچۈن ئېلىنىدىغان باج كىرىمى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ياخشى تەرتىپنى ئۇزۇن يىللارغىچە تەمىن ئېتىشكە ھەمدە دۆلەتنى ھەر جەھەتتىن مەڭگۈ ياخشىلاپ كېتىشكە يېتەتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۇستىگە ئالغان ۋەزىپىسى ياقۇپ بەگ ئۆز ئۇستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولغان ۋەزىپىدىن كۆپ ئېغىر ئىدى. لېكىن ئۇلار ياقۇپ بەگ ئىگە بولالمىغان نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلارغا ئىگە ئىدى: جۇڭگولۇقلار ساداقەتمەن زور ئارمىيىگە ئىگە ئىدى؛ ياقۇپ بەگ پەقەت بىر ئۇچۇم ئىشەنچسىز ئالىملارغىلا ئىگە ئىدى. بۇ ئالىملار ئاپەتنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسىلا قېچىپ كەتتى ياكى دۈشمەنگە تەسلىم بولاتتى؛ جۇڭگولۇقلار قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىنىڭ بايلىقىنى ئارقا تىرەك قىلغانىدى؛ ياقۇپ بەگ بولسا ئۆزىنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە ئىرادىسىدىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى؛ بولۇپمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى ئاشۇرۇپ بارالىغۇدەك ئىمكانىيەتكە ھەم ھەرىكەت ئېلىپ بارالىغۇدەك ئابرويغا

ئېنگە ئىدى. ھالبۇكى، ياقۇپ بەگ ھەربىي تەۋەككۈلچى دەپلا قارىلاتتى؛ تۇڭگانلارمۇ، خوجىلارمۇ، ئۇنى كۆزىگە ئىلمايتتى. ۋەقەنىڭ ماھىيىتى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەڭ چوڭ زېھنىي كۈچىنى سودا - تىجارەتكە قارىتىشىغا ئىمكان بەردى. ياقۇپ بەگ بولسا كۆپ يىللاردىن بۇيان ھەربىي كۈچىنى مۇستەھكەملەش ۋە قۇدرەتلىك بىر دائىمىي ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش كويىدىلا يۈردى. شۇڭا ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى ھەممە پۇلنى پەقەت ئەسكەر تەربىيەلەش ۋە قورال - ياراق سېتىۋېلىش ئۈچۈنلا سەرپ قىلدى. روسىيە ياكى ئافغانىستان ۋە ياكى تۇڭگانلار ئۇنىڭغا تەھدىت سالغان چاغدا، ئۇ ھەمىشە نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، تەھدىتكە ئۇچرىغان جايلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىگە قورغان ياساتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاساسلىق چىقىمىنى ئارمىيىگە، ساقچىلىق تۈزۈمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاندانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا سەرپ قىلدى. ئەدلىيە خىزمىتى، مەمۇرىي خىزمەتلەر ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇل خەجلەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ مەھكىمە شەرئىيەنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنمۇ بىرقىسىم بايلىقنى سەرپ قىلىۋەتتى. ناھايىتى روشەنكى، ئۇنىڭ چىقىمى بىزنىڭ نەزەرىمىزدە بەك چوڭ ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن تېخى يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنمىگەن بىر مىليون ئاھالە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ھەقىقەتەن بەك ئېغىر يۈك ئىدى. ئۆتمۈشتە جۇڭگو بىلەن بولىدىغان سودا بۇ جاينىڭ ئاساسلىق بايلىق مەنبەسى بولغانىدى. بۇ سودا ئۈزۈلۈپ قالغان چاغلاردا روسىيە ۋە ھىندىستان بىلەن بولغان سودا ئالاقىلىرى گەرچە بىرئاز كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا يەتمەيتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ دۆلەتتە ئەگەر جۇڭگولۇقلارنىڭ يەم - پاراستى، ھۈنەر - سەنئىتى ۋە سودا ئىشلىرىدىكى ماھارىتى بولمىغان بولسا، ئۇ تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتكەن بولاتتى. بۈزرۈكخان ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدىكى

ئۇرۇش يىللىرىدا، پەقەت ئىشغالىيەت رايونى تالان - تاراج قىلىش ۋە بۇ يەردىن مەجبۇرىي باج ئېلىشلا زۆرۈر كىرىمگە، ئىگە بولۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى بولۇپ قالغانىدى. ياقۇپ بەگ قەشقەرىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى ئىستېلا قىلغاندا، ئۇ رايونلارنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدە بىر تىيىن پۇلنىڭمۇ يوقلۇقىنى سەزدى، ئەمما ئۇنى قانداق تولۇقلاشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ تاپالمىدى. ئۇ مۇشۇنداق مۈشكۈل ئەھۋالغا قالغان چاغدا، ئالىمقاچان كونىرىغان، ئەمما ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولغان بۇنداق بىر خىل ۋاقىتلىق تەدبىرنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى: ئۇ ئۆزىنىڭ سادىق پۇقرالىرىغا ئۆزىنىڭ ئىستېلاچى بولۇش لاياقىتى بىلەن بۇ مەملىكەتتىكى پۈتۈن يەرلەرنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكى، ئەمما ھازىر بۇ يەرلەرنى پۇقرالارغا ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقى ھەققىدە ئېلان چىقاردى. لېكىن ئۇ جۇڭگولۇقلارغا بېيئەت قىلغان مۇسۇلمان خانلارنىڭ يەر - زېمىنلىرىنى ۋە خان ئائىلىلىرىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدىكى مەشھۇرراق كىشىلەرگە ئىنئام قىلىپ بەردى. بۇ كىشىلەر مۇشۇ ئىنئامنىڭ بەدىلىگە ھەربىي سەپتە مەجبۇرىيەت ئۆتەش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى. بۇنداق تۈزۈم نامەن كونا فېئوداللىق تۈزۈمنى ئەندىزە قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ياقۇپ بەگ ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللارغا خاس بارلىق ھوقۇق ۋە نۇپۇزغا ئىگە بولۇۋالدى. مەھكىمە شەرئىيە بولسا بۇ يېڭى ھۆكۈمراننى قوللاش ھېسابىغا زور مىقداردا تارتۇق - ئىنئاملارغا ئېرىشتى ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالدى. مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇرۇنقى خىراجەتلەر تۈركىستاننى تالىشىش يېغىلىقلىرىدا ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ھازىر قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەننىڭ ئۈستىگە، پادىشاھنىڭ

كەڭ قورساقلىقىنى، مەرتلىكىنى ۋە ئىسلامىيەتكە بولغان ھۆرمىتى-
نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا يەنە يېڭىباشتىن مال-مۈلۈك
ئاجرىتىپ بېرەتتى. ياقۇپ بەگنىڭ قەدىناس دوستى شەيخۇلئىس-
لامنىڭ تازا ئامەتى كەپتۇ، ئۇنىڭ پايدىلىنىشىغا مەخسۇس بىر باغ
كۆرسىتىپ بېرىلىپتۇ. قارىغاندا، مۇشۇ مۇسۇلمان موللىلار ئۆزلىرى
ئېرىشكەن يېڭى ھوقۇقتا ۋە ئۈستۈنلۈككە لايىق ئىش قىلىۋاتقان-
دەك قىلىدۇ؛ قەشقەردە جاپا چېكىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلار ئارى-
سىدا، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى مەنپەئىتىنى ۋە ئاتىلىق
غازىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى كۆزلەپ، خەلقنى تەر-
بىيىلەش ۋە ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش
جەھەتلىرىدە ئۇلاردىن ئوشۇقراق كۈچ چىقىرىۋاتقان ئادەم يوق.
ئەمما ئەڭ يامان بولغىنى، ياقۇپ بەگنىڭ ئۆزىنىڭ كىشىلەرگە
قىلغان ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ياخشىلىقلىرى ياكى ئىلتىپاتلىرىغا
تايىنىپ، ئۆزىگە سادىق قۇدرەتلىك ھەربىيلەر تەبىقىسى بەرپا
قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بوپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئە-
گەشكۈچىلىرى ئىچىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئال-
مىغاندا، ئۆز ئالدىغا يەر-زېمىن تەسەررۇپ قىلىش دېگەن يېڭى
كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالايدىغانلار يوق ئىكەن. ئۇلار
يېزا ئىگىلىكىگە ۋە يېزىلاردىكى باشقا ئىگىلىك ئىشلىرىغا كۆڭۈل
بۆلۈشنى خالىمايدىكەن. ئۇلار يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەنجانلىق
كۆچمەنلەرگە ئىجارە بېرىۋېتىپ، ئۆزلىرى ئوردىغا كىرىۋاپتۇ ياكى
ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ غەرق بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ياكى تەييار-
تاپلىق بىلەن ياشاپ كېلىۋېتىپتۇ. ھەتتا باتۇر ئوغلان دەپ
مەدھىلىگەن، ئۆز ئالدىغا مىڭ ئادەمنى قىرغان قاتىل ئابدۇللا
بەگدەك ھەربىيمۇ يېغىلىقلار بېسىققاندىن كېيىنلا چۈشكۈنلىشىپ
كېتىپتۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىيلەر ئارىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق

مەنىۋى جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك، چىرىكلىك تېخىمۇ ئېغىر ئىكەن. ياقۇپ بەگنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھىمايىچىلىرى ئارىسىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر باشقا بەزىبىر ئامىللار بىلەن قوشۇلۇپ، ياقۇپ بەگنىڭ ئەنجانلىق سودىگەرلەر بىلەن دۇكاندارلارغا تېخىمۇ كۆپرەك تايىنىشىغا تۈرتكە بوپتۇ ۋە ئۇنى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا تاشقى سودىنى تېخىمۇ قوللاش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىپتۇ.

پۇقرالارغا يەر سېتىشتىن بىۋاستە كىرىم قىلىنغان پۇللار ياقۇپ بەگنىڭ تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا ئىمكان بەردى. ئۇ ئەمدى مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆز زېمىنىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆز زېمىنىدىكى مەسئۇلىيىتىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋالدى. دەرۋەقە، بۇ چارە يولغا قويۇلغان دەسلەپكى يىللاردا ئالتۇن-كۈمۈش ئۇنىڭ خەزىنىسىگە ئۈزلۈكسىز كىرىپ تۇردى. لېكىن بۇنداق مالىيە مەنبەسىمۇ بىر مەھەللا ئەسقاتتى. مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىپ يەركەن، قەشقەر، خوتەن ۋە باشقا جايلارنى بۇلاش بىلەن قولغا كىرگۈزۈلگەن ئالتۇن-كۈمۈشلەر ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر ئارمىيە قۇرۇپ چىقىشىغا كېتىدىغان خىراجەتنى ھەرگىزمۇ قاپلىيالمايتتى. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ھېچقايسىسىنى كىرىمگە ئېرىشىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك چارىسى دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى ئالدىنقى چارىنى ئەمدى تەكرارلاشقا بولمايتتى، كېيىنكى چارە مەملىكەتنىڭ بايلىقىنى ناھايىتى تېزلا قۇرۇتۇۋېتەتتى. ياقۇپ بەگنىڭ ھاكىمىيىتى سەل-پەل مۇقىملىشىپ، بۇنداق پۇل تېپىش ئۇسۇلى ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنىڭ ھېلىقى نەپرەتلىك چارىسى مەلۇم دەرىجىدە كونىراپ قالغان چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ مالىيە پىلانىنى بىرقەدەر ئەمەلىي ۋە بىرقەدەر چىرايلىق ئاساس ئۈستىگە قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ياقۇپ بەگ ئۆز خىزمىتىنى يۇقىرىدا مىسال

كەلتۈرگىنىمىزدەك، جۇڭگولۇقلار دۇچ كەلگەن شارائىتتىنمۇ قىيىن شارائىت ئىچىدە ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ياقۇب بەگ ئۇلارنىڭكىدىنمۇ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە ئىدى، يەنى ئۇ كۆزلىگەن نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەشقەرىيىنى ئاۋۋالقىدەك گۈللەندۈرۈشتىنمۇ ئاسان ئىدى. ئۇنىڭ خامچوتى بويىچە بولغاندا، ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمىلىرى ۋە ساقچىلارنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇش ئېھتىياجىنى داۋاملىق ئېتىبارغا ئېلىپ مەلۇم ساندا پۇل ئاجرىتىپ تۇرۇلسا، ئاندىن يەنە ئالمادىس يۈز بېرىپ قالىدىغان جىددىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىدە ئاز مىقداردا ئېشىنچە پۇل قالدۇرۇپ قويۇلسىلا كۇپايە قىلاتتى. ئۇ قاتناش يوللىرىنى، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن دەپ تاشلىۋەتتى. دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى جىددىي ئېھتىياجلىق سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىنى ئۆزىدىن كېيىنكى ھۆكۈمرانلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى؛ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنى بولسا كېيىنچە بىرەر پەيتى كەلگەندە بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇردى. ئەمما ئارمىيىدە بىرقانچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر بولمىسا زادىلا بولمايتتى؛ قورال-ياراق ئامبارلىرىدا مەلۇم ساندا يېڭى مىلتىق، توپ-زەمبىرەك ۋە ئوق-دورا بولمىسا بولمايتتى؛ ئەسكەرلەرنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن، تەمىناتنى ئۆستۈرۈش يولى بىلەن مەلۇم ساندا تەۋەككۈلچىلەرنى جەلپ قىلىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىققا قويماي بولمايتتى. ياقۇپ بەگنىڭ ئورنى ئۇنى مۇشۇنداق ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى؛ ھالبۇكى، بۇ ئىشقا غايەت زور خىراجەت بولمىسا بولمايتتى؛ بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆزىگىمۇ، خەلقىمۇ ئىنتايىن ئېغىر قۇربان بېرىشكە توغرا كەلدى. يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قاراپ شۇنىڭغا ئىشەندۇقكى، ئەگەر ئاتلىق غازى سىرتقا قارىتا ھەربىي سىياسەت يۈرگۈزۈشتە بەك

ئاكتىپ بولۇپ كەتمىگەن ۋە دۆلەت ئىچىگە قارىتا بىرقەدەر
تىنچلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن بولسا، قۇرۇق ھەربىي داۋراڭدىن
كۆرە، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تېخىمۇ كۆپ كۈچ-قۇدرەت تاپقان
بولاتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ياقۇپ بەگ ئاخىر 1867-يىلدىلا
مۇنداق ئىككى تۈرلۈك باج تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۇ
ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ۋەكىللىك قىلىدىغان
ئىككى تۈرلۈك ئاساسلىق باج دەپ ئېيتىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بى-
رىنچىسى، مەملىكەت بويىچە ئاشلىقتىن ئېلىنىدىغان ئۆشرە. ئىك-
كىنچىسى، زاكات. بۇ — قەشقەرگە ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ
ھەممىسىدىن ئېلىنىدىغان بىر تۈرلۈك تاموژنا بېجى ئىكەن. مەھ-
كىمە شەرئىيەنىڭ ۋەخپە يەرلىرىدىن ياكى پادىشاھلىق باجنى
ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئارقىلىق تۆلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىگە-
دارچىلىقىدىكى يەرلەردىن ئۆشرە (باج) ئېلىنمايدىغانلىقىنى ھې-
سابقا ئالمىغاندا، باشقا ھەممە يەرلەردىن ئۆشرە ئېلىنىدىكەن.
ھەتتا تۆرىلەر تەبىقىسىدىن يەر ئىجارە ئېلىپ تېرىيدىغان كىشى-
لەرمۇ بۇ ھۆكۈمرانغا ئۆشرە تاپشۇرىدىكەن؛ بۇنىڭدىن مەلۇمكى
ئادەتتىكى پۇقرالارنى باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىدىن قۇتۇلدۇ-
رۇپ قالالايدىغان نەرسە يەر ئەمەس، بەلكى يەرنىڭ قانۇنىي
ئىگىلىرىدۇر. ياقۇپ بەگ ئەنجانلىق سودىگەرلەرنىڭ دۆلەت يەر-
لىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغانلىقى ۋە ئۇلار قىران
بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئاخىر تەدرىجىي ھالدا ياقۇب بەگنىڭ ئە-
گەشكۈچىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت خەۋپنى سې-
زىپ تۇراتتى. شۇڭا ياقۇپ بەگ تۆرىلەرنىڭ ئۆز قولىدىكى
يەرلىرىنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز سېتىشنى چەكلەيدىغان تەدبىرنى
قوللاندى. ئۆشرىدىن كىرىدىغان مۇشۇنداق كىرىملەر غايەت كۆپ
بولۇپ، بىرقانچە يىل مابەينىدە ئۇنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى-
گە ئايلىنىپ قالدى. قەشقەرىيىدىكى يەر باھاسى ھەققىدە بىر

www.uyghurkitap.com

پەقەت تەخمىنىي مەلۇماتقىلا ئىگىمىز. بۇ يەردە يەر سېتىش ۋە باج تاپشۇرۇشتا، يەرنىڭ باھاسىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ئىكەن: ئۇلار يەرنىڭ باھاسى يەرنىڭ بەلگىلىك كۆلىمى بويىچە ھېسابلانماستىن، ھەتتا، يەردىن چىقىدىغان ھوسۇلنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپمۇ ھېسابلانماستىن، بەلكى يەرگە قانچىلىك ئۇرۇق چېچىلغانلىقىغا قاراپ ھېسابلىنىدىكەن. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىگىرمە قاداق ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەرنىڭ باھاسى تەخمىنەن بىر فوند ستېرلىڭ بولىدىكەن. ئوتاقچى دېھقانلار ھەم ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرىدىكەن، ھەم ساپ ھوسۇلنىڭ $\frac{3}{4}$ قىسمىنى يەر ئىگىسىگە تاپشۇرىدىكەن، قالغان $\frac{1}{4}$ قىسمى دېھقاننىڭ ئۆزىگە قالىدىكەن. بۇنداق تۈزۈم شارائىتىدا، مول ھوسۇل ئېلىنغان يىللىرى پەقەت ھاللىقراق ئوتاقچى دېھقان ئائىلىلىرىلا قەدىر ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىكەن. ھوسۇل كەم ئېلىنغان يىللىرى بولسا يەر ئىگىلىرى ئوتاقچىلارنىڭ يالۋۇرۇشى بىلەن ئىجارە ئېلىش ھوقۇقىدىن ئازراق ۋاز كەچكەن تەقدىردىمۇ، لېكىن ھوسۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئالماي قويمايدىكەن، ئەمما ئاشىرلار (ئۆشرە يىغقۇچىلار) تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۆز يېنىنى تولدۇرغاندىن تاشقىرى، ئۆشرىنى ھەممىدىن كەم قالدۇرماي تاپشۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان تىزىمنى ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ بېرىپ ياخشىچاق بولۇۋالىدىكەن.
بىچارە پۇقرالار ئۇلارنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقىدىن چىقالمايدىكەن، ئۇلار تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئۆشرىنىڭ ئېنىق سانىنى بىلمەيدىكەن، ئاشىرلارنىڭ بىكاردىن بىكار قاقتى - سوقتى قىلىشىغىمۇ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىكەن. ئۇلار بىر ئېغىز زۇۋان سۈرەلمەي ياكى ھەتتا ئاشىرلارنىڭ ئالدامچىلىقىدىن گۇمانلىنىش

قىسمۇ پىتىنالماي، ئۆشرىنى تاپشۇرغۇدەك دەرمانى بولسىلا ئاشىرلارنىڭ دىگىنىنى بىرىدىكەن. ئۆشرە يىغىشنى ھۆددىگە ئالغان ئاشىرلار تاپشۇرۇلۇشقا تىگىشلىك ئۆشرىنى ئومۇمىي ھوسۇلغا قول تىگىشتىن بۇرۇنلا ئىلىپ كەتكەچكە، ئۆشرىنىڭ غازىنىغا تىگىشلىك قىسمى ھەممىشە ئۆز ۋاقتىدا قولغا تىگىپ تۇرىدىكەن، ئۆشرىنىڭ نورمىدىن سىرت ئىلىنغان قىسمى ئۆشرە ھۆددىگەرلىرىنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كىتىدىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، مەنسەپدارلار ئالىدىغان ئۆشرىنىڭ مىقدارى، كۆپ ھاللاردا، قانۇندا بەلگىلەنگەن ساندىن ئۈچ ھەسسە كۆپ بولىدىكەن. بۇنداق تۈزۈم خەلققىلا زىيانلىق بولۇپلا قالماي بەلكى ھۆكۈمرانلارغىمۇ ئوخشاشلا پايدىسىز ئىدى. يالغۇز مۇشۇ بىر خىل باجنىلا ئىلىپ ئىيتساق، خەلقنى قاقشىتىپ ئالغان باج پۇلىدىن مەنسەپدارلارنىڭ خىيانەت قىلىپ كەتكىنى دۆلەتنىڭ ئىھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنىدىن كۆپ ئىدى. بۇ پاكىت پادىشاھنىڭ ئۆز خادىملىرى ئۈستىدە نازارەت قىلىشىنىڭ قانچىلىك بوشاپ كەتكەنلىكىنى ئىچىپ بىرىدۇ، شۇنداقلا ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلەردىكى تۈرلۈك زىددىيەتلىرىنىڭ قوشۇلمىسى ئىكەنلىكىنىمۇ كۈچلۈك چۈشەندۈرۈپ بىرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈمىز كەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ مۇشۇ ئىشلاردىن قانداقسىگە خەۋەرسىز قالغاندۇر – ھە؟ دىگۈمىز كىلىدۇ.

ئۆشرىدىن باشقا، يەنە شۇ جاينىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ئىلىنىدىغان تاناپ بىجمۇ بار. بۇ، مەخسۇس كۆكتات ۋە مىۋە- چىۋە تىرىلىدىغان يەرلەردىن ئىلىنىدىغان باج ئىكەن. بىر تاناپ — 47 يارد① ئۇزۇنلۇقتا باراۋەر بولغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمىنىڭ نامى، بىر

① يارد — ئەنگلىيە ۋە ئامىرىكىنىڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بىر يارد 0.9144 مىترغا تەڭ— ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن.



www.uyghurkitap.com

تاناپ يەر 47 كۋادرات ياردقا تەڭ كېلىدىكەن. كۆكتات ياكى
مېۋە - چېۋە تېرىلىدىغان مۇشۇ كىچىككىنە بىر پارچە يەردىنمۇ باج
ئېلىنىدىكەن. بۇنداق باج ھەرقايسى جايلارنىڭ پەرقىغە ۋە شۇيىلقى
ھوسۇلنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ،
بۇنداق ئۆزگىرىشىنىڭ چېكى باشقا ھەرقانداق باجنىڭكىدىن چوڭ
بولىدۇ. ئەڭ نامرات جايلاردىمۇ بىر تاناپ يەردىن بىر شىللىڭ -
دىن كەم باج ئېلىنمايدۇ. بەزى يىل ياخشى كەلگەن يىللىرى
بەش شىللىڭغا يېتىدىكەن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ.
ئەمما بەزى كىشىلەر ھەتتا بۇ ئىشقىمۇ قول تىقىۋېلىپ، ئۇنىڭ -
دىن زىغزىق چىقىرىدۇ ۋە ئىمكانقەدەر كۆپرەك قاقتى - سوقتى قىلىشقا
تىرىشىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، باغ - باراڭلىق، كۆكتات تېرىلى -
غان يەرلەر زىرائەت تېرىلىدىغان يەرلەردىن كۆپ بولغاچقا،
ئېھتىمال، بۇنىڭ بېجىدىن كۆپرەك كىرىم قىلىنسا كېرەك. ئەمما
بۇ خىلدىكى باجنى يىغىش قىيىنراقمۇ ياكى باج تاپشۇرغۇچىلار -
دىن دۆلەت خەزىنىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا باج كىرىمىنىڭ كۆپ
قىسمى بەزىلەرنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتەمدۇ - قانداق؟ لېكىن
بۇنداق باج توغرىسىدا بىز ئاڭلىغان گەپ - سۆزلەر بىزنىڭ ئۈ -
مىد قىلغىنىمىزدىن ئاز. دېمەك، بۇ يەردە ئېلىنىدىغان چوڭ
باج ئىككى خىل بولۇپ، بىرى — ئاشلىق بېجى، بىرى — مېۋە -
چېۋە بېجى. بۇ باجنىڭ نىسبىتىمۇ ئانچە يۇقىرى دېيەرلىك
ئەمەس، ھەرقانداق يېزا - قىشلاق ئۇنى قىلچە قىينالماستىنلا
تۆلەپ كېتەلەيدىكەن. ئەمما مەنسەپدارلارنىڭ خىيانەتلىرى ئار -
قىسىدا بۇ ئىككى خىل باجنىڭ ئېغىرلىشىپ قايسى دەرىجىگە
يەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، ئەھۋالنى ئەڭ ياخشى دەپ مۆلچەر -
لىگەندىمۇ، پۇقرالارنىڭ ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئاز دې -
گىلى بولمايدۇ. ياقۇپ بەگكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىش -
لار تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ پۇقرالار نەزەرىدىكى مەرتىۋىسىنىڭ قاز -

داق تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقى، مۇشۇنداق ئېغىر يۈك تۈپەيلى-
دىن ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرىيە خەلقىنىڭ نەزەرىدە خەلققە ئې-
غىر ئالۋان سېلىق سالغان مۇستەبىت، زالىم پادشاھقا ئايلىنىپ
قالىدىغانلىقى تېخىمۇ ئېغىر مەسىلىدۇر.

بۇ نۇقتا توغرىسىدا مۇقىم بىر نېمە دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن پەقەت قىياس قىلىپ كۆرسەكلا ئەھۋالنىڭ دەل شۇنداق بولۇپ چىقىدىغانلىقى تەبىئىي. دېھقانلار تېخى بىر تال دانىغىمۇ ئېغىز تەگمىگەن، ھەتتا تېخى يەر ئىجارىسىنىمۇ تۆلىمىگەن شارائىتتا، يەردىن چىققان ھوسۇلنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{3}$ نى ئېلىپ كەتكەن پادشاھنىڭ ھىممىتىگە ھېچقانداق دېھقان رەھمەت-ھەشقاللا دېمەس. ياقۇپ بەگ ئۆز ئەمەلدارلىرىنىڭ شۇنچىۋالا شەخسىي پايدا ئېلىۋېلىشىغا ئانچە ماقۇل بولۇپ كەتمىسىمۇ، ئەمما دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ئازراق قاقتى-سوقتى قىلىشىغا يول قويغانلىقتىن، بۇ ئىللەت مۇشۇنداق كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرى-جىگە يەتكەن، ئاندىن بۇنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز قالغان. شۇڭا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلاردىن قىلچىلىكمۇ خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، بەزىلەر ئىشەنچلىك ئاساسلار بىلەن ھەتتا ياقۇپ بەگنى باجگىر-لار بىلەن پايدىنى تەڭ بۆلۈشۈۋالغان دەپ ئەيىبلىگەندى. گەرچە بىز بۇنداق ئەيىبلەشلەرنىڭ توغرىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىساقمۇ، ئەمما بۇنداق ئەيىبلەشنىڭ ئىنتايىن ئا-ساسلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ ئاساسلارغا رەددىيە بېرىشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەگەر ياقۇپ بەگ ئۆزىنى پۇقرالارنىڭ ھېسداش-لىقىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر پاكىتتىن تامامەن بىخەۋەر بولغان بولسا، ئۇنىڭ مەخپىي ساقچىلىرى ماختاشقا ئەرزىمەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

1868 - يىلىدا خوتەن شەھىرى پەتھ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئالتۇن كېنى ئېچىلىشقا باشلىغانىكەن. بۇ كان تا ھازىرغا قەدەر ئېچىلىۋېتىپتۇ. بىر ئالتۇننىڭ يىللىق مەھسۇلاتى توغرىسىدا بىرەر مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدۇق، مەھسۇلات بەك كۆپ بولمىسا كېرەك، ئاقسۇ ۋە كۇچانىڭ قېشىدىكى كېدۇركانلىرىنىڭ خۇسۇسىيلار ئاچقان ئازساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچىسى تاشلىنىپ قاپتۇ. بۇ جايدىكى مىس كېنىنىڭمۇ جوڭگولۇقلار كەتكەندىن كېيىن كىچىككىنە بىر قىسمىلا داۋاملىق ئېچىلىۋېتىپتۇ. قەشقەرىيىنىڭ ئاقسۇ ۋە خوتەندىن چىقىدىغان قاشتېشىنى بۇرۇنقىدەكلا زور مىقداردا ئۇچرىتىش مۇمكىن. قاشتېشىنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك مۇشۇ شەھەرلەردىن كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، قەشقەرلىكلەر ئۇنىڭ چىقىدىغان يېرىنى ئېنىق ئېيتىپ بەرمەيدىكەن. قەشقەرگە زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن بىر چەت ئەللىك كىشى بازار ئايلىنىپ كېتىۋاتقىنىدا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئاق تەنلىك ئادەم خەلقنىڭ ئەھۋالى ياكى دۆلەتنىڭ زاپاس بايلىقى ھەققىدە بىرەر ئاخبارات ئېلىپ كەتمىسۇن دەپ ئۆزىنىڭ كەينىگە مەخپىي ساقچى سېلىپ قويغانلىقىنى، خەلقنىڭمۇ ئۆنى كۆرگەندە سۆز قىلىشقا پېتىنالمىغانلىقىنى تېزلا سېزىۋاپتۇ. جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ كىچىك ئىشلارغىمۇ نەقەدەر دىققەت قىلىدىغانلىقىنى مۇنداق بىر ئىشتىن ناھايىتى ئېنىق كۆۋۈۋېلىش مۇمكىن: ھېلىقى چەت ئەللىك كىشى بىر قاشتېشى ساتىدىغان يايمىچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ قاشتېشىنى قەيەردىن ئەكەلدىڭىز؟ دەپ سورىغان ئىكەن. بۇ سودىگەر ئۇنىڭغا ئاقسۇدىن ئەكەلدىم، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ بىر ئاز مېڭىپ، يەنە بىر دۇكاندىن سوراپتىكەن، بۇ دۇكاندار: قوقەندىن كىرگۈزۈلگەندى دەپتۇ. ھېلىقى چەت ئەللىك كىشى بۇ دۇكاندارغا، باياتىن سىزنىڭ قوشنىڭىز بۇ قاش-

uyghurkitap.com

تېشنى ئاقسۇدىن كەلتۈرۈلگەن دەيدۇغۇ؟ دېسە، بۇ دۇكاندار ناھايىتى ئۇسال بولۇپ، بۇ قاشتېشىنى ئاقسۇدىن ئەكەلگەنلىكىنى ئىقرار قىلىپتۇ. لېكىن چەت ئەللىك كىشىنىڭ يېنىدىكى ئەمەلدار ئۇنى كۆز ئىشارىتى بىلەن ئاگاھلاندۇرغانلىقتىن، ئۇ يەنە، قوقەندىن كىرگۈزۈلگەن دەۋاپتۇ، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىمەنە گەپ قىلىدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن چەتتىن كەلگەنلەرنى ھېلىقىدەك ئالدايدىغانلىقىنى بىلمىدۇق. ئۇلار، ئېھتىمال، قاشتېشىنىڭ مەيلى ئىشلەنگىنى بولسۇن ياكى ئىشلەنمىگىنى بولسۇن، ئۇنىڭ قەشقەرىيىدە مۇھىم بىر تاۋار ئىكەنلىكىنى بىلسەكلا بولمىدىمۇ، ئۇنىڭ ئاقسۇدىن ياكى قوقەندىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى سوراپ نېمە قىلسەن، دەپ ئويلىسا كېرەك.

تاموژنا بېجى ياكى زاكات ــ ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە دۆلەت تەۋەسىگە كىرىدىغان ھەرقايسى يوللاردىكى چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىدا ئېلىنىدىغان بىر خىل باج ئىكەن. ئۇلۇغ بىرىتانىيە ۋە روسىيە بىلەن تۈزۈلگەن شەرتنامىلەر تەستىقلىنىشتىن ئىلگىرى، بۇ باجنىڭ قائىدە- نىزاملىرى ئىنتايىن مۇجمەل ۋە تولىمۇ ئۆزگىرىشچان ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ شەرتنامىلەر تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ كىرگەن قەشقەرىيىگە ھەرقانداق بىر سودىگەر ئەگەر ئۆزىنىڭ تەنتەكلىكى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازادىن قۇتۇلۇپ كېتەلىگەن بولسا، ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى تەلەيلىك ئىكەنمەن دەپ ھېسابلىسا بولىدىكەن: چۈنكى ئۇنداق سودىگەر ئەمىر ھەزرەتلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە ماللىرىدىن چوقۇم ئايرىلىپ قالىدىكەن. 1869 - يىلىغا قەدەر، بۇ يەردە رۇس سودىگەرلىرىنىڭ ماللىرى مۇسادىرە قىلىنىغان، ئۆزلىرى خورلىنىپ كەلگەنىكەن. روسىيە ھۆكۈمىتى ئۇزۇن يىل كېيىن ئۆتكۈزۈپ ئۆز پۇقراسىنىڭ تارتقان زىيىنىغا ئازراق بول-

سىمۇ تۆلىنىۋاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئاتىلىق غازى رۇس سودى-
گەرلىرىنىڭ زېمىنىنى قانداق تۆلەپ بەرگەن دېمەمسىلەر؟
قەشقەردىكى كونا بىر مەسچىتنىڭ ئېچىدىن تېپىلغان، ئاللىقاچان
كۇرسى چۈشۈپ كەتكەن جۇڭگو پۇلى بىلەن بۇ زىياننى تۆلەپ
بېرىپتۇ! بۇنىڭدىن بۇرۇن چەت ئەللەر بىلەن بولىدىغان پۈتۈن
تاشقى سودا قوقەن، بۇخارا، ئافغانىستان ۋە بەدەخشان بىلەن
بولىدىكەن. تاشكەنتلىك سودىگەرلەردىن ياكى لاداقلىق سودى-
گەرلەردىن بۇلاپ-تالىۋالغان ماللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زا-
كاتتىن ھېچنېمە كىرمەيدىكەن. لېكىن شىمالدىكى رۇسلار بىلەن
جەنۇبتىكى ئىنگلىزلارنىڭ يەرلىك سودىگەرلەر بىلەن بىللە شەر-
قىي تۈركىستاننىڭ پەردىسىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن بوشاشماستىن
تىرىشىشى نەتىجىسىدە ياقۇپ بەگ ئۆزىنى يوشۇرۇپ كەلگەن
چۈمپەردىسىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئېھتىمال، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە،
مەدەنىيەتلىك ئىمپېرىيە بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقان چاغدا، ئۆ-
زۈمنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقنى زاكاتتىن ھەل قىلىۋېلىشىم مۇم-
كىن، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. لېكىن ئۇ ئاسماندىكى غاز-
نىڭ شورپىسىغا نان چىلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى 12 ئېيىدا قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىنىڭ
پايدا-زىيىنىغا زادى كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقى
مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. ئۇ تاموژنا بېجىنى ئادىل ئاساسقا
ئورۇناتقاندا، بىكار قىلىۋېتىلگەن ئېغىر ئالۋان-ياساقنىڭ ئورنىنى
خېلى ئۇزۇندا تولدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. باشتا
قەشقەرىيە بىلەن سودا-سېتىق قىلىش نىيىتىدە بولغان بەزى
سودىگەرلەر يول ئۈستىدىكى خەۋپ-خەتەرلەرنى ئويلاپ، شۇنىڭ-
دەك مال-بايلىقى، نوپۇسى ئون ھەسسە مۇبالىغە قىلىنغان
بۇ دۆلەتتە سودىگەرلەرنىڭ نەپ ئالغۇدەك سودا-تىجارەت قى-
لىشىغا يول قويۇلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يەرگە كېلىشتىن يال-

تايدى. ئاساسلىق شەھىرىدىكى ئەڭ باي دېيىلگەن سودىگەرنىڭمۇ
كاپىتالى سەككىز مىڭ فوند ستېرلىڭدىن ئاشمايدىغان بۇنداق
بىر دۆلەتتە، كۆپ پۇل تېپىشتىن ئۈمىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. گەرچە ھەممە تاۋارلاردىن قانۇن بويىچە 2.5% قوشۇمچە باج
ئېلىنىدىغان بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئەگەر ھۆكۈمرانغا
پۇل لازىم بولۇپ قالسىلا، ئۇنىڭ چەتئەللىكلەرنىڭ قولىدىن تارتى-
ۋالغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلچە ئىككىلەن-
مەستىن تارتىۋالىدىغانلىقىنى ئۇزۇن ئۆتمەيلا چۈشىنىپ قالدى.
مەيلى ھۆكۈمراننىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولسۇن، ياكى چەت ئەللىك
سودىگەرلەر ئۈچۈن بولسۇن، يېڭى كېلىشىمدە كىشىنىڭ دىتىغا
ياقمايدىغان بەزى مەزمۇنلار بار ئىدى. ھۆكۈمران ئۆزىنىڭ بەزى
ئالىي ھوقۇقلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەدىلىگە
ھېچقانچە پۇلغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلماسا، چەت ئەللىك
سودىگەرلەر شەرتنامىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئۆزىنى نورمىدىن
تاشقىرى خىراجەتتىن خالاس قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

زاكات كىرىمىنىڭ ئېشىشى تۇرماق، بەلكى ئازىيىپ كەتمە-
گەندىمۇ، بىر ئىزدا تۇرۇپ قالىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇ-
راتتى. چەت ئەللىك سودىگەرلەر بۇ ھۆكۈمراندىن ئۆزلىرىنىڭ
ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە تاۋارلىرىنى سېتىشىغا ياردەم بې-
رىش توغرىسىدىلا قۇرۇق ۋەدە ئالغاندىن باشقا، ھېچنەرسىگە
ئېرىشەلمىدى. ياقۇپ بەگنىڭ تاموژنا بېجى كىرىمىنىڭ بىر ئىزدا
تۇرۇپ قالغانلىقىدىن نارازى بولغانلىقى ئۇنىڭ نورمىدىن تاش-
قىرى باج ئالغانلىقىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. بۇنداق نورمىدىن
تاشقىرى باج بەزىدە ئىنگلىزلاردىن، بەزىدە رۇسلاردىن ئېلىنىدى،
ئەمما كۆپ ھاللاردا قوقەنلىك ۋە ئافغانىستانلىق سودىگەرلەردىن
ئېلىنىدى. بۇنداق مۇتىھەملىك ياقۇپ بەگنىڭ كىرىمىنى ئاشۇ-
رۇش تۇرماق، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە كىرىمىنى كېمەيتىپ، ئۇنى

بۇرۇنقىدىنمۇ يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭدا سودىنى تېخىمۇ تولۇق راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەۋر-تاقەت يوق ئىدى، سودىگەرلەرنى قەشقەرىيە دۆلىتى بىلەن بولغان سودا تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۈندەپ ماقۇل قىلغۇدەك چىدامىلىق روھ ياكى سىلىق-يۇمشاق ئۇسۇلمۇ يوق ئىدى. سودىگەرلەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم مال ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنە كېلىشىنى خالايدىغانلىرى ھەقىقەتەن بەك ئاز ئىدى. ھۆكۈمران ئۇلارنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇلارغا بەك قوپاللىق قىلاتتى. ئۇلار خۇسۇسىي ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلمەيتتى: ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار بەلگىلىمە بويىچە 2.5% باج تۆلىمەي، بەلكى 5% باج تۆلىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ سودىگەرچىلىكتىن ئالىدىغان پايدىسى ناھايىتى ئازىيىپ كەتكەنىدى. دېمەك، ئاتالىق غازى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە ئۇنىڭ قانداقتۇر دوستانە خاھىشى بىلەن قەشقەرىيىنىڭ سودىسى ئاشقانىدى دېيىلگەن گەپ-سۆزلەر پۈتۈنلەي ئويدۇرما. ئەگەر ئۇنىڭ دۆلىتىگە كىرىدىغان تاۋارلار كۆپەيگەن بولسا، ئۇنى خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن بولغان، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ بىۋاسىتە تەمىنلىشى بىلەن بولغان ياكى شۇ جايدىكى بەزى قوشنا مەملىكەتلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان سودىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دېيىش لازىم. بۇ ئويدۇرما گەپ-سۆزلەر ئارقىلىق خۇددى يەركەن چۆچەكلىرىدىكىدەك ھېلىقى ھۆكۈمرانغا دۆلىتىمىزنىڭ ھەددىدىن زىيادە قىزغىنلىقىنى قوزغىۋېتىش كۆزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئويدۇرمىلار ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. مەملىكىتىمىز جامائەتچىلىكى بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ قانداقىسىگە قۇدرەت تاپقانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگە رەددىيە بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا شەك-شۈبھە بىلەن قاراش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ كەلدى. ياقۇپ

uyghurkitap.com

بەگنىڭ تۇرۇۋاتقان ھەقىقىي ئورنىنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزدىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى تازا كۈچەيگەن مەزگىلدىمۇ مالىيە جەھەتتە تەس كۈنگە قالغان بىر پادىشاھ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا بىرەر سودىگەرنى بۇلاپ ئازراق ھارام بايلىق ئۇلجا ئېلىۋېلىشقا توغرا كەلسىمۇ يالتالمايدىغانلىقىنى بايقىغان بولاتتۇق. ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئۇنىڭغا، چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى مال ئېلىپ كىرىشكە قىزىقتۇرساق، زاكات جەزمەن بىزنىڭ مول بايلىق مەنبەيىمىز بولۇپ قالىدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەنىدى. خەلق جۇڭگولۇقلار كەتكەندىن كېيىن تارتقان زىيىنىنى رۇس ۋە ئىنگلىز سودىگەرلىرىنىڭ كېلىشى بىلەن تولۇق تولدۇرۇۋالالايتتى. مۇبادا ياقۇپ بەگنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشماي قېلىپ، زاكاتمۇ ئۆز رولىنى كىشىلەرنىڭ كۈتكىنىدەك ياخشى جارى قىلدۇرالمىغان بولسا، بۇنى ئۇنىڭ تاشقى سودا ئاخىر بىز بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ماجىرا قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن دەپ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقى ۋە بۇ پىلاننى يولغا قويۇپ ئادىللىق بىلەن سىناپ كۆرۈشكە تولۇق ۋاقىت بەرمىگەنلىكىدىن كۆرۈش كېرەك. ئۇنىڭ باشقا كىرىملىرى، مەسىلەن، ئۆشرە ۋە تاناپ بېجىدىن، شۇنىڭدەك خوتەندىكى ئالتۇن كېنىدىن كىرىدىغان كىرىملىرى ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك چىقىملىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا زۆرۈر بولغان ئارمىيىنىڭ بارلىق تەمىناتلىرىغا تولۇق يېتەتتى. مالىيە ئېشىنچىسىغا كەلسەك، ئېشىنچا بار دېگەندىمۇ، ناھايىتى ئاز ئىدى، يەرلىك ئورۇنلارنى ياخشىلاشقا ۋە خەلققە پايدىلىق جامائەت پاراۋانلىقلىرىغا سەرپ قىلىنىدىغان بارلىق چىقىملارغا كەلسەك، ئۇلار قاتتىق چەكلىنىدىغان ئىشلار قاتارىغا كىرەتتى. ھەرقايسى شەھەرلەردە بىر كۆرگەن كارۋان سارايلىرىغا ياقۇپ بەگنىڭ پۇقرالار مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ياساتقان بىردىنبىر ئىنشائاتى بولۇپ ئۇلارمۇ ئۆزىنى تەمىنلەشكە

تايىناتتى. شۇڭا ياقۇپ بەگنىڭ كىشىلەردىن ئۆزىنى ساۋابلىق ئىش قىلىپ بەرگەن رەھىمدىل ھۆكۈمران دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىشقا ھەققى يوق ئىدى. ئۇ، ئومۇمىي شەكىل ئالغان ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش جەھەتتە كەم ئۇچرايدىغان ماھارىتىنى كۆرسەتكەن، شۇنىڭدەك ئۆتكەن بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردا ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ھەربىي ئىس- تىبدات بولۇپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ۋە بۇنداق ئېھتىياجنى ئىمكانقەدەر ياخشى تەدبىرلەر بىلەن قانا- ئەتلەندۈرىدىغان ھۆكۈمران دەپ ھېسابلاشقا لايىق ئەمەس ئىدى، ئۇنى جۇڭگولۇقلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. جۇڭگو- لۇقلار خۇسۇسىي غەرەزىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ لېكىن دۆلەتنى ماددىي جەھەتتە ھەقىقەتەن يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەندۈرگەن، ئۇلار ئۆتمۈشتە بۇ يەرنى ئىشغال قىلغان چاغلاردا ياراتقان ئۆچمەس نەتىجىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. قەشقەرىيىلىكلەرنى زورلۇق كۈچ بىلەن كونترول قىلىۋالغان بۇ ئىككى ھاكىمىيەت ئۆزلىرىنى خوجا پۇشتىلىرى دەۋالغانلاردىن چەكسىز ئۈستۈن تۇراتتى، ئۇلار بۇ يەردىكى ئىستېلا قىلىنغان مىللەتكە قارىتىل- غان بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىغا ئايرىم-ئايرىم ۋەكىللىك قىلاتتى. جۇڭگولۇقلار ئىم- كانقەدەر يۇمشاق سىياسەت قوللىنىپ، پۇقرالارغا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرۇشقا تى- رىشاتتى. ئاتىلىق غازى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ بەخت-سائادىتىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى، پۇقرالار ئۇنىڭغا ئولپان تاپشۇرسا ۋە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ بەرسىلا بولاتتى. قوقەنلىك بۇ تەۋەككۈلچى ئەسلىدە ئۆزىنىڭ كۆتكىنىنىڭ ئەكسىچە بولغان ئاقى- ۋەتكە قېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ قەشقەرىيىلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جۇڭگولۇقلار بىلەن ئەنجانلىقلارنىڭ مۇناسى-

ۋەتەندىن كۆپ يېقىن بولغاچقا، ئۇنى ماختايدىغان كىشىلەر يا-
قۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى تېخى تولۇق مۇستەھكەملىمىگەن شۇ-
نىڭ ئۈچۈن، ئۇ چوڭ يول ۋە ئېرىق-ئۆستەڭ قاتارلىق چوڭ-
چوڭ ئىنشائاتلارنى ياسىتىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا زادىلا كۈچ
ئاجرىتالمايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئىشقا سالغۇدەك
ئەمگەك كۈچىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ جۇڭگولۇقلار دۇچ كەل-
مىگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ تۇسۇلۇپ قالدى، دەپ ئاق-
لىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، ئەگەر بىز مۇشۇ ئىنشائاتلارنىڭ
ھەممىسىگە ئىش ھەققى بېرىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ
ئىش ياقۇپ بەگنىڭ شەخسىي ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەيدى-
غانلىقىنى، ئۇنىڭ بايلىقىنى قۇرۇتۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېسىمىزدە
تۇتىدىغانلا بولساق، بۇنداق ئاقلاشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى
بىلىۋالالايمىز. ياقۇپ بەگ شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ماختىشىمىزغا
ئېرىشتىكى، ئۇ خوجىلارنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىنى تەكرارلىما-
دى، ئۇلاردىن ياخشى ئىدى. شۇڭا ئۇ زامانداشلىرى ئارىسىدا
ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشقا لاياقەتلىك ئىدى. ئۇنى ئۇلار-
دىن ئۈستۈن قويساق، بۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلار چىقماس؛
چۈنكى ئۇنىڭ بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان مۇشۇ خانلىقلار ئىچىدە
مەيدانغا كەلگەن ئەڭ جاسارەتلىك ۋە ئەڭ تالانتلىق ھۆكۈم-
ران ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. ئەمما مەلۇم كىشىنىڭ ئۇنىڭغا
بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىراق ئورۇن بېرىش تەلىپىنى ئىنكار قىلىمىز؛
ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساق، بۇ، تولىمۇ بىمەنە ئىش بو-
لاتتى. بىز ئۇنىڭغا ئاشۇ مەرتىۋىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇ-
قىنى بېرىشتىن ئىلگىرى، بۇنداق تەلەپكە ئاساس بولغان پاكىت-
لارنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. مەن ھېلىمۇ
ئۇنىڭ تەلىپى ئىسپاتلانمىغان دېيەلەيمەن. ئەمما ياقۇپ بەگ-
نىڭ تۆھپىلىرى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەنمۇ-قانداق، دەپ شۇب-

ھىلە ئىشلەتكىنىمەن. دېمەكچىمەنكى، ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەر رېژىمىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى تەتقىق قىلغانلىكى كىشى شۇنداق بىر ئىشنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئەگەر ياقۇپ بەگ قابىلىيەت جەھەتتە ھەممىدىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ دېيىلسە بولار، ئەگەر ئۇنى چىڭگىزخان ياكى تۆمۈرلەڭ بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولىدۇ دېيىلسە، بۇ تازا بىمەنىلىك بولىدۇ. جۇڭگولۇقلار گەرچە قانۇن تۇرغۇزغۇچى ۋە جامائەتنىڭ شاپائەتچىسى بولغان بىر كىشىنىڭكىدىن ئەۋزەلرەك بەزىبىر شارائىتلارغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دىنى جەھەتتە ۋە باشقا جەھەتلەردە بۇ كىشىنىڭكىدىن ناچار شارائىتتا ئىشلىگەنلىكىنى ئادىللىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغان ۋاقتىمىزدا خالىس مەيداندا تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارساق، شۇ چاغدىلا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز يۇقىرىدىكىلەردىن، ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغايدىغان بەزى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ھاكىمىيىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇ ھامان بىرقەدەر تۆۋەن تۇرىدۇ دېمەكتىن باشقا، يەنە قانداق ھۆكۈم چىقىرىشىمىز مۇمكىن؟ بىز بۇنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ قىيىنچىلىقلاردىن بىر مۇنچىسىنى يەڭگەنلىكىنى ئېسىمىزدە ساقلىساقلا، ئادىل بولغان بولىمىز. بۇ بابنى ئاياغلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، مۇشۇ دۆلەتنى ئىستېلا قىلىش ۋە ئىدارە قىلىش جەھەتلىرىدە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن بەزى مۇھىم زاتلار ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز، كىتابخانلار، ئېھتىمال، بۇنىڭغا قىزىقىشى مۇمكىن.

مەرتىۋە ۋە يۇكسەك ئىقتىدار جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سېيىت ياقۇپخان ياكى كىشىلەر

ئادەتتە ھاجى تۆرە دەپ ئاتايدىغان زات بىرىنچى ئورۇندا تۇردى. بۇ شاھزادە يېقىندا ياۋروپادىكى بىرقانچە مۇھىم دۆلەتلەرنىڭ ئوردا - قەسىرلىرىنى زىيارەت قىلغانىدى. ئۇ ئاتىلىق غازىنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقى ئەجەپلىنەرلىك ئىدى. بۇ زات تاشكەنتنىڭ ھاكىمى نارمۇھەممەتخان دېگەن زاتنىڭ ئوغلى ئىدى. نارمۇھەممەتخان ياقۇپ بەگنىڭ ھەدىشىرىسىنى ئىككىنچى خوتۇن سۈپىتىدە ئۆز نىكاھىغا ئالغانىدى. ئۇ ياقۇپ بەگ قوقەندە تۇرغان چېغىدىلا، ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم بەرگەنىدى. مەزكۇر سېيىت ياقۇپخان 1823 - يىلى تاشكەنتتە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆز تاغىسى ۋە قەشقەرنىڭ ئەمىرى ياقۇپ بەگ بىلەن قۇرداش دېگۈدەك ئىدى؛ بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنچىلىك يېقىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇ تاغىسى ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرنى ئىستېلا قىلىشىغا قاتناشمىغانىدى. قوقەندىلىك ئاتاقلىق زاتلار ياقۇپ بەگنى ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەۋەككۈلچىلىكى تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغىچە تەۋەككۈلچى دەپلا قارايتتى. سېيىت ياقۇپخان تۈركىستاندىكى ئەڭ ياخشى ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. 1867 - يىلغىچە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تاغىسى بىلەن قىلچە كارى بولمىغان. شۇنى تەھقىقلەشكە بولىدۇكى، ھاجى تۆرە ئۆز تۇغقىنى دەل جاپا - مۇشەققەتلەرگە تولغان ھاياتىنىڭ خەۋپلىك پەيتىگە كېلىپ جان تالىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا قىلچىمۇ ياردەم بەرمەي باشقا ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن. ئۇ قوقەننىڭ مۈلكىي — مەمۇرىي ئورگانلىرىدا ئالىمقۇلنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ، تاشكەنت مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە ئوخشاش يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، كېيىن يەنە قازىلىققا تەيىنلەنگەن. ئاقمەسچىت قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ سەيياھلىق ۋە ئەلچىلىك ھاياتىنى باشلىۋەتكەن. بۇ ئىشلار

ئۇنى فۇسفۇر بوغىزى، نىۋا، تايمىس دەريالىرى ساھىلىگە قەدەر بېرىشقا مەجبۇر قىلغان. 1854 - يىلى ئۇ مىرزىخان ئەپەندى ئەلچىخانىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا ئوخشاش بىر خىزمەتكە تەيىنلەپ ئەۋەتىلگەن، مىرزىجان ئەپەندى بولسا مەللىخانىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئىدى. مەللىخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى يەنى ئالىمقۇل يۆلەپ تۇرغۇزغان مۇھەممەتخان قىسقا ۋاقىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا، ئۇ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش سالاھىيەت بىلەن ئىستانبۇلغا كەلگەن. 1865 - يىل قوقەندە توپىلاڭ يۈز بەرگەن مەزگىلدە، قوقەننىڭ قانۇنىي ھۆكۈمرانى ۋە ئالىمقۇلنىڭ دۈشمىنى بولغان خۇدايارخان ئاخىر غەلىبە قازىنىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ھاجى تۆرە ئىستانبۇلدا سۇلتان ئابدۇلئەزىزنىڭ ئىززەتلىك مېھمىنى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئېھتىمال، ئۇ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستانلاردىن تۈركىيىگە زىيارەتكە كەلگەن كىشىلەر ئىچىدە ئابرويلۇق كىشى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۇلۇغ زاتلىقىدىن باشقا، خۇش خۇي، ئالىيجاناپلىقىمۇ نۇرغۇن كىشىلەردە ياخشى تەسىرات قالدۇرغان. 1870 - يىلى ھاجى تۆرىنىڭ تاغىسى ياقۇپ بەگ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتىلغان ھەممە قارشىلىقلارنى يەڭگەندە، كىشىلەر نېمىشقا ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشمىگەن ۋە بىلىشمەيدىغان بىر ئادەمنى (ھاجى تۆرىنى) خىزمەتكە ئالغانلىقىغا ھەيران قېلىشتى. ئەمما ھاجى تۆرە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ئىقتىدارلىق ۋە تەجرىبىلىك ئادەم ئىدى، ياقۇپ بەگ مۇشۇ پەيتتە دەل ئۆز جىيەنىگە ئوخشاش ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىدى.

1870 - يىلى، ئاتىلىق غازى تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق رىشتىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىشنى تەقەززالىق بىلەن ئۈمىد قىلىۋاتاتتى. ئۇزاقتىن بۇيان ئىستانبۇلدا

تۇرۇپ، تۈركىيە سۇلتانى بىلەن يېقىن دوست بولۇپ قالغان مۇشۇ ئادەمدىن باشقا يەنە كىم ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى ياردەم بېرەلىسۇن؟ 1871 - يىلى ياقۇپ بەگ ئاللىقاچان غۇلجىنى بېسىۋالغان روسىيىنىڭ ئۆز دۆلىتىگە تەھدىت سالىدىغان بىر خەۋپ ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغانىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا يا ئىنگلىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش يا بولمىسا رۇسلار بىلەن يارىشىش ئارقىلىق بۇ خەۋپتىن قۇتۇلۇش لازىملىقىنى مۇشۇ كۆپنى كۆرگەن بىلىملىك ھاجى تۆرىدىن باشقا كىممۇ ئۆگىتەلىسۇن؟ سېيىت ياقۇپخاندىكى مۇشۇ ئىقتىدار دەل ئەمىر ياقۇپ بەگكە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىدى. ئۇ ئۆز مۇخلىسلىرى ئىچىدىن بۇنداق ئادەمنى كۆپ ئىزلەپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆلۈمدىن باشقىسىنى باشتىن كەچۈرگەن كۈنلەر-دە ئۆزى بىلەن تەڭ يىغلاپ - تەڭ كۈلگەن كىشىلەر ئارىسى-دىنمۇ ئۇنىڭدەك تالانت ئىگىسىنى زادىلا تاپالمايتتى. ياقۇپ بەگ مۇشۇ ۋەجىدىن ئۆز جىيەنىنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ جىيەنىمۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىززەتلىك مېھمان بولغاندىن كۆرە بۇ ئاسىيانى كەڭ زېمىندا ئىشلەشنى ياقتۇراتتى. قەشقەرىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ يۈرگەن مەزگىلدە ئۇ ئىلگىرى - كېيىن قەشقەرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پېتىربۇرگ①، كالكۇتتا، ئىستانبۇل ۋە لوندوندا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىنلەندى. بۇلار تېخى يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن، ھەممىسىلەن بىلىدىغان ئىشلار بولغاچقا، ئۇنى بۇ يەردە بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ ئولتۇرمايمەن. ھاجى تۆرە قەشقەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قالغىنىدا، قەشقەرنىڭ شەيخۇلئىسلامى مۇھەممەت خوجىنىڭ قىزىغا نىكاھلاندى. شۇڭا ئۇ پۇقرالار ئارىسىدا ناھايىتى نوپۇز-لۇق ئىدى، ئەمىر ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەت-

① پېتىربۇرگنىڭ ھازىرقى نامى لېنىنگراد — ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن.

تى. ھاجى تۆرە ھەتتا ئۆزىنىڭ زىرەكلىكى، چىقىشقاقلىقى ۋە مۇلايىملىقى بىلەن ھەتتا ياقۇپ بەگنىڭ ۋارىسى بولغان ئۆكتەم ۋە ياۋۇز بەگقۇلى بەگكىمۇ خېلى تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

مۇھەممەت غوجا ۋە ئابدۇللا پانساتقا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بىرى دىنىي ئۆلىما، بىرى ھەربىي بولۇپ، ياقۇپ بەگنىڭ مۇھىم ياردەمچىسى بولغان مۇشۇ ئىككىيلەن توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى ئىگىلىيەلمىگەنلىگىمىزدىن ئەپسۇسلىنىمىز. بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمما شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇلار ياقۇپ بەگنى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە دەۋەت قىلغان ئاساسلىق كىشىلەر ئىدى، شۇڭا بۇ ئىككىيلەن ئۆزلىرى ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ھەممىدىن بەكرەك ئىشەنچىگە ۋە دوستلۇقىغا ئېرىشكەنىدى. بىر دوكتۇر بىللېۋنىڭ ئەسىرىدىن ياقۇپ بەگنىڭ ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن يەنە بىر ئادىمى توغرىسىدا كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىۋالدۇق. ياقۇپ بەگنىڭ جايلارغا تەيىنلىگەن ئەمەلدارلىرى ئىچىدە مۇھەممەت يۇنۇس دېگەن زاتنى كۆپرەك تەربىيە كۆرگەن ۋە بىلىملىك كىشى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ كىشى قەشقەرىيەدە كۆپنى كۆرگەن دەپ تەرىپلىنىدىكەن، ئەمما شۇ چاغلاردا مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر ئىچىدە يېقىنقى زامان تىلى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئابرويىنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى مۆلچەرلەش ناھايىتى قىيىن. مۇھەممەت يۇنۇس كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاتىلىق غازىنىڭ يېنىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ، ياقۇپ بەگ قوقەندە خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدىلا، ياقۇپ بەگكە كاتىپ بولغان. لېكىن ئۇ بىر مۆلكىي خادىم بولغاچقا، بۈزرۈكخاننىڭ يىراقتا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قاتناشمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالمىقۇل ۋاپات

بولۇپ خۇدا يارخان مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىنلا قەشقەردىيگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى ۋە خوجايىنىنى تاپقانىكەن. ياقۇپ بەگ ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا قايىل بولغاچقا ۋە مۇشۇنداق يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقاچقا، مۇھەممەت يۇنۇسنى دەرھاللا يېقىنىدا ئىستىلا قىلغان يەركەنگە هاكىم قىلىپ ئەۋەتىدۇ. بۇ يەر قەشقەردىيە بويىچە ئەڭ باياشات، نوپۇسى ئەڭ كۆپ، شۇنداقلا جېدەل-ماجىرا ئەڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان بىر جاي ئىدى. ئۇنىڭ جېدەل-چى يەركەنلىكلەرنى يېڭى هۆكۈمرانغا پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلىرى، شۇنىڭدەك ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان بۇ جاينى تۈزەش جەريانىدا كۆرسەتكەن ناهايىتى كەم ئۇچرايدىغان قابىلىيىتى ياقۇپ بەگنىڭ بۇ قوقەنلىك بۇرادىرىنى تاللىۋېلىپ توغرا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ هاكىم دەسلەپتە، ئازراق قارشىلىق قىلغانلىكى ئادەمنى دەرهال تۇتۇپ قەتلى قىلىشتەك يۇقىرى بېسىملىق ۋاسىتىنى قوللانغانىكەن. لېكىن ئاخىرقى پەيتتە يىل ئىچىدە ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىقى سەل يۇمشاپ قاپتۇ. بۇ، ئېهتىمال، ھەممە پىسقى-پاساتلارنىڭ تازدىلىنىپ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، ياقۇپ بەگنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدە يەنە قەشقەرنىڭ هاكىمى بولغان ئاردىش بەگ، قەشقەردىيەنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق تۇنجى ئەلچىسى يەھياخان تۆرە ۋە ئاتۇشتىكى مۇھەممەت بەگلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن، لېكىن بىز بۇلار ھەققىدە تولۇق ماتېرىيال بولمىغاچقا، كەڭ كىتابخانلارنى قىزىقتۇرغۇدەك تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرەلمەيمىز.

## X باب. ياقۇپ بەگنىڭ روسىيىگە قاراتقان سىياسىتى

ياقۇپ بەگ خېلى بۇرۇنلا رۇسلار بىلەن ئۇچراشقان. ئاق مەسچىت قولدىن كەتكەندىن تارتىپ ياقۇپ بەگ قوقەندىن كېتىپ قالغانغا قەدەر بولغان ئۇزاق بىر مەزگىلدە، رۇسلار قىرىم ئۇرۇشىدا ھالسىزلانغانلىقتىن، ئۇز ۋاقتىدا سىر دەرياسى ۋادىسىغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندىكىدەك دەبدەبە بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلىيەلمەي قالغانىدى؛ ئەمما شۇنىڭدا قىلچە شەك ـ شۈبھە يوقكى، ياقۇپ بەگ ۋە ئۇنىڭ زاماندىشلىرى شۇنىڭدەك ئىشنىڭ يەنە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئۆز كۆڭلىدە ئالدى بىلەن ھېسابقا ئالالاتتى. رۇسلار 1865 ـ يىل تاشكەنتكە بىر مەھەل تەھدىت سېلىپ، ئاخىر بۇ يەرنى ئىشغال قىلىۋالدى ـ دە، ئۇز ـ لىرىنىڭ چېگرا پاسىلىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەت زېمىنىنى ئامۇ (جەيھۇن) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى ئەتراپىدىكى جايلارغىچە كېڭەيتتى. بۇ چاغدا ياقۇپ بەگ ئۇزىنىڭ قەشقەردىكى ئىش ـ لىرىغا بەنت بولۇپ كەتكەنلىكتىن، قوقەننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشال ـ مايتتى. شۇڭا ئۇ قوقەننىڭ پارچىلىنىشى ۋە بۇخارا قوشۇنلىرى ـ نىڭ 1866 ـ يىلى تارمار قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇزىنىڭمۇ ئۇزاققا قالماي رۇس كېڭەيمىچىلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىـ ـ قىنى ئويلاشقا مەجبۇر بولدى. يەنە شۇ يىلى قەشقەرىيىنىڭ مۇھىم رايونلىرىدىكى بارلىق قارشىلىقلارنى يەڭدى، ئارقىدىنلا يۈزرۇكخانىنى تەختتىن ھەيدىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ دۆلەت ـ تىكى خەلقنىڭ سىياسىي ھاياتىدا بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىر مەسئۇل ـ

يەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، 1866-يىلى قەشقەردىكى بۇ يېڭى ھۆكۈمرانىنىڭ كونا رەقىبى بولغان رۇسلار قوقەنلىكلەر ۋە بۇخارالىقلارنى يەڭگەندىن كېيىن، دىققەت ئېتىبارىنى ئاخىر ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ھەرىكەتلىرىگە قاراتتى. نىھايەت، رۇسلار ئۇنىڭ مۇشۇ بىر مەزگىلدىكى ھەرىكەتلىرىگە ئانچە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىدى. قوقەنىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى روسىيە ھاكىمىيىتى بىلەن قەشقەردىكى يېڭىدىن گۈللەنگەن ھاكىمىيەتنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى؛ ئەمدى يا بۇ ئىككى ھاكىمىيەت تىنچ ئۇسۇل بىلەن ئۆزئارا ئۇرۇشىدۇ، يا بىر قاتار ئۇششاق-چۈششەك تالاش-تارتىشلار تۈپەيلىدىن روسىيە ئىمپېرىيىسى ھىندىستانغا ۋە جۇڭگوغا قاراپ يەنىمۇ كېڭىيىدۇ، گەپ ئەمدى پەقەت بۇ ئىشلارنىڭ قاچان يۈز بېرىدىغانلىقىدىلا قالدى، خالاس. قوقەن خانلىقىنىڭ ھازىرغىچە مۇستەقىل تۇرۇۋاتقان قىسمى روسىيە بىلەن قەشقەرىيىنى يەنىلا ئىككىگە ئايرىپ تۇرماقتا، قىزىلئارت تاغلىق رايونىنىڭ خەتەرلىك تاغ-داۋانلىرى ئاتلىق غازىنىڭ روسىيە بىلەن كېلەچەكتىكى مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەشتىن بۇرۇن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. دەرۋەقە، شۇ كەمگىچە رۇسلار قەشقەرىيىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى. چۈنكى قەشقەرىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا بۇرۇندىنلا مۇناسىۋەت بار دېگەندىمۇ، كۆپ ئەمەس ئىدى. ئىلىدىكى ئەھۋال بۇنىڭغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ يەردە كۆپ يىللاردىن بۇيان رۇس سودىگەرلىرى ۋە روسىيىنىڭ كونسۇلى تۇرۇپ كەلگەنىدى. روسلار ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىغا 50 مىل كېلىدىغان ئالمۇتا ياكى ۋېرنىدا تۇراتتى، ئىسسىق كۆلنىڭ 50 مىل شىمالىغا، ئىلىنىڭ 250 مىل غەربىگە جايلاشقان بۇ مۇھىم قورغان بىرقانچە يىل ئىچىدىلا غايەت چوڭ، ئاۋات شەھەرگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ تاغ ئارىسىدىكى بۇرۇنقى قورغانچاقلىقىدىن ئەم-

دى قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. رۇس سودىگەرلىرى مۇشۇ يول
ئارقىلىق ئىلى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋە بېيجىڭ بىلەن كەڭ كۆلەم-
دە سودا-سېتىق قىلاتتى ۋە جۇڭگو سودىگەرلىرى بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتكە ياخشى ئاساس سېلىنىۋالغانىدى. شۇڭا ئىلى ئەتراپى-
دا ئولتۇراقلاشقان رۇسلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تۇڭگانلارنىڭ
ئىلىدا جېدەل-ماجىرا چىقىرىشىنى ياقتۇرمايتتى. چۈنكى بۇرۇنقى
ماجىرالار مۇشۇ ئەتراپتىكى سودا-سېتىقنى بىر مەزگىل پۈتۈنلەي
ئۈزۈپ قويغاچقا، جۇڭگولۇقلار بىلەن بولىدىغان سودىنى داۋاملاش-
تۇرۇش ئۈچۈن رۇسلار سىبىرىيە بىلەن ئايلىنىپ ئېلىشقا مەجبۇر
بولغانىدى. رۇسلار ئىلى ۋەزىيىتىدىكى قالايمىقانچىلىقلارغا ئالتە
يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت چىداپ كەلدى. شۇ مەزگىلدە، بۇ يەر-
دىكى تۇڭگانلار بىلەن تارانچىلار ھاكىمىيەت تالىشىپ جېدەل-
ماجىرا قىلىشقانىدى؛ ئەمما يەرلىك ھاكىمىيەت بۇ يەردىكى جۇڭگو
ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالغان چاغدا، رۇسلارنىڭ ئۆز نارازىلى-
قىنى يوشۇرۇشقا تاقىتى قالمىدى. شۇ ۋەجىدىن ياقۇپ بەگ
تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى ئىستېلا قىلىپ بولۇپ، تىيان-
شاننىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا تەھدىت سالىدىغان چاغدا، رۇس-
لارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىلى بىلەن بولغان ئۆسمۈشتىكى سودا ئالا-
قىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى باھانە قىلىپ، بۇ جايلارنى ياقۇپ
بەگدىن بۇرۇنراق بېسىۋالغانلىقىنى ئىجەبلەنمىسەكمۇ بولىدۇ.
ئەمما رۇسلار بۇ جاينى بېسىۋېلىشتا، ئىشنى ئىمكان قەدەر جۇڭ-
گولۇقلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا قىلدى:
روسسىيە ئىلىنى جۇڭگو زېمىنى دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلدى؛
چار پادىشاھ ئۆزىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئارقىلىق
جۇڭگو ئىمپېراتورىغا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىلىغا يەرلىك تەرتىپنى
ساقلىيالىغۇدەك قوشۇن ئەۋەتىشى بىلەنلا بۇ جاينى دەرھال
قايتۇرۇپ بېرىمىز، دەپ ۋەدە بەردى. جۇڭگولۇقلار رۇسلارنىڭ

مەككارلىقىغا گول بولۇپ قېلىپ، ئۇلاردىن ئۇزاققىچە مەمنۇن بولۇپ يۈردى. روسىيە دىپلوماتىيە جەھەتتە مۇشۇنداق ئۇستىلىق قىلىپ، يەنە بىرنەچچە تۈرلۈك مۇھىم سودا ئىمتىيازلىرىدىمۇ نەپسى قانغۇدەك مەنپەئەتكە ئېرىشتى. دۆلىتىمىز بىر تۈرلۈك بولمىغۇر سىياسەت قوللانغانلىقتىن، روسىيە جۇڭگولۇقلارغا قوللانغان مۇشۇ بىر دوستانە ھەرىكىتى ئارقىلىق بارغانسېرى چوڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا باشلىدى. فەنتەي يۈننەندە بىر مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتى قۇرغانىدى. ئۇ گويا بېيجىڭدىن مۇناسىۋىتىنى پۈتۈنلەي ئۈزگەندەك قىلاتتى. دالى ۋىلايىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پادىشاھ پان تايىنىڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئاقكۆڭۈللۈكى ھەققىدىكى ئاخبارات يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دۆلىتىمىز ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ بۇ پادىشاھ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن، جۇڭگو دائىرىلىرى بىزدىن توپىلاڭچىلارنى ئاستىرتتىن قوللىدى، دەپ قاتتىق نارازى بولغانىدى. كېيىن بىز شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى تۇراقسىزلىقىمىز تۈپەيلىدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە قوزغالغان ئەندىشىسىنى تۈگىتەلمىدۇق. رۇسلار بولسا بۇزرۇكخان بىلەن ياقۇپ بەگ قۇرغان قەشقەرىيە ھاكىمىيىتىنى بىرنەچچە يىلغىچە ئېتىراپ قىلماي كەلگەنلىكى ئۈچۈن، جۇڭگو بىلەن بولغان كۆرۈنۈشتىكى دوستلۇقنى ساقلاپ قالدى. ئەمما رۇسلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى قىلچىمۇ مەدھىيىلەشكە ئەرزىمەيتتى. چۈنكى ئۇ چاغدا رۇسلارنىڭ قەشقەرىيە بىلەن بىۋاستە پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئۇلار پەقەت جۇڭغارىيىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگىلا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلار پۈتۈن بىر ئەسىردىن بۇيان بۇ جاي بىلەن سودا ۋە سىياسىي جەھەتلەردە قويۇق ئالاقە قىلىپ كەلگەن، جۇڭغارىيە بولسا قەشقەرىيىدە يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىكنىڭ قاتتىق تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. شۇڭا كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى

قەشقەرىيىدە يۈز بەرگەن ۋەقە تەرەققىي قىلىپ جوڭغارىيىنىڭ
كەلگۈسى مۇستەقىللىقىغا خەۋپ يەتكۈزۈشى بىلەنلا رۇسلار
دەرھال جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، بۇ جايىنى بېسىۋالغانىدى.
ئىلى رۇسىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان چاغدا، بۇ يەرنىڭ ئىل-
گىرىكى سودا ئالاقىلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى.
كېيىن ئۇلار ئۈرۈمچى، ماناس ۋە قۇمۇلدىكى تۇڭگانلار بىلەنمۇ
سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى، ئۇلار بۇ شەھەرلەردىكى ھۆكۈمرانلار-
غا سودىگەر ياكى ساياھەتچىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقىنىڭ
ئاقىلانە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنلا بەزى
تەدبىرلەرنى قوللانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. دېمەك، روسىيىنىڭ
تىنچلىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىشلار مەلۇم دەرىجىدە كۆڭۈلدىكى-
دەك بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئىلىنىڭ بۇرۇنقى ئاۋات مەنزى-
رىسى زادىلا ئەسلىگە كەلمىدى. چۈنكى ئالمۇتا يېنىلا مۇشۇ
ئەتراپتىكى ئەڭ مۇھىم شەھەر ئىدى. بۇ شەھەر مۇشۇ تاغلىق رايوندا
بۇلاڭچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان قىرغىزلاردىن سودا يولى-
نى قوغداش ئۈچۈن 1854-يىلى قۇرۇلغان كىچىك بىر ئىستىھ-
كام ئىدى. بۇرۇن تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىككىنە بىر جاي
ئەمدى قازاقلار ۋە قالماقلار مۇھىم ئولتۇراقلاشقان غايەت زور
بىر تۇرالغۇغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى ئاۋات بىر
رايون بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا رۇسىيىلىكلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئالدى
بىلەن جوڭغارىيىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇشقا توغرا
كېلىدۇ. ئەمدى قەشقەرىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا كەلسەك، رۇس-
لار ئەسلىدە ياقۇپ بەگ بىلەن جوڭگولۇقلاردىن ئىبارەت بۇ
ئىككى دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تالاش-تارتىشلارغا
ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندا
قۇدرەتلىك مۇسۇلمانلار دۆلىتى قۇرۇلغان، تۇ ئىلىنىڭ مۇستەقىل-
لىقىغا تەھدىت سالغان ھەم قوقەننى پارچىلاش ئالدىدا تۇرغان

چاغدىلا، روسىيە تېخى يېقىندا ئاتالىق غازى دەپ ئاتالغان بۇ كىشىگە قانداق سىياسەت قوللىنىش ئەڭ ئاقىلانە بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. بىز رۇسلارنىڭ ئىلىنى قوشۇۋېلىشىنىڭ زادى زۆرۈرىيىتى بار-يوقلۇقى، ھەتتا بۇنىڭ ئېھتىياتسىزلىق بىلەن قىلىنغان ھەرىكەت ئىكەنلىكى ئۈستىدە گۇمانلانساقمۇ، لېكىن بۇ ئىشتا رۇسلارنى ئەيىبلىيەلمەيمىز. رۇسلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتى، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئىستىلالىرى ئىچىدە بىر ئەپۇ قىلالايدىغان بىر قېتىملىق ھەرىكىتى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ تەدبىرنى ئۇلار ئەھۋالنى چۈشەنمەي قېلىپ ياقۇپ بەگنى كەلگۈسىدە جەزمەن رۇسلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدىغان رايونغا بېسىپ كىرىشتىن توسۇشنى مەقسەت قىلىپ قوللانغان دېگەندىمۇ، تولىمۇ ئالدىراپ كەتكەن. ھەتتا ياقۇپ بەگدە كىشىلەرنىڭ «مەرتلىك بىلەن» ئېيتقانلىرىدەك سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنى جەزمەن ھالاكەتكە، ئېلىپ بارىدىغان ئىشنى قىلىدىغان يەنى تىيانشاننىڭ شىمالىغا ئىچكىرىلەپ كىرىدىغان مەقسىتىنىڭ بار-يوقلۇقىمۇ ئېنىق ئەمەس. كىتابخانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويماقچى بولغىنىمىز شۇكى، رۇسلار قەشقەرىيىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە، خۇددى ھىندىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ئوخشاش، كۆڭۈل بۆلمەيتتى. بۇنداق ھالەتنىڭ ئاز دېگەندىمۇ 1866-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. شۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ياقۇپ بەگ پۈتۈنلەي مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. روسىيە ھۆكۈمىتى ئىگىلىگەن ئاخبارات بىزنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمىتىمىزنىڭكىدىن تېز ۋە توغرا بولغاچقا، ئۇلار قەشقەرىيىنىڭ غەربىدىكى مۇسۇلمانلار دۆلىتىدە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان بۇ ھاكىمىيەتكە ئەھمىيەت بەرمەسە بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

1866-يىلى، ناردىن ئەتراپىدا ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا

مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنىڭ
ھەرىكەتلىرىگە ئارىلاشماسلىق ھەققىدە مۇجمەل بىر كېلىشىم تۈ-
زۈلۈپ، رۇس قوشۇنلىرىنىڭ نام جەھەتتە قەشقەرىيىگە تەۋە بول-
غان زېمىن ئىچىدە قوقەنلىك قاچاقلارنى ۋە بۇلاڭچى قىرغىزلار-
لارنى قوغلاپ تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلىنغان، قەشقەرىيە ھۆكۈمى-
تىگىمۇ زۆرۈر تېپىلغاندا شۇنداق قىلىش توغرىسىدا ھوقۇق بې-
رىلگەنىدى. شۇ چاغلاردا تەلەي ئوڭدىن كەلگەنمۇ ياكى بىر-بى-
رىگە ھۆرمەت قىلغانلىقتىنمۇ، دەسلەپكى چاغلاردا تۈزۈلگەن بۇ
تومتاق كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، بۇ ئىككى ھاكىمىيەت-
نىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدى-
غان توقۇنۇش يۈز بەرمىدى. روسىيىنىڭ سىبىرىيە ۋە تۈركىس-
تاندىكى ھەربىي ۋالىيلىرى گەرچە بۈزرۈكخان بىلەن ياقۇپ بەگ-
نى ئېتىراپ قىلماي كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شەرقىي چېگ-
رىدىكى بۇ يارىشىش چارىلىرىنى ياقۇپ بەگنى ئۆزلىرىدىن مەدەت
تىكلەشكە مەجبۇر قىلىدىغان ۋاستە قىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئەگەر
ئۇلارنىڭ غەرىزى ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ
ھالدا بىز كېيىنكى ئىشلاردىن ياقۇپ بەگنىڭ قەتئىي پوزىتسى-
يىسىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى مەغلۇپ قىلىۋەت-
كەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەمما موسكۋا ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەت-
تىكى كارامىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، قەشقەرىيە
ھۆكۈمرانىنىڭ روسىيە ھاكىمىيىتىدىن قورقۇۋاتقانلىقىدىن پاي-
دىلىنىپ پايدا ئېلىشى مۇتلەق زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن
روسىيە بىر تەرەپتىن جۇڭگولۇقلارنىڭ كەتكەنلىكىگە چوڭقۇر
ئەپسۇسلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندا يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ دۆلەت-
نى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن،
ئۆزلىرىنىڭ چېگرا رايوندا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرىغا قەشقەرىيە-
نىڭ يېقىن ئەتراپتىكى ئەمەلدارلىرىدىن ناردىن دەرياسىغا بىر

uyghurkitap.com

كۆۋرۈك سېلىش ۋە تىيانشان ئارقىلىق قەشقەرگە كىرىدىغان بىر ھەربىي تاشيول ياساشنى تەستىقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ، 1867 - يىلقى ئىش، ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قەشقەردىكى دائىرىلەرنىڭ كەسكىن رەت قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئەگەر بۇنداق تەلەپكە سۈكۈت قىلىنىدىغان بولسا، قەشقەر شەھىرى پۈتۈنلەي رۇسلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. قەشقەر شەھىرى ھەربىي جەھەتتە ئىنتايىن پايدىسىز ئورۇندا ئىدى. ئىسسىق كۆلدىن يولغا چىققان ھەرقانداق بىر ھەربىي قوشۇننىڭ تېز ئاقىدىغان نارىن دەرياسىدىن ۋە تىيانشان تاغلىرىنىڭ ھەرقايسى ئېغىزلىرىدىن ئۆتمىكى ناھايىتى قىيىن ئىدى. روسىيە ھۆكۈمىتى ئۆز تەكلىپىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمران تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقىغا ناھايىتى تېرىكىپ، نارىن دەرياسىنىڭ بويىغا بىر ئىستىھكام سېلىشنى جىددىي قارار قىلدى، بۇ ئىستىھكام 1868 - يىلى پۈتتۈرۈلدى. ئەمما شۇ يىلى ۋەزىيەتتە يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنلىكتىن، رۇسلاردا قەشقەردىكە بىلەن تىنچ يول ئارقىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن يېڭى ئۈمىد تۇغۇلدى، مۇشۇ ئىككى يىلدا غەربىي تۈركىستاندا ماجىرا ۋە ئۇرۇشلار زادىلا ئۈزۈلمىدى. رۇسلار: بۇخارا ياقۇپ بەگنىڭ قوتۇرتىشى ئارقىسىدا قوقەن، خىۋە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ روسىيىگە قارشى چىقتى دېدى، ئەمما ئەمەلىيەتتە، بىرلىشىپ قارشى چىقىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. چۈنكى چار پادىشاھنىڭ قوشۇنلىرى قوقەن ۋە بۇخارانى بىربىرلەپ تارمار قىلىپ يۇتۇپ كەتكەن، خىۋەنى كېيىن جازالاشقا قالدۇرۇپ قويغانىدى. خىۋە ئىستىپاقداشلار ئىچىدە فرونتتا ئاز-تولا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بىردىنبىر دۆلەت ئىدى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ روشەن نەتىجىسى شۇ بولدىكى، روسىيە سەمەرقەنتنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن، قارشىلىقلار ۋاقىتىنچە بېسىقىپ

قالدى. لېكىن روسىيىنىڭ ئاساسىي قوشۇنىنىڭ تاشكەنتكە قايتىپ كېتىشى بىلەنلا، شۇ جايدىكى ناھايىتى زور قوراللىق قىسىم سەمەرقەندنى ساقلاپ ياتقان ئاز ساندىكى رۇس قوشۇنىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، پۈتكۈل رايون بويىچە قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش باشلىنىپ كەتتى. روسىيە قوشۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ قورغانلىرىنى چىڭ ساقلىدى. ئۇلار گەرچە ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە زور تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما گېنېرال كائۇفمان باشچىلىقىدىكى ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەنگە قەدەر شەھەرنى ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇخارا سۇلھ تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، ئۇيان سۆرەپ، بۇيان سۆرەپ، بەختسىز ئەمىر مۇزەپپەر بىلەن ئاخىر تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاندى. رۇسلار مۇشۇ شەرتنامىگە ئاساسەن، كەرمىنىيە، چارجۇ، قارشى قاتارلىق يەرلەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى. كەرمىنىيە بۇخارا شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدە تەخمىنەن 50 مىل كېلىدىغان يەردىكى كاتتا قورغاندىن سەمەرقەنگە ئۆتىدىغان يول ئۈستىدە ئىدى؛ قارشى كاتتا قورغانىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 60 مىل كېلىدىغان يەردىكى جەيھۇن دەرياسىغا بارىدىغان يول ئۈستىدە ئىدى؛ چارجۇ جەيھۇن دەرياسى بويىغا، بۇخارانىڭ غەربىي تەرىپىگە، تەخمىنەن 80 مىل كېلىدىغان يەردە ئىدى. بۇ جايلارنىڭ ئىچىدە چارجۇ ھەممىدىن مۇھىم بىر جاي ئىدى. چۈنكى ئۇ يەردىن مەرۋى بىلەن مەشھەتكە ئۇدۇل بارىدىغان بىر كارۋان يولى ئۆتەتتى. 1870 — 1871 يىللىرى بۇخارا يەنە بىر قېتىم جەڭگە ئاتلاندى. لېكىن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ قەدىمىنىڭ بىردەك بولمىغانلىقى ۋە قوقەندنىڭ زەئىپلىكىدىن يەنە مەغلۇپ بولدى. غەربىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۈزلۈكسىز قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن مۇشۇ ئىنىسىز بەش يىل جەريانىدا، ياقۇپ بەگ باشتىن-ئاياغ بىتەرەپ ئورۇندا تۇردى.

ئەگەر ئۇنى روسىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشتە ئاستىرتىن قول تىققان دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە ۋاستىسىگە زىت ھەرىكەت قىلغان بولاتتى. بۇخارا بىلەن بىلەن قوقەندنىڭ روسىيە ئۆزلىرىگە تاڭغان بېقىندىلىق بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى ھەرىكەتلىرىگە قەشقەرىيە قوشۇنىدىن ھېچكىم قاتناشمىدى. چۈنكى بۇ چاغدا ياقۇپ بەگمۇ كابۇلدىكى شىرئەلىگە ئوخشاشلا ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇرۇۋاتقان دائىرىدىكى ئىچكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەنلا بەنت بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆز زېمىنىنىڭ ئەڭ شەرقىي تەرىپىدە، بىر ئېتىقادتىكىلەرگە قارشى ئۇرۇش قوزغاشقا رازى ئىدىكى، قاراملىق قىلىپ ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۈشمىنىگە قارشى «غازات» قىلىشنى ئەسلا خالىمايتتى! رۇسلار ياقۇپ بەگدىن ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىكىدىكى جايلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغانلىقى ئۈچۈن خېلى رازى ئىدى. ياقۇپ بەگ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن قوزغىلاڭلارغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەي ياكى قول تىقمىسا، گەرچە ئۇنىڭ بەزى ئاساسلىق ۋەزىرلىرى بۇنداق قارشىلىقلارنى قوللىغان تەقدىردىمۇ، رۇسلارنىڭ شۇ چاغدىكى تۈركىستانغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۈچۈن ئەڭ دوستانە ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى روسىيە ئەزەلدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ يەككە-يېگانە كۆرسەتكەن ھەرقانداق قارشىلىقلىرىدىن قىلچە قورقمايتتى. غەربىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار ئەگەر بىر نىيەتتە قوزغىلىپ تەكشى قەدەم تاشلىمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىرەر مۇنتىزىم قوشۇن ۋە مۇنتىزىم ئوفىتسېرلاردىن تەشكىللەنگەن ئاساسلىق كۈچنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولمىسا، مەسىلەن، يىراقتىكىسىنى ئېيتمىساقمۇ، ئافغانىستان ياكى قەشقەرىيىنىڭ مەلۇم مەزگىلدە يەتكۈزۈپ بېرەلىگۈدەك ئاساسلىق كۈچنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولمىسا روسىيە قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ

زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ 13 يىل بۇرۇنقى كونا ئۇۋۇ-
سىغا زادىلا سۈرۈپ ھەيدەپ كىرگۈزۈۋېتەلمەيتتى. ياقۇپ بەگنىڭ
دۆلىتىنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى دوغا تىكىدىغان بۇنداق چوڭ
تەۋەككۈلچىلىكى، ئۇرۇنغۇدەك قودرىتىنىڭ بار-يوقلۇقىمۇ گۇمانلى-
نارلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق دىققەت ئې-
تىبارىنى ۋە بارلىق بايلىقىنى دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قارى-
تىپ، روسىيە بىلەن بىۋاستە تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، ماخ-
تىغۇدەك ئىش قىلدى؛ ئەمما شۇنداقتىمۇ قوقەنلىكلەرنىڭ ئازاب
ئوقۇبەتلىرىگە پەقەت كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز نامىغا
داغ چۈشۈردى. ئەگەر ئۇنى دەسلەپكى چاغلاردىكى مۇشۇ ئىش-
لاردا ياخشى قىلمىدى دېسەك، ئۇنىڭ 1875-يىلدىكى ئاخىر-
قى قېتىملىق ئاسىيلىقى تېخىمۇ ياخشى بولمىدى. لېكىن بىز بۇ
ۋەقەنى ۋاقتىنچە سۆزلىمەي، مۇشۇ بابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مۇ-
ھاكىمە قىلىشقا قالدۇرىمىز. ياقۇپ بەگ ۋەزىيەتكە ئىنتايىن شەخ-
سىيەتچىلىك بىلەن قارىغان بولسا كېرەك. ئۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى
تېخى مۇستەھكەملىۋالالمىغاچقا، چەت ئەللەردە بىرەر بوران چىقىپ،
ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەمىنلەپ تۇرغان لىڭگىرتاقتاق كېمىسىنى
ئۆرۈۋېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ
پۈتۈن مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان دىققىتىنى باشقا تە-
رەپكە بۇرىۋېتىش ئىدى. بۇ يەردە ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى،
بىر ئامال قىلىپ رۇسلارنى ئۆزلىرىنىڭ تەۋەسىدىكى پاراكەندى-
چىلىكنى باستۇرۇشقا ئالدىرىتىش كېرەك ئىدى، رۇسلار بىر-
كۈن ھايال بولسا، ياقۇپ بەگنىڭ ئورنى شۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر
قەدەر كۈچىيەتتى؛ مۇبادا رۇسلار ۋاقتى كېلىپ ئۇنىڭ ھاكىمى-
يىتىنى تارمار قىلىشقا ئۇرۇنسىمۇ، ئۇ قەتئىي قارشىلىق كۆرسى-
تەلەيتتى. ياقۇپ بەگنىڭ بىر مەھەللىك سىياسىتىنىڭ ماختىغۇ-
دەك يېرى بولمىغان بىلەن، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا

قىلغانلىرى خېلى تۈزۈكتەك قىلىدۇ. شۇڭا ئىشىنىڭ نەتىجىسى دەل ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بولدى. 1868 - يىلى رۇسلارنىڭ نارىنغا ئىستىھكام ياسىغانلىقى ئۇلارنىڭ قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلىش يولىدىكى تەييارلىقى ئىدى. ياقۇپ بەگنىڭ مۇشۇنداق مۇرەسسەچىلىك سىياسىتى ئۇنى شۇ قېتىمقى خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. 1870 - يىلى چار پادىشاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ جاكالىدى. رۇسلار يەنە بىر قېتىم يىراق مۇساپىلىك ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قويماقچى بولدى؛ بۇ چاغدا قوقەندە يەنە قارشىلىق يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن، رۇسلارنىڭ دىققەت نەزەرى يەنە بىر قېتىم بۇرالدى ھەمدە روسىيە قوشۇنلىرى نارىن قورغىنىدىن پەرغانىگە يۆتكەپ كېتىلدى. 1873 - يىلى خېۋەگە قىلىنغان ھەربىي يۈرۈشمۇ نىشانىنى بۇراش رولىنى ئوينىدى؛ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەسلىدە قارام ئاتلىق غازىنىڭ بېشىغا كېلىپ تېگىدىغان چوماق باشقا تەرەپكە بۇرۇۋېتىلگەنىدى؛ ئاخىر 1875 - يىلى قوقەندە يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ يەنى يەرلىك ئاھالىنىڭ روسىيەگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئاز قالغان بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ ياقۇپ بەگنى روسىيىنىڭ تەييارلاپ بولغان بىر قېتىملىق تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قالدى.

يەنە 1868 - يىلىغا كېلەيلى، شۇ چاغدا روسىيە ھۆكۈمىتى نارىن دەرياسى بويىغا ئىستىھكام سېلىۋالغانىدى ھەمدە روسسىيىنى كۆزگە ئىلماي رۇسلارنىڭ ئاتۇشقا ئۆتىدىغان تاغ يولىنى ياساش تەلىپىنى رەت قىلغان ياقۇپ بەگنى جازالىماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئاشكارا جاكالىغانىدى. تاكى شۇ يىلغا قەدەر، ئۇلار ئارىسىدىكى ئالاقە ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان يېرىم ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك ئالاقە ئى-

دى. ئەمدى بىر مەسىلىنىڭ باشقىچىرەك بىر تەرىپىگە توغرا كەلدۇق. روسىيە ئەمەلدارلىرى بىر تەرەپتىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ ياقۇپ بەگنى يول قويۇشقا قىستىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ياقۇپ بەگنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر رەسمىي پادىشاھ دەپ ئېتىراپ قىلمايتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ رەقىبى ئىنتايىن زېرەك كېلىپ قالغاچقا، بۇنداق بىر ئادەتتىكى تاكتىكىنىڭ داڭغا ھەرگىز چۈشمەيتتى. ياقۇپ بەگنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ پادىشاھلىق سۈپىتىگە لايىق ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمىگۈچە ھېچقانداق كېلىشىمنى ئىمزالىيالمايتتى. بىزگە مەلۇمكى، رۇسلار دىپلوماتىيە جەھەتتە مەككارلىق قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن پوپۇزا قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بۇنداق پوپۇزىلىرى ئىشقا ئاشماي قالدى. روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىدىن باشقا، يەنە بەزى شەخسلەرمۇ ئۆزگىچە چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ كۆردى. غۇلجىدىكى بەزى رۇس سودىگەرلىرى جۇڭگولۇقلار ۋە تۇڭگانلار بىلەن سودا قىلىشتا تولىمۇ قارام ۋە دادىل ئىدى. پايدا تېگىدىغانلا بولسا، ئۇلار ھەرقانداق قاراملىقتىن زادىلا باش تارتمايتتى، ھەر قانداق خېيىم-خەتەرمۇ ئۇلارنى توسۇۋالالمايتتى. ئۇلارنىڭ سودا پېشىۋالىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدەك ئۇنداق ئاۋايلاپ دەسسىمەيتتى. ئۇلار ئۈچۈن، قەشقەرىيىگە قانداق ئادەم ھۆكۈمرانلىق قىلسىمۇ كارايىتى چاغلىق، ئەمما بۇ يەردە تۇرغان مەزگىلدە ئۆزلىرىنىڭ ماللىرى ۋە ھاياتىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنسىلا بولاتتى. روسىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ تېيانشاننى كېسىپ ئۆتۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى قوللايتتى. چۈنكى خېيىم-خەتەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەخسلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشسە، ھۆكۈمەت شەخسلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن نۇرغۇن پايدا ئالالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن رۇس سودىگەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

پىلانلىرىنى گېنېرال كولپاكوۋسكىنىڭ ئالدىغا قويسا، خۇددى ئېنگلىز سودىگەرلىرى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا كالكۇتتا دائىرىلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمىغاندەك، ئۇلارمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايتتى. بۇلا ئەمەس يەنە شۇنىمۇ تەھقىقلەشكە بولىدۇكى، روسىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنى كۆزلىگەن يەرلەرگە بېرىشقا قىزىقتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ سودا بايلىقىنى كۆپەيتىشنى كۆزلەيدىغان ئارزۇسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى تۈرلۈك چارىلەر بىلەن قەشقەرىيەگە كىرىشكە رۇخسەت ئېلىشقا قىزىقتۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1868 - يىلىغا كەلگەندە رۇسلار ۋاستىلىك ئۇسۇللار بىلەن ياقۇپ بەگدىن ھېچنېمە ئۇندۇرۇۋالالمايدىغانلىقى ۋە ھەربىي جەھەتتە بىرەر چارە قوللىنىشنىڭمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىلا باشقا بىر ئادىمىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا سورۇن تەييارلاپ بەردى.

1868 - يىلىنىڭ باشلىرى كلۇدوۋ دېگەن بىر رۇس سودىگىرى ئالمۇتىدا كىچىك بىر سودا كارۋىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مېلى موسكۋادا ئىشلەنگەن نەرقى ئەرزان ماللار ئىدى، رۇسلارنىڭ تەجرىبىسى بويىچە، بۇ نەرسىلەر غەربىي تۈركىستاندا ئەڭ بازىرى ئىتتىك ماللار ھېسابلىناتتى، ئەمما بۇ پاخپاق ماللار ئىچىدە يەنە گەزلىمە ۋە تىغلىق ئەسۋابلارغا ئوخشاش كېرەكلىك نەرسىلەرمۇ بار ئىدى، بۇ نەرسىلەر رۇسلار بىلەن سودا قىلغانلارغا ھەقىقىي نەپ بېرىدىغان ماللارنىڭ ئەۋرىشكىلىرى ئىدى. كلۇدوۋ نارىن دەرياسى ئارقىلىق تىيانشاندىن ئۆتۈپ ئۈچتۇرپان بازىرىغا چۈشۈپ، ئاندىن ئۇيەردىن چوڭ يولنى بويلاپ قەشقەرگە ئاسانلا بېرىۋالماقچى بولۇپ يولغا چىققانىدى. ئەمما شۇ چاغدا ياسىلىۋاتقان نارىن قورغىنىدىن ئۆتۈپ ئانچە يىراققا بارماي تۇرۇپلا، بىر بۆلۈك بۇلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئۇ پۈتۈن ماللىرىدىن ئايرىلغان

بولسىمۇ، بەختكە يارىشا ئۆزى قاتتىق زەخىملەنمىدى. ئېھتىمال،
بۇلاڭچىلار روسىيە پۇقرالىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ھۆرمەتلىگەن-
لىكتىن، ئۇنىڭ ماللىرىغا تەگمىسىمۇ ئۆزىنى ساق قويغان بولسا
كېرەك. ياكى بولمىسا، خۇددى رۇسلارنىڭ ياقۇپ بەگنى ئەيىب-
لەپ كۆرسەتكىنىدەك، بۇ ھۆكۈمران ئۇ بۇلاڭچىلارنىڭ شۇنداق
قىلىشىغا بۇيرۇق بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭچە، بۇ-
لاڭچىلار چېگرىدىن ئۆتكەن روسىيە پۇقرالىرىنى قورقۇتۇپ
قاچۇرۇۋەتسە، ھۆكۈمەتكىمۇ گەپ كەلتۈرمىسىلا بولاتتى. كىلۇدوۋ
ئىرادىسى مۇستەھكەم ئادەم بولۇپ، بىر ئىشنى قىلىمەن دەپ
بەل باغلىسا ئۇنى ئاسانلىقچە ئۆز يولىدىن قايتۇرغىلى بولمايتتى.
روسىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ھادىسىگە ئۇچراپ قالغانلىقىغا ئىچى
ئاغرىپ، ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ چوڭ بىر سودا كارۋىنى تەييارلاپ
بەردى. ئەمما كىلۇدوۋ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بىر ئامال قىلىپ
ياقۇپ بەگنى بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇش قارارىغا
كەلدى ۋە تەلىيى ئوڭ كېلىپ، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق بىر قەشقەر-
لىك كىشى ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ قەشقەرىيە
ھۆكۈمرانىغا ئەۋەتىدىغان سوۋغا - سالاملىرىغا ئۆزىنىڭ قىرغىزلار-
نىڭ بۇلاڭچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ يازغان بىر
پارچە خېتىنىمۇ قوشۇپ يوللىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ چار پادى-
شاھنىڭ تىنچ پۇقراسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ دۆلىتىگە كىرىشىگە رۇخ-
سەت قىلىشىنىلا تەلەپ قىلغانىدى، ياقۇپ بەگ ئۇنى پۈتۈنلەي
كەچۈردى ھەم ئالمۇتىغا ئادەم ماڭدۇرۇپ، ئۇنىڭ سودا كارۋىنى-
نىڭ بىخەتەر يۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان يول خېتى ئەۋەتتى.
بۇ سودىگەر قەشقەرىيە ھۆكۈمرانىدا ئىنتايىن ياخشى تەسىرات
قالدۇردى ھەم ئۆتكەن ئىككى يىلدا روسىيە ھۆكۈمىتى بارلىق
دىپلوماتىيە ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ ئورۇنلىيالمىغان ئىشلار-
نى ئورۇنلاشنىڭ ئېھتىماللىقىنى تۇغدۇردى. ھەتتا ياقۇپ بەگ ئۇ-

زىمۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ قوشىنىسى بىلەن
تېخىمۇ ئوبدان مۇردىسىغا كەلمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن،
1868 - يىل يازدا ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ شادىمىرزا دېگەن بىر
جىيەنىنى ئالمۇتاغا ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ روسىيە بىلەن پۈتۈنلەي
يارىشىشنى خالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەكلىپىنى تاشكەنتنىڭ
ھەربىي ۋالىيسىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىشنى تەلەپ
قىلدى. ياقۇپ بەگ شادىمىرزىنى ماڭدۇرغان چاغدا، غۇلجىدىكى
گېنېرال كولپاكوۋسكى ياقۇپ بەگنىڭ چېگىرىسى ئىچىدە رۇس
سودىگەرلىرىنى بولاپ كەتكەن قىرغىز قاراقچىلىرىنى چىقىرىپ
بېرىشنى تەلەپ قىلىپ قەشقەرگە رېينتال دېگەن بىر كاپىتاننى
ئەۋەتتى. بۇ قاراقچىلار يەنە قوقەن، نارىن رايونلىرىدىن بىر
نەچچە ئادەمنىمۇ تۇتۇپ كەتكەنىدى. روسىيە ھۆكۈمىتى بۇ كې-
شىلەرنى روسىيە پۇقرالىرى سۈپىتىدە شەرتسىز قايتۇرۇپ بېرى-
شنى تەلەپ قىلدى. كاپىتان رېينتال ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇقتا
بىنائەن، بۇ ئىككى تۈرلۈك تەلەپنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويدى ۋە
بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنى روسىيىنىڭ جۇڭگولۇقلار رەھبەرلىكىدىكى
ھۆكۈمەت بىلەن تۈزۈشكەن شەرتنامىلىرىنىڭ روھىغا خىلاپ ئىش قى-
لىشقا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەندۈردى. كاپىتان
رېينتال ئوبدان كۈتۈۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يۈرۈش-
تۇرۇشى پەقەت شەھەر ئىچى بىلەنلا قاتتىق چەكلەندى. بۇ ئۇ
قېتىمقى سەپىرىدە بۇ دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىلەردىن
كۆپ خەۋەردار بولالمىدى. لېكىن قەشقەردىكى قوشۇنلىرى ئۇنىڭدا
ياخشى تەسىرات قالدۇردى. ياقۇپ بەگنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قىر-
غىز قاراقچىلىرى قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار چىقىرىپ بېرىل-
مىدى. نەزەربەنت قىلىنغان رۇسلارمۇ شادىمىرزا بىخەتەر قايتىپ
كەلگىچە چىرايلىقچە تۇتۇپ تۇرۇلدى. شادىمىرزىنىڭ تاشكەنتتى-
كى ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىغانلىقى توغرىسىدىكى

خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، روسىيە پۇقرالىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، كاپىتان رېيىنتالنىڭ ۋەزىپىسى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشلىقىغا يېڭى ھاكىمىيەت ئاسىيادا مۇستەقىل رول ئوينىماقچى، ئىغۋاگەرچىلىككە ئىغۋاگەرچىلىك بىلەن، تەھدىتكە تەھدىت بىلەن جاۋاب بەرمەكچى بولۇپتۇ دېگەندەك كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان يېڭى خەۋەرنى مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ دوكلاتقا كىشى-نىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، لېكىن رېيىنتال ئۆزىنىڭ بىۋاستە تەسىراتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، بۇ يېڭى ھاكىمىيەتكە كەڭچى-لىك قىلىش ۋە دوستانە پوزىتسىيە تۇتۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇشۇنداق بىر زالىم پادىشاھقا شۇنچىۋالا يول قويۇپ كېتىشكە باش قوماندانلىق شتابى قوشۇلمايتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ مەسىلە ۋاقىتىنچە بىر چەتكە قايرىپ قويۇلدى. شاد-مىرزا ئالمۇتادا قاماپ قويۇلغانىدى، ئاخىردا ئۇنىڭ تاشكەنتكە بېرىشىغا رۇخسەت قىلىندى. ئۇ تاشكەنتكە بارغاندا، گېنېرال كا-ئۇفمان ياۋروپاغا كېتىپ قالغانىدى. شادمىرزا بۇيرۇققا بىنائەن ئۇ يەردىن پېتىربورگقا ئەۋەتىلدى. ئۇ پېتىربورگقا 1868 - يى-لىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردە تۈركىستان ھەربىي ۋالىيسىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق غەيرى رەسمىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما چار پادىشاھ بىلەن ياكى باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشەلمىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە ئۇنىڭغا قوشنا دۆلەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى بىر سەيياھ سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىندى. روسىيە ھۆكۈمىتى ياكى شۇ كەمگىچە ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرىيەنىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمىدى. رۇسلار بۇ جاينىڭ ۋاقىتىنچە ئىگىسىنىڭ كىم بولۇشى-دىن قەتئىينەزەر، جۇڭگولۇقلارنى يەنىلا بۇ يەرنىڭ قانۇنىي ئىگىسى دەپ قارايتتى، 1869- يىلى يانۋاردا، شادمىرزا قەشقەرگە

قايتىپ كەلگەندە، رۇسىيە بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ مۇناسىۋىتى تامامەن ئەسلىگە كەلگەنىدى. رۇسلارنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىش توغرىسىدىكى تەلەپلىرى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. كلۇدوۋ ئەپەندىنىڭ شانلىق ساياھىتىدىن باشقا، چەت ئەللىكلەرنى ئاسىيادىكى بۇ جەننەتنىڭ سىرتىدا توسۇپ قويغان تىلسىمنى ھېچكىم بۇزۇپ ئۆتەلمىدى. شادەمىرزىغا ئالمۇتا بىلەن پېتېربورگتا قانداق مۇئامىلە قىلىنغان بولسا، رۇسلارنىڭ ئەلچىسى كاپىتان رېينتالغىمۇ بۇ يەردە شۇنداق مۇئامىلە قىلىندى. ئەمما روسىيىنىڭ بۇ ئەمەلدارى ئۆزىنىڭ زېمىندىكى ۋەزىپىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەھدىت سېلىش تەلەپپۇزىدا بايان قىلالىغانىدى. ياقۇپ بەگ ئۇنى قەتئىي ھەم غورۇر پوزىتسىيە بىلەن جايلىدى. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ چار پادىشاھ بىلەن باپباراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى سالماقلىق بىلەن بايان قىلغاندا، دەخلى ـ تەرۇزغا يول قويمايدىغان قەتئىي جاسارىتىنى كۆرسەتتى. رۇسلار سودا جەھەتتىنە يول قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن رەت قىلىندى، ئۇلار روسىيىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، ئۇنى تىز پۈكتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ: «مېنىڭ قېرىنداشىم بولغان ئاق پادىشاھ جاھاندىكى ئەڭ قۇدرەتلىك پادىشاھ، ئۇ يەر شارىنىڭ يوغان بىر قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەت كىچىككىنە بىر خان. شۇنداقتىمۇ مەن خەۋپكە دۇچ كەلگەن چېغىمدا ھەقىقىي ئىنسانەك زادىلا ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، ئۆز ۋەتىنىم ۋە ئېتىقادىم ئۈچۈن قۇربان بولۇشنى بەخت دەپ ھېسابلايمەن!» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. بۇنداق باتۇرانە ۋە تەنتەنىلىك جاۋاب ئالدىدا ئالاقزادە بولۇپ ئامالسىز قالغان ئوفىتسېرلار يەنە نېمە دەپ رەددىيە بېرەلەيتتى؟ ياقۇپ بەگنىڭ روسىيىگە قارشى قەتئىي پوزىتسىيىسىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىمەي بولمايدۇ. بۇنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تار شەخ-

سي مەنپەئىتىنى كۆزلەپ گەپ ئورانىدا قىلىپ قويغان ئېغۋا-گەرچىلىكى دەپ قارايدىغان بولساق، تولىمۇ يەڭگىللىك قىلغان بولىمىز. ئەمما بىر ئۇنىڭ نوقۇل شەخسىي غەرەزىنىڭ گەدىنىگە دەسسەپ تۇرۇپ، ئاسىيالىقلارنىڭ رۇسلارغا، مۇسۇلمانلارنىڭ پراۋوسلاۋىيانلارغا قارشى تۇرغىنىدەك چوڭ مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قوغداپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىسىگە تېخىمۇ ھۆرمەت بىلدۈرمەي تۇرالامدۇق؟ ئەگەر ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا باشتىن-ئاياغ بىر خىل تۇرغان بولسا، روسىيىگە كۈچەپ قارشى تۇرۇش پەيتى يېتىپ كەلگەندە ئۆز ئىشەنچىدىن قايتمىغان ۋە بۇنداق ئىشەنچىنى كەسكىن ئىشقا ئاشۇرغان بولسا، ئۇنىڭ تەقدىرى قانچىلىك ياخشى بولغان بولاتتى-ھە! ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى قانچىلىك ياخشى بولغان بولاتتى-ھە!

رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىز بولۇپ چىققاندىن كېيىن خېلى بىر چاغلارغىچە قەشقەرگە زادىلا بىۋاسىتە قول تىقالمىغانىدى، ئەمما بۇخارا ئەمىرى ياقۇپ بەگنى، «ئاتىلىق غازى» دېگەن نام بىلەن تارتۇقلىغان چاغدا، رۇسلار چىداپ تۇرالمىدى. دەرۋەقە، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھامىيسىنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ ئىسلامىيەتكە بولغان ساداقىتىنى ئەنە شۇنداق ئېتىراپ قىلغانلىقى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ① مەلۇم دەرىجىدە ياراشقانلىقىنى شۇنداقلا تىغ ئۇچىنى روسىيە ھۆكۈمىتىگە قاراتقانلىقىنى كۆرسىتەتتى. ئەمىر مۇزەپپەر بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ مەلۇم كېلىشىم ھاسىل قىلغان-قىلمىغانلىقىغا ھازىرچە بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا روسىيىگە ئۆچ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇنداق كېلىشىم ھاسىل قىلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، ياقۇپ بەگ 1870-

① بۇخارا بىلەن قەشقەرىيەنى دېمەكچى — مۇھەررىردىن.

uyghurkitap.com

يەلقى ماجىراغا قول تىقمىدى. روسىيە قوشۇنى تېخى يېڭىلا يېسىۋالغان پەرغانە ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىكى رەقىبلىرىنى قەدەممۇ قەدەم يېڭىۋاتقان چاغدا، ياقۇپ بەگ ئۆز چېگرىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە ماجىرا تۇغدۇرغان تۇڭگانلارغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەنىدى. قوقەنىنىڭ قارشىلىقى مەغلۇپ بولغاندا، شەرق تەرەپتە غالىب قوشۇنلىرىنى باشلاپ، يېڭىدىن ئىستېلا ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياقۇپ بەگنىڭ غەرب تەرەپتە يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلار بىلەن كارى بولمىدى. 1870 - يىلى، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بوران - چاپقۇننىڭ گۈركىرەشلىرى بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىۋاتقاندا، روسىيە ھۆكۈمىتى ياقۇپ بەگنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، قوقەندىكى خۇدايارخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇچىغا چىققان قارا نىيەت ۋەزىر ئالىمقۇلنى ئۆزىگە ئۆلگە قىلغان ياقۇپ بەگ خۇدايارخانغا ئاسىيلىق قىلغان بولغاچقا، خۇدايارخان ئەمدى ياقۇپ بەگكە روسىيىنىڭ ياردىمى بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ھەرھالدا ئۇنى ئۆز قوشنىسى قەشقەرىيىگە ياخشى نىيەتتە بولىدۇ، دەپ قارىغىلى بولمايتتى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ ھامىسى ۋە شاپائەتچىسىنىڭ ئىشىغىمۇ بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇرمايتتى. رۇسلار خۇدايارخاننى ئۆزلىرىنىڭ پىلانىنى قىزغىنلىق بىلەن قوللايدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. بىز بۇ پىلاننى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز: يۇقىرىدا قەشقەرىيىنىڭ تارىخى ئۈستىدە قىسقىچە توختالغاندا كۆرگىنىمىزدەك، قەشقەردە قەدىمدىن بۇيان جۇڭگولۇقلار بىلەن قوقەنلىكلەردىن ئىبارەت بىر - بىرىگە قارشى ئىككى خىل كۈچ مەۋجۇت ئىدى. يېقىنقى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگولۇقلار غالىب بولۇپ كەلگەن، قالغان ۋاقىتلاردا بولسا قوقەنلىكلەر ئازدۇر - كۆپتۇر ئۈستۈنلۈكنى

ئىگىلەپ كەلگەنىدى. ئەمما ھەربىر يەرلىك خانلىق مەلۇم دەـ
رىجىدە تۇراقلاشقاندا، ھامان قارا نىيەتلىك قوقەن خانى ئىشـ
لەتكەن سۈيىقەستىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايتتى؛ بۇ قوقەن خانى
ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاشۇ خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەڭ كۆپ يارـ
دەم بەرگەن كىشى ئىدى. روسىيە ھۆكۈمىتى بۇ تارىخىي پاكىتـ
تىن پايدىلىنىپ، خۇدايارخاننىڭ قۇلىقىغا شۇم پىلانلارنى قۇيۇپ
قويۇشنى قارار قىلدى ۋە ئۇنىڭغا، سىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ
فېئودال كىنەزى بولۇشقا ھوقۇقلۇق، دېدى. ئۇلار تارىختىن
دەلىل كەلتۈرۈپ: قاراڭ! بۇ قېتىم يەنە بىر قوقەن پۇقراسى
قوقەنگە قارشى بىر مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇردى، ئەسلىدە ئۇنىڭ
ھەممە غەلىبىسى قوقەننىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوقەن پۇقرالىرىنىڭ
كۈچلۈك قوللىشى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەنىدى، لېكىن بۇ
ئامەتلىك ھەربىي سىپاھگەر قوقەندىن ئالىدىغانىنى ئالغىنىدىن
كېيىن، ئۆز ۋەتىنىگە قانداق قىلدى؟ سىزگە قارشى پېتنىگە
قاتناشقان كىشىلەرگە باشپاناھ بولۇپ بەردى. ئۇ قوقەندە توپىـ
لاڭ قوزغاش ئارقىلىق رۇسلارغا ۋە رۇسلار تەيىنلىگەن قانۇنىي
ھۆكۈمرانىغا يەنى سىزگە قارشى تۇردى. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ
بۇ گۇناھلىرىنى تېخى ئاز دەپ، سىزنىڭ خوجىلىقىڭىزنى ئېتىـ
راپ قىلىشنى رەت قىلدى ۋە سىزنى ھاقارەتلىدى، دېدى.
ئۇلار يەنە خۇدايارخاننىڭ قورقۇپ تۇرغىنىدىن پايدىلىنىپ،
ئۇنى روسىيىنىڭ تەكلىپىگە سۈكۈت قىلىشقا كۆندۈردى، بۇ ئۇلارـ
نىڭ ئۆز سۈيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدا زور رول ئىدى. رۇسلار
قەشقەرىيىدە قۇرۇلغان كۈچلۈك ھەربىي ھاكىمىيەتنىڭ ئاخىر
بىر كۈن ئافتابەچىنىڭ چىچەن كاللىسىدا يېتىلىۋاتقان پىتنىگە
ئىلھام بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇدايارخاننى ئاگاھلاندۇردى.
ئافتابەچى دېگىنى بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇنقى ئۇڭ قول
ۋەزىر مۇسۇلمانقۇلنىڭ قارا نىيەت ئوغلى ئىدى. بۇ گەرچە

تۇترۇقسىز گەپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خۇدايارخانغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايتتى. بۇ بىچارە ھۆكۈمە-رانىڭ ئۆزى رۇس مەسلىھەتچىلىرىنىڭ رايىغا باقمىسا بولمايدى-غان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، قەشقەردىكىگە غوجىلىق تەلىپى قويۇشنى رەت قىلغۇدەك جاسارىتى بار ئىدى. ئۇ خەرى-تىنى كۆرسىتىپ، سىلىق ئەمما مەسخىرە تەلەپپۇزى بىلەن: قوقەننىڭ چېگرىسىنى غەربكە سۈرۈش كېرەك ئىدى، لېكىن قاقاس قىزىلئارت تاغلىرىنى ئىستىلا قىلغان تەقدىردىمۇ، تاشكەنت بىلەن خوجەنتنى قولدىن بېرىپ قويغان زىياننى قاپلىيالمايدۇ دېدى. ئەمما ئۇ ياقۇپ بەگنى روسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان سودا كېلىشىمىنى تەستىقلاشقا كۆندۈرۈشكە ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، خۇدايارخان ياقۇپ بەگكە ئۆزىنىڭ روسىيىلىك دوستلىرىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە بىر پارچە خەت يازدى. ئەمما ئۇ بۇ ئاچچىق دورىنىڭ ئۈستىگە بىرقەۋەت شېكەر يالىتىش ئۈچۈن خەت بىلەن بىللە يەنە بىر پارچە شەخسىي خەت يېزىپ، رۇسلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مەقسەتلىرىنىمۇ ئوچۇق ئۇقتۇرۇپ قويدى. بۇ خەتتە، رۇسلار ئۆزىنىڭ ياقۇپ بەگ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى باشقىلار ئويلىغاندەك يىرىكلەشتۈرۈۋېتىش نىيىتىدە ئەمەسلىكى، رۇسلارنىڭ مەسلىنى ئۆز ئابرويىغا تەسىر يەتكۈز-مەيدىغان شارائىتتا ھەل قىلىش ئۈچۈن، سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقى ئېيتىلغانىدى. خۇدا-يارخان مەيلى ئاشكارا بولسۇن، ياكى يەك ئىچىدە بولسۇن، ياقۇپ بەگنى روسىيە ھۆكۈمىتىگە كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ مەلۇم دەرىجىدە يول قويۇشقا دەۋەت قىلاتتى. رۇسلار خۇدايارخاننى ياقۇپ بەگكە بېسىم ئىشلىتىشكە زورلاپ نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن، خۇدايارخاننىڭ خېتىدە يېزىلغاندەك خۇلاسىگە كەلدى. ئۇلارچە بولغاندا، ياقۇپ بەگ ئاۋۋال ئىپادە بىلدۈرسە، ئاندىن

ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسەگە كەلمەكچى ۋە ئۇنى روسىيىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز لايىقىدا زور پايدىغا شېرىك قىلماقچى ئىدى. تاشكەنت دائىرىلىرى ھەتتا ئۆزلىرى ئۈچۈن چوڭ چاتاقتىن بىرى ھەل بولىدىغان بولدى، دەپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇلار خۇدايارخاننى ۋاستە قىلىپ، ياقۇپ بەگكە تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ بەردى. بۇنداق يول قويغاننى بىز ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدۇق. ئۇلارنىڭ نەزەرىچە، بۇ ھاكاۋۇر مۇسۇلمان ھۆكۈمرانىنىڭ چارپادىشاھ كەڭچىلىك قىلىپ يارىتىپ بەرگەن مۇشۇ ئاخىرقى پۇرسەتنى خۇشاللىق بىلەن غەنىمەت بىلىدىغانلىقى شەك-شۈبھىسىز ئىدى.

ئەمما ئۇلار چوتنى خاتا سوققانىدى. ياقۇپ بەگە رۇسلارنىڭ قارىماققا پەرۋاسىز تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، يۈرىكى پوك-پوكلۇقىنى، روسىيىدەك بىر قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ بىر كېلىشىمنى دەپ شۇنچىۋالا قىلىۋاتقان يەردە بىۋاستە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە تېخىمۇ كۆپ يول قويىدىغانلىقىنى تېزلا سېزىۋالدى. شۇڭا ئۇ زىيارەتكە كەلگەن ئاز سانلىق رۇسلارنى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇپ، قەشقەرىيەنىڭ تەبىئىي بايلىقى ھەققىدە ھە دەپ لاپ ئۇردى، ئۆزىنىڭ پارچە-پۇرات ساقچى قىسىملىرىنى مۇنتىزىم ۋە تەربىيە كۆرگەن كۈچلۈك قوشۇن قىلىپ كۆرسەتتى. ياقۇپ بەگ غەلىبىگە كۆزى يېتىپ تۇرغاندا، ئۆزى توغرىسىدىكى تۆت يىللىق سىياسەت بەدىلىگە كەلگەن، پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆزىگە شۇنچە كۆپ ياردەم بەرگەن ياخشى تەسىراتنى نابۇت قىلىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خۇدايارخان ياقۇپ بەگكە يازغان خېتىگە رەسمىي جاۋاب ئالدى. ئەمما بۇ جاۋابنىڭ رۇسلارنى قاتتىق خاپا قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ياقۇپ بەگ خېتىدە، رۇسلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ

قىلمىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان جۇڭگولۇق-
لارنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، رۇسلار بىلەن سۆھ-
بەت ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما ئۇ
تاشكەنتنىڭ تەكلىپىنى توغرىدىن توغرا رەت قىلماستىن، بەزى
ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئۈستىدە كۆپرەك توختالدى ۋە روس-
يىگە قارىتىلغان سىياسەت مەسىلىسىنى ئېنىق تىلغا ئېلىپ، ئۆزى
بىلەن دىنداشلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئۆزىنىڭ ۋە ئىستىپاق-
داشلىرىنىڭ يەنى قوقەن، بۇخارا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئازراق ئويى-
لىشىپ كۆرۈشىگىمۇ ئەرزىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، «مېنىڭ
دۆلىتىم قەشقەرىيىگە كەلگەن رۇسلار بۇ يەرنى كۆرگەندىن
كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى بىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ
ياخشىسى، بۇنداق مەككار، نىيىتى يامان ئادەملەرنى بۇ يەرگە
كەلتۈرمەسلىك كېرەك» دېدى. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى
ھېچقانچە كۈچىمەيلا بىتچىت قىلىپ تاشلىيالايدىغان كۈچلۈك
بىر دۆلەتكە ئەنە شۇنداق چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن باھا
بەردى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ياقۇپ بەگنىڭ چوڭ يۈرەك-
لىكى دەل ئۇنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئېھتىياتچان ئىكەنلىكىنىڭ
ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىنلا مۇۋەپپەقىيەت
قازاندى. ئەگەر ياقۇپ بەگنىڭ پوزىتسىيىسى مۇشۇنداق كەسكىن
بولمىغان بولسا، ئۇ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان بولاتتى. رۇسلار
ئۆزلىرىنىڭ يېڭى رەقىبىنى ھۆلچەرلەشتە، پۈتۈنلەي ئالدانغانىدى؛
ئۇلار ياقۇپ بەگنى گەپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەممە چارىلەرنى
قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاخىر ياقۇپ بەگنىڭ دۆلىتى توغ-
رىسىدا ئېنىق بىر ئاخباراتقا ئېرىشىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئالتە
يىلدىن بېرى ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى كەڭ بىر پارچە زېمىننى
باشقۇرۇۋاتقان بۇ ھۆكۈمراننى ئېتىراپ قىلىش ئاقىلانە ئىشمۇ-
قانداق؟ دېگەندىنى تاشكەنتتە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىشقا كى-

رىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياقۇپ بەگ تۈركىستانىنىڭ ھەربىي
ۋالىيسىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، چار پادىشاھنىڭ ئۆزى بىلەن
دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا خۇدايارخاننى كۆۋرۈك قىلما-
سىمۇ بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر رۇسلا ئۇنىڭ بىلەن راستىنلا ئىتتى-
پاق تۈزمەكچى بولسا، ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرى
ئارزۇ قىلغىنىدەك سودا ۋە باشقا كېلىشىملەر تۈزۈش توغرىسىدا
رەسمىي ئالاقىلاشسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، روسىيە
دىپلوماتلىرى ئۈچۈن يول ھازىرلاپ بەردى. بۇ خەت خۇددى
ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەلۇم بىر ياۋروپا كارولىنىڭ يەنە بىر
كارولغا يازغان خېتىگە ئوخشاش ناھايىتى تەنتەنىلىك يېزىل-
غانىدى. ئۇ خېتىدە: «مەن روسىيىنىڭ ھوقۇقىنى ۋە ئىقتىدارىنى
ئىنكار قىلمايمەن، لېكىن مەن يۈرەكلىك ئادەممەن، ماڭا دەل
ئاللاتائالانىڭ ئۆزى يار-يۆلەك بولىدۇ، مەن كۈرەشتىن ھەر-
گىز باش تارتمايمەن، پەقەت ئۆز ئېتىقادىم يولىدا قۇربان
بولۇشنىلا خالايمەن» دېگەنىدى. بۇ خەت تاشكەنتتە ئىنتايىن
چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قەشقەرگە ئەلچى
ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى.

بايانىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، روسىيە بىلەن قەش-
قەرىيە ئوتتۇرىسىدا ھازىرغا قەدەر يۈز بەرگەن ئىشلارنى يىغىنچاقلاپ
بايان قىلىش زۆرۈردەك قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆز-
ئارا مۇناسىۋىتى مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۆتكەندىكىگە پۈتۈنلەي
ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. رۇسلار ياقۇپ بەگنى ئۆزلىرى-
گە سودا ۋە ئەڭ كۆپ ئېتىبار بېرىشكە سىياسىي جەھەتتە يول
قويۇشقا ئۇناتماقچى بولۇشتى. ياقۇپ بەگكە بولسا «روسىيىدە
ئىشلەنگەن ماللاردىن مەلۇم پايدا ئالىدۇ» دېگەن مۇجمەل ۋەدى-
نىلا بەرگەندىن باشقا، شۇنىڭغا ئوخشاش تەڭ باراۋەر يول
قويۇشنىڭ ھەرقانداقىنى رەت قىلدى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپ-

مەك دېگەندەك، ئۇلار تېخى پەقەت جۇڭگولۇقلارنىلا قەشقەرىيە-
نىڭ ھۆكۈمرانى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئاشكارا جاكالى-
دى، شاد مىرزىنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى پادىشاھ
دەپ ئېتىراپ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئاساس-
لىرىنى مۇھاكىمە قىلىشنى بولسا رەت قىلدى. ئۇلار ئاسىيالىق
بۇ پادىشاھقا پوپوزا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىدە
«زوراۋانلىق كۈچ — ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەت» دېگەن
ھېكمەتلىك سۆزنىڭ ھەقىقەتلىكىنى تازا كۈچەپ تەرغىپ قىلدى.
ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ پوپوزىسىغا تەرەك قىلىش ئۈچۈن ھەربىي
ھازىرلىقلىرىنى بىرنەچچە قېتىم كۆز - كۆز قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن بۇنداق پوپوزىنى بىر قېتىممۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. يەنە
بىر تەرەپتىن، ياقۇپ بەگنىڭ سىياسىتى ئىزچىل ۋە قەتئىي ئىدى.
ئۇ ھەرقانداق ھۇجۇم تاكتىكىسىنى قوللىنىشتىن قاتتىق ساق-
لاندى، مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللانغان چاغدىمۇ ئۇنى كوزىر
چىقىرىشقا دەۋەت قىلغان غەيرىي رەسمىي تەكلىپلەرنى قەتئىي
رەت قىلدى. ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلاردەك يالۋۇ-
رۇش چارىسىنى قوللانماستىن، بەلكى ئىستىبداتلارچە پوزىتسىيە
قوللاندى: «مېنى قەشقەرىيىنىڭ قانۇنىي ھۆكۈمرانى دەپ ئېتى-
راپ قىلمايدىكەنسىلەر، — دېدى ياقۇپ بەگ، — بارلىق سۆھ-
بەتنى ئۈزىمىز. ماڭا رەسمىي ئەلچى ئەۋەتىڭلار، ئۇنى مەن ئۆز
ھۇزۇرۇمدا قائىدە بويىچە چىرايلىق كۈتۈۋالىمەن. ئاندىن سالا-
ھىيىتى ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىر ۋەكىل مېنىڭ
دوستلۇقۇمنى دۆلىتىڭلارنىڭ پادىشاھىغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر مېنىڭ
مۇشۇ ئورۇنلۇق تەلەپلىرىمنى ئويلىشىپ كۆرمەيدىغان بولساڭلار،
دۆلىتىمنىڭ دەرۋازىسى سىلەرنىڭ سودىگەرلىرىڭلارغا، ئەمەلدار-
لىرىڭلارغا ئېچىپ بېرىلمەيدۇ، مۇبادا دۆلىتىمگە بېسىپ كىرمەك-
چى بولىدىكەنسىلەر، مەرھەمەت، مېنىڭ ۋە ماڭا سادىق قوشۇن-

لىرىنىڭ جەسەتلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتەلىسەڭلار، بېسىپ كىرىۋېرى-
ڭلار!» ئىزچىل سۈيىقەست ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ كەلگەن
ئاچكۆز تاجاۋۇزچى، كېڭەيمىچى ئىمپېرىيىنى ئاسىيالىق بىر پادى-
شاھنىڭ ئەنە شۇنداق ھالسىرىتىپ جېنىنى تۇمشۇقىغا ئەكېلىپ
قويۇشى روسىيە تارىخىدا تېخى بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئىدى.
ياقۇپ بەگ چار پادىشاھقا قوللارچە تىز پۈكۈشنى قەتئىي رەت
قىلغان ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە ئۇنىڭ ۋەكىلىنى ئاخىرقى ھې-
سابتا يەڭگەن بىردىنبىر پادىشاھتۇر. 1872 - يىل ئەتىياز ياقۇپ
بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ تۇڭ-
گانلارغا قارشى كېيىنكى بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشنى تېخى باش-
لىمىغانىدى. كېيىنكى بىرنەچچە قېتىملىق جەڭ ئۇنىڭ ھاكىمىيى-
تىنى مىسلىي كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى ۋە كىشى-
لەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى. ئۇ يېقىندا دىپلوماتىيە جە-
ھەتتە رۇسلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئاسىيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر-
نىڭ نەزەرىدە، رۇسلار بىلەن بولغان توقۇنۇشتا ئۆزلىرىنى قۇت-
قۇزۇپ قالالايدىغان بىردىنبىر يارامىلىق جەڭچى بولۇپ قالدى.
ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى چۈشىنىشلىك ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ دوست-
لىرىنىڭ مەدھىيىسى ۋە رۇسلارنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئالاقزادى-
لىكى تۈپەيلىدىن، ياقۇپ بەگنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بەك مۇبالىغى-
لەشتۈرۈۋېتىلدى. خۇددى ئەنگلىيىنىڭ كېيىنكى خىلدىكى ئىل-
لەتنى سادىر قىلغىنىدەك، بىر چاغلاردا روسىيىنىڭمۇ ئاسانلا مۇشۇن-
داق ئىللەتنى سادىر قىلغانلىقى ئىسپاتلاندى.

روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتلىق غازىنىڭ ئوردىسىدا تۇرۇشقا
تەيىنلەنگەن تۇنجى ۋەكىلى سىر دەرياسىنىڭ بېشىنى تەكشۈرگەن
سەييياھ بارۇن كولبارستۇر. بۇ ۋەزىپىگە ئۇنىڭدىن لاياقەتلىك
دىپلومات يوق ئىدى. 1872 - يىل 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۇ
ياقۇپ بەگكە ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسلىھەتچىلىرىگە ئاتاپ تەي-

يارلانغان سوۋغا ـ سالامـلارنى ئالغاچ غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، شۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەرگە ساق ـ سالامەت يېتىپ باردى. ئۇ بۇ يەردە ئەڭ قىزغىن كۈتىۋېلىندى. ھۆكۈمەرانىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئىززەت ـ ئىكرامى بىلەن سالغان داستىخىنى ئۇنىڭ كۈتكىنىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى. ئاتالىق غازى بارون كولبارسنى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلغان چاغدا، شەرقلىكلەرنىڭ جانلىق تىلىدا: «مەرھابا، يۇقىرى ئۆتۈڭ، تۆردە ئولتۇرۇڭ، كۆڭلىڭىز تارتقان يەردە ئولتۇرۇڭ، سىزلەر ئاللاتائالا مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا ئەۋەتكەن ئەزىز مېھمانلار» دېدى. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىغا تۇنجى قېتىم ئەڭ چوڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكى بېرىلدى. بۇ دۆلەتنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئەلچىلەر ئۆمىكى بىللە كەلگەن ئىككى سودىگەرگىمۇ يەركەن، خوتەنگە، بېرىشقا يول خېتى بېرىلدى. ياقۇپ بەگ بۇ ئىشلاردىن ئۆزىنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىنى رۇسلار ئالدىدا زادىلا يوشۇرمىدى؛ ئېھتىمال، ئۇ ئۆزىنىڭ دىپلوماتلارغا خاس ماھارىتىنى مۇشۇ كىشىلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرغانلىقىغا خۇشال بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇ ئۆز مېھمانلىرىنىڭ قەشقەرىيە تەۋەسىدە كۆڭلى تارتقانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈشكە ھەر جەھەتتىن قولايلىق يارىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ شەرىپىگە يەنە ھەربىي كۆرەكمۇ ئۆتكۈزدى، دەل شۇ چاغدا كۇچادىكى تۇڭگانلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىدىغان بىرمۇنچە ھەربىي قوشۇن تەييار ئىدى، ئۇلارمۇ شۇ ئەتراپتىن ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ ئۆتتى. بۇ ئىشلار رۇسلاردا ياخشى تەسىر قالدۇردى. بارون كولبارسمۇ ئەسكەرلەرنىڭ مانېۋىر ئۈستىدە مەشق ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى توغرا ئىشلىگەنلىكىگە قاراپ ھەيران قالدى. ئەزەلدىن تارتىپ ماختاپ قويسا ئۇچۇپ كېتىدىغان ياقۇپ بەگ ئىلھامى كېلىپ كېتىپ: «مەن رۇسلارنى دۇنيادا ئەڭ سەممىي دوستۇم

دەپ قارايمەن، ئەگەر سىلەرگە ئىشەنمىسەم، ئۆزۈمنىڭ ھەربىي كۈچ قۇدرىتىمنى سىلەرگە كۆرسىتەرمىدىم؟ سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىڭلارنى رەقىبىڭلارغا كۆرسەتمەيدىغانسىلەر؟» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى. ئەمدى ئىشنىڭ تولۇق ھەل بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بارون كولبارس بىلەن ياقۇپ بەگ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. لېكىن خۇشال - خوراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتىن كېيىن، ئۇلار بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسىي ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە ئېنىق مەسلىھەتلىشىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

رۇسلار بارون كولبارسنى قەشقەرگە ئاساسەن مۇنداق ئۈچ مەقسەت بىلەن ئەۋەتكەنىدى: بىرىنچى، بۇ دۆلەتنىڭ ئادەتتىكى ئاخباراتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ياقۇپ بەگنىڭ زادى قانچىلىك كۈچ - قۇۋۋىتى بارلىقىنى بىلىپ چىقىش؛ ئىككىنچى، ياقۇپ بەگنىڭ تۈركىستان ۋە غۇلجىدا قانداق سىياسەت قوللانماقچى بولغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ياقۇپ بەگ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئېنىق ئېتىراپ قىلىش ئاساسىغا ئورنىتىش؛ ئۈچىنچى، قەشقەرىيىنىڭ سودىسىنى ئىنگلىز كومپانىيىلىرىدىن بۇرۇن مونوپول قىلىۋېلىش. چۈنكى شاۋرۇبىت ۋە فورسىيت ئەپەندىلەرنىڭ زىيارىتىدىن بۇيان، ئىنگلىز كومپانىيىلىرى دىققەت ئېتىبارىنى بۇ تەرەپكە يۆتكىگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچى مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى ئاسان ئىدى. ئاتالىق غازىمۇ رۇسلارنىڭ سودا توغرىسىدىكى بارلىق تەكلىپلىرىنى دوستانە پوزىتسىيە بىلەن ئويلىشىپ كۆرۈۋاتاتتى. ئۆزلىرى بىلىۋېلىشقا تەقەززا بولۇۋاتقان ئىككىنچى مەقسەت ئۈستىدە كولبارس ئۆزىنىڭ ھەممە ئەقىل - پاراستى ۋە تالانتىنى قويماي ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ساھىبخاندىن پەقەت مۇجمەل، ئاددىي جاۋابتىن باشقا ھېچنىمە ئالالمىدى؛ بىرىنچى مەقسەت جۇغراپىيە ۋە پەن - تېخنىكا

رچەھەتتىكى ئاخباراتلارنى ئىگىلەش بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئۇلار جىق ئاخباراتلارنى قولغا چۈشۈردى، ئەمما ياقۇپ بەگنىڭ ئۆزد- ىنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە دۆلەتنى كونترول قىلىش ئەھۋالىنى رۇس- لاردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ئالدامچىلىق تەدبىرلىرى ئەسقاتمىپ قالدى. بارون كولبارسنىڭ بۇرۇن ئۇيەردىن - بۇيەر- دىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن توپلىغان ئاخباراتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئىسپاتلاندى؛ لېكىن گەپ ئىسپاتلانغان نەرسىلەر ئۇنىڭ بىۋاستە تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكىدە قالغانىدى. ئۇ بۇ قېتىم ئەلچى بولۇپ كەلگەنىدىن كېيىن، ئۆز نەزەرىدە ئاتالىق غازىنى كابۇل ئەمرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا كۆتۈردى. شۇبھىسىز- كى، بۇنداق سېلىشتۇرۇشنىڭ ئەمەلىي ئاساسى يوق ئىدى. 1872 - يىل 2 - ئىيۇندا، ئاتالىق غازى بارون كولبارس بىلەن شەرتنامە ئىمزالىدى. ئەمما رۇسلار ئەينى ۋاقىتتا كونا كالېنىدارنى قوللانغاچقا، بۇ كۈن كونىچە كالېندار بويىچە 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگە، يەنى سانت. كونىستانتىن بايرىمىغا توغرا كېلىپ قالدى. بۇ ئىش توغرىسىدا ئىككى خىل تەبىر بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا ئوخشاش ئاساسقا ئىگە.

ئاڭلىشىمىزچە، ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ رۇسلارغا بولغان ياخ- شى نىيىتىنى، كىنەز كونىستانتىنغا بولغان ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، شۇ كۈنى ئىمزا قويۇشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇۋالغانمىش. ھازىر بەزى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇنداق گەپنىڭ ئاساسسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۇنداق ئىككى - ئۈچ تەرەپى بار: بىرىنچىدىن، ياقۇپ بەگ بۇ كۈننىڭ سانت. كونىس- تانتىن بايرىمى ئىكەنلىكىنى بىلىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس؛ ئىك- كىنچىدىن، ياقۇپ بەگ كونىستانتىن دەيدىغان بىر كىنەزنىڭ ئۆت- كەنلىكىنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس. قانداقلا بولمىسۇن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر پادىشاھنىڭ ھېلىقى كىنەزگە ئالاھىدە ھۆرمەت

بىلدۈرگەنلىكىنى ئۇنىڭ رۇسلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا زادىلا بولمايدۇ؛ يەنە بىر تۈرلۈك گەپ، باشقا نۇرغۇن ئىشلارغا ئوخشاش، شۇيلېر ئېۋگېنىي ئەپەندى يازغان كىتابتىن ئاشكارىلانغانىكەن. باشقىلار تەرىپىدىن رەددىيە بېرىلمىگىنىگە قارىغاندا، بۇ گەپنىڭ ئاساسى باردەك قىلىدۇ. بۇ گەپتىن قارىغاندا، بارون كولبارسىنىڭ مۇشۇ كۈنىنىڭ سانىت. كونستانتىن بايرىمى ئىكەنلىكىدىن ئەلۋەتتە خەۋىرى بار ئىكەن. شۇڭا ئۇ كېلىشىمگە مۇشۇ كۈندە ئىمزا قويۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان. كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۇ گېنېرال كائۇنمانغا بىر پارچە خەت يازغان. خەتتە ئاتلىق غازى گېنېرال كائۇفمانغا بولغان دوستلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاتىدارچىلىقىغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشنى ئاللاھىدە ئاشۇ كۈنگە توغرىلىدى دېيىلگەن. ھالبۇكى، كېلىشىمنى مۇشۇ كۈندە ئىمزالاشنى تەلەپ قىلغان كىشى دەل بارون كولبارسنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ ئالىيجاناپ گېنېرال ۋە قوشۇمچە ھەربىي ۋالىي ئۆز ئەلچىسىنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنىغا بەك خۇرسەن بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى بۇ شان-شەرەپتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان ۋە ئۆزىنىڭ پېتېربۇرگقا ئەۋەتكەن مەلۇماتنامىسىدا ئۆزىنىڭ ئىسمى ئورنىغا كىنەز كونستانتىننىڭ ئىسمىنى قوللانغانىكەن. بۇ گەپنىڭ توغرىلىقىدا گەپ يوق. بۇ ھەقىقەتەن ئاسيانىڭ روسىيىگە تەۋە قىسمىدا ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان خۇشامەتچىلىك ئادىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەمما بۇنداق ئىمتىياز ۋە ھەشەمەتچىلىك پەقەت گېنېرال كائۇفمان جانابلىرىدىلا خاس.

بۇ كېلىشىم ئىمزالىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بارون كولبارس ئاتلىق غازىنىڭ دوستلۇقىنى ۋە ياخشى گەپلىرىنى ئېلىپ خوشلاشتى. ئۇ قەشقەردىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار ياقۇپ

بەگنىڭ تاشكەنتكە ئەلچى ئەۋەتىشى توغرىسىدا كېلىشتى. ياقۇپ بەگنىڭ ئەلچىسى ئىمزالانغان، ئەمما تېخى تەستىقلانمىغان كېلىشىمنى كۆتۈرۈپ تاشكەنتكە كەلگەندە، ئىنتايىن دوستانىلىك ۋە ئىززەت بىلەن كۈتۈۋېلىندى. قارىغاندا، روسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرىيە بىلەن مۇناسىۋىتىنى قىسقا مۇددەت بولسىمۇ ساقلاپ قېلىشقا رازى ئىدى. ئۇلار مۇ قەشقەرىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىدە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشقا ئالاھىدە تىرىشتى. ئەلچىلەر ئۆمىكى تۈركىستان پايتەختىدە قىسقا ۋاقىت تۇرۇپ كېلىشىمنى ئىمزالىدى. ياقۇپ بەگنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپە بىلەن كەلگەن جىيەنى ھاجى تۆرە پېتربۇرگقا بارغىنىدا، چار پادىشاھ تەرىپىدىن ئالاھىدە كۈتۈۋېلىندى، ھەربىي كۆرەكنى كۆردى، بەگ-خوجىلاردەك ئىنتايىن سەممىي كۈتۈۋېلىندى. ئۇنىڭغا قىلىنغان مۇئامىلە 1869 - يىلى شاد مىرزىغا قىلىنغان مۇئامىلىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى. بۇ ھال، ھەممىدىن خەۋەردار ھۆكۈمەت ئەمەلدار-لىرىنىڭ ئويلىغىنىدەك، روسىيىنىڭ قەشقەرىيە بىلەن بولغان مۇ-ناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق ئىپا-دىلىدى.

ئەمدى، بىز روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانىنىڭ مەڭگۈلۈك دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرەلىدۇق، دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇشقا ئاساسى بار-يوقلۇقىنى مۇھاكىمە قىلمىز. ھاجى تۆرە ئۆزىنىڭ پېتربۇرگتىكى زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، موسكۋا ۋە ئودېسسادا قىسقا ۋاقىت تۇردى. ئاندىن ئىستامبۇلغا يېتىپ باردى. ئۇنىڭ ئىستامبۇلدا دوستى ۋە ئۇلپەتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختىدىكى ئىش - ھەرىكەتلىرى توغرى-سىدا بەك ئىنچىكىلەپ توختالمىساقمۇ بولار. چۈنكى ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتى توغرىلىق كىتابخانلار ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قا-

راپلا ئەڭ ئوبدان ھۆكۈم چىقىرىۋالالايدۇ. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ ئالتۇن تۇمشۇقتا ① قىسقا ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، سوۋەيش قانىلى ئارقىلىق ھىندىستانغا يول ئالغانلىقىنى، ئۇ ھىندىستانغا يېتىپ بارغاندا، دەل لورد فورسېيت يېتەكچىلىكىدىكى ئەنگلىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىشىغا توغرا كەل-گەنلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھاجى تۆرە ئۆز تاغىسىغا قەشقەرىيىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسلىق ئۈچ كۈچلۈك دۆلەت توغرىسىدا يەنى روسىي-يە، تۈركىيە ۋە ئەنگلىيە توغرىسىدا نۇرغۇن ئاخباراتلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ ئۆز دۆلىتىگە يېتىپ كەلگىچە ئارىلىقتا روسىيە بىلەن ياقۇپ بەگ يېڭىباشتىن يىرىكلىشىپ قالدى. 1872-يىل تېخى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا، ئاتلىق غازى تۈركىيە سۇلتانى بىلەن بىر مەزگىل مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسلامىيەتنىڭ بۇ ھامىيسى ئەمىر دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاسىيالىقلار ئالدىدا تېخىمۇ مۇقەددەس يېڭى قىياپەتتە پەيدا بولدى. ئۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خوجى-لىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى، ھەمدە بۇنىڭلىق بىلەنلا قانائەت-لىنىپ قالماي، ئابدۇلئەزىزنىڭ ② باش سۈرىتى ئويۇلغان مېتال پۇل قۇيۇپ تارقىتىپ، بۇ ئىشقا ئالاھىدە مەنە بەردى. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، رۇسلار ئۆز مەنپەئىتىنىڭ دۈشمىنى دەپ ھې-سابلايدىغان بۇ ئىككى مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىت-تىپاقلىقنى ياقتۇرمايتتى. ئارمىيىدىكىلەر ئارىسىدا خېلى كۆپ سان-دىكى كىشىلەر دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ بۇ ھاكاۋۇر مۇسۇلماننى جازالاش كېرەك، دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. قەشقەرگە كەلگەن ئەمەلدارلار بىلەن سودىگەرلەر ياقۇپ بەگنىڭ كۈندىن-كۈنگە

① ئالتۇن تۇمشۇق — ئىستامبۇلنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

② ئابدۇلئەزىز — ئەينى زامانىكى تۈركىيە سۇلتانى — مۇھەررىردىن.

كۆچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىغاچقا، بۇ ئۇرۇشپەرەسلەر بىر مەھەل ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. ئۇلار تاشكەنت ھۆكۈمىتىگە كەسكىن تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلىپ بېسىم ئىشلەتتى. گې-نېرال كائۇفمانمۇ ئاتلىق غازىنى دەرھال جازالاش تەكلىپىگە ماقۇل بولاتتى - يۇ، ئەمما قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالدى. رۇسلارنىڭ نەزەرىدە خېۋە خېنى بۇنىڭدىنمۇ ئە-شەددىي جىنايەتچى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، روسىيە ھۆكۈمىتى جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسى بىلەن چېگرىداش جايلاردا ھەرقانداق ھەرىكەت قوللىنىشنى قەتئىي چەكلىگەنىدى. ناھايىتى روشەنكى، روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇمشاق پوزىتسىيە قوللانغانلىقى تاشكەنتتىكى بەزى ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قايناپ كەتكىنىدىن كۆرە ئاقىلانىلىك ئىدى؛ 1873- يىلى رۇسلار خېۋەگە كەڭ كۆ-لەمدە جازا يۈرۈشى قىلىشقا كەتكەندە، ياقۇپ بەگنىڭ قوقەننى ئازاد قىلىشىغا ناھايىتى ياخشى پۇرسەت تۇغۇلغانىدى، ئەمما نېمىشقىدۇ ئۇ بۇ پۇرسەتنى رەت قىلدى. كولبارس كېلىشىدە، رۇس سودىگەرلىرى ئىككى يېرىم پىرسەنت قوشۇمچە باجنى تاپ-شۇرسىلا بۇ دۆلەتنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتەلەيدۇ، دەپ بەلگىلەن-گەنىدى. بۇ بەلگىلىمە بويىچە ئۇلار قاقتى - سوقتى قىلىنمايلا قالماي، روسىيە پۇقرالىرى قولىدا پاسپورتى ۋە روسىيە ھەربىي ۋالىيسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ساياھەت گۇۋاھنامىسى بولسىلا، ياخشى مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولاتتى. بارون كولبارس بۇ دۆلەت-تە تۇرغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ناھايىتى ئوبدان كۈتۈ-ۋېلىندى، يەركەنگە بارىدىغان سودىگەرلەرگىمۇ ئوڭايلىق تۇغدۇ-رۇپ بېرىلگەنىدى. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ شۇ قېتىمقى ساياھىتىدە ئالغاچ بارغان ماللىرىنى سېتىشىغىمۇ ئىمكانىيەت بېرىلگەنىدى. قەشقەرىيىگە بارغان سودىگەرلەرگە قىلىنىدىغان دوستانە مۇئامىلە پۈتۈن سۆھبەت مەزگىلىدە، تاكى ياقۇپ بەگنىڭ ئەلچىلىرى رو-

سېيىدىن ئايرىلغانغا قەدەر باشتىن ئاياغ داۋام قىلىپ كەلگە-
نىدى. ئەمما ھاجى تۆرە ئىستانبۇلغا كەلگەن ۋە تۈركىيە سۇل-
تانىنىڭ ياقۇپ بەگكە ئەمىرلىك نامىنى بەرگەنلىكى ئېلان قىلىن-
غاندىن كېيىنلا ياقۇپ بەگنىڭ روسىيىگە قارىتقان سىياسىتىنىڭ
روھىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. دەرۋەقە، ياقۇپ بەگمۇ بۇ سودا
شەرتنامىسىدىن ئۆزى ئالدىنئالا سېزىۋالالمىغان بىر تۈرلۈك
خەۋپنىڭ ئۆزىگە تەھدىت سېلىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ بۇنىڭدىن
ئىلگىرى ئۆز دۆلىتىگە كەلگەن رۇس سودىگەرلىرىنى جاسۇس
دەپ يامان كۆرەتتى. ئەمما ھازىر ئۇ شارائىتىنىڭ ئېھتىياجى
تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە رەسمىي
شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە دۆلە-
تىنىڭ رۇس سودىگەرلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىش خەۋپى
ئىچىدە تۇرغانلىقىنى ۋە بۇ سودىگەرلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان
خەلقى بىلەن قىلىشقان سودىسىدىن تاپقان پايدىسىنى ئۈلۈشۈ-
ۋېلىش ئۈچۈن غۇلجىغا توپلىنىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ
ئەزەلدىن سودىگەرچىلىكنى يامان كۆرەتتى. ئۇ بىر جەڭچى ئىدى،
ئۇ رۇسلار بىلەن «خىتاي» لارنىڭ ئالدامچىلىقلىرىدىن ئاسانلا
نەپرەتلىنەتتى ھەم ئۇنى ئۆز ئىپادىسىدە كۆرسىتەتتى.

ئەمما رۇسلار ئۇنىڭ ھەرەمخانىسىغا ئۇششاق-چۈششەك زې-
بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن تاشقىرى، ئارمى-
يىسىگە خېلى ياخشى قورال-ياراقلارنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى ۋە
ئۇنىڭ خەلقىنى ئىسسىق كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەيتتى.
ئەگەر بۇ ئادەملەر ئاز-ئازدىن ۋە ئارىلاپ كەلسە،
ئۇنىڭغا يول قويۇشقا بولاتتى؛ لېكىن ياقۇپ بەگ ئۇلارنىڭ
خۇددى تاپقا ئۇلاشقان قاغا-قۇزغۇنلاردەك ئۆز دۆلىتىگە دەۋر-
شىپ كىرىشكە باشلىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قەشقەرىيىدىكى سىيا-
سىي ماجىرالارغا بۇخارا ۋە قوقەندىكىدەك چېتىلىۋېلىشىدىن گۇ-

مانلانغاندا، ئۇلارنىڭ يۈزدە يۈز پىرسەنت پايدىسىغا سېتىلىدىغان ماللىرىدىن ئىككى يېرىم پىرسەنت باج ئالغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ كېلىشىگىمۇ ئازراق چەك قويۇش قارارىغا كەلدى. ئەمما ئۇ سودىگەرلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا قەسەم بەرگەنىدى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ ھەم ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايدىغان ھەم رۇسلار بىلەن ئاشكارا ئادا-جۇدا بولۇپ كەتمەيدىغان بىر تۈرلۈك كاۋاكنى شەرتنامىدىن تاپماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئەپچىل بىر چارە تېپىشقا توغرا كېلەتتى، ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما ياقۇپ بەگنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم رۇسلارنىڭ ئىشلىرىنى توسۇپ قالالىشى ھەم روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بارون كولبارس بۇ يەردە دوستانە كۈتۈۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بەزىلەر ئاتالىق غازىنىڭ تەنتەنىلىك باياناتىنىڭ ئۇ كىشىلەرنى ئىشەندۈرمەكچى بولغىنىدەك سەمىمىي بولۇپ كېتىشىگە بىر نېمە دېيەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، غۇلجىدىكى سودىگەرلەردىن ھېچقايسىسى بىرىنچى بولۇپ قەشقەرگە سودا كارۋىنى ئەۋەتىشنى خالىمىدى. ھەممەيلەننىڭ پايدىنى تەڭ ئۈلەشكۈسى كەلسىمۇ، ھەممەيلەن بۇ تەۋەككۈلچىلىكنى ئۆز قوشنىسىنىڭ ئاۋۋال باشلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. سودىگەرلەر ئارىسىدا بۇ يېڭى دۆلەت توغرىسىدا ۋە بۇ دۆلەتتە تىجارەت قىلىشنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا، شۇنىڭدەك «كىم ئاۋۋال تەۋەككۈلچىلىك قىلالايدۇ» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ پاراڭ بولۇپ تۇراتتى. بۇنداق دىلىغۇللۇقنى ئەگەر بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان تەبىئىي پسىخىك ئەھۋال دېسەك، ئۇ تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى بىلەن كەڭ سودا ئالاقىسى بار پۇپىشۇ ئەپەندى بىرىنچى تۈركۈمدە قەشقەرگە مال

تۇشۇشنى قارار قىلىدى. ئەمما پۇپىشېۋ ئەپەندى كارۋان بىلەن ئۆزى بارماي، ئۆزىنىڭ پىرىكازچىكى سوموۋ ئەپەندىنى ئەۋەتتى. سودا كارۋىنى قەشقەرگە ھېچبىر توسالغۇسىزلا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە سوموۋ ئەپەندى مەخسۇس چەت ئەل سودىگەرلىرى چۈشىدىغان سارايغا چۈشتى. ئەمما ئۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ مىجەزىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى. چۈنكى كارۋانلارنىڭ شەخسى ئەركىنلىكى چەكلەنگەن، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەڭ قاتتىق نازارەت قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلىق غازى ئۇنىڭ ھەممە مېلىنى پۈتۈنلەي سېتىۋالغانلىقتىن، سوموۋ ئەپەندى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىدى. سودىگەرچىلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ نەتىجىدىن كىشى ئىنتايىن قانائەتلىنەتتى: چۈنكى، بۇنداق بولغاندا رۇس سودىگىرى ئۆز مېلىغا خېرىدار ئىزدەپ ئاۋارە بولمايتتى. ئەمما بۇ يەردە ئويدان ئويلانمىسا بولمايدىغان مۇنداق بىر مەسىلە، يەنى مال سېتىۋالغان خېرىدارنىڭ پۇل تۆلەش ئۇسۇلى دېگەن يېڭى بىر مەسىلە تۇغۇلدى. سوموۋ ئەپەندىگە ئەمىر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن باھا بويىچە جۇڭگو پۇلى تۆلەنگەنىدى؛ پۇپىشېۋ ئەپەندى ۋەكىلى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پايدىنى ھېسابلاپ چىقىپ، سودىدىن تەخمىنەن 15 مىڭ رۇبلى زىيان تارتقانلىقىنى بىلدى. روسىيە ھۆكۈمىتى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ داۋاسىنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇپ، قەشقەرگە نارازىلىق بىلدۈردى ۋە رۇس سودىگەرلىرىنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق كەسكىن تەلەپكە ياقۇپ بەگ ئەدەب-قائىدە بىلەن، ئەمما ناھايىتى قۇۋلۇق بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇ سوموۋغا دەخلى-تەرۇز قىلىنغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلدى ۋە: «ھېلىقى ئەپەندى بۇ يەردە پۈتۈنلەي ئەركىن يۈردى، ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلدى، خالىغان يەرگە باردى، ئۇنىڭ مېلىنى ئەمىر سېتىۋالدى، دېگىنى پۈتۈنلەي يالغان. بە دۆۋلەت

سودا-سېتىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەت قىلىپ باقمىغان. بۇنداق ئىشلارنى ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئۇنىڭسىزمۇ پۈتۈنلەي بىر تەرەپ قىلالايدۇ. پېقىر بولسا ھەربىي كىشى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ تەكشۈرگەنلىكىنى، بەزى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ماللارنى تۆۋەنرەك باھادا سېتىۋالغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن بۇ ئەمەلدارلار چوقۇم جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى، ئاتلىق غازى بۇ ئىشقا تولىمۇ ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، رۇس پۇقرالىرىنىڭ بۇ قېتىمقى سودىدا تارتقان زىيىنىنى ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ خۇشال-خۇراملىق بىلەن تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تاشكەنت بۇ مەسىلىگە دائىر تۈرلۈك ئەھۋاللار ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشكە بىر كومىسسىيە ئەۋەتتى. ئۇلار بىر قۇر مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن، پۈپشېۋ ئەپەندىنىڭ زىيىنىنى 15 مىڭ رۇبلىدىن 12 مىڭ رۇبلىغا كېمەيتتى. ئەمىرمۇ بۇ قارارغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پۈپشېۋ ئەپەندى ھېلىقى پۇلنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا يەنە بۇرۇنقىدەكلا كۇرسى چۈشكەن جۇڭگو پۇلى بېرىلگەنىدى. بىز شۇنداق ھېسابلاشقا ھەقلىقمىزكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۈپشېۋ ئەپەندىنىڭ يولىغا ئالدىنئالا ياخشى پىلانلاپ قۇرۇلغان تۇزاق ئىدى، رۇس سودىگەرلىرىنىڭ قەشقەرگە بولغان قىزىقىشىنى سۇۋۇتۇش يولىدىكى سىستېمىلىق پىلانىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، روسسىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن ئاغرىنغۇدەك ھېچقانداق ئەيىب تاپالمايتتى. چۈنكى ياقۇپ بەگ ئەپسۇسلانغان ھالدا، بۇ ۋەقەنىڭ پۈتۈن جاۋابكارلىقىنى پەقەت «جازالاشقا پەرمان بېرىلگەن بەزى ئەمەلدارلار» غىلا ئىتتىرىپ قويغانىدى. ئۇ پۈپشېۋ ئەپەندىنىڭ مۇۋاپىق تەلىپى بويىچە پۇلنى تولۇق تۆلەپ بەردى.

ئەگەر تۆلەم پۇل ئۆز ۋاقتىدا بېرىلمىدى دېيىلسە، ئۇ سەممە-
يەتنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، پەقەت خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قال-
غانلىقىدىن بولغان ئىش ئىدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەز-
مۇنى مۇنداق ئىدى: «مەن بىر گادايى پادىشاھ، جۇڭگولۇقلار
چىقىپ كەتكەندىن بۇيان مېنىڭ دۆلىتىم ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈل-
مەي كەلگەن يېغىلىقلاردىن نامراتلىشىپ كەتكەن؛ سىلەر خىرا-
جەت قىلىپ مېنىڭ دۆلىتىمگە كەلگىنىڭلار بىلەن نەپ ئالالماي-
سىلەر، نېمە ئۈچۈن بۇيەرگە كېلىسىلەركىن-تاڭ؟ سىلەرنىڭ بۇ
ئىشىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈنمۇ، خەلقىم ئۈچۈنمۇ پايدىسىز. مېنىڭ
پەقەت سىلەرنى ھاقارەت ۋە زىيان-زەخمەتتىن ساقلايمەن دەپ
ئاۋارە بولغىنىملا قالىدۇ؛ سىلەر مېنىڭ ئىزچىل مۇشۇنداق قىلىپ
كەلگىنىمنى ئېتىراپ قىلىشىڭلار لازىم.» بۇ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى
ئورۇنلۇق ئىدى. غۇلجا تەرەپ بۇ گەپكە تازا ئىشەنمەيتتى؛ ئۇ
يەردە چاتاقلا چىقسا ئەمىردىن كۆرەتتى. ئەمما ياقۇپ بەگ ئۇ-
لارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاننى ئېچىش ئۈچۈن كۆر-
سەتكەن قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ چېچىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانى-
دى، ئۇنىڭ بۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قوللانغان ئۇسۇللىرىمۇ
ئىجادىي ۋە ئۆزگىچە ئۇسۇللار ئىدى. چۈنكى چاتاق تېپىپ بې-
رىدىغان مېھماننىڭ ساتماقچى بولغان مېلىنى تۆگەل سېتىۋېلىش-
نى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى سۈپىتىدە قوللى-
نىشقا ھەممە ھۆكۈمرانىنىڭ ئەقلى يېتىۋەرمەيدۇ-دە، مالنىڭ پۇ-
لىنى پاخال پۇل بىلەن تۆلەش ئارقىلىق سوموۋ ئەپەندىنى دورىماقچى
بولغان يۈزلىگەن كىشىلەرنى تولۇق توسۇپ قالالايتتى. بۇ ئىش-
نىڭ مۇشۇنداق كېتىۋېرىشىدىن ياقۇپ بەگ يەنىلا قانائەت ھا-
سىل قىلمىدى. كىشىلەر ياقۇپ بەگ پۇپىشىۋ تەلەپ قىلغان پۇ-
لىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، روسىيە سودىگەرلىرىگە ئۆزىنى
ئۆزى سوراپ سۆكۈت قىلىپ تۇرۇشى مۇمكىن دېيىشكەنىدى.

دەرۋەقە، ئۇ ئىمكان قەدەر مەسلىنى ئۆزى بىر يەردىن چىقار دەپ قويۇۋەتتى. ئەمما ئۇ تېخى كۈچسىز بولغانلىقتىن، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، رۇسلارنى قەشقەرگە يەنە كارۋان ئەۋەتىپ، ئەمىرنىڭ «سەمىمىي ئىتتىپاقدىشى» بولغان رۇسلارغا بولغان دوسلۇقىنى سىناپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. روسىيە دائىرىلىرى ئۇنىڭ بۇ گېپىنى دەستەك قىلىپ، 12 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مورۇزوۋ دېگەن يەنە بىر سودىگەرنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئەۋەتتى. خۇددى ياقۇپ بەگنىڭ دېگىنىدەك، بۇ ئەپەندى بۇ يەردە ئەڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. ئۇنىڭ مېلىغا خېرىدار تېپىشىپ بېرىلدى ئەمىرمۇ ئۆزىنىڭ قورال - ياراق ئامبىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بەزى نەرسىلەرنى سېتىۋالدى. مورۇزوۋ ئەپەندى غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ ھۆكۈمران تەرىپىدىن قانداق قىزغىن كۈتۈۋېلىنغانلىقىنى ۋە بۇ قېتىمقى تىجارىتىدە قانداق پايدا ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى ئىككى يېرىم يىلىدا، روسىيە ماللىرى رۇس سودىگەرلىرى ياكى يەرلىك سودىگەرلەر ئارقىلىق قەشقەرىيىگە زور مىقداردا توشۇپ كېلىندى. ئەمما بۇنداق سودىنىڭ بازىرى سىياسىي ئۆپۈقتا پەيدا بولغان قارا بۇلۇتلار تۈپەيلىدىن پات - پات كاساتلىشىپ قالاتتى. رۇسلارمۇ سودىدىن باشتا ئويلىغىنىدەك پايدا ئالالمىدى. 1873 - يىلىدىن باشلاپ ئىنگلىز مانۇفاكتۇرلىرى قەشقەرىيىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە رۇس سودىگەرلىرى بىلەن كەسكىن رىقابەتلەشتى ۋە 1876 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رۇس ماللىرىنى بىر ئامال قىلىپ يەركەن بازىرىدىن سىقىپ چىقاردى. دېمەك، بۇ رېئاللىق رۇسلارنى قەشقەرىيىنى چوقۇم يۇتۇۋېتىش لازىملىقىغا، ياكى چار پادىشاھقا قورچاق بولالايدىغان بىرەيلەننى

تەختكە يۆلەپ چىقىرىش لازىملىقىغا قەتئىي ئىشەندۈردى. دەر-
ۋەقە، شۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر جۇڭگولۇقلارنى بۇ يەرگە قايتۇ-
رۇپ كېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئارت-
لىق بەك يىراق بولۇپ قالدى ۋە ئۇلارمۇ بەك بوشاڭلىق قىلدى.
قەشقەردىكى يۇتۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار كۆنسايىن كۆ-
چىيىپ، ئۇلارنىڭ چۇقانلىرىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتاتتى؛ كۆ-
زەتكۈچىلەرنىڭ نەزەرىدە، چار پادىشاھنىڭ ياقۇپ بەگنى يوقى-
تىشقا پەرمان بېرىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا بولۇپ قالغانىدى.
1874 - يىلى پولكوۋنىك رېيىنتال قەشقەردىكە ئىشنى سەل
توغرىلاپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قا-
زىنالماي قايتتى. رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەملىكەتلەر بىلەن
ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلەردە ياكى قورال كۈچى تەھدىتى بىلەن
ئىمزالىغان شەرتنامىلەردە، سودا ئىمتىيازى تەلەپ قىلغاندىن
باشقا، ئۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدە كونسۇل دەر-
رىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى تۇرغۇزۇش ھوقۇقىنىمۇ تەلەپ قىلدى.
ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ۋەزىپىسى ئۆز ھۆكۈمىتى-
نىڭ مەنپەئەتىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە روسىيە پۇقرالىرىنىڭ
ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە قوغداش ئىدى.
ھازىر تىلغا ئېلىنغان مۇشۇ ئىنتايىن زۆرۈر فۇنكسىيىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، روسىيە قوغداشنى زۆرۈر تاپقاندا، مۇشۇ قوغداشلارنى
تەلەپ قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشكە پۈتۈنلەي ھوقۇقلۇق ئىدى. ئەمما
بۇ، ئاشۇ دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن بەختسىزلىك ئىدى.
ئاسىيالىقلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئۇلارنىڭ بۇنداق ئاشكارا ۋەزىپى-
لىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەر-
زىمەس ۋەزىپىلەرنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تو-
لۇق ئىسپاتلاپ بەردى.
ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتتە جامائەت پىكرىنىڭ يۆنىلىشىنى

جەمى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تىكتىكلاش، بۇ دۆلەتلەردە بەختكە قارشى مۇھىم تارىخىي ۋەقە بولۇپ قالىدىغان ئوردا پىتنىلىرىنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئىگىلەش ۋە قولىدىن كېلىشىچە بۈيۈك ئىمپېرىيەنىڭ مەنپەئەتىنى ئالغا سۈرۈش ئۇلارنىڭ مەخپىي ۋەزىپىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارغا شۇنداق كەڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكى بەرگەن ۋە ئۇلارنى شۇنچە كۆپ مەخپىي، ئاشكارا يەمچۈكلەر بىلەن تەمىنلەپ ئۇلارنى قىزىقتۇرغان يەردە، ئۇ ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل ۋە يېرىم مۇستەقىل خانلىقلاردىكى جامائەت پىكرىدە سەل-پەل ئۆزگىرىش بولغان ھامان روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دەرھال بىلىۋالىدىغانلىقىدىن ئانچە ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولىدۇ. ياقۇپ بەگ قەشقەردىكى بىر بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان تەركىبلەرنى يۇغۇرۇپ بىر ھەربىي تەشكىلات قىلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما بۇ نىزا-ئىختىلاپلارنى زادىلا تۈگىتەلمەي كەلگەنىدى؛ شۇڭا ياقۇپ بەگ روسىيىنىڭ تەسىرىنى قەشقەرگە كىرگۈزىدىغان بولسا ئۆزىگە خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ئەگەر مەلۇم بىر مىرزا قوقەن ياكى بۇخارادا پەيدا بولىدىغان بولسا، بۇ مىرزا شۇ جايدا ئۇن يىللىق بالايىئاپەتكە سەۋەبچى بولغان بولاتتى، بۇ جايىنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالاتتى. ئەمدى بۇنداق ئادەملەر شەرقىي تۈركىستاندا پەيدا بولىدىغان بولسا، ياقۇپ بەگدەك ھەربىي تەۋەككۈلچى ھەم چەت ئەللىكنىڭ كۈنى نېمە بولماقچىدى؟ بارون كولبارس دەل مۇشۇنداق يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بەلكىم، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ تەلىپى باشقا جەھەتتىكىدىن قەتئىيدۇر؟ ياقۇپ بەگ ئۆز مېھمىنىنىڭ قايتا-قايتا تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، ماھىيەتلىك مەسىلىلەردە ئانچە يول قويمىغان بولسىمۇ، شەكىل جەھەتتە ئازدۇركۆپتۈر يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى ئۇ ئۆزىنىڭ غەمخورلۇقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بەزى كارۋان باشلىرىنى، يەنى سو-

دىگەرلەر كەلگەندە ئۇلارنىڭ يېتىپ قوپۇش، تۇرمۇش ئەھۋال-
دىن خەۋەر ئالىدىغان باشقۇرغۇچى خادىملارنى بەلگىلىشكە قو-
شۇلدى؛ كارۋان باشلىرى تەربىيە كۆرمىگەن ئادەتتىكى كىشىلەر
بولغاچقا، بۇنداق ئادەملەردىن قورقۇپ كېتىش ھاجەتسىز ئىدى.
لېكىن روسسىيىنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارلىرى بۇنىڭغا زادىلا رازى
بولمىدى، ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە ئاساسەن بۇنداق ئادەتتىكى
كىشىلەرنى پايلاقچىلىق قىلالايدىغان، ئاخبارات توپلىيالايدىغان
مىرزىلارغا ئالماشتۇرۇشقا تىرىشتى. ياقۇپ بەگمۇ ئۇلارنىڭ مەق-
سىتىنى بىتچىت قىلىپ تاشلاشقا قەتئىي بەل باغلىدى. بارون
كولبارستىن تارتىپ كاپىتان كوروپاتكىنغا قەدەر بولغان بىر قا-
تار ئەلچىلەرنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار مۇشۇ مە-
سىلە ئۈستىدە ياقۇپ بەگنى باش ئەگدۈرۈش يولىدا بىھۇدە ئا-
ۋارە بولغانىدى. موروزوۋ ئەپەندىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ
چىققان ساياھىتىدىن كېيىن، 1874 - يىلى روسسىيە ھۆكۈمىتى
تېخىمۇ ياخشى كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، پولكوۋنىك رېيىن-
تالنى ئەۋەتىپ ياقۇپ بەگنى سىناپ كۆردى؛ ئۇ ئەمىر تەر-
پىدىن ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما
بۇرۇنقىلاردىن ئارتۇقراق بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. شۇ يىلى
ياقۇپ بەگنىڭ تەختى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. تۈڭگانلار تىيان-
شاننىڭ شىمالىدىكى تۇرپانغا ۋە لوپنۇرنىڭ شەرقىدىكى رايون-
لارغا قاچتى، كۇچا ۋە كورلا قاتارلىق شەھەرلەردىكى نارازىلىق
خېلىلا بېسىقتى؛ لېكىن ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئەنگ-
لىيىنىڭ زور مۇھاپىزەت كۈنلۈكى ئۇنىڭ پۈتۈن دۆلىتىگە سايە
چۈشۈرۈپ تۇرغانىدى. بۇ پەرەزنى گەرچە لورد فۇرسىت بىلەن
ئىمزالانغان شەرتنامىگە قاراپلا ئىسپاتلىغىلى بولمىسىمۇ، ئەمىر
ئۆزىنىڭ يېڭى تاپقان دوستلىرىدىن تولۇق پايدىلاندى؛ ئەنگلىيە
ۋە ھىندىستانلىق كىشىلەر ھەم ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا

www.uyghurkitap.com

ئاسىيا مەسىلىسى بويىچە نوپۇزلۇق كىشىلىرى ياقۇپ بەگكە ھېس-
داشلىق قىلغانلىقتىن ياكى ئەنگلىيىنىڭ مەنپەئەتى ياقۇپ بەگ-
نىڭ ئىشلىرى بىلەن تامامەن بىر دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇلار ئۇ-
نىڭ روسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشىنى قوللاش تەرەپدار-
لىرى ئىدى. بۇ ئەھۋال، ياقۇپ بەگنىڭ ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ مۇ-
ھاپىزىتىنى تۇنجى قېتىم تەبىئىي چېگرىسىنىڭ شىمالىدىكى بىر
يەرلىك دۆلەتكە قاراتتى، دەپ داۋراڭ سېلىشىغا ئاشكارا
ئاساس يارىتىپ بەردى. روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى
سىبىرىيە ۋە تۈركىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىنى ئەنگلىيە-
نىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغانى-
دى. ئۇلار باشتا مۇشۇ تەلەپتىن پايدىلىنىپ ئەمىر بىلەن بولغان
دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئالغا سۈرۈش كويىغا چۈشكەن بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىنمىدى. ئەمىرنىڭ ۋەكىل-
لىرى فورسىيت باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ رولىنى
ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن چاغدا، روسىيە دائىرىلىرى مۇقامىنى
يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ، يەنىمۇ ئۆكتەملىشىۋالدى ۋە ئاشكارا
تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. قىسقىسى، ئىككى يىلدىن كۆپرەك
سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەھۋال يەنە كولىبارس
شەرتنامىسىدىن بۇرۇنقى ئىزغا چۈشۈپ قالدى. روسلار ئۆزلىرىنىڭ
مۇھىم ئارزۇسىنى، يەنى قەشقەردە كونسول دەرىجىلىك ئەمەلدار
تۇرغۇزۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ياقۇپ بەگ يەنە
ئاۋۋالقىدەكلا قورقماي تەھدىتكە تەھدىت بىلەن جاۋاب قايتۇردى.
ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئەنئەنىۋى ۋە ئەڭ
قۇدرەتلىك ئىسلام دۆلىتىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان ئابرويىغا
تايىناتتى ۋە روسىيە ئۇنىڭ دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلغۇچە،
ئەنگلىيىنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى،
شۇڭا ئۇ قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە چاچراپ - چاچراپ تۇرغانىنىڭ

ئۈستىگە، روسىيىنى مەسخىرىمۇ قىلدى. مۇنۇ ۋەقەلەر بۇ ئىشقا تىپىك مىسال بولىدۇ. 1874-يىلىنىڭ باشلىرى گىرتسوگ ئېدىن-بۇرگ چار پادىشاھىنىڭ يالغۇز قىزى مارىيە ئالېكساندىروۋنا بىلەن توي قىلىشقاندا، ياقۇپ بەگ بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، چار پادىشاھقا مۇبارەكلەپ بىرپارچە خەت يازغانىدى. ئۇ خېتىدە: ياخشى ئىتتىپاقدىشىم ئەنگلىيە بىلەن ھىندىستاننىڭ ئايال پادىشاھىنىڭ ئوغلى سىز دوستۇم چار پادىشاھ ئائىلىلىرىنىڭ قىز-نى ئالماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جانابىڭىزنى ئالاھىدە قۇتلۇقلايمەن، دېيىلگەنىدى. ئۇنىڭ تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يازغان خېتى تاشكەنتتىن نېرىسىغا بارالمىغانمۇ-يوق، بۇ خەتنىڭ ئۇچۇرى كەلمىدى. يۇقىرىقىلاردىن بىزنىڭ تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقارمىقىمىز قىيىن ئەمەس. ياقۇپ بەگنىڭ بۇنداق قىلىپ كېتىشى، بىر ھېسابتا قەشقەرىيە-نىڭ بۇ ھۆكۈمرانىنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان باشقا تەرەپلىرىدىكى ئۇلۇغ خىسلىتىگە نۇقسان يەتكۈزدى. ئۇنىڭ روسىيە-گە قارشى چىققانلىقىنى ئالاھىدە مەدھىيىلەش كېرەك؛ ئۇ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمران بولۇش ئىمتىيازىنى قوغداش يولىدا ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆردى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنىمۇ مەدھىيىلەش كېرەك؛ ئەمما ئۇنىڭ چاكىنىلىق قىلىپ رۇسلارنى ھاقارەتلىگەنلىكى تولىمۇ نادانلىق ۋە تەنتەكلىك ئىدى. ئۇ روسىيىنىڭ سودا مەنپەئەتىنى نىقاپ قىلىۋالغان تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى چەكلەپ ناھايىتى توغرا قىلدى. روسىيىنىڭ ئۆز جاسۇسلىرىنى ۋە سۇيىقەستچىلەرنى قەشقەرىيىگە كىرگۈزۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇپ-تاشقان غەيرەت ۋە ئېگىلمەس-سۇنماس روھ بىلەن مەغلۇپ قىلدى. بۇنىڭدىن ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز؛ ئەمما ئۇنىڭ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق خەتنى

www.uyghurkitap.com

يوللاپ چار پادىشاھنى ھاقارەتلىگەنلىكى ئۈنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرىۋەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە بىكاردىن-بىكار ئىش تېپىۋالدى.

تاشكەنت دائىرىلىرى ئەنگلىيە جامائەتچىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا پائال ئارىلىشىش ھەققىدىكى پىكرىنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى پەملەپ، روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا-قايتا توسۇشىغا قارىماي، قەشقەرىيە ھۆكۈمرانىغا يەنە زورلۇق ۋاستىسى ئىشلەتتى. شۇنداق قىلىپ، 1874-يىلى ئەتىيازدا بولىدىغان ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقى پۈتۈنلەي تەقمۇ-تەق بولۇپ قالدى. ئاشلىق-تۈلۈك ۋە ھەربىي لاۋازىمەتلەر نارىنغا توشۇپ كېلىندى. يەنە بىر ياردەمچى دىۋىزىيە غەربىي تەرەپتىكى تېرەك داۋان ئېغىزىدا يان تەرەپتىن تېگىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. روسىيەنىڭ ئاسىيادىكى گېنېراللىرى شۇچاغدا ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى كۆزلەپ دەرىجىگە ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۇزاققا ھەربىي يۈرۈش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان، دەپ ئەيىبلەنگەندى. گېنېرال پروۋسكى كەلگەندىن كېيىن، دەرىجە ۋە شان-شۆھرەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ھەربىر ئوفىتسېر بۇنداق كېسەلنى ئۆزىگە ئېغىر ھالدا يۇقتۇرۇۋالغانىدى. بۇنداق كېسەل ھەممىگە ئايان سانت گېئورگى ياكى سانت ئاننا كرېست ئوردېنى مەستانىلىقى ئىدى. بىز بايان قىلىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردىن ئىلگىرىكى يەتتە يىل ئىچىدە، ئەگەر ئەسكەرلەر بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار شان-شۆھرەت ۋە ئولجا غەنىمەتلەردىن ئادىللىق بىلەن بەھرىمەن قىلىنغان دېيىلسە، مەرتىۋە-دەرىجىسى ئۈستۈنرەك بولغان كىشىلەر: گېنېرال كائۇفمان ئەڭ ئالىي ئابروينى مونوپول قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن بىز زىيانغا ئۇچرىدۇق دەپ ھېسابلايتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئەھۋال خېۋە قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئىنتايىن ئېغىرلاشتى.

جەڭ نەتىجىسىنىڭ ھەممىسىنى كائۇفمان ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى دىۋىزىيىگە بۇ قېتىمقى غەلىبە نەتىجىسىدىن ھېچقانچە تەگمىگەن ياكى پۈتۈنلەي تەگمىگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، جەڭ مەيدانلىرىدا يۈگەنسىزلىشىپ كەتكەن، ئوردىدىكى ئالىيجاناب قائىدە-يوسۇنلارغا كۆنمەيدىغان ئوفىتسېرلار تاشكەنتتىكى خان ئوردىسىدا قوللىنىلغان قائىدە-يوسۇنلاردىن ۋە بۇ كۆرەڭ گېنېرالنىڭ ئۆزىنى يېرىم پادىشاھلارچە تۇتۇشىدىن بىزار بولۇپ كېتىشكەنىدى. چار پادىشاھنىڭ بۇ ۋەكىلىنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇندا ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان گېنېراللار ئىچىدىمۇ پىتنىخورلۇق قىلىشىدىغانلار يوق ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى سكوبېلېۋ دېگەن ياش بىر گېنېرال بولۇپ، ئۇ شۆھرەت قازىنىشنىلا ئويلىغاچقا، غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، سانت گېئورگى كرېست ئوردىنى ئالغىلى بولىدىغان ھەربىي يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە چۇقان كۆتۈردى. گېنېرال كائۇفمان ئۆز باشلىقىنىڭ نەزەرىدە ئىرادىسى مۇستەھكەم ئادەم دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئۇ سكوبېلېۋ بىلەن ئاتىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆز قىسىملىرىدىكى بىر قىسىم ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. بەزى گەپلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كائۇفماننىڭ جەمەتى بىلەن سكوبېلېۋ جەمەتى ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئارازلىقمۇ شۇنىڭغا سەۋەب بولغانىدى. چار پادىشاھ نىكولاي تەختتە تۇرغان مەزگىلدە، بۇ ئىككى جەمەتنىڭ ياشلىرى ئوردىدا خىزمەت قىلىدىكەن، شۇ چاغدىن تارتىپ بۇ ئىككى جەمەت ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق پەيدا بولغانىكەن. گېنېرال كائۇفمان بۇ ئارازلىقنى تۈگىتىش ۋە قول ئاستىدىكى باشقا ئەمەلدارلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەرىيىگە بىر قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا قوشۇلدى ۋە

كىچىك سكوبېلېۋنى بۇ ھەربىي يۈرۈشكە قوماندانلىق قىلىشقا تەيىنلىدى. 1874 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇرۇش تۇمانلىرى بەختكە قارشى ئاتلىق غازىنىڭ بېشىغا قاراپ سۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىغان. كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمدى ئۇرۇش تۇمانلىرى ياقۇپ بەگنىڭ بېشىدا دەھشەتلىك پارتلايدىغان بولدى دېيىشكەندى. شۇڭا بۇ ئىشقا ئەنگلىيە ئارىلاشسىلا ياقۇپ بەگنى ھالاكەتتىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالالايدۇ، دېگەن سادا ناھايىتى كۈچىيىپ كەتكەندى. ئەمما ئەنگلىيىنىڭ پەيتكە قاراپ ئىش قىلىدىغانلىقىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيەسىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئاكتىپ ئارىلىشىش ھەققىدە تەكلىپ بەرمىگەنلىكى جەزمەن بولۇپ قالدى. بىتەرەپ رايون بەلگىلەشنى مەقسەت قىلغان گرانۋىللې - گورچاكوۋ سۆھبىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ئەنگلىيىنى شەرتنامە ئىمزالاش چارىسى بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. ئەمما قەشقەرىيە روسىيىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى مەنپەئەتىمىزنىڭ چەكتىن ئاشقان ۋاستىلەرنى قوللانمىساق بولمايدىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىشىمۇ تېخى ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، روسىيىنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىشىغا يول راسلانغانىدى. گېنېرال كائۇفمان بىلەن گېنېرال سكوبېلېۋ بۇ قېتىمقى زەربىنىڭ ھەم شىددەتلىك، ھەم ھەل قىلغۇچ خاراكتېردا بولۇشىغا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن، ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ تەق قىلىپ قويغانىدى. 20 مىڭ كىشىدىن ئۇشۇق روسىيە قوشۇنى ئۇدۇل ياقۇپ بەگنىڭ دۆلىتىگە قاراپ يولغا چىقتى. ياقۇپ بەگ ئەمدى ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا بىر ئاز يول قويماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن كېچىككەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ قوشۇنىنىڭ ھەممىسىنى قەشقەر

ئەتراپىغا يىغدى. ئۇنىڭ ئوغلى قوماندانلىق قىلغان يەنە بىر تۈركۈم قوشۇن ئاقسۇغا ئورۇنلاشتى. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدا ئىككى خىل پىكىرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. زەربە بېرىلمەكچى بولغان ئوبيېكتنىڭ يەنە بىر نەچچە ھەپتىلىكلا كۈنى قالغاندا، تۇيۇقسىزدىن يۈز بەرگەن ۋەقە رۇسلارنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتى. قوقەندە پارتلىغان قوزغىلاڭ ياقۇپ بەگنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. گەرچە رۇسلار بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرىيىگە قاراتقان ھەربىي يۈرۈش قىلىش پىلانىغا توسقۇنلۇق قىلالىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما، چېگرىغا ئەۋەتىلگەن ھەربىي قوشۇنلا تەدرىجىي يوسۇندا قايتۇرۇپ كېتىلدى، نارىنغا قاراپ يولغا چىقىشقا بۇيرۇق ئالغان قوشۇنلارمۇ تەھدىتكە ئۇچرىغان ئاساسلىق ئىككى شەھەردە — تاشكەنت ۋە خوجەنتتە قالدۇرۇلدى، گەرچە بۇ ۋەقە قەشقەرىيە تارىخىنىڭ بىر قىسمى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ دۆلەتكە ئىنتايىن پايدىلىق رول ئوينىدى. بۇ ۋەقەنى ھەقىقەتەنمۇ شۇ دۆلەتنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى دېيىشكە بولىدۇ، شۇڭا بايانىمىز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بۇ ئىشنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتسەك، بەلكىم، ئالقىشلانماي قالماس.

خۇدايارخان ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ۋە ۋەزىرى ئالىمقۇل 1865 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم مۇرىتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە رۇسلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ قوقەندىكى بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى، ئۇ شۇ يىلدىن باشلاپ 1875 - يىلىغا قەدەر ئەمەلىيەتتە ۋە قانۇنىي جەھەتتە قوقەن پادىشاھى بولۇپ كەلدى، مۇشۇ ئون يىل جەريانىدا ئۇ بىرقانچە قېتىم رۇسلار بىلەن ۋە ئۆز پۇقرالىرى بىلەن بولغان ماجىرالارغا ئارىلىشىپ قالغىنىغا قارىماي قوقەننى پايتەخت قىلىپ،

قوقەننىڭ غەربىي قىسمىدا ئاتاقتىكى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ تۇرا-
لىغان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ
رايىدىن چۈشۈپ قالدى. بىرىنىڭ بىلىشىمىزچە، ئۇ ئۆزىنىڭ قوش-
نىسىدىن ياخشىراق ئىدى؛ ئەمما ئۇنىڭ دۆلىتىدە بىر تەرەپ ئۇنى
روسىيىنىڭ قورالى دەپ ئەيىبلىسە، يەنە بىر تەرەپ روسىيە
ئاگېنتلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇنى دۆلەتنى قۇدرەتلىك روس-
يىگە قارشى نەتىجىسىز كۈرەشكە تارتىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ جار
سېلىشاتتى، پۈتۈن دۆلەتتە خۇدايارخانغا قارشى نارازىلىق كۆچە-
يىپ كەتتى. قىپچاق يېغىلىقى پارتلىغاندا، ئۇنىڭ پۇقرالىرى يې-
غىلىقتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا
كىرىشتى. رۇسلار دەسلەپتە بۇ ئىشقا تەخت تالىشىش يۈزىسىدىن
بولغان ماجىرا دەپ ئانچە ئېتىبار قىلمىغانىدى. ئىسيانچىلار تې-
خى خۇدايارخاننىڭ تۇنجى ئوغلى نەسرىدىننى تەختكە يۆلەپ چى-
قاردى، ئۇ روسىيىگە دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ قارىلىدىغان،
«ۋوتكا» ھارىقىغا بېرىلىپ كەتكەن بىر ياش بولغاچقا، ئانچە
خەۋپلىك ئادەم ھېسابلانمايتتى، ئەمما بۇ قورچاق ھۆكۈمرانىنىڭ
كەينىدە ئۇنىڭ قوقەندەك كىچىك بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھىدىنمۇ
مەشھۇرراق كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم-
لەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى خۇدايار-
خاننىڭ خوتۇن تەرەپ تۇغقىنى ئاساسلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي
باشلىق ئابدۇراخمان ئافتابەچى ئىدى. بۇ كىشى خۇدايارخاننىڭ
ئەينى يىللاردىكى قىپچاق ۋەزىرى مۇسولمانقۇلنىڭ ئوغلى ئىدى.
خۇدايارخاننىڭ بۇ ئىتتىپاقداشلىرى روسىيىنىڭ بىتەرەپ بولۇپ
تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقى ياكى ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر-
لىكىنىڭ تۈرتكىسىدە قوقەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان قىسمىنى
ئازاد قىلىش ئۈچۈن، كائۇفمانغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى، چېگرا
رايونلار بۇنىڭغا دەرھال ئاۋاز قوشتى، شۇنىڭ بىلەن، تاشكەنت

بىلەن خوجەنتنىڭ ئارىلىقىدىكى قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. روسى-
يە ئىشغالىيىتىدىكى رايونلار بىر مەھەل تازا قالايمىقانلاشتى.
قوقەن قوشۇنلىرى جىددىي ھۇجۇم باشلىماي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ
قالدى ھەممە تاغلىق رايونلاردا قىلچىمۇ پايدىسى يوق بۇلاڭچى-
لىق بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتتى. قوزغى-
لاڭچىلار ئەگەر تاشكەنتكە ياكى خوجەنتكە يەنە بىر قېتىم تېز
ھەرىكەت قوللانغان بولسا، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ، ئېھتىمال، مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازانغان بولاتتى. بۇخارا مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە ئۇ-
رۇشقا قاتنىششى مۇمكىن ئىدى. ياقۇپ بەگنىڭ جەڭگىۋار روھ-
مۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئىشلار
ئۇنداق بولمىدى. ۋەھىمە ئىچىدە قالغان رۇسلارمۇ پەيدىنپەي ھو-
شىغا كېلىشتى. پولكوۋنىك سكوبېلېۋ ئۆزىنىڭ كازاك چەۋەنداز-
لىرىنى باشلاپ كېلىپ، پۈتۈن چېگرىنى ئاختۇرۇپ چىقتى. خو-
جەنت بىلەن تاشكەنتنىڭ تېلېگراف ئالاقىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛
توپىلاڭچىلار ئۇزۇنغا قالماي پاك-پاكىز تازىلىۋېتىلدى، خۇدايار-
خانغا ئەگىشىپ قاچقان قاچاقلار ئارقا سەپكە ئەۋەتىپ بېرىلدى.
ياردەمچى قوشۇنلار تېزلىكتە يۆتكەپ كېلىنىپ، قوقەنگە قىلىنغان
ھۇجۇمغا قاتناشتۇرۇلدى. بۇيەردە ماۋۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ قوي-
ساقلا كۇپايە قىلىدۇ: نەسىردىن ۋە ئافتابەچى تەرەپدارلىرى
مەھرام ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىچىك جەڭلەردە مەغلۇپ
بولغاندىن كېيىن، سۈلھ تەلەپ قىلىشتى. سۈلھ قوبۇل قىلىندى،
ئەمما قوقەن روسىيىنىڭ فەرغانە ئۆلكىسى بولۇپ قالدى. پولكوۋ-
نىك سكوبېلېۋ قورۇقلۇق ئارمىيىنىڭ گېنېرال مايورلىقىغا ئۆس-
تۈرۈلدى ۋە مەھرام ئۇرۇشى نەتىجىسىدە سانت گېئورگى كرېست
ئوردېنىغا ئېرىشتى، بۇ ۋەقە ئادەتتە قوقەنلىكلەرنىڭ روسىيىگە
قارشى 1875-يىلدىكى ئۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتى-
بارەن، بۇ ئۇرۇش مۇھىم بىر دەۋرنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

بۇ ئۇرۇش قوقەنلىكلەرگە ۋە ئاسىيالىقلارغا، ئەگەر بىردەك ھەم-
كارلاشقان ۋە تەشكىللىك ھەرىكەت بولمىسا، ئەركىنلىككە چىقىش
يولىدىكى ھەرقانداق ئىستەكنىڭ زادىلا ۋۇجۇتقا چىقمايدىغانلى-
قىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش كېرەك
بولغان شۇ قېتىمقى ۋەقە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە يېڭى
ۋەقە يۈز بەرمىدى.

روسىيە ئۆزى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۆلەتلەردىكى ئىچ-
كى ماجىرالاردىن پايدىلىنىپ ئاسىيانى ئاسانلا ئىستېلا قىلىۋال-
غانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستېلاسىنى ساقلاپ قېلىشتىمۇ ئاساسەن
مۇشۇنداق ئىتتىپاقداشلىرىغا تايىنىدىغاندەك قىلاتتى. بۇنى قوقەن-
نىڭ مۇشۇ ئاخىرقى ئۇرۇشىنىڭ تارىخى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلاپ
بېرەلەيدۇ. بىراق بۇ ئىچكى ماجىرالارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈش-
تە قىلىدىغان بولساق، بۇنىڭغا ئاساسلىقى ياقۇپ بەگ جاۋابكار
ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز، ئۇ روسىيىنىڭ جازا
يۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، دىنىي ئىسلام ۋە تەرتىپنىڭ باش ھام-
مىسى دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەنىدى؛ ئۇ روسىيىگە قارشىلىق
كۆرسىتىشتە دادىل بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئىتتى-
پاق بولۇپ ئۇيۇشىدىغانلا بولسا، ھەرقانداق خەتەرلىك ئەھۋال-
غىمۇ تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ دېگەن قاراشنى ھەممىدىن بەك قول-
لايتتى. ئۇ بۇنداق ئارزۇنىڭ توغرىلىقىنى ھەممە كىشىدىن بەك
ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى، ئۇ ئۆزىگە ئەڭ پايدىلىق بولغان پەيتتە پۇر-
سەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقتىن، ھەممىدىن بەكرەك ئەيىبلە-
نىشكە تېگىشلىكتۇر. ھالبۇكى قوقەندە بۇ قېتىم قوزغىلاڭ پارت-
لىغان چاغدا، ئۇ روسىيىگە قارشى تۇرۇپ ئۆزىنى قوغداشقا
تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئۇ رۇسلارنىڭ ئۆز قوشۇن-
لىرىنى مەلۇم ئېھتىياج تۈپەيلىدىن باشقا جايغا يۆتكەشكە مەج-
بۇر بولغانلىقىنى كۆرگەن تۇرۇقلۇقمۇ، ئۆزى باشتىن-ئاياغ قوغ-

دايىمەن دەپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس مەنپەئەتى ئۈچۈن ھۇجۇم قوزغىمىغانلىقى ئۇنىڭ زور خاتالىقى ئىدى. مۇشۇنداق مۇھىم بىر پەيتتە، ئۇنىڭ بىخەستەلىك قىلىپ تۇرغانلىقىنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئافتابەچى تەرەپتە تۇرۇپ ئارىلىشىشقا قاتنىشىشنى رەت قىلغانلىقى ئۇنىڭ مەشھۇر نامىغا ئەڭ چوڭ داغ بولۇپ قالدى. شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، رۇسلار ئارقىدىنلا فەرغانىنى بېسىۋالدى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قەشقەرىيىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتكە ئەمەس، بەلكى جەيھۇن دەرياسى ۋادىسىنىڭ ۋە كابۇلنىڭ ۋەزىيىتىگە مەركەزلەشتۈرۈشكە باشلىدى. قوقەن يۇتۇۋېلىنغان ۋە جۇڭگولۇقلار تىيانشاننىڭ شىمالىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان مەزگىللەردە ياقۇپ بەگ روسىيىگە قارىتا يارىشىش سىياسىتىنى قوللانغاچقا، ئۇزاققا قالماي خۇدايارخان ياكى مۇزەپپەردىن سەللا ياخشىراق ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغاندەك تۇراتتى. ئەمما مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار مەسىلىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ مەسىلىنى كېيىنكى بابتا مۇھاكىمە قىلىمىز. ياقۇپ بەگنىڭ روسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بايانىمىزنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ ئۇقۇش ھېسسىياتىمىز بىلەن مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرىمىز. ئەگەر ئۇنىڭدا 1875-يىلى ئىپادىلەنگەن ئاجىزلىق كۆرۈلمىگەن بولسا، بۇنداق مۇناسىۋەت سۆزسىز مۇكەممەل بولغان بولاتتى. ياقۇپ بەگ روسىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا خوجا بولۇش يولىدىكى ئورۇنۇشلىرىغا دادىل تاقابىل تۇرۇپ ۋە ئىزچىل قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىزنىڭ ھۆرمەتلىشىمىزگە ۋە ماختىشىمىزغا سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى ئارىسالدىلىقىنى ھېسابقا ئالغاندىمۇ، قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدىغان ئىشلىرىنى تۆگەل يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ.

## XIباب. ياقۇپ بەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ياقۇپ بەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئەنگلىيە - قەشقەردىيە مۇناسىۋىتىنى بايان قىلغان چاغدا، بۇ مۇناسىۋەتنى بەلگىلەپ تۇرغان يوشۇرۇن ئېقىمنى ئالدىنقى بابتا روسىيە بىلەن قەشقەردىيە ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىقنى بايان قىلغاندەك ئىنچىكىلەپ تەپسىلىي بايان قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئاتلىق غازىنىڭ سودا - سېتىق جەھەتتە ئەنگلىيىگە يول قويغانلىقى بىزنى خۇشال قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭغا دوستلۇق قولىمىزنى ئۇزاتتۇق. ياقۇپ بەگ روسىيىگە شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇن بېرىشنى ئۇزاق ۋاقىتقىچە رەت قىلىپ كەلگەن ۋە مەلۇم بىر مەزگىلگىچە ئەنگلىيىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا تەشۋىشسىز ياشاپ، خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ قالغانىدى. شۇڭا روسىيە بۇنىڭدىن خاپا بولدى، ھۆكۈمىتىمىز بۇ ھۆكۈمراننىڭ دادىل ھەرىكىتىگە قاراپ، ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇرۇش پارتلاپ قالسا ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىكتىن، ياقۇپ بەگ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە بىزنىڭ قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغانلىقىمىزنى ئوچۇق ئۇقتۇرغانىدى. ئەمدى ئۆتمۈشتە شەرقىي تۈركىستاننى ساياھەت قىلىپ قايتىپ كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ بۇ دۆلەتتە ئەلىتە ئىش بوپتۇ، جۇڭگولۇقلار قوغلاپ چىقىرىلىپتۇ، قوقەندىن كەلگەن يېڭى پادىشاھ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ دەپ ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرى، روبىت شاۋ ئەپەندىنىڭ

«قىر تاتارلىرى» دېگەن قىزىقارلىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كېڭىيىپ قالغان نەزەر دائىرىمىز بويىچە قاراپ چىقساق، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ دەسلەپتە ياقۇپ بەگنىڭ نامى بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىمىزنى، يەتتە-سەككىز يىل ئىچىدە ئېنگلىزلارنىڭ ئۇنىڭ شان-شەرىپىنى چۆرىدەپ «ئالتە شەھەر» يەر-زېمىنى مۇنبەت، ئاھالىسى كۆپ يەر ئىكەن، ئۇ يەرنى خۇددى ھىندىستان تاغلىرىدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ تىيانشان تاغلىرىغىچە سوزۇلغان «توقۇنۇشنى پەسەيتىش رايونى» بولغان كابۇلغا ئوخشاش رۇسلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسىدىغان توساق قىلىشقا بولىدىكەن دېگەن گەپلەرنى قانداق توقۇپ چىققانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتسەك، ئەھمىيەتسىز بولماس. بۇ شىرىن چۈشلەر ھازىر تۈگەپ، ئۇنىڭ ئورنىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىنتايىن ئوچۇق ۋە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان غەلىبە مەنزىرىسى ئالدى.

ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئىچىدىكى جىرالاردا تۇرغان ھەرقانداق بىر كىشىدە — بۇ جەھەتتە روبېت شاۋ ئەپەندىم نوپۇز ئىگىسى — چىن دۆلىتىنىڭ ① ئەھۋالىنى بىر ئۇقسام دېگەن ئىستەك چوقۇم تۇغۇلىدۇ. گەرچە بۇنداق ئىستەك ناھايىتى تەبىئىي بولسىمۇ، ئەمما تەبىئەت دۇنياسىنىڭ توسقۇنلۇق كۈچى ئىنتايىن زور ئىدى. ۋارېن ھاستىڭسنىڭ ② دەۋرىدىن باشلاپ، تىبەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىش — ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئېنگلىزلارنىڭ مەقسىتى ئىدى. ئەمما بۇ مەقسەتكە ئاران ئۈچلا ئېنگلىز يېتەلىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرسى بۇنىڭدىن 66 يىل ئىلگىرى بۇ مەقسەتكە يەتتى. نېپال،

① سانسكرىت تىلىدا «چىن»—قارلىق تاغنىڭ تەسكەي تەرىپى. «نېپ»—قارلىق تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە ئاپتورنىڭ ئەسلى سۆزى بويىچە ئېلىندى — ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن.

② ۋارېن ھاستىڭس (1732 - 1818) بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھىندىستاندىكى تۇنجى ۋالىيسى — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

سېككىم ۋە بوتاندىن تىبەتكە بارغىلى بولىدىغان قىرىق-ئەللىك تاغ يولى بار ئىدى. بىزنىڭ چېگرىمىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە يۈكسەك دەرىجىدە مەدەنىيەتكە ئىگە ۋە تىنچلىقپەرۋەر مىللەت ئولتۇراقلاشقان. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئۇلار توغرىلىق بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئاز بولغانلىقى ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر نىشانە بولۇپ قالدى، ھالبۇكى، ۋارېڭ ھاستىڭس بىلەن توماس ماننىڭ① خىيالى زادىلا ئەمەلگە ئاشمىدى.

قارا قۇرۇمنىڭ شىمالىدا كىشىنى بۇنىڭغا ئوخشاش جەلپ قىلىدىغان جاي تېپىلمايدۇ. بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى لاداقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان موركىروفت ئەپەندى شىمال تەرەپتىكى تۈمەۋردەك توسۇقتىن ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ لاداق بىلەن تىبەتكە خۇددى يوقاتقاندەك مەپتۇن بولۇپ تەلپۈندى. ئاكا-ئۇكا مېچىللارنىڭ كىچىك بۇخارا ياكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرى ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇ جايغا ساياھەتكە بېرىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ساياھەتچىلەرنى قورقۇتۇپ ئارقىسىغا ياندۇردى. ئۇلار: «كىچىك بۇخارا دېگەن يەردە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بېشىنى قولتۇقىغا قىسىپ يۈرىدىكەن. ساياھەتچىلەرنىڭ بۇ جايدىكى يول ئازابى ۋە خېيىم-خەتەرلەردىن قورقۇپ، ئارقا-ئارقىدىن قايتىپ كېتىشكەنلىكى تامامەن چۈشىنىشلىك.» دېگەنىدى. ئىنگلىزلاردىن پىچاقنىڭ بىسىدەك خەتەرلىك قارا قۇم ۋە كوئېنلون تاغلىرىدىن تېخى ھېچكىم ئۆتۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن سانجۇ، خوتەن ۋە ئۇنىڭ

---

① توماس ماننىڭ (1772—1818) ئەنگلىيىلىك، جاھانگەر ئونۇر. سەييياھ، دوختۇر سالاھىيىتى بىلەن ھىندىستان، جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن. تىبەتكە يوشۇرۇن كىرىپ، لخاساغا بارغان تۇنجى ئېنگلىز — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

ئەتراپىدىكى جايلاردىن لاداقتا پات - پات ئادەم كېلىپ تۇراتـ-
تى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شىمالدىكى جايلاردا يۈز بەرگەن سىياسىي
ۋەقەلەر توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئېلىپ
كەلگەن ئاخباراتلار كۆپىنچە ئويىدۇرما، مۇجمەل ۋە مۇبالىغە
قىلىنغان ئاخبارات بولسىمۇ، ھەر ھالدا بىر شەرقىي تۈركىستان-
نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللىرىدىن مەسلەن، ئۇ يەردە
تىنچلىق ئورنىتىلغانلىقى ياكى ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقى،
خەلقنىڭ رازى ئىكەنلىكى ياكى نارازى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر
تېپىپ تۇراتتۇق. ئادەتتە، چوڭگولۇقلارنىڭ ئاشۇ كەڭ رايونلارغا
ئاتاقتىلا ھۆكۈمران ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان بولسىمۇ،
ئەمما جوڭگولۇقلارنىڭ مۇشۇ رايون بىلەن ساقلاپ كېلىۋاتقان
ھەقىقىي مۇناسىۋىتى، بۇ جايلارنى قانداق ئىستېلا قىلغانلىقى،
ئۇلارنىڭ ئۆز ئىستېلاسىنى قاچانغىچە ۋە قانداق ساقلاپ كەل-
گەنلىكى قاتارلىقلارنى تېخى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئالالىغانىدى.
دەرۋەقە، بۇ سىرنى 1857 - يىلى بىلىملىك سەيياھ ئادولف
شلاگىن ۋات يەرلىك بىرقانچە مۇلازىمى بىلەن بىللە قەشقەرگە
بېرىپ ئاچتى. شۇنداق قىلىپ، دەسلەپكى قىيىنچىلىق مۇشۇنداق
مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل بولدى، گويا تەقدىر ئىلاھى ئۇنىڭ
تەۋەككۈلچىلىك ئىشىغا باشتىلا ئوچۇق چىراي بىلەن قارىغاندەك
قىلاتتى. لېكىن شلاگىن ۋات ئەپەندى بۇ يەرگە بېرىپ بىر
ۋاقىتتا كەلدى. شۇ چاغدا ۋەلىخان تۆرە قەشقەرگە ئەمدىلا تېخى
بېسىپ كىرگەنىدى. بۇ سەييا ھ يەركەنگە يېقىن قالغاندا،
ۋەلىخان تۆرىنىڭ قوشۇنلىرى جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، يەركەنگە
يېتىپ كەلدى. شلاگىن ۋات كەشمىرنىڭ يەركەندە تۇرۇشلۇق
ۋەكىلىگە ئۆزىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىۋاسىتە مەلۇم قىلدى.
كەشمىر ۋەكىلى جوڭگولۇق خان ئامبال بىلەن ئالاقىلىشىپ،
ئۇنىڭ شلاگىن ۋاتنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشىنى

ئەلەپ قىلدى. شىلاگىن ۋات تېخى شەھەر سىرتىدا تۇرغان چېغىدا، ۋەلىخان تۆرىنىڭ پاترول قىسمى ئەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى ۋە دەرھال ۋەلىخان تۆرىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش شتابىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ يەردە بۇ زالىم پادىشاھ بەگنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ چېكىۋەتكەچكە، كەيپچىلىكتە بىچارە شىلاگىن ۋاتنى ئۆلۈمگە بۇيرۇۋەتتى. مۇلازىملىرى ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ لاداقتا قېچىپ كەلدى.

مانا بۇ قەشقەردىمگە تۇنجى قېتىم بارغان ئېكسپېدىتسىيە چىنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىسى. 1868 - يىلى يازدا جوڭگولۇق-لارنىڭ قەشقەردىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىدىن ۋە ياقۇپ بەگنىڭ بۇخارا ئەمىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن «ئاتىلىق غازى» دېگەن نام بىلەن بۇ جايغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن ھەممەيلەن خەۋەر تاپتى. شۇ يىلى ياقۇپ بەگ ماھمۇت نەزەر دېگەن كىشىنى ئۆزىنىڭ ئەلچىسى قاتارىدا پەنجاپقا بىزنىڭ قارام يەرلىرىمىزنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. بۇ چاغدا لاداقتا تۇرۇۋاتقان روبېت شاۋ ئەپەندىمۇ يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر تاپتى. ماھمۇت نەزەر قايتىپ كېتىدىغان چاغدا مەزكۇر روبېت شاۋ ئەپەندى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قەشقەردىينى زىيارەت قىلىپ، يىراق-يېقىن خەلقئارادا داڭ چىقارغان ئاتىلىق غازىنى كۆرۈپ كېلىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ماھمۇت نەزەر ئۇنىڭ تەلىپىنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىكەن. ئەمما ئېھتىيات يۈزىسىدىن، ئەڭ ياخشى بۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆزىنىڭ رەسمىي ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن بىر نەرسە دېسەك، دېگەنىكەن. روبېت شاۋ ئەپەندى خىلمۇخىل جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، 1868-يىل 12 - ئايدا ئاتىلىق غازىنىڭ زېمىنىغا قەدەم قويىدى. ئۇ، كىچىك بۇخاراغا بىرىنچى بولۇپ كىرگەن ئىنگلىز ئىدى. ئۇ بۇ يەردە

ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. ئەمەلدارلار قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالدى. ئۇ بۇ دۆلەتتە تۇرغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. قوقەنلىكلەر ئارىسىدىكى كاتتىباشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى خۇددى ئۆز قېرىندىشىدەك كۈتۈۋالدى. ھەتتا بۇ دۆلەتتە ياقۇپ بەگدىن قالسا، 2- ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ئەرباب، يەركەننىڭ ھاكىمى مۇھەممەت يۇنۇسمۇ ئۇنى ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، روبېت شاۋ ئەپەندى بۇ يەرگە ئادەتتىكى بىر ئىنگلىز ساياھەتچىسى سۈپىتىدە كەلگەنىدى. قەشقەردىكى ھۆكۈمرانىنىڭ ئۇنى سەممىي قارشى ئېلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي بېسىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلىشى ئەڭ ياخشى تاكتىكا ئىدى. ئەمما روبېت شاۋ ئەپەندىنىڭ بۇ يەردە سەممىي كۈتۈۋېلىنغانلىقىنى بايان قىلغاندا، ياقۇپ بەگنىڭ مۇشۇنداق يوشۇرۇن سىياسىي مۇددىئاسى بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدىغانلار ئۇنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ياقۇپ بەگ قەشقەردىكى ئوردىسىدا بۇ ئەنگلىيىلىك مېھماننى ئالاھىدە قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن مېھمان قىلدى. روبېت شاۋ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن رىفېللىق مىلتىقىنى ئوخشاش ئازراق سوۋغا - سالىمىنى ياقۇپ بەگكە سۇنغاندا، بۇ ھۆكۈمران كۈلۈپ تۇرۇپ: «سىز بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا مۇنداق تۈزۈت — تەكەللۇپنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بىز دوست بولۇپ قالدۇق. سىزنىڭ ساق - سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىڭىز بىزنى ناھايىتى خۇش قىلدى» دېدى. روبېت شاۋ ئەپەندى قەشقەردىكىدە جەمئىي ئۈچ ئاي تۇردى. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ئاتالىق غازى ئۇنى ئۈچ قېتىم قوبۇل قىلدى. بىر قېتىمقىسىدىن بىر قېتىمقىسى دوستانە ئىدى. قىسقىسى، روبېت شاۋ ئەپەندى بۇ يەردە ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشتى.

قەشقەرىيە توغرىسىدا ئەسەر يازغان بارلىق يازغۇچىلار ئىچىدە روبىت شاۋ ئەپەندى شۇ جايدىكى خەلق ۋە يەرلىك ئەھۋاللارنى ئەڭ جانلىق تەسۋىرلىدى. مەرھۇم هايۋارد ئەپەندىنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشى روبىت شاۋ ئەپەندىنىڭ ئورنىغا مەلۇم تەسىر يەتكۈزدى. مەزكۇر هايۋارد ئەپەندى ئۈچ-تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن كەشمىردىكى گىلگىت قورغىنى ئەتراپىدا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ سەيياھلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى قەشقەرىيىدە نەزەربەنت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوڭۇشلۇق قۇتۇلدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەڭ بۇرۇن بارغان بۇ ئىككى ئىنگلىز سەيياھى لاداققا ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى. روبىت شاۋ ئەپەندى ئۆزىنىڭ قىزىقارلىق ساياھەت خاتىرىسىنى 1871-يىلى ئەنگلىيىدە ئېلان قىلغانىدى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ فورسىيت ئەپەندى (ھازىر لورد فورسىيت دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ تۇنجى ئەلچىلەر ئۆمىكىگە قاتنىشىپ قەشقەرىيىگە ئىككىنچى قېتىم بېرىپ ئەمدىلەتىن قايتىپ كېلىشى ئىدى. بۇ قېتىم ئۇلار يەركەن بىلەن قەشقەرنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەر كىشىلەرنى ئۆزىگە خۇددى ماگنىتتەك جەلپ قىلىۋالدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئاتالىق غازى بىلەن قانداق سىياسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئويلىشىۋاتاتتى. ھەتتا پۈتۈن ئەنگلىيە ۋە ھىندىستان جامائەتچىلىكى بۇ يېڭى دۆلەت ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى زەڭ قويۇپ ئاڭلايتتى، دېمەك، يېڭى بىر سودا يولى ئېچىلغانىدى. تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ يولنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق بۇخارا بىلەن غۇلجىغا بېرىشتا ھەققىي يول بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېقىنراق بولغان خوتەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى قاشتېشى سودىسىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان بولدى. يالغۇزلا قەدىمدىن تارتىپ داڭلىق

بولۇپ كەلگەن تاتار قويىنىڭ يۇقىلا بىر تۇرلۇك ئاساسىي تاۋار بولۇپ قالاتتى. يەركەن بىلەن قەشقەردەك ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مانچېستىر ماللىرى بىلەن ھىندىستان ماللىرى كەڭ ئىستېمالغا ئىگە ئىدى. بۇ جايلاردىكى ئاھالە دەسلەپتىلا ھازىرقىدىنمۇ زىچ بولسا كېرەك دەپ قارالغاندى. دەسلەپتە سودا جەھەتتىكى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنىلا تەكىتلەي-دىغان پىكىرلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. كېيىن قوقەن بىلەن غۇلجىنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، ئىنگلىزلارنىڭ نەزەرىدىكى سىياسىي مۇددىئا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىر سودا شىركىتى كۆكۈلىدە پەيدا بولدى. ئەمما بۇ شىركەت بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى فورسېس شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىنلا ئۆز پائالىيىتىنى باشلىيالىدى. كىتابخانىلار بۇ شەرتنامە ۋە مەزكۇر شىركەتنىڭ پائالىيەت ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى رەسمىي بەلگىلىمىلەرنى مەزكۇر كىتابنىڭ قوشۇمچىسىدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ.

روبىت شاۋ ئەپەندى ھىندىستان بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ ئىستىقبالىنى ئىنتايىن ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۆلچەرلىدى ۋە ئۆزىنىڭ لاداقتىكى پايدىلىق خىزمەت ئورنىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئىرچىل ئاكتىپلىق بىلەن يەركەن سودا شىركىتىنىڭ بايلىقىنى ئاشۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى. گەرچە بۇنداق شىرىن ئارزۇلار ئەزەلدىن ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئەمما شىركەت ئۆز ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ۋە قىيىن شارائىتتا ناھايىتى پايدىلىق بىر ئىشنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ھازىر بۇ شىركەتنىڭ كەسپىي خىزمىتى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئالماشقاندىن كېيىن، ئادەتتە يۈز بېرىدىغان ئەنسىزلىككە ئەگىشىپ ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇڭا

هازىرقى مەسىلە ياقۇپ بەگ دەۋرىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان ياخشى ھېسسىياتنى جۇڭگولۇقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان شارائىتتا، جۇڭگو تەرەپتىن بولامدۇ ياكى دۆلىتىمىز تەرىپىدىن بولامدۇ بىرەر تەدبىر قوللىنىپ داۋاملىق ساقلاپ قېلىش مەسىلىسى ئىدى. ئۇرغۇن كىشىلەر جۇڭگولۇقلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش ۋە بېرىش - كېلىش قىلىش ئىمكانىيىتىدىن شۈبھىلىنەتتى. چۈنكى جۇڭگو - ئەنگلىيە چېگرىسىغا جايلاشقان رايونلارنىڭ ھېچبىرىدە بۇنداق بېرىش - كېلىش زادى بولمىغانىدى. ئەمما ئۇلار بۇ جەھەتتە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا زادىلا ئۇنىمايدۇ. بىزنىڭ بىخەستەلىكىمىز نەتىجىسىدە روسىيە ئۇلار بىلەن بىرنەچچە شەرتنامە ئىمزالىۋالغان ھەمدە دىپلوماتىيە جەھەتتە ئۈستىلىق ئىشلىتىپ، جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كولۇندىن تارتىپ ئۈرۈمچى، ماناس، چۆچەك، غۇلجا ۋە قەشقەرگە قەدەر ھەرقايسى بازارلارنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانىدى. جۇڭگولۇقلار گەرچە ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئۆز ئىگىلىكىدە بولۇپ كېلىۋاتقان ھەر بىر پارچە يېرىدە ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان تەقدىردىمۇ، روسىيە ئۆزىنىڭ چەت چېگرىلىرىدىكى زېمىنلىرىدا قانۇنسىز ئورنىنى بۇرۇنقىدەكلا ساقلاپ قالالايدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەنگلىيە سودا جەھەتتە جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىنى ھىندىستان ۋە كەشمىر تەرەپتىن بىرىپ ئېچىشتا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى كېرەك ئىدى. كۆپىنچە ھاللاردا، سىياسىي پائالىيەت ئومۇمەن سودا تەۋەككۇلچىلىكىنىڭ كەينىدىنلا ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەمما بىز جۇڭگولۇقلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئىش قىلدۇق. سىياسىي تەكلىپ ۋە دىپلوماتىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق جەزمەن سودىغا يول ئېچىش

كېرەك ئىدى. بۇنداق سودا ھىندىستان بىلەن تاتارلار رايونى ۋە تىبەت ئوتتۇرىسىدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھىندىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئۆز قىسمىدىكى ئۆلكىلىرىدىن بولغان يۈننەن ۋە سىچۈەنلەر بىلەنمۇ بولۇشى كېرەك ئىدى. شەك-شۈبھىسىزكى، قىيىنچىلىقنىڭ مەنبەيى مۇنداق بىر پاكىتقا باغلىق ئىدى: مانجۇلار، خۇددى 12-ئەسىردىكى نورماندلارنىڭ ئەنگلىيەدىكى ئەھۋالىغا ئوخشاش، نۇرغۇن تەرەپلەردە خەنزۇلاردىن پەرقلىنەتتى. مانجۇ ئەمەلدارلىرى مەلۇم بىر تۇراقلۇق تۇرالغۇسىز ئۇسۇل بىلەن ياۋروپا پەن-مەدەنىيىتىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇرغاندا ئۆزىمىزنىڭ تەسىرىمىز ۋە سىياسىي ھوقۇقىمىز تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەگەر بىز ئاقىل بولىدىغان بولساق، بۇنداق پىكىرلەرگە قۇلاق سالماسلىقىمىز، ھەرگىز بەزى كىشىلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ، خەلق ئارىسىدا تەرغىبات جېكى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى تەسىرلەندۈرىمىز دېمەي، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقدارلىرى ئارقىلىق يەنى بۇنىڭدىن ئىككى يېرىم ئەسىر بۇرۇن غەلىبە قازانغان تاتارلار ئارقىلىق ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەن ئۇچرىشىشىمىز كېرەك ئىدى.

روبېت شاۋ ئەپەندى لاداققا قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتىلىق غازى بۇ ئەپەندىنىڭ لاھۇرغا ۋەكىل ئەۋەتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ھەم ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىدىن بىرەيلەننى ئۆزىنىڭ پايتەختىنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ھىندىستانغا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. مۇشۇ چاغدا ئۇ روبېت شاۋ ئەپەندى-

نىڭ ئۆزىنىڭ زىيارەتكە رەسمىي سالاھىيەت بىلەن كەلمىگەنلىكى
توغرىسىدا دېگەن سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تولۇق چۈشەن-
گەنىدى. شۇڭا ئۇ ئەگەر ئەنگلىيىگە تۇتقان دوستانە پوزىتسى-
يەسىدىن تاپان ھەققى چىقىرىۋېلىشنى ئويلايدىغان بولسا ياكى
ئەنگلىيە بىلەن بولغان ئىتتىپاقىدىن پايدىلىنىپ، روسىيىنىڭ
ئۆچمەنلىكىگە قارشى تۇرماقچى بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە تەشەببۇسكار-
لىق بىلەن ھەرىكەت قوللىنىش زۆرۈرلۈكىنى كۆزدە تۇتاتتى.
ئىخرارخان تۆرە مۇشۇ ۋەجىدىن ھىندىستانغا كەلدى ۋە ھۆكۈ-
مىتىمىز تەرىپىدىن ناھايىتى دوستانە كۈتۈۋېلىندى. ئىخرارخان-
نىڭ زىيارىتىگە جاۋابەن، فورسېت ئەپەندى ياندۇرقى يىلى
دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى قېتىمقى ئەلچىسى سۈپىتىدە قەشقەرىيىگە
ئەۋەتىلدى.

فورسېت ئەپەندى ئۆزىنى باتۇرلۇق بىلەن مەلۇم قىلغان
روبېت شاۋ ئەپەندى ۋە دوكتۇر ھېندىرسونلارنىڭ ھەمراھلىقىدا
روبېت شاۋ ئەپەندى بېسىپ ئۆتكەن يول بىلەن مېڭىپ، ئانچە
چوڭ جاپا چەكمەيلا يەركەنگە يېتىپ باردى. ئەمما بۇ ئەلچىلەر
ئۆمىكى تازا قاملاشمىغان بىر ۋاقىتتا ئۇ يەرگە يېتىپ بارغانىدى.
ئاتالىق غازى شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ شەرق تەرەپتىكى چېگرىسىدى-
كى تۇڭگان شەھەرلىرى بولغان تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىدىكى توپى-
لاڭنى بېسىقتۇرۇشقا كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردە قانچە ۋاقىت
ھايال بولىدىغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن، فورسېت ئەپەندى ھىندىستان بىلەن قەشقەرنىڭ
كەلگۈسى مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا پۇرسەت
تاپالماي، و- ئايدىلا يەركەندىن قايتىپ كەلگەنىدى. دوكتۇر
ھېندىرسون ئۆزىنىڭ «لاھوردىن يەركەنگىچە» دېگەن كىتابىدا
ھىمالايا تېغىنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا قىلغان شۇ قېتىمقى
ساياھىتىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى

بويىچە يازغانىدى.

ئىككىنچى يىلى، يەنى 1871- يىلى ياقۇپ بەگ ئىخرارخان تۆرىنى ھىندىستانغا يەنە بىر قېتىم ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ دوستانە تەشەببۇسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. ئۇ ئۆز ئەلچىسىدىن ھەربىي ۋالىيغا خەت ئەۋەتىپلا قالماي، ئايال پادىشاھ جانابلىرىغىمۇ خەت ئەۋەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى بىۋاسىتە ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە، روسىيە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرىكىتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. روسىيە ئۆزىنىڭ قوشنىسى بىلەن بىرنەچچە يىلدىن بېرى مۇزاكىرىلىشىپ كەلگەن سودا شەرتنامىسىنى ئاخىر 1872- يىلى 6- ئاينىڭ 8- كۈنى قەشقەردە ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامە بويىچە روسىيىگە سودا جەھەتتە بىرمۇنچە ئىمتىياز بېرىلدى. بۇ شەرتنامىگە ئاساسەن، مەزكۇر جايغا كىرگۈزۈلىدىغان رۇس ماللىرىدىن ئىككى يېرىم پىرسەنتتىن ئارتۇق قوشۇمچە باج ئېلىنىشقا بولمايتتى. ئەمەلىيەتتە، ياقۇپ بەگ ھۇشيار كېلىپ، ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرۇشقا ئەۋەتىلىدىغان روسىيە سودا ئاگېنتلىرىنى دەرىجىسى ئاقساقالدىن كۆپ پەرقلىنىدىغان ئادەتتىكى ئادەملەردىن بولغان كارۋان بېشى بىلەن چەكلىمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا قەشقەرىيە ھېلىقى شەرتنامە بويىچە گېنېرال كائۇفماننىڭ ئىلكىدىكى بىر يەرگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئەشەددىي دۈشمەن دەپ قارالغان روسىيە، دوست دەپ قارالغان ئەنگلىيىدىن كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەردىن ئورۇن ئالالمىغان ئەنگلىيە سودىسى ئاتلىق غازىنىڭ زېمىنىغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىلىشىنى كۈتۈپ ئۇزۇنغىچە ئىككى خىيالدا تۇرۇپ قالدى.

ئەمما بارون كولبارس تۈزگەن شەرتنامە ماھىيەتتە ئادەم ئالدايدىغان نەرسە بولغانلىقتىن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلىيالمىدى. باشتا ئويلىغانىدەك ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە ئىشەنمىگەچكە، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سودىمۇ راۋاجلىنىپ كېتەلمىدى. بۇ شەرتنامە ئىمزالىنىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ جىيەنى سەييىت ياقۇپخاننى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى سۈپىتىدە روسىيىگە ئەۋەتتى، سەييىت ياقۇپخان بۇ يەردىن ئىستامبۇلغا بېرىپ، ئاندىن ھىندىستان ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەلدى. مۇشۇ چاغدا ئۇ قەشقەرىيە بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى قانداق قىلغاندا دوستانە ئاساس ئۈستىدە ئورناتقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا دۆلىتىمىز دائىرىلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇزاق مۇزاكىرە ئېلىپ بارغانىدى. تۈركىيە سۇلتانى قەشقەرىيە ھۆكۈمرانىغا ئىسلام دىنىنىڭ ئىخلاسمەن ئەمىرى دېگەن ئالىيجاناب نامنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ياقۇپ بەگ ئۆزىنى ياقۇپ خان دەپ ئاتىدى ۋە قەشقەرىيىنىڭ ئەمىرى دەپ ئېلان قىلدى. ئەمدى بۇ يەردە بىز «خان» بىلەن «بەگ» دېگەن بۇ ئىككى نام توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتسەك يامان بولماس. كىتابىمىزدا باشتىن ئاياغ قەشقەرىيىنىڭ ھۆكۈمرانىنى «خان» دەپ ئاتىماي، «بەگ» دەپ ئاتىشىمىزدا، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە سەۋەب بار: «خان» «بەگ» دىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ؛ ئەدلادتىن - ئەۋلادقىچە مىراس قالىدۇ. يېقىنقى زامان ئالىملىرى گىببون①نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسى جەھەتتە يۇقىرى نوپۇز ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ «خان» دېگەن سۆزگە، چىڭگىزخان ئەۋلاد-

② گىببون — (1739—1794) ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس. «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى» نىڭ ئاپتورى — خەنزۇچە تەرجىمانىدىن.



www.uyghurkitap.com

لىرىنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى دەپ تەبىر بەرگەنىدى. ئاشۇ چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە خان بولغانىدى. تۈركلەر بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان موڭغۇللار جامائەت بىردەك ئېتىراپ قىلغان شاھەنشاھ چىڭگىزخاننىڭ جەمەتىگە خاس نوپۇزغا ئىگە ئىدى. ياشىنىپ قالغان ياقۇپ بەگ ياكى ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان كىشىلەر ئۇ تۆمۈرلەڭ نەسەبىدىن دېگەننى توقۇپ چىقىپ، ئۇنى موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى، دەپ چۇقان سېلىشتى. ئەمما بۇنداق سىرلىق ئائىلە نەسەبىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق بىر ئىشەنچلىك ئاساس بولغان ئەمەس. بىزمۇ تارىخنىڭ ھۆكمى ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان بۇنداق زىيادە نامنى ياقۇپ بەگكە بېرىش توغرىسىدىكى ھەرقانداق تەشەببۇسنى ئېتىراپ قىلمايمىز. «ئاۋام خەلق» تىن كېلىپ چىققان ھۆكۈمرانلار ئەزەلدىن تارتىپ قەدىمكى ئىمپېراتورلارنىڭ ئورنىغا يامىشىپ چىقىش ئارزۇسىنىڭ ئوتىدا ئۆرتىلەتتى. ياقۇپ بەگمۇ مۇشۇنداق روھىي ھالەتتىن خالى ئەمەس ئىدى. تۈركىستاندا غىل-پاللا كۆرۈنۈپ قالىدىغان پادىشاھلىق سەلتەنىتى دەل مۇشۇنداق قالايمىقان ئىشلىتىپ كېلىنگەن «خان» نامىدا كونكرېت ئىپادىلىنەتتى.

راست گەپنى قىلغاندا، ياقۇپ بەگ تەختتە ئولتۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆزىنى «خان» دەپ ئاتىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى «خان» دېيىش خاتا. ھەتتا ئۇنى ۋاقىتلىق تەدبىر دېگەن تەقدىردىمۇ، ئاسانلا ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىدۇ. ئاسىيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ياقۇپ خان دېگەن يەنە بىر زاتمۇ بار ئىدى.① ئەگەر نەسەب بويىچە

① ئاپتور بۇ يەردە ھۆكۈمران مەنىسىدىكى «خان» بىلەن ئىسىمغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان «خان» نى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن — مۇھەررىردىن.

قارايدىغان بولساق، بۇ زاتمۇ «خان» بولۇشقا تېگىشلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئىقتىدارى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆزى بىلەن ئىسمىداش بولغان ھېلىقى «خان» دىن تۆۋەن ئەمەس ئىدى.

ھەممىشە بۇ ئىككى كىشى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەچكە، ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەگەر بۇ ئىككى زات قانۇن بويىچە ئۆزىگە لايىق نام بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن بولسا، زادىلا بۇنداق ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقمايتتى. 1873 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، سېيىت ياقۇپ خان (نەسەب بويىچە ئۇنىڭغا «خان» دەپ نام بېرىشكە تېگىشلىك. بۇنداق نام ئۇنىڭ تاغىسىدا يوق.) ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەندە، ئەنگلىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى قەشقەرىيىگە قاراپ يولغا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى.

بۇ ۋاقىتتا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى دوگلاس فورسىپس ئەپەندىنى قەشقەرىيىگە يەنە بىر قېتىم ئەلچى قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. 1873 - يىلى يازدا، بارۇن كولبارس شەرتنامىسىنىڭ پايدىسىز ئاقىۋىتىنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلغان بۇ مۇھىم ئەلچىلەر ئۆمىكى پائال تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. بۇ ئىش ئەنگلىيە بىلەن قەشقەرىيە مۇناسىۋىتىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بىرئاز تەپسىلىي بايان قىلماي بولمايدۇ. ئۆتكەن تۆت يىل ئىچىدە بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان سىياسىتىمىز ۋە شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسى فورسىپت ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى. دەرۋەقە، ئەگەر لورد فورسىپتنىڭ دوكلاتى بىلەن ئۇ تۈزگەن شەرتنامە بولمىغان بولسا، روبىت شاۋ ئەپەندىنىڭ ھېلىقى قىزىقارلىق كىتابى بىلەن باتۇرانە ساياھىتى بىزنىڭ قەشقەرىيە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانىغا بولغان زوقمىزنى ھەرگىزمۇ ئۇزاق ۋاقىت داۋام

قىلدۇرالمايتتى.

7 ـ ئايغا كەلگەندە، ھەممە تەييارلىق تەق بولۇپ، يولغا چىقىدىغان چاغدا، سىيىت ياقۇپخان ياكى ئادەتتە كىشىلەر تەرىپىدىن ھاجى تۆرە دەپ ئاتىلىدىغان ھېلىقى زات يولدا ھايال بولۇپ قالغانلىقتىن، فورسىس ئەپەندى ماۋلەيدە تۇرۇپ قالدى. مۇشۇ مەزگىلدە كاپىتان بىدولپ بىلەن كاپىتان تروتتېر ۋە دوكتور ستولىزكا قاتارلىق كىشىلەر لاداق بىلەن شەھىدۇللا① ئارىلىقىدىكى يولنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن لاداقتا كەتكەنىدى.

روبېت شاۋ ئەپەندى ھايۋارد ئەپەندى ۋە كەيلى ئەپەندىلەر بۇ ھەقتە توختالغان ۋە لاداقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى جايلارنى ناھايىتى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆرگەنىدى. فورسىت ئەپەندى باش شتابىنىڭ خادىملىرى بىلەن بىللە كەشمىرنىڭ سىرىناگار شەھىرىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى لاداقتا يېتىپ باردى. بۇ يەردە بىز شۇ قېتىمقى ئەلچىلەر ئۆمىكىگە قاتناشقانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇپ ئۆتەك زىيىنى بولماس. ھەممىدىن ئاۋۋال، بۇ ئەلچىنىڭ ئۆزى دوگلاس فورسىت ـــ ھازىرغۇ سىر. فورسىت دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇ باس ئوردىنى بىلەن تارتۇقلانغان. ھازىر ئۇ ھىندىستان ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالېرىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سىرى② ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا كوماندىر پودپولكوۋنىك گوردۇن بار ئىدى. ئۇ ھىندىستان ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالېرىيىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك سىرى، ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ئۇ پامىرنىڭ كۆپ قىسمىنى تەكشۈرگەن ۋە تەكشۈرۈش

---

① شەھىدۇللا ـ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر تاغلىق يۇرتنىڭ ئىسمى. ئەسلىدە ناھىيىگە تەۋە جاي ئىدى. كېيىن خارابلاشقان ـــ مۇھەررىردىن.

② سىر ـــ ياۋروپادىكى مونارخىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەردە تۆرىلەر تەبىقىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى. مىراس قالمايدۇ ـــ مۇھەررىردىن.

نەتىجىسىنى ئۆزى يازغان «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزگەنىدى. ئۇنىڭدىن قالسا دوختۇر بىللېۋ، ئۇ ھىندىستان ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالىرىيىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك سىرى ۋە مايور دەرىجىلىك دوختۇرى بولۇپ، ئەترەتنىڭ تىببىي داۋالاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ماڭغان. يەنە كاپىتان چاپمان، كاپىتان ترۇتتېر ۋە كاپىتان بېدولپ دېگەن ئۈچ ھەربىي بولۇپ، ئۇلار تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇراتتى. بىرىنچىسى كاتىپلىق قىلاتتى؛ قالغان ئىككىسى ئىلمىي تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان دوكتۇر ستولىزكا دېگەن كىشىمۇ بۇ ئەترەت بىلەن بىللە ماڭغان بولۇپ، كېيىن شالاڭ ھاۋاغا چىدىماي ئۆلۈپ كەتتى. ئېگىزلىك قىسىملىرىدا ئىشلەيدىغان بىر ئىنگلىز كورپۇرالى① ۋە ئالتە نەپەر يەرلىك ئوفىتسېر ھەم مەلىكىلىك ياردەمچى بار ئىدى. يەنە ھىندىستان چېگرا ساقچى پولكى ئاجىرىتىپ بەرگەن ئون ئاتلىق ئەسكەر، بىر ھىندى ئوتتۇرىلىقىيە كوماندىرى بىلەن ئون جەڭچىدىن تەشكىللەنگەن بىر مۇھاپىزەتچى ئەترەتمۇ بىللە ماڭ-غانىدى.

ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ تاللانغانىدى، يولدا ئۇچرايدىغان ھەرخىل تەبىئىي توسالغۇلار، ئېغىر يۈك - تاقلارنى پۈتۈنلەي يەرلىك كىشىلەرگە تايىنىپ ئېلىپ مېڭىشتىن كېلىپ چىقىدىغان خىلمۇخىل بىئەپلىكلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ھېسابقا ئېلىنىدى. سودىگەر ھەم قوشۇمچە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ خەزىنىچىسى تاراسىڭ ھىندىستاندىن ئالاھىدە ياخشى خېچىردىن يۈزنى سېتىۋالغانىدى. يۈك - تاق ئارتىش ئۈچۈن كەمپۈل شەھىرىدىكى ھۆكۈمەت

① كورپۇرال — ئەنگلىيە ئارمىيىسىدە ئوفىتسېرلىك ئۇنۋانىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى — مۇھەررىردىن.

زاۋۇتىدا ئالاھىدە ئىگەر - جابدۇقلار ياسىتىلدى. شۇڭا يىغىپ ئېيتقاندا، قەشقەردىكە قاراپ يولغا چىققان بۇ ئەلچىلەر ئۈممىكى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۈمەكنىڭ ئادەم سانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كىچىك بىر قوشۇنغا تەڭ ئىدى؛ شۇڭا كىشىلەر ئۇلارنى «ئادىمى ئۇچىيۈز، ئۇلىقى تۆتيۈز» چېدىر - بارگاھلىق قوشۇن دەپ ئاتاشتى. ئېنگلىز سەيياھلىرى توپ - توپ بولۇپ قەشقەرگە كىرىپ كەلگەندە، يەرلىك پۇقرالارنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى. فورسىيت ئەپەندى بۇ يەرگە ئايال پادىشاھ بىلەن ۋالىي ئۆزىگە بەرگەن تولۇق ھوقۇققا بىنائەن قەشقەرىيە ھۆكۈمرانى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈشكە كەلگەنىدى، كۆپ سانلىق يەرلىك پۇقرالار مۇشۇ ئەمەلىي پاكىت ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنىڭ ياخشى كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايتتى.

ئەلچىلەر ئۈمىكى شەھىدۇللاغا يېتىپ كەلگۈچە بولغان سەپىرى ئۆزلىرىگە تونۇش بولغان جايلاردا شۇنداقلا ياقۇپ بەگنىڭ زېمىنىنىڭ سىرتىدا داۋام قىلدى. شەھىدۇللاغا كەلگەندە، ئۇلار بۇ ھۆكۈمرانىنىڭ سەلتەنەتىنىڭ بىرىنچى بەلگىسىنى يولۇقتۇردى. بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى ئەھۋال خۇددى روبىت شاۋ ئەپەندى بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن كۆرگەن ئاتلىق غازىنىڭ سەلتەنەتىنىڭ ئەڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئەھۋالى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى. قەشقەرىيە قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان يۈز بېشى مۇھەممەت زارىپ خان ئەلچىلىرىمىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە چېگرىغا كېلىپ تۇرغانىكەن. ئەلچىلەر بۇ يەردە تۆت كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئەترەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، گىرىم ئاغزى ئارقىلىق سانجۇ داۋىنىدىن ئۆتۈپ، سانجۇنىڭ ئادەم ئولتۇراقلاشقان

www.uyghurkitap.com

قىسمىغا يېتىپ باردى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھىندىستاندىن يولغا چىققان ھاجى تۆرە مۇشۇ يەردە ئەلچىلەر ئۆمىكىگە يېتىشىۋالدى. بۇ زات ئۆزىنىڭ جانلىق ئۇسۇلى ۋە ئەنگلىيىگە بولغان دوستلۇقى بىلەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىغا ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلار گىرىم ئاغىزىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىش ئاسانغا توختىمىدى. دوختۇر بىللېۋ ئۆزىنىڭ «كەشمىر ۋە قەشقەر» دېگەن كىتابىدا شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى تۆۋەندىكىدەك جانلىق تەسۋىرلىگەنىدى. ھەرقانداق بىر قوشۇن ياكى كارۋان مۇشۇ جايدا يول يۈرسە يولۇقتۇرىدىغان مەلۇم «تەبىئىي توسالغۇ»لارنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، شۇ كىتابتىن تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە نەقىل كەلتۈرىمىز.

«كۆز ئالدىمىزدا تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن بولغان ھەم ئەستىن چىقمايدىغان بىر مەنزىرە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولدى. ئىككى تەرىپىمىزدە كۈل رەڭ تاقىر تاشلار خۇددى شەھەر قوۋۇقىدەك تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاغلار ئىككى تەرەپكە سوزۇلۇپ قىيپاش يوتىلارنى ئۆزىگە چېگرا قىلىپ، بىر سەھنە شەكىللەندۈرگەنىدى. پارچىلىنىپ ئۇۋۇلۇپ كەتكەن قورام تاشلاردىن ھاسىل بولغان سايلىق - كۆمۈلۈپ ياتقان چىرىمتاللارنىڭ پارقىراق نۇرىدا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قارامتۇل رەڭگىنى پەرق ئەتمەك قىيىن ئىدى — دەرھال بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئايان بولدى. بۇ يەردىن يەنى تۆپىلىكتىن ئۆتىنىشىمىز بىلەنلا كىشىنى بىزار قىلىدىغان غىلتاڭ تاشلىق ساي ئارقىمىزدا قالدى. شۇ ئەسنادا، بىز كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، پاك - پاكىز ئاق قار بىلەن قاپلانغان ئايدالاغا كىرىپ قالدۇق. قارلىق دالا كۆز يەتكۈسىز يەرلەرگىچە سوزۇلغان ئېگىز - پەس تاغ تىزمىلىرىغا تۇتىشاتتى. بۇ تاغلار ئالدىمىزنى خۇددى ئېگىز بىر تام توغرا توسۇپ تۇرغاندەك

تۇسۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆكنى يارغان چوققىلىرى كۆزىمىزگە ناھايىتى ئېنىق چېلىقاتتى. ئۈستىمىزنى پايانسىز تىنىق كۆك ئاسمان قاپلاپ تۇراتتى. بۇ نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە-ھە!»

يۇقىرىقىلار بۇ يەرنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىنىڭ بىۋاستە تەسۋىرى. بۇنداق مەنزىرىنى كۆرگەن كىشىنى سۈر باسىدۇ. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىكىدىن ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدۇ. يانتۇلۇقنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى بىرەر يۈز گەز كېلىدىغان يەردە ئۇچلۇق مۇزلار چوخچىيىپ تۇرىدۇ. بۇ مۇزلار كىشىگە مارتخوۋىن چوققىسىنى① ئەسلىتىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر-نىڭ ئاتلىرى بىلەن يۈك-تاق توشۇيدىغان خېچىرلار ۋە مىنى-دىغان ئاتلار ئادەم يۆلىمىسە داۋاندىن ئۆتەلمەيتتى. مۇشۇ تۇساقتىن ئۆتۈشكىلا توپ-توغرا بىر كۈن كەتتى. سەككىز خېچىر بىلەن تۆت ئات زىيان بولدى. گىرىم ئاغزىدىن ئۆتۈ-ۋالغاندىن كېيىن، تەبىئەت دۇنياسى ئەترەتكە ئانچە توسقۇنلۇق قىلمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئەلچىلەر ئۆمىكى قەشقەرىيىنىڭ دەل-دەرەخلىك تۈز يولى بىلەن مېڭىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ئەلچىلەر ئۆمىكى سانجۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر قانچە كۈن ماڭدى. بۇ جاينىڭ يېرى ئاجىز بولغاچقىمۇ زىرائەت ئۈنمەيدىكەن، مۇنبەت يەرلەرمۇ ئاندا-ساندا بار ئىكەن. دېھقانلار تىرىشىپ تېرىقچىلىق قىلغاچقا، بۇ يەرنىڭ قاقاسلىق قىياپىتى بىرئاز ئۆزگىرىپتۇ. بۇ پاكىت، بىر تەرەپتىن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىلتىپات قىلغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئىشچانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭغا تولۇق ئىشەندۇقكى، يەركەن ۋە خوتەن رايونلىرىدا ياقۇپ بەگنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىققان.

---

① مارتخوۋىن چوققىسى — ئالپ تاغلىرىنىڭ چوققىلىرىدىن بىرى، ئىتالىيە بىلەن شۋېتسىيىنىڭ چېگرىسىدا — خەنزۇچە تەرجىمىدىن.

ئېھتىمال، بۇ مۇشۇ يەردىكى خەلقنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭ تۇڭ - گانلارغا ۋە شەرق تەرەپتىكى ئۆلكىلەردە ئارىلىشىپ ياشايدىغان پۇقرالارغا قارىغاندا بىر ئاز ياخشى بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك؛ لېكىن يەنە بۇ جايلاردا تۇڭگانلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكىدەك بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش بولمىغانلىقى بىلەنمۇ مۇنا - سىۋەتلىك بولسا كېرەك. 1874 - يىلىدىن بۇرۇن، ئارا كۈنىدە بىر قېتىم ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. ياقۇپ بەگنىڭ خوتەنلىك ھەبىبۇللاخاننى ۋاپاسىزلارچە ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى كىشىلەردە ئۇنىڭ سەممىيىتىگە گۇمان تۇغدۇرۇپ قويىدى. لېكىن بۇنداق گۇمان ئۇ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان كۈنلەردە ئاشكارىلانمىدى، خالاس. ئەمما خوتەن، سانجۇ، قاغىلىق ۋە كېرىيە خەلقى ئىنتايىن تىرىشچان ھەم زېرەك ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى تارتقان رىيازەت - لەرگە يۇمشاقلىق قىلىپ، ئەلھۆكمىللا دەپ ئۆتۈۋەرمەيتتى. ئۇلار بۇنى ئېسىدىن زادى چىقىرىۋەتمەيتتى ھەم كەچۈرمەيتتى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېڭى ھۆكۈمرانىغا بولغان قەھرى - غەزەبلىرىنى قەلبىگە يوشۇرۇپ قويۇشتى.

فورسىت ئەپەندى قەشقەرىيەنىڭ ئىككىنچى شەھىرى قاغىلىققا يېتىپ بارغاندا، بۇ يەرنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ يەردىكى ئاشخانىلار ۋە ئاشخانىلار ئىچىدىكى پاكىز شىرەلەر، ئۇزۇن ئورۇندۇقلار، دەستىلەپ تىزىپ قويۇلغان تەخسە ۋە چىنىلەر بىزگە ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدە قالغان فرانسىيىنىڭ يېزا ئاشخانىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى دەرھال ئەسلەتتى.» دەپ يازدى. قەشقەرىيە ھۆكۈمىتى ئىنگلىز ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋې - لىش ئۈچۈن، ئىشلارنى ھەممە تەرەپتىن ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇردى. فورسىت ئەپەندى ياتاق ئۆيلەردىكى تام مەش، فورتۇچكىلارنى ۋە قەدىمدىن تارتىپ دۇنياغا داڭلىق بولۇپ كېلىۋاتقان خوتەن گىلەملىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئەلچىلەر ئۆمىكى

چۈشكەن ھەممە جايلاردا مۇشۇنداق تەييارلىق كۆرۈنگەنىدى. پۇقرالار چەت ئەللىكلەرنى ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە رازى قىلىش ئۈچۈن، مېھمانلارغا خەيرىخاھلىق قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھىدىن قېلىشمايتتى. ھەتتا، ئەلچىلەر ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، سەل - پەل دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن توختىغان يەردىمۇ مۇشۇ يۇرتنىڭ كاتتىلىرى ياكى يۇرت ئاقساقاللىرى ئالاھىدە داستىخان سالدۇرۇپ، قەن - گېزەكلەر بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋالاتتى. ئۇلاردىكى «داستىخان» بىزدىكى تاماق شىرەسىنى بىلدۈرىدۇ. داستىخانغا ھەرخىل نازۇ - نېمەتلەر مول تىزىلىدىكەن. داستىخانغا تىزىلىدىغان نەرسىلەر بەزىدە يۈز خىلغا يېتىدىكەن. داستىخان سېلىش مۇشۇ جايدىكى خەلق ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئادەت ئىكەن. مېھمان ناندىن بىر بۇردا ئوشتۇپ ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن، ئاندىن ناننى ئۆي ئىگىسىگە سۇنىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتى ھەرخىل تەبىقە تۈزۈمى ئەۋج ئېلىپ كەلگەن مۇرەككەپ جاي — ھىندىستاندىن يېڭىسياچە كەلگەن بۇ چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن يېڭىلىق ھېس قىلدۇراتتى. «ئۆي ئىگىسى ئۆز مېھمىنىنىڭ تۈرك ياكى ئىنگلىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بىلەن بىر لىگەندە غىزا يەۋېرىدىكەن. ھەممە چاكارلىرىغىمۇ غىزادىن ئۆلەشتۈرۈپ بېرىدىكەن. چاكارلارمۇ مەرتىۋە تۆپەيلىدىن تارتىنىپ ئولتۇرماي تويغۇچە غىزالىنىدىكەن.» ئەلچىلەر ئۆمىكى يەركەنگە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدى. يەركەن مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ياكى سودا جەھەتتە بولسۇن، بۇ مەملىكەتنىڭ ئەڭ مۇھىم شەھىرى ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ شەھەرگە كىرىشى ئالدىدا ئىشلارنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇردى. زىلچاق دېگەن كەنتتە، ياساۋۇل بېشى باشچىلىقىدىكى بىر ئەترەت نەۋكەرلەر مەخسۇس ئەلچىلەر ئۆمىكىگە قورۇقچىلىققا ئەۋەتىلگەنىدى. بۇ نەۋكەرلەر ياقۇپ بەگنىڭ خاس يىگىتلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

تۈزۈلگەن ئاتلىق ئەترەت بولۇپ، سېرىق خۇرۇمىدىن فورما كىيگەنىدى. ئۇلارغا يەنە يېڭى مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان مەرتىۋىلىك پۇقرالار ۋە سودىگەرلەر قوشۇلۇپ، ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن ھاسىل بولدى. قارشى ئالغۇچىلاردىن تۈزۈلگەن بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇن شەھەر سىرتىدا خېلى ۋاقىتتىن بۇيان مېھمانلارنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئىنگلىزلار شەھەرنىڭ شىمالىدىكى بىر قەلئەگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، ئارام ئالىدىغان يەرگە بېرىش ئۈچۈن رەستىنى ئاتلىق كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئولىشىۋالغان كىشىلەر ناھايىتى دوستانە كۆرۈنەتتى. قىسقىسى، بىرىنچى قېتىمقى ئۆزئارا تونۇشۇش بەزى كىشىلەر ئېيتقاندەك كۆڭۈلسىز بولماستىن، ئادەمنى تولىمۇ رازى قىلاتتى.

ئىككىنچى كۈنى يەركەننىڭ ھاكىمبېگى مۇھەممەت يۇنۇس ئۇلارنى ناھايىتى داغدۇغىلىق ھالدا قوبۇل قىلدى. بۇ زاتنىڭ تارىخى مۇشۇ كىتابنىڭ 9 - بابىدىن بىلىۋېلىنسا بولىدۇ. قوبۇلدىن كېيىن، مېھمانلارغا ئۆزلىرى خالىغان يەرگە بارسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىجازەت بېرىلدى. فورسىيت ئەپەندى ئالىدىنقى نۆۋەت بۇ يەرگە زىيارەتكە كەلگەندە، بۇنداق ئەركىنلىك بېرىلمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ كوچىغا چىقىشى بىلەنلا قىزىقسىنىدىغان يەرلىك پۇقرالار سىرەن - چۇقان كۆتەردى. ئەمما بۇ، دوستلۇق ۋە ئاقكۆڭۈللۈكنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇلار ئاساسلىق كوچىلارنى ۋە بازارلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. مەسىلەن، گۆش بازىرىدا قاسساپلار گۆشنى تۈرى بويىچە كانارىغا ئېسىۋەتكەن. گۆشلەرنىڭ سۈپىتى باش ۋە قۇيرۇقتىن بىلىنىپ تۇرىدىكەن. خېرىدار ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللاپ سېتىۋالىدىكەن. يەركەنلىكلەر ئادەتتە، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئەتىگەندە سېتىۋالسا، ئەيش - ئىشرەت، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى كەچقۇرۇنلۇقى

سېتىۋالىدىكەن. بۇ يەردە «شام» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس كەچلىك بازار بار ئىكەن. شام بازاردا مەخسۇس دوپپا، كىيىم-كېچەكلەر ۋە باشقا بۇيۇملار سېتىلىدىكەن. ئەگەر پانۇس يېقىپ قويۇلىدىغان بولسا، مەملىكىتىمىزدىكى يېزا بازارلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاجايىپ بىر تۈرلۈك مەنزىرە ھاسىل بولغان بولاتتى. بىر فورسېت بىزگە ياقۇپ بەگ دەۋرىدە بازارلاردا جۇڭگونىڭ ھەشەمەتلىك پانۇسلىرىنى ئاسىدىغان ئادەتنىڭ بار-يوقلۇقى ھەققىدە بىرنېمە دېمىگەنىدى. شۇڭا بۇ ھەقتىكى تەسەۋۋۇرلىرىمىز پەقەت بۇرۇنقى دەۋرلەرگىلا ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن.

بۇنداق ئىناقلىق ئاددىي پۇقرالار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانىمۇ بۇ جەھەتتە كۆپچىلىككە ئۈلگە كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى ئەمەلدارلار ھاكىمبەگنى بەك ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قىزغىنلىقىغا ئومۇمەن مېھماننىڭ ئۆي ئىگىسىگە بولغان ھۆرمىتىدىن ئاشۇرۇپراق ئىززەت بىلەن جاۋاب قايتۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھاجى تۆرە ئەپچىل چارىلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ چەكسىز تالانتىنى ئىشقا سېلىپ، قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلدى. ئەلچىلەر ئۆمىكى يەركەندە تۇرغان ئۈچ ھەپتە ئىچىدە، ئۇ بۇ يەردە سىجىل تۇرمىدى، ئەنگلىيىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە دۆلىتىمىز دائىرىلىرىنىڭ قەشقەرىيىدىن كۆزلىگەن ئېنىق مەقسىتىنى ئەمىرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن پايتەختكە كەتتى.

مۇھەممەت يۇنۇس يەرلىكلەردىن خېلى نۇرغۇن ھارۋىنى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئىشلىتىشىگە يۆتكەپ بېرىپ، ناھايىتى چوڭ قولايلىق يارىتىپ بەردى. بۇ ھارۋىلار ناھايىتى مۇستەھكەم ياسالغان، ھەربىرىنىڭ دىئامېتىرى ئالتە فۇت كېلىدىغان ئىككى چاقى بار ئىكەن. ئەھۋالغا قاراپ بۇنداق ھارۋىغا تۆت

ياكى ئالتە ئات قېتىلىدىكەن. ھەر بىر ھارۋا 1120 قاداقچە يۈك كۆتۈرىدىكەن. بۇنداق ھارۋا بىلەن ئادەتتە 20 دىن 25 مىلغىچە يول يۈرگىلى بولىدىكەن. ئەلچىلەر ئۆمىكى ئېغىرراق يۈك - تاقلىرىنى مۇشۇنداق ھارۋا بىلەن يەركەندىن قەشقەرگە يولغا سېلىۋېتىپ، ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى خادىملار يەڭگىلرەك يۈك - تاقلىرىنى ئالغاچ بىر قانچە كۈندىن كېيىن يولغا چىقماقچى بولۇپ قالدى. ھىندىستاننىڭ قاتناش - ترانسپورت قوراللىرىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇنداق ھارۋىلارنىڭ بۇيەردە جامائەت ھارۋىسى ۋە پوچتا ھارۋىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. قەلئە بىلەن قەشقەر شەھىرى ئارىلىقىدا بۇنداق ھارۋىلار داۋاملىق قاتناپ تۇرىدىكەن. بۇ يول جەمئىي بەش مىل كېلىدىكەن. يەركەن بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىدىمۇ مۇشۇنداق ھەم ترانسپورت ھارۋىسى، ھەم پوچتا ھارۋىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ھارۋىلار قاتناپ تۇرىدىكەن. پۈتۈن يول بەش ئۆتەڭ كېلىدىكەن. ھەرقانداق سودا سارايلىرى، بەلگىلىمە بويىچە، بۇنداق ترانسپورت ئىشلىرىنى مونوپول قىلالمايدىكەن. كىرا ھەققى يەرلىك قانۇندا بېكىتىلگەن بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلالمايدىكەن.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەلچىلەر ئۆمىكى يەركەندىن يولغا چىقتى. ھاكىمبەگ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىر مەنزىل ھەمراھ بولۇپ مېڭىشنى بۇيرۇدى. يەركەندىن يېڭىسارغا قەدەر بولغان ئارىلىق يەركەنگە ئوخشاشلا ئاۋات ئىكەن. ئەمما ئېچىلمىغان بوز يەرلەرمۇ ئۇچراپ تۇردى. كۆك رابات يېزىسى بىلەن ئاق رابات يېزىسى گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسىگە چۆمۈپتۇ. ياقۇپ بەگنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى سەپنى تېخىمۇ تەرتىپلىك ۋە كۆركەم قىلى-

ۋەتتى. قوشۇندىكى سەرۋازلار مەشق مەيدانىدا ناھايىتى جىددىي ۋە ئەستايىدىل بولۇپلا قالماي، مۇلازىملىق ۋە ياغاچچىلىق قاتارلىق ئىشلارغا ماھىر ئىكەن. يېڭىسار شەھىرىنى شەھەر يېنىدىكى ياقۇپ بەگ ياساتقان چوڭ بىر قورغان تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما شەھەردىكى ئۆيلەر ئەنجان تىپى بىلەن ئىماتە قىلىنىپ، تاملىرىغا ئوق ئاتىدىغان رانگۇرە قويۇلغانلىقتىن، خۇددى بىر ئىستىھكامغا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. ئەلچىلەر ئۆمىكى بۇ يەردە قىسقا ۋاقىت توختىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگە قاراپ يولغا چىقتى. 1873 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئەنگلىيە ئەلچىلىرىنىڭ بۇ مەملىكەتنىڭ پايتەختىگە بىرىنچى قېتىم قەدەم باسقان مۇھىم كۈن ئىدى. بۇ پايتەختنى بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى روبېرت شاۋ ئەپەندىدىن غەيرى ھۆكۈمەت ۋەكىلى سۈپىتىدە زىيارەت قىلىنغانىدى. ئەلچىلەر ئۆمىكى قەلئەنىڭ سىرتىغا چۈشتى. پادىشاھ ئوردىسى مۇشۇ قەلئەنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئەلچىلەر ئۆمىكى چۈشكەن مېھمانخانىنى بەك كاتتا دېگىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ناھايىتى ئازادە ئىدى. بۇرۇن ئەلچى بولۇپ ھىندىستانغا ئىككى قېتىم بارغان ئىخرارخان تۆرە ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن مېھمانلارنى بىرىنچى بولۇپ يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇلارنى ئاتىلىق غازىنىڭ ھوزۇرىغا دەرھال تەكلىپ قىلدى. فورسىيت ئۆزىنىڭ ئەمىر بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەنلىكىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

«قائىدە - يوسۇن بويىچە، مەن دەرۋازىغا 40 قەدەم قالغاندا ئاتتىن چۈشۈپ ئاستا ماڭدىم. ئىخرارخان ۋە قولىغا ئاق كالتەك تۇتقان ياساۋۇل بېشى ئالدىمدا ماڭدى. بىر كارىدوردىكى سۇپىدا بىرقانچە ئەسكەر مىلتىقلىرىنى يەرگە قويۇپ، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. بىز يان تەرەپتىكى كەڭ بىر سەيناغا كىرىپ، ئۇ يەردىن ئەسكەر بىلەن لىق

تولغان ئىككىنچى كارىدوردىن ئۆتتۇق، ئاندىن باشقا بىر كەڭ سەيناغا كىردۇق. پۈزۈر كىيىنگەن ئەسكەرلەر بۇ قورۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئولتۇراتتى. بىز بۇ سەينا بىلەن ئىچكىرىدىكى بىر هويلىغا كىردۇق. بۇ چاققان بىر هويىلا بولۇپ، هېچكىم يوق پىنهان بىر يەر ئىكەن. بۇ هويلىنىڭ يەنە بىر بېشىدا ئەينەك ئىشىكلىك بىر ئۇزۇنچاق زال بار ئىدى. ئىخرارخان ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، بىزنى چوڭ زالنىڭ سۇپىسىغا باشلاپ كەلدى؛ ئۆزى ئاۋايلاپ دەسسەپ ئىچكىرىدىكە كىرىپ قاراپ باققاندىن كېيىن، ماڭا ئىشارەت قىلدى. مەن ئىشىككە كېلىشىمـ گە ئۇ ماڭا كىرىۋېرىڭ دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۆزى دەرهال قايتىپ چىقتى. مەن بۇ چاغدا ئادەتتىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالدىم. بۇ ئۆي هېچقانداق زىننەتلەنمىگەن، يەرگە ئادەتتىكىچە گىلەم سېلىنغان بىر ئۆي ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇدۇل تەرەپتىكى ئىشىكتىن ئۇچىسىغا ئاددىي كىيىم كىيگەن ئېگىز بويلۇق بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ ماڭا قول ئىشارىسى قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. خىيالىمدا بۇ كىشى مېنى پادىشاهنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىدىغان ياساۋۇل بولسا كېرەك، دەپ قاپتىمەن. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋېتىپ، ئۆزلۈكۈمدىن تازىم قىلدىم. ئۇ ئىككى قولى بىلەن مېنىڭ ئىككى قولۇمنى تۇتۇپ ئادەت بويىچە كۆرۈشتى. شۇ چاغدىلا مەن ئۆزۈمنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەشهۇر هۆكۈمرانىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىـ قىمنى سەزدىم. بىز بىردەم تەكەللۇپ قىلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاتىلىق غازى مېنى ئۆينىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى دېرىزە ئالدىغا باشلاپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. بۇ چاغدا 15 پاي هۆرمەت توپى ئېتىلدى. ئەمىر هەزرەتلىرى سەمىمىي هالدا ئايال پادىشاه هەزرەتلىرى بىلەن ۋالىي جانابلىـ رىنىڭ تەن سالامەتلىكىنى سورىدى. ئاندىن ئىخرارخانغا ئەلچىلەر

ئۆمىكىدىكى باشقا ئەمەلدارلارنىمۇ باشلاپ كىرىشكە پېچىرلىدى. ئۇلار كەينى-كەينىدىن كىرىپ كېلىشتى. ئەسىر ھەربىر كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلارغا مېنىڭ قېشىمدىن جاي كۆرسەتتى. بىر پەس ئادەمنى دىمىقتۇرىدىغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاتىلىق غازى ھەربىرىمىزگە بىردىن-بىردىن ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقتى. مەن باشقىلاردىن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈش ۋاقتىدا، مېھمان كۆپ گەپ قىلسا ئەدەبسىزلىك بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا يەرگە قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بىردەملىك جىمجىتلىقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتىلىق غازى ئىشارەت قىلىۋىدى. 16 ئەسكەر داستىخان كۆتۈرۈپ كىردى. ئاتىلىق غازى بىر ناننى ئۇشتۇپ بىر بىلەن بىللە يېدى. داستىخان ئېلىنغاندىن كېيىن، بىز ئەدەب-قائىدە توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئېسىمىزگە كەلتۈردۇقتە، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ دۇئا قىلىشتۇق. ئارقىدىنلا ئاتىلىق غازى «خوش، ئەمىسە!» دېدى.

بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بۇ قېتىمقى قوبۇل قىلىش ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى. بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان نەرسە بۇ خان ئوردىسى ياكى بۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ھەيۋەتلىك سالاپىتى ئەمەس، بەلكى ئەمىرنىڭ سىرلىق مىجەزى، كىشىگە سىرلىق بىلىنىدىغان سەلتەنىتى ۋە نوپۇزى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئوردىسى ۋە نەۋكەرلىرىنى ھاسىل قىلغان پۇقرالىرىنى تۇتۇپ تۇرغان تالانتى ئىدى. ئۇنىڭ قوقەنلىك دوستلىرى ۋە قەۋم-قېرىنداشلىرى (ئۇلار پۈتۈنلەي مۇشۇ زاتنىڭ سەلتەنىتىگە تايىنىپ باش كۆتۈرگەن ۋە ئامەت تاپقان) ئۇنىڭغا قاتتىق ئىخلاس قىلاتتى. ئەمما بۇنىڭ كەينىدە، بىر-بىرىگە ئورا كولايدىغان ئۇنسۇرلارمۇ مەۋجۇت ئىدى. مۇبادا تاشقى دۈشمەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ قالسا، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاسانلا ئاغدۇرۇپ

تاشلىنىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. لېكىن ئەلچىلىرىمىزنىڭ بۇ ئەھۋالنى ئالدىنئالا كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ياقۇپ بەگ بىلەن ئۇنىڭ قورالىلىق نەۋكەرلىرىنىڭ سىياقى مۇشۇنداق يوشۇرۇن كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەڭ كۈچلۈك ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ھەممە يەردە تەرتىپ ھۆكۈم سۈرەتتى. مەيلى ئەمىرنىڭ ئوردىسىدا بولسۇن ياكى قەلئە ئىچىدىكى گەزەرمىلەردە بولسۇن، ھەممىلا يەردە ئىنتىزامنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى رەسمىي قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ كۈنى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئەمىرگە يوللىغان سوۋغاتلىرى يۈز نەچچە ئادەمگە كۆتۈرتىلىپ، ئەمىر ھەزرەتلىرىگە تەقدىم قىلىندى. بۇ سوۋغا - سالاملارنىڭ ئىچىدە ئىككى دانە كىچىك زەمبىرەك ۋە ھەر خىل قورال - ياراق، لوڭقا قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى؛ ئەمما بۇ ھۆكۈمراننى ئەڭ خۇش قىلغان ۋە دوستلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان نەرسە ئايال پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمىرگە ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتى ئىدى. بۇ خەت «ساغۇچ، چىرايلىق بىر كۋارتىس قۇتىغا سېلىنغان، بۇ قۇتا چىرايلىق چۇچىلار بىلەن بېزىتىلگەن، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تۇتقا بېكىتىلگەن ۋە ھېيقىتى بىلەن نەقىشلىنىپ چىققان» ئىدى. ئەمىر بۇ سوۋغاتنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. قايتا - قايتا ئاللاغا ھەمدۇ - سانا ئوقۇدى. ئارقىدىن تەنتەنە بىلەن دوستلۇقنى بىلدۈرىدىغان گەپلەرنى قىلدى. ئەمىرنىڭ گەپلىرى بىلەن بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئوقۇغان ئاپىرىنلىرىمىز بىرلىشىپ، ئەنگلىيە بىلەن قەشقەرىيەنى شۇنداق چىڭ باغلىدىكى، بۇنداق دوستلۇق ئەنگلىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ھەرقانداق ھۆكۈمران ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقتىن مۇستەھكەم ئىدى. «ئايال پادىشاھ دۇنيادىكى ئۇلۇغ پادىشاھلارنىڭ بىرىدۇر، — دېدى ياقۇپ

بەگ، — ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى قۇدرەتلىك ۋە مېھرىبان ھۆكۈمەتتۇر. بۇنداق ھۆكۈمەت بىلەن دوست بولۇش بىزنىڭ ئارزۇيىمىز. چۈنكى ئۇ بۇنداق دوستلۇقتا ئېرىشكەن كىشىنى ئۈزۈلدۈرمەي مەنپەئەتدار قىلىپ تۇرىدۇ. ئايال پادىشاھ خۇددى قۇياشتەك ئۆز نۇرىنى ماڭا ئوخشاش بىچارىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن سېخىيلىق بىلەن سېپىپ تۇرىدۇ. مەن ئىنگلىزلارنىڭ دوستلۇقىغا تەشنا، بۇ، مەن ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ. سىلەرنىڭ تۇتقان يولۇڭلار ھەققانىي. بۇ يول — ھەرقانداق بىر كىشىگە ئوچۇق تۇرۇپتۇ. بۇ يەردىن لوندونغىچە ھەرقانداق ئادەم پۈتۈنلەي ئەركىن بېرىپ كېلەلەيدۇ.»

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز قەشقەر شەھرىنى بىرىنچى قېتىم ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر ناھايىتى مۇنبەت بولۇپ، ناھايىتى تۈجۈپەلەپ تېرىلغان. ئاھالىسى ناھايىتى زىچ ئىكەن. بۇ يەرنىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىدە قالدۇرغان تەسىرى يەركەندىن قېلىشمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خەلقى ناھايىتى ساغلام ئىدى. ئاساسلىقى، بۇ يەردە پوقاق كېسەللىكى يوق ئىكەن. قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئارىش بەگ قەشقەرلىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بىزگە تۇتقان دوستانە پوزىتسىيىسى يەركەننىڭ ھاكىمبېگىدىن قېلىشمايتتى. بىز ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر كۈننى ئىنتايىن خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزدۇق. 18 - كۈنى چوڭ پارات ئۆتكۈزۈلدى. ئەمما بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىدۇق. پاراتتىن ئۆتكەنلەر ساپلا قەشقەر يېڭىشەھەر قولدىن كەتكەندىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمرانغا تەسلىم بولغان ئاۋۋالقى جۇڭگو ئەسكەرلىرى ئىدى. كىشى ئەگەر بۇ قوشۇننىڭ مانېۋىرى تەسۋىرلەنگەن ئابزاسلارنى ئوقۇسا، بۇلار ئۇ كىشىگە تەلىم - تەربىيە كۆرگەن بىر قوشۇن مانېۋىر قىلىۋاتقاندەك بىلىنمەستىن، بەلكى سېرك ئۆمىكى ئويۇن كۆرسىتىۋات-

قاندەك تەسىر بەرگەن بولاتتى. لېكىن جۇڭگولۇق بۇ ئەسكەرلەر ھەقىقەتەنمۇ قوشۇنغا ياراملىق كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار مانېۋىردا ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان، ئۈچ ئادەم باشقۇرىدىغان زەمبىرەك بىلەن ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتتى. باشقىلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇنداق توپنىڭ 250 يارد دائىرە ئىچىدە ئۇنۇمى ياخشى ئىكەن.

بۇ يەردە شۇنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىنگلىز ئەلچىلىرى قەشقەرىيە زېمىنىدا تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تۇر- مۇش ۋە ساياھەت راسخوتلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقسىز تەمىنلەپ تۇرۇلدى. بۇ ئەمىر يۇقىرىلارنىڭ خىزمىتىگە ھەق بەرگەندە مېتال پۇل بېرىدىكەن. ناھايىتى روشەنكى، كىچىك بىر مەملىكەت ئۈچۈن بۇنداق راسخوت ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەمەلىي پاكىتنى ئىمكانقەدەر تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە بىلدۈرسەك، ئاندىن ئادىل ئىش قىلغان بولىمىز. چۈنكى بۇلتۇر بىز سېيىت ياقۇپ خاننى مۇشۇنداق كۈتۈۋالغىنىمىزدا بەزىلەر نارازى بولغانىدى. بۇنداق نارازىلىق بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان، چۈنكى ھەر- قانداق بىر ئىنگلىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرەر پادىشاھنى جاۋابەن كۈتكەندە تاپا- تەنە قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. ئەلچىلەر ئۆمىكى پايتەختتە ئازغىنا كەم تۆت ئاي تۇردى. ئۇلار ۋاقىتنى ئىنتايىن خۇشۋاقلىق بىلەن ئۆتكۈزدى. ھاۋا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئىسسىق بولدى، ئەمما ئېكسكۇرسىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئىدى.

2- ئاينىڭ 2- كۈنى ياقۇپ بەگ سودا شەرتنامىسىگە مۆھۈر باستى، شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئىش- لىرى ئاساسەن ئاياغلىشىپ قالغانىدى. ئەلچىلەر ئۆمىكى 3- ئاينىڭ 16- كۈنى ئاتلىق غازى بىلەن رەسمىي خوشلىشىپ



www.uyghurkitap.com

ھىندىستانغا قايتتى. ئەلچىلەر ئۆمىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى؛ فورسىيت ئەلچىلەر ئۆمىكى ھىندىس- تاندىن چىققان، رەھبەرلىكى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئەمەلىي ئەھ- مىيەتكە ئىگە بولغان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۇزاققىچە ئەسلىشىگە ئەرزىگۇدەك ئىش قىلدى.

شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن، تۈركىستان سودا شىركىتى قەشقەرىيىگە ھەر يىلى بىرنەچچە سودا كارۋىنىنى ئەۋەتىپ تۇردى؛ ئەمما ھازىر بۇ شىركەتنىڭ خىزمىتى توختاپ قالدى. شىركەتنىڭ خىزمىتى ۋاقىتلىق توختامدۇ ياكى مەڭگۈ توختامدۇ، قاراپ بېقىپ بىر نېمە دېيىشكە توغرا كېلەر. يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە، روبىت شاۋ ئەپەندى لاداقىنىڭ ۋالىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلمەكتە؛ بولتۇر ئۇ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئەلچىلىككە، ياكى ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، قەشقەرىيەدە تۇرۇشلۇق دائىمىي ۋەكىللىككە تەيىنلىنىپتۇ، قەشقەرىيىگە بارغۇدەك دەپ گەپ تار- قالغانىدى. ئەگەر بۇ ئىش ھەقىقەتەن شۇنداق بولغان بولسا، شەرتنامە بۈگۈن (10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) ئىجرا قىلىنىشتىن ۋاقىتىنچە توختىتىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى ئەھۋال يۈز بەر- گەنلىكتىن، بۇ ئىش قالغان يېرىدە قىلىۋېرىشى مۇمكىن. 1877 - يىل 6 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، تۈركىيە بىلەن روسىيە ئۇرۇشى پارتلاپ، شەرق مەسىلىسى يەنە بىر قېتىم كەسكىنلەشكەن چاغدا، ھاجى تۆرە مەدلىكتىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن ئاللىبۇرۇن تۆۋەنلەپ كەتكەن زوقىمىزنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ كېلىشى بەختسىز بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالدى. بىز قەشقەرىيە ئارمىيىسىنىڭ 6 - ئايدا تۇرپان ئەتراپىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق، 7 - ئاي توشا - توشماي تۇرۇپلا

ئاتلىق غازىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى.

بىز بۇ ھەقتە ئېنىق خەۋەرگە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى، ياقۇپ بەگ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇشقا قەتئىي بەل باغلاپتۇ، دېگەن كۆلكىلىك بىر ئېغىۋا تارقالدى. بۇ بىچارە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە رەھىمسىز، ياۋۇز، قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان بىر دۈشمەنگە جان تىكىپ قارشى تۇرۇۋاتاتتى. ئەھۋال كىشىنى مانا شۇنداق ئەخمەق قىلىدۇ! ئاسىيادا مەغلۇپ بولغان بۇ زات ياۋروپادىكى ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەرنى توقۇپ چىقىرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا چوڭ بىر مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان كىشى، روسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا غەزەپكە كەلگەن پۈتۈن شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستانلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە، سىر فورسىت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىزنىڭ قەشقەرىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز بىر مەزگىل ناھايىتى ياخشى بولۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ كەم بولغانلىقتىن لىگتاسما بولۇپ قالغانىدى؛ بىز ياقۇپ بەگكە ھەرقانچە ئاپىرىدىن ئوقۇغان بىلەنمۇ، قەشقەرىيىنى روسىيىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قالالمايتتۇق. بۇ ئىككى جاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى ئويلىغان ھامان، بىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىمىز دەرھال سوۋۇپ قالىدۇ. گىرىم ئېغىزى ۋە يول بويى ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلاقلىرىنىڭ ئورۇقلاپ كەتكەن ھالىتىنى كۆرگىنىمىزدە، قەشقەرىيە باغلىرى بىلەن يەركەننىڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ نۇرلۇق مەنزىرىسى كۆزىمىزدىن غايىب بولىدۇ. سىر فورسىتنىڭ دوكلاتى ھىندىستاننىڭ باشقا تەرەپلەردىن تەھدىتكە ئۇچرىسىمۇ، كەشمىرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بەرگەندە كىشىلەر خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. دەرۋەقە، خوتەن-

دىن رۇدۇكقا ئۆتكىلى بولىدىغان بىر يول بولۇپ، بۇ يەردىن ھىندىستانغا بارغىلى بولاتتى. ئەمما بۇ يول ياقۇپ بەگنىڭ قولىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئويلاشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر قاتارىغا كىرمەيتتى. ئەمەلىيەتتە، 1874 - يىلىدىن كېيىن بىزنىڭ قەشقەرىيە بىلەن ياقۇپ بەگكە تۇتقان پوزىتسىيىمىز، بىزنىڭ پولشا بىلەن كاسۇشكا①غا تۇتقان پوزىتسىيىمىز بىلەن ئوخشاش بولدى. جۇڭگولۇقلار يېڭىباشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلغاندا، قانچىلىك قارشى پىكىرلەر بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئوتتۇرا ئاسىيادا قانداقلا بولمىسۇن ئۈچىنچى بىر كۈچلۈك دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىغا سەل قاراپ كەلگەنلىكى-مىزنى سەزدۇق ھەم رۇسلارنىڭ بۇ دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە يول قويۇشقا باشلىدۇق. بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دوستلۇقتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئومۇمەن باتۇرلۇقنى، ئادالەتنى، مېھماندوستلۇقنى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنى ياقتۇرىدىغان قائىدە- يوسۇنلۇق كىشىلەر بۇ جەھەتتىكى گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىگە خېلى مۇجەسسەملىگەن بۇ زاتقا دوستانە مۇئامىلە قىلاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ قولىدىن چوڭقۇر ھېسداشلىقتىن باشقا ئىش كەلمەيتتى. ياكى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتساق، بۇنىڭدىن مۇستەھكەم بولغان ئالاقىنى تۇتاشتۇرىدىغان رىشتە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى ياقۇپ بەگنى قوللاپ، باشقىلارغا قارشى تۇرغاندا، كىشىلەر ئېتىراپ قىلمىغان ئىشنى قوللىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى؛ تېخىمۇ جىددىي ئىشلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا، بىزنىڭ ئاتىلىق غازى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت-تىمىز كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قېلىشقا باشلىدى.

---

① كاسۇشكا (1767 — 1817) — چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇر-غان پولەك ئوفىتسېرى — خەنزۇچە تەرجىمانىدىن.

ئەمىرگە مۇشۇنداق پوزىتسىيىدە بولغانلىقىمىزدىن، ئىش دەرھال يامانلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى 12 يىلىدا، ئۇنىڭ سىياستى ئەنگلىيىنى ياقلاشتىن روسىيىنى ياقلاشقا ئۆزگەردى. ئەمما بىز يەنىلا «ئۆزىمىز تەرتىپلىك، مۇقىم سىياسىتىمىز» نى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق. ياقۇپ بەگ بىزگە نىسبەتەن ئافغانىستان ھۆكۈمرانىدەك ئىزچىل تەسىر كۆر- سىتىپ كېتەلمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ دۆلىتىگە كىرىشىمىز تەبەتكە كىرىشتىنمۇ تەسكە توختىغانىدى؛ بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، رۇسلارنىڭ يەركەندە تۇرغىنى ئۇرۇشقاق ۋە ئىچىدە دۈشمەنلىك ساقلاپ كېلىۋاتقان جۇڭگولۇقلارنىڭ لىخاسادا تۇرغىنىدەك خەۋپلىك ئەمەس ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەنگلىيە بىلەن قەشقەرىيىنىڭ دۈشمەنلىشىشىگە ئاساس بولمىغاچقا، ئۆزئارا دوس- تانە مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى؛ ئەمما ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئادەتتىكىچە مۇناسىۋەت ئىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا بىر - بىرىنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىپ، بىر - بىرىگە ھال - مۇڭ ئېيتىشىشتىن باشقا ئىش يوق ئىدى. چىن مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاق بولمىغانىدى ۋە ئۆزگەرمەي- دىغان مۇستەھكەم دوستلۇقمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىككى دۆلەت قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئۆزئارا ئانچە - مۇنچە ھېسداشلىق ۋە يېقىنچىلىق قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەيدىغان سوغۇقچىلىق چۈشكەنىدى. 1877 - يىلىدىن ئىلگىرى روبېرت شاۋ ئەپەندى تۇتاشتۇرغان ئۈچقۇن سىرفورسىيتنىڭ گوپپاڭ ئېتىپ ئۇلغايتىشى ئارقىسىدا يالقۇنغا ئايلاندى - يۇ، ئۆچۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆچۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ھېچنېمىدىن قورقماس بىرقانچە باتۇر تەرىپىدىن سېلىنغان ئۇل ئۈستىدە مۇستەھكەم مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغ- رىسىدىكى ئوي - پىكىرلىرىمۇ ئۆچۈشكە باشلىدى. مەيلى بىز

ئېهتىيات قىلغان بولايلى ياكى بولمايلى، سەممىي بولايلى ياكى بولمايلى، مېھرىبان بولايلى ياكى بولمايلى، ياقۇپ بەگ بىزدىن مەدەت كۈتۈپ روسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندا، ئۇنىڭ قولىدا بىر تال شال پاخىلىدىن باشقا بىر نەرسە يوق ئىدى. دۆلەتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياستى توغرىسىدىكى بۇ بابنى ئەمدى ئاياغلاشتۇرىمىز. ئەگەر بىز بۇ بابتا شەرەپكە ئېرىشەلمەگەن بولساق، كەڭ قورساق ئەۋلادلىرىمىز بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىزگە باھا بەرگەندە، بىزنىڭ قاتتىق بولىمىز دەپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بىتەرەپ مەيدانىمىزغا ھېسداشلىق قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# XII باب. ياقۇپ بەگ بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئاخىرقى ئۇرۇش ۋە ياقۇپ بەگنىڭ ھالاكىتى

1876 - يىلى كەچكۈزگىچە، ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ شەرق تەرەپتىكى چېگرىسىغا شەخسەن ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەنىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىملىق تۇڭگان ئۇرۇشىدىن ۋە كۇچانى تارتىۋالغاندىن كېيىن، قوشۇۋالغان رايونلارنىڭ تەرتىپىنى ساقلاش ۋە ئۆز زېمىنىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئوغلىغا ۋە ياردەمچىلىرىگە تاپشۇرغانىدى. تەخمىنەن شۇ يىلى و - ئايلاردا بولسا كېرەك، ئايغاقچىلار: جۇڭگولۇقلار تىيانشاننىڭ شىمالىدا پەيدا بولۇپتۇ، ئۇلار ئۈرۈمچىنى تارتىۋاپتۇمىش، ماناسنى جىددىي مۇھاسىرىگە ئېلىۋاپتۇدەك، غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى بىلەن قوراللانغان يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بارمىش، دېگەنگە ئوخشاش غەلىتە خەۋەرلەرنى قەشقەرگە يەتكۈزدى. ئۇلار يەتكۈزگەن بۇ خەۋەرلەر قىسقا، ئەمما قورقۇنچلۇق ئىدى.

قەشقەردىكى ھۆكۈمرانىنىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قوللانغان ھەرىكەتلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، جۇڭغارىيىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ تارىخى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا بېقىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەيپىڭ تيەنگو بىلەن پانتايلار پەيدا قىلغان قىلغان يىنچىلىقنى ھەل قىلغان ۋە ناھايىتى قالايمىقان بولۇپ كەتكەن

جايلاردىكى تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە قوشۇنلىرىنى رەت-
لەپ، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ دىققەت-
ئېتىبارىنى ئەزەلدىن كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان گەنسۇ ئۆلكى-
سىنىڭ سىرتىدىكى تۇڭگان ئىسيانچىلىرىنى جازالاشقا يۆتكىدى.
ئۇلار يۈننەن ئۆلكىسىدە غەلىبە قىلغان قوشۇنلىرىنى تارقىتىۋەت-
مەستىن، چۆللۈكنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردا ئېلىپ بارىدىغان
يېڭى جەڭلەرگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن يۆتكەپ كەلدى. خاننىڭ
يارلىقى كونا ئەسكەرلەرگە يەتكۈزۈلگەندە ئەھۋالنىڭ قانداق بو-
لىدىغانلىقىنى ئانچە كۆپ ئويلىمايمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ: يارلىقتا
بارلىق ساداقەتمەن ھەربىيلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ شان-شەرىپى-
نى ۋە ئاياغ-ئاستى قىلىنغان دىنىنى قوغداش ئۈچۈن تۇڭگان كۆچمەن-
لەرنى جازالاشقا چاقىرىق قىلىنغانىدى. جاڭ ياۋدەك گېنېراللارنىڭ
قىزغىنلىق بىلەن باشلامچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا، قوشۇندىكى ئەس-
كەرلەرنىڭ ھەممىسى تېزلىكتە ھەرىكەتكە كەلدى. بۇنداق تولۇپ
تاشقان جەڭگىۋارلىق شاۋائىتى بىزگە رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىنى يە-
نە بىر قېتىم ئەسلەتتى. شۇ چاغلاردا بىر ئۆلكىنىڭ ئىستېلا
قىلىنىشى يەنە بىر يېڭى غەلىبىگە مۇقەددىمە بولۇپ بېرەتتى.
ھالبۇكى، ھەر قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقان قوشۇنلار ئىچىدە ئال-
دىنقى قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقان كونا ئەسكەرلەر بولاتتى.
شۇنداق قىلىپ دالى ۋىلايىتى ئۇرۇشىدىكى غالىبلار سىچۇەن ۋە
شەنشى ئۆلكىلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى
لەنجۇ ۋىلايىتىگە يېتىپ باردى. بۇ يەردە ئۆلكىنىڭ ھەربىي ۋالىيسى
ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى توپلاپ ۋە تەلىم-تەربىيە كۆرگەن ئەس-
كەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا يېڭىدىن ئەسكەر ئېلىپ، قوشۇن-
نى تاجاۋۇزچى قوشۇنغا تېتىغۇدەك دەرىجىدە كېڭەيتتى. بەزىلەر
تەۋەككۈلچىلىكنىڭ مەنبەسى مۇنداق بىر سىياسىي مۇددىئادىن

كېلىپ چىققان، يەنى خان جەمەتى تەلىم-تەربىيە كۆرگەن بۇ بىر تۈركۈم ھەربىيلەر ئەگەر جۇڭگونىڭ ئۆزىدە تۇرۇۋەرسە تەسىر كۈچىگە ئىگە سۈيىقەستچىلەر ياكى سەلتەنەتكە خىرىس قىلىۋاتقان قارا نىيەتچىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى مۇشۇ ئىشقا مەقسەتلىك ھالدا ئەۋەتكەن، دەپ ھېسابلىدى (بىزمۇ بۇ پىكىرنىڭ خېلى كۆپ ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمىز). بۇنداق پەرەزنىڭ زادى قانچىلىك ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، يۈننەندە گارنىزونلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەسمۇ بولىدىغان قىسىملار پايتەختتىن يىراق، ئەگرى-توقاي يوللار ئارقىلىق غەربىي شىمال چېگرىدىكى ئۆلكە شەھىرى بولغان لەنجۇ ۋىلايىتىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، بۇ يەردە بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى جۇڭگو شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلا قىلغاندىن بۇيانقى بىر قېتىملىق ئەڭ مۇشكۈل ھەربىي تەۋەككۈلچىلىك ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇرۇلۇۋاتتى.

بۇ قېتىمقى يۆتكىلىشنىڭ قايسى ۋاقىتتا باشلانغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمىز. ئەمما 1874-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، جۇڭگو قوشۇنىنىڭ چاپاۋۇل قىسىملىرىنىڭ غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا باشلىغانلىقىدىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ. لەنجۇ ۋىلايىتى بىلەن قۇمۇل ئارىلىقىدىكى قاقاس چۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاز دېگەندە تەخمىنەن 900 مىل كېلىدۇ. ئەمما جۇڭگولۇقلار بېسىپ ئۆتكەن مۇساپە 1200 مىلغا يېقىن كېلىدۇ، ئۇلار ئاساسىي قوشۇننىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن بىر قىش، ھەتتا ئىككى قىش ۋاقىت سەرپ قىلدى، ئەمما بۇ ئارىلىقتا باش شتابمۇ جىم ياتمىدى، باش شتابتىكىلەر بۇ يەردە نۇرغۇن قورال-ياراق ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەر زاپىسى توپلىۋالدى، يېڭىدىن ئەسكەر

ئالدى ۋە تەربىيەلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن ئاسىيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن (ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۈردى دېمىگەندىمۇ) ئۇرۇش پىلانلىرىمۇ گەنسۇ ھەربىي ۋالىيسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدارلىق ياردەمچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تۈزۈپ چىقىلدى. ئاخىر چۆل-باياۋاندا ئەتىياز پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەللىك مىڭ ئەسكىرى قومۇلنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۇزۇن يولنى بويلاپ يولغا چىقتى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ھەم شىمالىدىكى تېخىمۇ مۇنبەت رايونلارغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. «جىڭباۋ گېزىتى» نىڭ بۇ تەۋەككۈلچىلىك توغرىسىدىكى تەپسىلىي ئەھۋالنى خەۋەر قىلماي تۇرۇۋالغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ ئىش ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇلغانىدى. غەربىي شىمالدا ھەربىي ھەرىكەتنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ھەممەيلەن بىلسىمۇ لېكىن بۇ ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى ۋە كۆلىمىنى بولسا ھېچكىم بىلمەيتتى. چاپاۋۇل قىسىملار قومۇلقا مۇقىم گازارما ياكى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر مەھەللىرى بىنا قىلىپ ئاشلىق تېرىپ، كېلەر يىلى ئەتىيازدا داۋاملىق يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق كۆردى. جۇڭگو قوشۇنلىرى بىر مەزگىل ھايال بولغاندىن كېيىن، ئانچە ئېغىر توسالغۇلارغا ئۇچرىمايلا، تۇڭگان ئاتامانلىرى چېكساقلاپ ياتقان جاي — ئۈرۈمچى شەھىرى سېپىلىنىڭ تۈۋىدە پەيدا بولدى.

ياقۇپ بەگنىڭ بىرنەچچە ئوفىتسېرى دەل مۇشۇ چاغدا شەھەردە ئىدى. تۇڭگان ئاتامانلىرىدىن بىرقانچەيلەنىمۇ مۇشۇ شەھەردە ئىدى. شەھەر مۇداپىئەسى ئانچە ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمىدى، بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئۈرۈمچى جۇڭگولۇقلارغا تەسلىم بولدى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى ماناسقا قېچىپ كەتتى. مۇداپىئە قىلغۇچى قىسىم جۇڭگو گېنېراللىرىنىڭ پەرمانى بويىچە قىرىپ تاشلاندى. شەھەر ئىچىدە قېپقالغان ئاھالىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىدىن خەۋىرىمىز يوق.

www.uyghurkitap.com

ئۈرۈمچى 1876 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تەسلىم بولـ
دى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جۇڭگو قوشۇنلىرى ماناستىكى ئىستىھـ
كاملار ئالدىدا پەيدا بولدى. ماناس سېپىلى ئۈرۈمچىنىڭكىدىن
خېلى مۇستەھكەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇڭگانلار ماناسنى
پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇداپىئە قىلىۋاتاتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ
ۋەھىمىسى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ماناسنى مۇداپىئە قىلغۇ-
چىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆز ئىشلىرى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۇرۇش
قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە بالا - چاقىلىرى-
نىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈنمۇ ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىغا كۆزى يەت-
تى. ئۈرۈمچىنىڭ قورقۇنچلۇق ساۋاقلىرى ماناس شەھرىنى جان
تىكىپ قەتئىي قوغداۋاتقان قوشۇنغا تەسىر قىلماي قالمىدى. ئۈ-
رۈمچىنىڭ قولغا چۈشۈرۈلگەنلىكى ھەربىي جەھەتتە ماختىلىشقا
ئەرزىيدىغان بىر نەتىجە ئىدى. ئەمما ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشى
ياكى مەغلۇپ بولۇشى ماناس قورغىنى ئالدىدا بەلگىلىنەتتى. 9 -ئاي-
نىڭ 2 - كۈنى، جۇڭگولۇقلارنىڭ زالىپلىرى (قاتارلاشتۇرۇپ ئاتقان
توپ ئوقلىرى) سېپىلنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا چۈشكىلى تۇر-
دى. شەھەر سېپىلىگە تۆت تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك بىر
كۈچەپ بىر پەسلەپ، ئالاھازەل ئىككى ئاي داۋام قىلدى. سې-
پىلگە قىلىنغان بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇم چېكىندۈرۈلدى. تۇڭ-
گانلار ئادەم كۈچى ۋە قورال - ياراق جەھەتتە ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان
رەقىبى بىلەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. جۇڭگولۇقلار شەھەرنى
سەككىز ھەپتىگىچە قورشاپ تۇرغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ قەي-
سىرانە روھى باشتىكىدەك بىر خىل تۇردى، تۇڭگانلارنىڭ بولسا
ئوزۇق - تۈلۈك زاپىسى خوراپ تۈگىدى. تۇڭگانلار بىر قېتىم
قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ مەغلۇپ بولغاندىن
كېيىن، تۇڭگانلارنىڭ گېنېرالى خەي يەن جۇڭگونىڭ ئالدىنقى
سەپ قاراۋۇلنىڭ ئالدىغا باش ئېگىپ كېلىپ شەرەپلىك ھالدا

تەسلىم بولۇشقا رۇخسەت قىلىنىشنى ئىلتىماس قىلدى. قارىماققا
شەرتلەرنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىنغاندى، — ياكى جۇڭگونىڭ
ھۆكۈمەت تەرەپ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھەممە ئىشنى مۇجمەل
دېگەن تۈزۈك ئىدى، — 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەي يەن ۋە
ئۇنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى شەھەردىن چىقىپ جۇڭگو قوشۇنلىرى-
نىڭ گازارمىسىغا يېتىپ كىردى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار بىرگە
نامەلۇم. ئەمما ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى قوراللىق بولۇپ،
چاسا سەپ بويىچە تىزىلغاندى. پوزىتسىيىسى كىشىنى شۈبھىلەن-
دۈرۈپ تۇراتتى، تۆت ئەتراپتىكى تاغدا تۇرغان جۇڭگولۇقلارنىڭ
نەزەرىدە ئۇلار گويا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بول-
غاندەك قىلاتتى. جۇڭگو گېنېراللىرىنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈ-
شى بىلەنلا، تۇڭگانلار تۆت تەرەپتىن جۇڭگولۇق توپچى،
ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملارنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچ-
راپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا تىرىپىرەن قىلىۋېتىلدى. ئۇلارنىڭ
ئۆلمەي ساق قالغان ئاتامانلىرى جۇڭگو گېنېراللىرىنىڭ ئالدىغا
ئېلىپ بېرىلدى ۋە دەرھال كاللىسى ئېلىنىشقا بۇيرۇلدى. شە-
ھەر ئىچىدە ياكى ئەتراپتا ئۇچرىغان ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى
قىرىپ تاشلاندى. ئەمما مەلۇماتتا خوتۇن - قىزلار، ئۇششاق بال-
لار ۋە قېرىلارغا رەھىم قىلىندى، دەپ ئېنىق ئېيتىلغاندى. بۇ
يەردە جۇڭگولۇقلارنىڭ سەممىيلىكىدىن گۇمانلانماسلىق كېرەك.
چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، بۇنداق ئۆچ ئېلىش پۈتۈنلەي يول-
لۇق بولۇپ، ئۇنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

جۇڭگولۇقلار ساق قالغان تۇڭگانلارنى جازالاش بىلەنلا قانائەت-
لەنمەستىن، بەلكى ئۇلارنى كەلگۈسىدە ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان
مىللەت دەپ ھېسابلاپ، تەلتۆكۈس يوقاتماقچى بولدى. جۇڭخۇا
ئىمپېرىيىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، تۇڭ-
گانلار ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تەشەببۇسچىلىرىنىڭ مەسىلەن،

تودىلىن ① خېيجۇن، خەن شىڭنۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ گۆرى ئېچىلىپ كۆلى كۆككە سورۇۋېتىلدى. ماناسىنىڭ قولىدىن كېتى-شى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن قاقشاتقۇچ زەربە بولدى. بۇ خەۋەر يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭلا جۇڭگونىڭ تۈركىستان ۋە جۇڭغار-يە ئۆلكىلىرىدىكى خەلقنىڭ ھەممىسى ساراسىمە ئىچىدە قالدى. بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشى شۇ قەدەر كىشىنى ھەيران قالدۇرار-لىق دەرىجىدە يوشۇرۇن ۋە ھۇجۇم شۇ قەدەر چاققان ھەم ئەپ-چىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. بۇ جۇڭگو تارىخىدىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىمۇ، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال. «خىتاي» لار ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا قايتىپ كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ھۆ-كۈمران ئورنىدا تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە ۋە روسىيىدەك كۈچلۈك دۆلەتلەردىن بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان قوشۇمچە ۋاستى-لەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. «خىتاي» لار ئەمدى قەدىم زاماندىكى پالاكەت سەپ شەكلى بويىچە يۈرۈش قىلماستىن بەلكى فرانسىيە ۋە گېرمانىيىنىڭ چارلىرى ئاساس قىلىنغان ئۇستاپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ توپ-زەمبىرەكلىرى ئەمدى بۇرۇنقىدەك توپچىلارنىڭ ئۆزىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان مەنبە بولماستىن، كرۇپ 2 ئەپەن-دىنىڭ زاۋۇتىدا ياسالغان زەمبىرەك بىلەن ئوخشاش ئۈنۈمگە ئىگە ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇلارنىڭ گېنېراللىرى كى-شىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئالغا باسقانىدى. ئۈرۈمچى ۋە ماناسنى قورشاۋغا ئېلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھەزگىزمۇ ئا-دەتتىكىدەك تاكتىكىچىلار ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى. كېيىنكى قې-

① تومىن ياكى داۋۇت خەلىپە دەپمۇ ئاتالغان — مۇھەررىردىن.

① كرۇپ — ئۇزاقتىن بۇيان گېرمانىيىنىڭ قورال-ياراق ئىشلەپچىقىرىشىنى مو-نوپول قىلىپ كەلگەن مەشھۇر كاپىتالىست — مۇھەررىردىن.

تىمقى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا، ئۇلار ئۆز-
لىرىنىڭ ستراتېگىيىچىلەر سۈپىتىدە تېخىمۇ يۈكسەك ئورۇندا
تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

1876-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، تۇڭگانلار ئۆز مۇستەقىللىقىنى
يوقاتقان مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. تۇڭگانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ-
چىلىكى جەڭ مەيدانىدا قوربان بولدى، يا جاللاتلارنىڭ قولىدا
ئۆلدى. ئۇلارنىڭ يوقىلىشى بىلەن، جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ ۋە-
زىپىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئورۇنلاندى. 1862-ۋە 1863-يىل-
لىرى قىرىلىپ كەتكەن «خىتاي»لارنىڭ خۇنى تۆلىتىۋېلىندى.
جۇڭگولۇقلارنىڭ ئابرويى ئەسلىگە كېلىپ، مۇشۇ ئەسىردىن بۇيان-
قى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى. ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك
بولغان مۇھىم ئىشلار مەيلى خەۋپ-خەتىرى جەھەتتىن بولسۇن
ياكى نەتىجە جەھەتتىن ناھايىتى مۇھىم ئىشلار بولۇپ، بۇ ئىش-
لار تېخى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تې-
خى تولۇق ئورۇنلانمىغانىدى. لېكىن ھازىرغا قەدەر جۇڭگو قو-
شۇنى ۋە ئۇنىڭ گېنېراللىرى ھەرقانداق بىر مەملىكەت پەخىر-
لىنەلەيدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنىدى.

ئۇلارنىڭ ئەسىردىن يىراق تۇرغان، شۇنىڭدەك، جۇڭگو-
لۇقلار باش بولغانلىكى ئىشقا پىسەنت قىلمايدىغان بىرلەردەك
كىشىلەر ئۈچۈن بۇ ئىشلار كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۈنۈپ چىققان-
دەك، بەلكى غەلىتە تۇيۇلىدۇ. ئەمما ياقۇپ بەگنىڭ ئوردىسىنىڭ
غالىب دۈشمىنى تۇرۇشلۇق گازارمىدىن مىڭ مىل يىراقلىقتا بولۇ-
شىغا قارىماي بۇ ئىشلارنىڭ قەشقەردىكى خان ئوردىسىدا تۇرۇ-
ۋاتقان ياقۇپ بەگكە قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى، جۇڭگولۇقلار-
نىڭ بۇ دەسلەپكى غەلىبىسىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقاي-
سى جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ قانداق قورققانلىقىنى مۆلچەرلىيەل-
ەيمىز. ئاتلىق غازىنى ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىغا ئىشىنىپ بۇ ئىشتىن

www.uyghurkitap.com

قورقۇپ كەتمىدى دېگەندىمۇ، بۇ ھەرگىز ئۇنىڭ خەۋپىنىڭ ئېغىرلىقىنى سەل چاغلىغانلىقىدىن ئەمەس.

ماناس قولدىن كەتتى، دېگەن خەۋەر ياقۇپ بەگكە تەخمىنەن 11-ئاينىڭ ئاخىرلىرى يېتىپ بارغان بولسا كېرەك. پەسىل ئاخىرلىشىپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۇداپىئە تەييارلىقلىرىنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈۋېلىشىغا پۈتۈن بىر قىش ۋاقىت بار ئىدى. دۆلىتىمىز بۇ شەھەرلەرنىڭ تەسلىم بولغانلىقىدىن 1877-يىل ئاپرېلدىلا ئومۇمیۈزلۈك خەۋەر تاپتى. بىراق ياقۇپ بەگنىڭ ئۆزىنىڭ تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان چېگرىسىنى قوغداش ئۈچۈن شەرققە يۈرۈش قىلغانلىقىنى شۇ چاغدىلا ئاڭلىدۇق. 1876-يىل مارتتىن 1877-يىل مارتقىچە، يەنى قوقەندىكى ماجىرا ئاياغلىشىپ، ئابدۇراخمان ئافتابەچى تەسلىم بولغاندىن باشلاپ ياقۇپ بەگنىڭ قوشۇنلىرى تۇرپان ئەتراپىغا توپلانغان مەزگىلگە قەدەر، قەشقەرىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرى توغرىسىدا ئانچە كۆپ نەرسە ئۇقالمىدۇق. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە قەشقەر خەلقىنىڭ ھېسسىياتىدا بەزى مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدە گەپ يوق. بۇ يەرگە ئۇشتۇمتۇت بېرىپ قالغان كىشىلەر بۇ ئۆزگىرىشنى ئوڭايلىقچە سېزىۋالالمىسىمۇ، ئەمما ئاقىۋىتىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق ھېسسىيات ئاشكارا ماجىرا بىلەن ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنداق ئۆزگىرىشكە دائىر بەزى ئەھۋالنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرۈش ئانچە قىيىن ئەمەس؛ بۇ ئەھۋاللاردىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت (ئاتالىق غازىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاجىزلاشۇرۇۋەتكەن) تىن گۇمانلىنىش تېخىمۇ ئورۇنسىز.

ياقۇپ بەگنىڭ 1875-يىل نويابىردا قوقەندە ئاخىرقى بىر قېتىم ماجىرا يۈز بەرگەندە ئىپادىلىگەن ھەددىدىن تاشقىرى ئېھتىياتچانلىقى ئۇنىڭ ئابرويىنى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىمۇ قاتتىقراق تۆكۈۋەتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ قول ئاستىـ

دىكى ئادەملەر ئىچىدىكى قوقانلىقلەرنىڭ روھىغا سوغۇق سۇ سەپتى. ئەگەر بىز مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ئەڭ قابىل، ئەڭ سادىق مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدە تۇتىدىغان بولساق، بۇ هالدا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر زەربە ئىدى. نۇرغۇن پاكىتلار ئۇنىڭغا نارازى بولغۇچىلار ئۇنىڭ بىر قىسىم پۇقرالىرى ئارىسىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن پۇقرالار ئارىسىغىمۇ كەڭ تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. تۈڭگان يېغىلىقى كىشىلەرنى بىزار قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ خەلقنى خانىۋەيران قىلغان بىر تۈرلۈك قانلىق يىغا بولۇپ قالدى. رۇسلار بىلەن بولغان بۇرۇنقى سودىدىن تاپاۋەت قىلغىلى بولسىمۇ، لېكىن قوللايدىغان ۋە مەدەت بېرىدىغان ئادەم چىقمىغانلىقتىن، بۇ سودا ئاقماي قالدى. شىمال تەرەپتىكى خەتەرلىك تاغ يوللىرىنى جۇڭگولۇقلار زېرىكمەي-تېرىكمەي ئىشلەپ بىر مەھەل راۋانلاشتۇرۇپ قويغانىدى، هازىر بۇ يول غۇلجا ۋە ئالمۇتا بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشنى توسۇش ئۈچۈن پايدىلىنىلماقتا. ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغىنى شۇكى، «سۆز ئوينىتىش ئۇستىسى» بولغان ياقۇپ بەگ ھەممە ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئىمزالىغان شەرتنامىسىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. بۇ شەرتنامە ئۇنى ئەنگلىيەدىن كۈتكەن ھامىيلىقتا ئېرىشتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ-چوڭ تەبىئىي توسالغۇلار ئۇنىڭ خەلقنى بىردىنبىر سودا يولى دەپ ھېسابلانغان بېكى سودا يولىغا ئېرىشتۈرمىدى. فورسېت شەرتنامىسى گويا ئەنگلىيە بىلەن قەشقەرىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇشتۇمتۇت ئۈزۈۋەتكەندەك كۆرۈندى. قەشقەرىيىلىكلەر تولىمۇ زېرەك كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ شەرتنامىنى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر ئالاقە رىشتىسى دەپ قارايدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قارىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى)، ئۇلار ئاتالىق

غازىنىڭ رۇسلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسىتىشتە ئىنگلىز نەيزىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى سەزگەن بولاتتى. بۇ پىكرىنىڭ ئاقىۋىتى ئۇزاققا قالماي رۇسىيىگە بويسۇنۇشقا سەۋر-تاقەت قىلىش بولۇپ چىقاتتى.

ياقۇپ بەگنىڭ پۇقرالىرى ئارىسىدا نارازىلىق مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، يەنى ئۇ مۇشۇ كەيپىياتنى ئەمدىلەتىن بايقىغان چاغدا، جۇڭگولۇقلارنىڭ قايتىپ كېلىشى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ناھايىتى چوڭ ئورتاق خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، ئاق كۆڭۈل خەلق ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىسى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇشى ھەمدە مۇشۇ خەۋپ جەريانىدا مۇنداق بىر ئورتاق ئېھتىياجنىڭ بارلىقىنى، يەنى خەلقنىڭ ھەرقايسى تەركىبلىرىنىڭ بىر-بىرىنى تېخىمۇ ياخشى كەچۈرۈشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىشى مۇمكىن ئىدى. كۇچانىڭ شەرق تەرىپىدىكى جايلاردا، ئەگەر يەنە ئاھالە بولىدىغان بولسا، ئۇلار ياقۇپ بەگنىڭ ۋەكىلىنىڭ پەرمانى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان ئاز سانلىق كىشىلەر ئىدى. بۇ كىشىلەرياقۇپ بەگنىڭ ئىشىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. قەشقەر شەھرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان گارنىزون ئاساسەن ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان «خىتاي» چېرىكلىرى، يەنى ئاتالمىش «يېڭى مۇسۇلمانلار»دىن تۈزۈلگەنىدى. ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ بۇددىست قېرىنداشلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى (قوشۇمچە ماتېرىيالغا قارالسۇن). قوشۇندىكى كۆپ سانلىق يېڭى ئەسكەرلەر كۇچا، ئاقسۇ ۋە شۇ ئەتراپنىڭ تۇڭگانلىرى ئىدى. كىشىلەر ئاتلىق غازى ھېچ بولمىغاندا شۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىگە سادىق كىشىلەرنى تاپالايدۇ، دەپ قاراپ قېلىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ نارازىلىق بار ئىدى. ئۇلار جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىغا

چۇشۇپ قېلىشتىن قورقاتتى. چۈنكى بىگۇنا «خىتاي» لارنى دەل ئاشۇلار ئۆلتۈرگەنىدى. ياقۇپ بەگ بۇنداق جىنايەتكە ھېچ بول- مىغاندا قول تىقمىغانىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ غەزىپى ئالدى بىلەن شۇلارغا قارىتىلاتتى. ئەمما تۇڭگانلارنىڭ بۇ ھۆكۈمرانلىغىمۇ ئاچ- چىقى بار ئىدى. بۇرۇن فرونتتا ياقۇپ بەگ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانىدى. ئۇلارنى ئالدىغاندىن كۆپرەك مەجبۇرلاپ دېگۇدەك ئارمىيىگە قاتناشتۇرغانىدى. شۇڭا، تۇڭگانلارنىڭ ئەنجانلىق مۇ- سۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى بۇددىست جۇڭگولۇقلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن كەم دېگەندىمۇ سەللا كەم ئىدى. ئۇلارنىڭ جا- سارەتلىك ئىشلىرى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمرانىنىڭ ھەربىي تالانتى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. تۇڭگانلار 1862 - يىلدىن 1865 - يىلغىچە بولغان ئارلىقتا باشلىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ قو- يۇپ، جۇڭگوغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقانىدى. ئۇلار ئۆز ۋەزى- پىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندا، غالىبىيەت مېۋىسىنى باشقىلار تارتى- ۋالغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگولۇقلار باستۇرۇپ كىرگەن چاغدا، بۇ ماجىراچى مۇسۇلمانلار ئۆز ئىچىدىن يېغا قو- پاردى. ئەگەر بۇنداق ئەسقاتمايدىغان كىشىلەر ھېسابتىن چىقى- رىۋېتىلسە ياقۇپ بەگنىڭ ئىچى راستىلا كاۋاكداپ كېتەتتى؛ لېكىن ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق تاجى ۋە دىنىي ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىشتا يەنىلا مۇشۇ ئاز سانلىق كىشىلەرگە تايىنىشقا مەجبۇر ئىدى.

ياقۇپ بەگ 1876 - يىلى قىشتا يەركەن بىلەن قەشقەردە قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە ھەربىي زاپاس توپلاشقا جىددىي كىرىشۋاتقان چاغدا، بۇنداق ئارازچىلىقنى سەزگەن بولسىمۇ، تەي- يارلىقنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. شۇ چاغدا ئۇ، مۇشۇنداق شارائىتتا سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ باتۇرانە تاك- تىكا، فرونتتا ئەۋزەل تاكتىكا ئارقىلىق جۇڭگولۇقلارنى يېڭىپ كې- تەلىسەملا، ھەر قانداق قىيىنچىلىق ۋە خېيىم - خەتەرلەرنىمۇ تامام-

مەن يېڭىپ كېتەلەيمەن دەپ قارايتتى. بۇنداق قاراش ئۇنىڭ قەلبىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە قوشۇنىنى، جۈملىدىن تۇڭگانلارنىمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە توپلاپ، تۇرپاندا باش شتاب قۇردى. روسىيە ئوفىتسېرى، كاپىتان كوروپاتكىن قەشقەرىيىگە ئەلچىلىككە بارغاندا، قەشقەرىيىنىڭ ھەممە يېرىنى ساياھەت قىلىپ، تۇرپاندا ئەمىر بىلەن كۆرۈشكەن، ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تۆۋەندىكىچە مۆلچەرلىگەن ھەم بۇ قوشۇنلارنىڭ چېگرىنى بويلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئاخباراتى بۇ مۆلچەرگە قوشۇمچە قىلىنغانىدى:

تاغ ئىچىدىن ئۆتىدىغان مۇھىم يول ئاغزى داۋانچىڭ قورغىنىدا ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىق ۋە ئىككى دانە زەمبىرەك (بۇنىڭ بىرسى كەينىدىن ئوقلىنىدىغان زەمبىرەك) قاتارلىق قوراللار بىلەن بىللە قوراللانغان 900 ئاتلىق ئەسكەر بار. تۇرپاندا ئەمىر بىلەن 3500 ئاتلىق ئەسكەر ۋە 5000 پىيادە ئەسكەر بار؛ ئۇلاردا 20 دانە زەمبىرەك بولۇپ، بۇ قوراللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كونا. توخسۇن كورلىغا بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان، بۇ يەردە بىر قورغان بار؛ بۇ يەر تۇرپانغا بىر قانچە مىل كېلىدۇ. بۇ يەردە 4000 ئاتلىق ئەسكەر، 2000 پىيادە ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان. ئۇلاردا بەش دانە زەمبىرەك بار. ھەقۇلى بەگ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىدۇ. كورلىدا 1500 ئەسكەر بار، كاپىتان كوروپاتكىن بۇ يەردىن كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا فرونتقا يۆتكەلگەن. ياقۇپ بەگ مانا مۇشۇنداق پايانسىز كەڭ رايونغا تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان 17 مىڭ ئەسكىرى بىلەن دۈشمەندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە مەجبۇر بولماقتا، ھالبۇكى، بۇ دۈشمەن سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەننىڭ ئۈستىگە، ئۇرۇش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، قوماندانلىق جەھەتتىمۇ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن.

روسىيىلىك بۇ ئوفىتسېر دۆلىتىگە قايتىپ بارغىنىدىن كېيىن، ياقۇپ بەگنىڭ ئىشلىرىنى ئىنتايىن پۇچەكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىدى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنى تېزلا يىمىرىلىپ كېتىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى، ئۇ يەنە تۇڭگانلارنىڭ كۆپلەپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كۇچانىڭ شەرقىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە قەشقەرىيە ھۆكۈمرانىغا نارازىلىق ۋە ئىشەنمەسلىكنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالدى. خۇنۇكلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى بۇ بايانلار بىرقانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، لوپنۇرنى ساياھەت قىلىپ قايتىپ كەلگەن قارام پولكوۋنىك پىرژېۋالىسكى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئۇ 1877-يىل 5-ئاينىڭ 28-كۈنى كىچىك يولتۈزدىن ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە، ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن سەمىمىي كۈتۈۋېلىنغانلىقىنى ۋە لېكىن نازارەت ئاستىغىمۇ ئېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، «قارا شەھەر دەرياسىدىن لوپنۇرغىچە بولغان يول ئۈستىدە مۇھاپىزەتچى ئەترەت مېنى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭدى، ئۇلار مېنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلەپلىرىمنىمۇ قاندۇرۇشقا تىرىشتى، ئەمما مېنى ۋە ھەمراھلىرىمنى پۇقرالار بىلەن ئۇچراشتۇرمىدى. ياقۇپ بەگ مەندىن رۇسلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان جۇڭگولۇقلارغا ئاشلىق-تۈلۈك يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىمنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى. ئەمما كورلىدىكى بىر قېتىملىق قوبۇل ۋاقتىدا ئۇ يەنە ماڭا ئۆزىنىڭ روسىيىنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى ۋە روسىيىدىن ياخشىلىق كۈتۈپ كەلگەن كىشى ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا ئېيتتى. بىز گەرچە شۇنداق نازارەت ئاستىدا بولساقمۇ، لېكىن ساياھەت ئۆمىكىمىزنىڭ خادىملىرى يەرلىك پۇقرالارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئۇلارنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ ھەربىي ئىستىبدادچىلىقىدىن بىزار بولغانلىقىنى ۋە رۇسلارنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىدىغانلىقىنى ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولدۇق» دەپ يازغانىدى.

بۇ خەتتە دېيىلگەن ئىشلار 1877 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى، ياكى ئېيتايلۇق، ياقۇپ بەگ بىرىنچى قېتىم جوڭگولۇقلاردىن يېڭىلىپ كورلىغا چېكىنگەن چاغدىكى ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەل كاپىتان كوروپاتكىننىڭ سۆزلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ياقۇپ بەگنىڭ قولىدا، چېگرىغا توپلىغان 17 مىڭ نەپەر ئاز-تولا تەربىيە كۆرگەن ئادەمدىن باشقا، يەنە كاپىتان كوروپاتكىن تىلغا ئالغان 10 مىڭ تۇڭگان، يەنى شەرقتىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان تۇڭگانلار بار ئىدى. بۇ كىشىلەر ئىشەنچسىزلىكتە ھەممىگە مەلۇم بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ قورال - جابدۇقلىرىمۇ ئۇسال ئىدى. شۇڭا، يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنى كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ مەنبەيى دېگەندىن كۆرە، زەئىپلىكنىڭ مەنبەيى دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق بولاتتى. فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئاتلىق غازى تۇرپاندا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس روھى ئارقىلىق ئەسكەرلەرنىڭ غەيرىتىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، توخسۇندا ۋە تىيانشان ئەتراپىدىكى باشقا جايلاردا ئىستىھكام ياساتتى.

مۇشۇ مەزگىلدە جۇڭگولۇقلارمۇ بىكار ياتمىدى. ئۇلار تۇڭگانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، قوماندانلىق شتابىنى ئۈرۈمچىگە يېقىن بولغان گۇچۇڭ دېگەن يەرگە قۇردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ گەنسۇ بىلەن بولغان قاتناش ئىشلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇنتىزىم پوچتا ئالاقىسىنى تەشكىللىدى. قورال-ياراق، ئارقا سەپ تەمىناتى ۋە ئادەملەر چۆل - باياۋانلار ئارقىلىق ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كېلىپ ھەربىي يۈرۈش قوشۇنىنى تولۇقلاپ تۇردى. مەسىلەن، لەنجۇ ۋىلايىتىدە قورال - ياراق ساقلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى بىر ھەربىي قورال - ياراق ئامبىرى ياسىلىپ، بىر قېتىمدىلا 10 مىڭدىن ئارتۇق بەردەنگە مىلتىق ماڭدۇرۇلدى.

گەنسۇنىڭ ھەربىي ۋالىيسى ① قوشۇمچە باش قوماندان زوزۇڭ-
تاڭ كۆكلەم پەسلىدە تيانشاندىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن تيانشان-
نىڭ شىمالىدا مۇشۇنداق تەييارلىقلارنى قىلىۋاتقاندا، جۇڭگونىڭ
جاڭ ياۋ دېگەن يەنە بىر گېنېرالى ئاساسىي ھۇجۇمغا ماسلىشىش
ئۈچۈن تيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئىسكەنجىگە ئېلىپ ئۇشتۇمتۇت
ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە قومۇلغا جايلاشتى. جۇڭگو ئەسكەرلىرى-
نىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 60 مىڭغا يەتتى، — ئۇلارنىڭ
50 مىڭى گۇچۇڭ ئەتراپىدا، 10 مىڭى قومۇلدا تۇراتتى — بۇ
پەقەت بىر تەخمىنىي سان ئىدى. ئەمەلىيەتتىكى ئومۇم سان دەل
شۇنداق بولمىسىمۇ، لېكىن ئېنىق سانغا يېقىن كېلىدىغانلىقى
ئۈچۈن، ھازىرچە ئۇنى 60 مىڭ ئادەم دەپ مۆلچەرلەپ تۇر-
دۇق. 3-ئاي ئىچىدە جۇڭگو قوشۇنلىرى ياقۇپ بەگكە ھۇجۇم
قىلىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولدى. بىزنىڭ جۇغراپىيەۋى
مەلۇماتىمىزدىن قارىغاندا، گۇچۇڭدىن تۇرپانغا بارىدىغان ئۇدۇل
يول يوق ئىدى. شۇڭا جۇڭگو قوشۇنلىرى ئەينى ۋاقىتتا ياقۇپ
بەگ ئىستىكام ياساپ جايلاشقان داۋانچىڭغا ئاساسىي كۈچى
بىلەن ئۈرۈمچىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. گەرچە قوشۇنلارنىڭ
كۆپچىلىكى تيانشاننىڭ شىمالىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە ھەل قىلغۇچ زەربىنى قومۇلدىن يولغا چىققان كې-
چىكرەك قوشۇن بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئەگەر بىز قەشقەرىيە ئار-
مىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارايدىغان بولساق، بۇ قوشۇننىڭ
ھەرىكىتىگە ئاتلىق غازىنىڭ تېگىشلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەر-
مىگەنلىكىنى كۆرىمىز.

4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گېنېرال جاڭ ياۋ ھېچقانداق
قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىماستىنلا، چىقتىم بىلەن پىچاندىن ئىبا-

① زوزۇڭتاڭ — ئەينى ۋاقىتتا شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ ھەربىي ۋالىيسى
ئىدى — خەنزۇچە تەرجىمىدىن.

رەت ئىككى بازارنى ھۇجۇم قىلىپ تارتىۋالدى، پىچان تۇرپانغا شەرقتىن تەخمىنەن 50 مىل كېلىدۇ، جاڭياۋ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ باشلىقى زوزۇڭتاڭ بىلەن بىللە قەشقەرىيىنىڭ بارلىق قارشىلىقىنى پاچاقلاپ تاشلىماقچى بولغان ھەمكارلىق ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. خەرىتىدىن بىر قاراپلا شۇنى كۆرىمىزكى، تۇرپاندا تۇرۇۋاتقان ئاتىلىق غازى ئەمدى ئۈرۈمچى بىلەن پىچاندىن چىقىۋاتقان بۇ ئىككى تۈركۈم قوشۇنىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، ئىككى پارچە ئوتنىڭ ئارىسىدا قالغاندى. ئەگەر ياقۇپ بەگ مەغلۇپ بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ چېكىنىش يولى جاسارەتلىك دۈشمىنىنىڭ ئالدىدا پۈتۈنلەي ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ھۇجۇمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقىنى كۆرۈپلا، ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ناھايىتى روشەنكى، جۇڭگولۇقلار داۋانچېڭدا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراۋاتقان، تىيانشان ئاغزىغا قىلىنغان ئاتاكا تېخى غەلىبە قىلمىغان بىر پەيتتە، جۇڭگو قوشۇنى ياقۇپ بەگنى تۇرپاندىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ياقۇپ بەگنىڭ ئوفىتسېرلىرى ۋە ئەسكەرلىرى بىردىنلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى؛ مۇشۇنداق ئالاقزادىلىك ئىچىدە، ياقۇپ بەگ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شۇ يەردىلا دۈشمەنگە تەسلىم بولدى، يەنە بەزىلىرى قاراشەھەرگە چېكىندى. مۇشۇنداق جان تۇمشۇققا كەلگەن پەيتتىمۇ ئاتىلىق غازى بۇرۇنقىدەكلا باتۇر ھەربىي كىشىگە ئوخشاش ئېغىر - بېسىق ۋە بەخىرامان ئىدى. ئۇ تۇرپان شەھىرىنىڭ سىرتىدا تاجاۋۇزچىلار بىلەن يەنە بىر ھازا ئېلىشتى؛ ئۇ، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرپاننىڭ غەربىدىن 40 مىل يىراقلىقتىكى توخسۇندا يەنە داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىككىنچى قېتىم يەنە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قاراشەھەرگە چېكىنىپ، تاجاۋۇزچى ئارمىيىگە

يېڭىباشتىن قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. مۇشۇ بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە، قېچىپ كەتكەن، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدا قۇربان بولغان ئەسكەرلەر ۋە تۇتقانلار قوشۇلۇپ، ياقۇپ بەگ 20 مىڭغا يېتىن ئادەم چىقىم تارتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ چېگرىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە چېكىنىشنى ئاقىلانىلىك دەپ قاراپ، بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قاراشەھەردىن كورلىغا چېكىندى.

بۇ ئېغىر ۋەقە يۈز بېرىشتىن بىرقانچە ھەپتە ئىلگىرى، ياقۇپ بەگ بېسىپ كېلىۋاتقان جۇڭگولۇقلارغا قارشى تۇرۇشقا رۇسلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ تاشكەنتكە ئەلچى ماڭغۇزغانىدى. ئەمما رۇسلار ئۇنىڭ ئەلچىسىنى بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ بىلەنلا يولغا سالدى، ياقۇپ بەگ كامېنسكى ئەپەندىنىڭ جۇڭگو قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سودىسىغا ئارىلاشمىغانىدى. شۇ چاغدا رۇسلار ياۋروپا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، قەشقەرىيە مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چولىسى تەگمەيتتى.

جوڭگولۇقلار كۆپ يىللاردىن بۇيان رۇسىيىلىكلەرنىڭ ياخشى دوستى بولۇپ كەلدى، ياقۇپ بەگ ئۆمۈر بويى روسىيىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ كەلدى. ئۇرۇشۇۋاتقان بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا روسىيە ھۆكۈمىتى جەزمەن ئالدى بىلەن جۇڭگولۇقلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياقۇپ بەگ يېقىندىن بۇيان روسىيىگە ئانچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەتمىگەنىدى. ياقۇپ بەگنىڭ جىيەنى سېيىت ياقۇپخان (ھاجى تۆرە) ئۇنىڭ نامەلۇم بىر مەقسىتى ئۈچۈن ئىستانبۇلدا تۇرۇۋاتقان مەشھۇر گۇماشتىسى ئىدى. ئۇ يەنە روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەشەددىي دۈشمىنى بۇخارا پادىشاھى ئابدۇلمەلىك ياكى كاتتا تۆرە دېگەن زاتقا ھامىيلىق قىلغانىدى. مۇشۇ ئىشلار روسىيىنى ياقۇپ بەگدىن يىراقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۈرۈمچى ياكى تۇرپانغا ئوخشاش يىراق

جايلاردىكى غەلىبىسى رۇسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى نۇرغۇن جەھەتلەردە تېخى رۇسلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەشتۈردى. مۇشۇ ۋەجىدىن رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن قولىنى بوشىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ھالبۇكى، بۇ نۇقتىغا ئەزەلدىن تارتىپ ھېچكىم ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي كەلگەنىدى. بۇددىستلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى غەلىبىسى ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتتىق روھىي زەربە بولدى. بەدۆۋلەت ياكى «ئامەتنىڭ ئىگىسى» دەپ ئاتالغان بۇ زاتنىڭ ئابرويىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى يېقىن قوشنا دۆلەتلەردىكى خوجا-بەگلەر ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

شۇڭا روسىيىلىكلەر ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈشنى رەت قىلىشتا ئەنە شۇنداق تولۇق ئاساسقا ئىگە ئىدى. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى شەرت قىلىپ جۇڭگولۇقلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن دىپلوماتىك تەكلىپلىرىنىڭ ھەممىسى كەسكىن رەت قىلىندى.

جۇڭگولۇقلار توخسۇنغا يېتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىلگىرىلەشنى نېمىشقىدۇر ئۇشتۇمتۇت توختىتىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ۋەھىمىسى يېتىپ كەلگەنلىكتىن قاراشەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاھالە ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. جۇڭگولۇقلار ئۇزۇق-تۈلۈك توپلاپ ئاندىن ئىلگىرىلەش مەقسىتىدە بولۇپ قالدىمۇ ياكى خۇددى ھىندىستاننىڭ بىر ژۇرنىلىدا ئېيتىلغىنىدەك، قانداقتۇر بىرەر يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغانلىقتىن ماڭالماي ھايال بولۇپ قالدىمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. بۇ ھەقتە پېيجىڭدا چىقىدىغان «جىڭباۋ» گېزىتىمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەزكۇر گېزىتنىڭ 6-ئاينىڭ 23-

كۈنىدىكى ساندا، تۇرپان ئەتراپىدا بولغان جەڭ تۇغرىسىدىكى باياناتلار ئېلان قىلىندى ھەممە خىزمەت كۆرسەتكەن گېنېراللارغا شان-شۆھرەت ۋە مۇكاپات بېرىلگەنلىكى مىسال كەلتۈرۈلدى. لېكىن بۇ گېزىت ئۆزىنىڭ كېيىنكى سانلىرىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە نېمە ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرۇۋالغانلىقى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمەي سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇۋەردى. گېزىتتىكى بىر مەلۇماتنىڭ ئىچىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق بىر جۈملە بار ئىدى: «ئەل بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشقا يول قويۇلىدۇ.» ئەگەر بۇ گەپ راست بولىدىغان بولسا، بۇ، ھەر ھالدا جۇڭگولۇقلارنىڭ رەھىمدىل تاكتىكا قوللانغانلىقىنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنىڭ ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغان يېرى شۇكى، بۇ قېتىمقى تۇنجى غەلبىدىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ مىجەزى بوشاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، جۇڭگو قوشۇنلىرى توغرىلىق گەپ ئاڭلىمىغىلى بەش ئايدەك بولۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە قەشقەرىيىدە مۇھىم ۋەقەلەر سادىر بولدى. بۇ ئىشلارغا جۇڭگولۇقلار سەۋەبچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى. بىز مۇشۇ سەھىپىلىرىمىزدە بايان قىلىۋاتقان ياقۇپ بەگنىڭ پاراكەندىچىلىككە تولغان ھاياتىدىكى ئاخىرقى سورۇنىدا بولغان ۋەقەگە تاجاۋۇزچى «خىتاي»لار قاتناشمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گازارمىسىدىن 300 مىل يىراقلىقتىكى جايدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. ۋەقە يۈز بېرىپ بىرقانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنلا خەۋەر تاپتى. ئۇلار بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قوشۇن تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىشتىن ئاۋۋال، بۇ مەملىكەتنىڭ ئۆز ئىچىدىكى بۆلۈنۈش ئامىللىرىنىڭ رولىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىنى ئەڭ ياخشى تاكتىكا دەپ ھېسابلىدى. پولكوۋنىك پىرژىۋالىسكى ياقۇپ بەگ قازاغا ئۇچراش-

مەن سەل ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدى. شۇ چاغدىلا بەختسىزلىكنىڭ كۆلەڭگىسى، ئېھتىمال، مەغلۇپ بولغان بۇ ئىستىبلاچىنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرگەن بولسا كېرەك. ئۇ يېقىندىن بۇيان ئۆز بېشىغا كەلگەن بالايى-قازادىن چاتاقنىڭ تېخىمۇ چوڭى تېخى ئالدىدا ئىكەنلىكىنى تۇيماي قالمايتتى.

ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ھەر خىل گەپ-سۆزلەر بولۇندى. ئۇنىڭ ھېكىم خان تۆرە باشچىلىقىدىكى بىر ئوچۇم سۇيىقەستچىلەر تەرىپىدىن قەتل قىلىنغانلىقى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن ئىدى. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قەتل قىلىنغان ۋاقتى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىكەن. ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۈگۈن ئاتامانلىرىغا ئوخشاش گۇمانلىق ئادەملەردىن كۆرسەكمۇ ئۇ ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ھېسابلانمايتتى. ئەگەر ئۇنىڭ دۆلىتى بىلەن خەلقىغە ئۆتمۈشتىكى تارىخقا ئاساسەن قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىرىنچى ئوڭۇشسىزلىقنىڭ يېڭى ماجىراغا سىگنال بولۇپ قېلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان گەپ. شۇڭا مىش-مىش گەپلەردىن قارىغاندا، ياقۇپ بەگنىڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئەمما بۇنىڭغا ئالاقىدار بايانلارنىڭ بىر-بىرىگە زىت كېلىدىغان نۇرغۇن يەرلىرى بار. قەشقەرىيە ئەمىرىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى تۇنجى خەۋەر ئۆتكەن يىلى 7-ئاينىڭ 16-كۈنى «تايمىس گېزىتى» دە بېرىلگەنىدى. بۇ خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، ياقۇپ بەگ كېسەل بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي كورلىدا ئۆلگەن، ئۇ ئۆز ئوغۇللىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ۋارىسلىققا ھېكىمخان تۆرىنى كۆرسەتكەن. بۇ خەۋەردە يەنە، ھېكىمخان تۆرە پادىشاھلىق تەختىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقتىن، تەختكە ياقۇپ بەگنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگ ۋارىسلىق قىلدى، دېيىلدى. بۇ خەۋەر كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ھېكىمخان تۆرىنىڭ دەسلەپتە

ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان، كېيىن يەنە تەختتىن چۈشۈرۈلگەن بۇزرۇكخاننىڭ قەشقەردىكى كونا خاندانلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىكەن، دەپ خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى تاشكەنتتىن كەلگەنىدى. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بىز ئۆز دۆلىتىمىزدىكى ئالدىنقى خەۋەرنى تارقاتقان ئورۇندىن بەگقۇلى بەگنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ تەختكە ۋارىس بولغانلىقىنى گېنېرال كائۇفمانغا ئۇقتۇرغانلىقىنى بىلدۇق. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلگەنلىكى ئېنىق بولدى، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ھېچقانداق ئورۇن قالمىدى.

مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بەگقۇلى بەگنىڭ روسىيىلىكلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغانىدى. ئەمما بۇ ئوقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىققان نارازىلىق ئىدى. چۈنكى بەگقۇلى بەگنىڭ ئەنگلىيىنى ياقتۇرمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئەلچىمىز سىر فورسايتقا تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە روسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىشىپ، جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىغا ئۆزىنىڭ قانداق يۆنىلىش قوللانسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە روسىيىدىن مەسلىھەت سورىغانىدى. ئۇ يەنە ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى تەكرارلاپ روسىيىنىڭ غۇلجىدىن ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپانغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تەمىناتنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ تەلىپىنىڭ ئورۇنلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ئىشنى كۆرمىدۇق.

بىز بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى توغرىسىدا 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدۇق. ئەمما 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا لاداق ۋە كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستانغا تارقالغان خەۋەرگە قارىغاندا، ياقۇپ بەگ بۇزرۇكخاننىڭ ئوغلى ھېكىمخان تۆرە تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنمىش. بۇ خەۋەر ياقۇپ بەگنىڭ ئۆزىدىن نارازى بولۇپ، كەلگەن مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن قەتل

قىلىنغانلىقى توغرىسىدا بىرىنچى قېتىم بىشارەت بەردى. خە-
ۋەر شۇنداق تەبىئىي ئىدىكى، ئۇ بىزنى ياقۇپ بەگ ئۆز جەمە-
تىنى تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى، دېگەن
ھېلىقى غەلىتە خەۋەرنىڭ غەپلىتىدىن ئويغىتىپ، بىردەمدىلا ئەل
ئېتىراپ قىلغان سۆزگە ئايلاندى. ھازىرقى گەپ ھېكىمخان تۆرە
زادى قانداق ئادەم؟ دېگەن مەسىلىدە بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە
مۇنداق ئىككى خىل گەپ بار ئىدى: بىرى، ئۇنى بۈزرۈكخاننىڭ
ئوغلى دېسە؛ بىرى، كوچا خوجىلىرىنىڭ ئاقساقىلى دەيتتى. ئال-
دىنقى گەپ ئورۇنلۇقتەك قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ نام-ئەمالى
سىرفورسىبېسىنىڭ تەپسىلىي دوكلاتىدا كۆرۈلمىگەچكە، ھە دېگەندىلا
قارشىلىقا ئۇچرىدى، بولۇپمۇ بىز ئۇنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ قەشقە-
رىيىنى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقىنىمۇ
ئاڭلىمىغانىدۇق. كېيىنكى خىلدىكى گەپنى ئىسپاتلاپ بېرىش قى-
يىن ئىدى. ئەمما بۇ گەپنى باشقىلار ئوڭايلا قوبۇل قىلاتتى.
ئەگەر بىز ھېكىمخان تۆرىنى ياكى ئېلىخان تۆرىنى كۇچا شەھىرى
ئاتىلىق غازىنىڭ قولىغا ئۆتكەن چاغدا ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىن-
غان كۇچالىق ئاقساقال دەپ پەرەز قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ
سۇيىقەستچى بولۇپ چىقىشىدىن ئەجەبلەنمەيمىز. ئۇ ئۆزىنى
ئاشۇ شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ھەققىم بار دەپ قارىغان،
خۇددى «تۈركىستان گېزىتى»دە دېيىلگەندەك، ئەسلىدىنلا ئاشۇ
شەھەرنىڭ ھاكىمبېگى بولغان ئادەم ئىدى، قىسمەت ھېلىقى ئىس-
تېلاچىغا تەتۈر كەلگەندە، ئۆزىنىڭ بەدنىيىتىنى ئىشقا ئاشۇردى
دەپ پەرەز قىلساق، چاك بېسىپ تۇرالايدۇ. ئەگەر ھېكىمخان
تۆرە بۈزرۈكخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسىنىڭ تەختىنى ھەيدەل-
گەنلىكى ۋە پالانغانلىقى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىپ شۇنداق قىلغان
دېيىلگەن تەقدىردىمۇ ئەجەبلەنمىگەن بولاتتۇق؛ ئە-
گەر ئۇ يېڭىلگەن ھۆكۈمران بولۇپ، قوقانلىق تەۋەككۈلچى ياقۇپ

بەگكە ساداقەتمەن بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققان ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇ مۇمكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى راست بولغان بولاتتى. ھېكىمخان تۆرە كۇچالىق خوجىلارنىڭ ئاقساقىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەرىيەنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جەمەتىنىڭ بىر تارمىقىغا ۋەكىللىك قىلالايتتى. ئەمما ئۇ بۈزرۈكخاننىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاتا مىراس دۈشمىنى بولغان جۇڭگولۇقلاردىن كېلىۋاتقان جىددىي خەۋپ ئالدىدا، ئەمەلىيەتتىكى پادىشاھنى قەتل قىلىپ، قالايمىقانچىلىق تېرىپ يۈرمىگەن بولسا ياخشى بولاتتى؛ ئەگەر ئۇ كۇچانىڭ ئاقساقىلى بولغان بولسا، جىددىي پەيتتە ئامۇر سانانىڭ ئالدىنقى ئەسىردە ئوينىغان رولىنى ئوينىغان. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، ھېكىمخان تۆرە جۇڭگولۇقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، جۇڭگولۇقلار ئۇنىڭغا ھېچنېمە بەرمەپتىكەن.

«تۈركىستان گېزىتى»: «ياقۇپ بەگ تەپ بولۇپ قېلىپ، يەتتە كۈن ئاغرىپ ياتقاندىن كېيىن، 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جەسىتى تاۋۇتقا سېلىنىپ، ئاپئاق خوجا مازىرىدا يەرلىكتە قويۇش ئۈچۈن 5-ئاينىڭ 13-كۈنى كورلىدىن قەشقەرگە ماڭدۇرۇلدى.» دېگەن بۇرۇنقى سۆزدە چىڭ تۇردى. مەزكۇر گېزىتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، مۇشۇ ئىش يۈز بېرىپ ئارقىدىنلا ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىنىڭ تارىخىدا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئېچىنىشلىق ۋەقە يۈز بەرگەن. مەرھۇم ئەمىرنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ھەققۇلى بەگ ئاتىسى جان ئۈزۈش ۋاقتىدا قېشىدا تۇرغان ۋە تاۋۇتنى چىقارغۇچىلار قاتارىدا كېتىۋاتقانىكەن. شەھەردىن چىقىپ ئۇزاققا بارماي ئاكىسى قولى بەگكە يولۇقۇپ قالىدۇ. ياقۇپ بەگنىڭ بۇ چوڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپلا

uyghurkitap.com

ئىنىسىنى ئاگاھ بىلەن ئېيتىپ تاشلايدۇ. قۇلى گېبە ئىنىسىنى ئۆل-
تۈرۈش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، يەنە تاۋۇتنى ئېلىپ ماڭغان
كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن
كېيىن ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ تاۋۇتنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىدۇ.
بىز بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەگە نىمە سەۋەب بولغانلىقىدىن زادىلا
خەۋەر تاپالمىدۇق. ئەمما قۇلى گىنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ شەرقىي
قىسمىدا تۇرماستىن، قەشقەرغە يېنىپ كېلىۋالغانلىقىدىنلا نىمە
ئۈچۈن ھېكىمخان تۆرىنىڭ كۇچا ۋە كورلىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى
قۇرغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ، ئىچكى قىسىمدا يۈز بەرگەن
بۇ ئىچكى ماجىرانىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ
ئاخىرقى غەلىبىسىنى يەنە بىر بابتا كۆزدىن كۆچۈرسەك تېخىمۇ
تۈزۈك بولار.

شۇڭا، ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ئىككى تۈرلۈك
پاراڭ بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق ئاساسى بارئىدى.
بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى توغرىلىق خاتىرە
بار، ئۇلار بىر بىرىگە زىت. لېكىن جۇڭگودا چىقىدىغان «جىنباۋ»
گېزىتى بۇ مەسىلىنى زادىلا تىلغا ئالمىدى. جۇڭگولۇقلار بۇنىڭدىن
بىرقانچە يىل بۇرۇن قومۇلدىن قېچىپ كەتكەن تۇڭگان ئاتامانى
بەي يەنخۇنى ئاتىلىق غازىدىنمۇ بەكرەك ئۆچ كۆرەتتى. شۇنداق
قىلىپ، ياقۇپ بەگنىڭ 1877 - يىلى 5 - ئايدا كورلىدا ئۆلگەن-
لىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي پاكىتتىن گۇمانلىنىشقا ئورۇن
قالمىدى. يېقىنقى بىرقانچە ئەسىر مابەينىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا
تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ۋە سەرگۈزەشتىلىرى ھەممىدىن
كۆپ بولغان بۇ زاتنىڭ ھاياتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

جامائەتچىلىك ئىچىدە بۇ ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى تۈرلۈك
سەرگۈزەشتىلىرى توغرىلىق قانداق پىكىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
ئۇنىڭ قالتىس تالانتلىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغانلار

ناھايىتى ئاز ئىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ بۈزرۈكخاننى تەختتىن ھەيدىگەن ھەرىكىتىگە شەك كەلتۈرۈشى، ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ ئۆز دوستى ۋە باشپاناھى خۇدا يارخاندىن قايتا ـ قايتا يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە لەنەت ئوقۇشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ 1875 ـ يىلىدىكى لىڭتاسىملىقىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ بارلىق ھەقىقىي ئۇلۇغ ئەربابلاردا بولىدىغان روشەن ئالاھىدىلىككە ـــ كەسكىن مىجەزگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشىمۇ مۇمكىن، بەزىلەر ئۇنىڭ تۇڭگانلار بىلەن بىھۇدە ئۇرۇش قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىنى جۇڭگونىڭ چېگرىسىنىڭ يېنىغا قەدەر سۈرمەكچى بولغان كونا سىياسەتنى يولغا قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى پىشقان بىر سەركەردە ياكى سىياسەتچى بولۇشقا لايىق ئەمەس، دەپ ھېسابلىشىمۇ مۇمكىن. ياقۇپ بەگ سادىر قىلغان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما ياقۇپ بەگنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئىچىدە مەزەلىدىن تارتىپ يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمەي كەلگەن يەنە بىر تەرەپنى ئېغىزغا ئالىدىغان بولساقلا، ئۇ سادىر قىلغان ئىشلارنىڭ ئانچە ئېغىر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ دىپلوماتىيىسىنىڭ سىرى ئىدى. ياقۇپ بەگ ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك، ياردەمگە ئېرىشمەي تۇرۇپلا روسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈستۈنلۈك تالاشمايتتى. ئۇ كۆپىنى كۆرگەن بولغاچقا، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى جەنۇبقا كېڭەيتىشنىمۇ ئويلىمىغانىدى. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، ئافغانىستان بىلەن كەشمىرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. جۇڭگوغا داۋاملىق زىيان سېلىش بەدىلىگە ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىش غەلىبە قىلغان ياقۇپ بەگ ئۈچۈن بىردىنبىر يول بولۇپ قالغانىدى. بىر بۇ ئىرادىلىك مۇسۇلماننىڭ قانداقچىسىگە ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئوردىسىدا تۇرۇپ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇرىتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر

www.uyghurkitap.com

قېتىم جۇڭگوغا قارشى غازات قىلىش نىيىتىدە كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئوت ۋە قىلىچنىڭ ياردىمى بىلەن جۇڭگونىڭ چېگرا ئۆلكىلىرىگە بېسىپ كىرگەن، ھەتتا سەددىچىن سېپىلىمۇ توسۇپ قالالمىغان تۆھپىكار ئەجدادلىرى بىلەن سېلىشتۇرماقچى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنمىدۇق. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنىڭ شەرقىدە قاراپ ئونبەش مېرىدىئان گرادۇس كېڭەيگەنلىكىنى يەنى ئاقسۇدىن كۇچاغا، كۇچادىن كورلىغا، كورلىدىن قاراشەھەرگە، قاراشەھەردىن تۇرپانغا قەدەر كېڭەيگەنلىكىنى، ھەتتا چىقتىمدىكى ئالدىنقى قاراۋۇلدا تۇرۇپ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى ۋە تىبەتنىڭ شىمالىي قىسمىغا ئۆتىدىغان مۇھىم يول ئېغىزىغا جايلاشقان، بايلىقى مول قۇمۇل ۋە باركۆل شەھەرلىرىنى كۆرگەن ھەم بۇ ئىككى شەھەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، جۇڭگونىڭ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، قانچە قېتىملاپ شېرىن خىياللارنى قىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەمما بىز ياقۇپ بەگنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار غايە — جەسۇر ئىرادىسىنىڭ ئۇنىڭ رۇسلاردىن قاتتىق تەشۋىشلىنىدىغانلىقى ۋە ئۆزىگە بەيئەت قىلغان تۇڭگانلارنىڭ يەنىلا داۋاملىق ئاسىيلىق قىلىپ كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىساقلا، ياقۇپ بەگنىڭ سىياسىتىنى ئېنىق چۈشىنەلەيمىز. ئۇ كۆزى يېتىپ تۇرغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى ئازاب چەككەنىدى؛ ئۇ نۇرغۇن قېتىم غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۈمىدسىزلىك يوشۇرۇنغان ئادەم ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ياقۇپ بەگ كېيىنكى يىللاردا، ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويغان ۋەزىپىلەرنى ئاساسەن ئورۇنلاپ بولۇپ، ئالدى-ئارقىسىنى ئويلىغۇدەك بولغان چاغدا، ئۇنىڭ قىرانلىق دەۋرى

ئۆتۈپ كەتكەندى، ياكى ئالايلۇق، ئەمدى ئۇنىڭ غەيرەت ـ جاسارىتى بۇرۇنقىدەك جۇشقۇن ئەمەستى. بىر ئاسىيالىق ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا قەدەم قويغان بولۇپ، ئۆلۈش ـ تىرىلىشىگە باقماي چېپىپ يۈرىدىغان ئىشلارنى قىلغۇدەك جىسمانىي قۇۋۋەتتىن قالغانىدى. ئۇ «زەررىچە ئۈمىد» كىمۇ بۇرۇنقىدەكلا قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلىپ تۇراتتى. ئەمما جاندىن كېچەلەيدىغان جاسارەتنى ۋە يىراقنى كۆزلەيدىغان سەۋر ـ تاقەتنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارغا يارىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەنلا، بۇ ئىشلار ۋە باشقا نۇرغۇن خام ـ خىياللار تامامەن بەرباد بولۇپ كەتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزەرىدە ۋە ئۇلارنىڭ سەلتەنەتتى ئالدىدا، ياقۇپ بەگ يەنە بىر دالىيفۇنىڭ سۇلتانى ئىدى، خالاس. ياقۇپ بەگنىڭ ھىندىستان ۋە ئەنگلىيىدە جامائەتچىلىكنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىغان ۋە مەلۇم دەرىجىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئۇلۇغ پەزىلىتى بۇ ئىمپېرىيە (ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە) دىكى پۇقرالارنىڭ نەزەرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. جۇڭگولۇق ھەربىي ۋالىيلار بىلەن مانجۇرىيە رىتسارلىرىنىڭ نەزەرىدە، ئوقۇقانىلىك ھەربىيلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ غۇرۇرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. ئەگەر جۇڭگولۇقلار بۇرۇن بۇ مەسىلىنى ئويلاپ باققان بولسا، مۇشۇنداق ئويلىغان بولاتتى. ئۆتمۈشتىكى تارىخنى ياقۇپ بەگنىڭ گۇمران بولۇشىدىن كۆزىتىدىغان بىزدەك ئادەملەرمۇ مۇشۇنداق ئويلىغان بولاتتۇق. ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەردە 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى — روشەن بىر پاكىت؛ بۇنى ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئېتىراپ قىلغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان قوشۇنىغا يەنە بىر ئەزا قوشۇلغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشقانىدى.

ھەتتا بىر مەھەل قۇدرەتلىك دەپ سانالغان ھۆكۈمران شىرئەلىخانىمۇ ياقۇپ بەگكە دوستانىلىقتىن بەكرەك ھەسەنخورلۇق بىلەن شان-شەرەپ كەلتۈرگەنىدى. ۋەھالەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى.

ياقۇپ بەگنىڭ سەلتەنىتى جۇڭگولۇقلارنىڭ سەلتەنىتى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى؛ ئۇنىڭ قەيسەرلىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ قەيسەرلىكى ئالدىدا يىپ ئېشىپ بېرەلمەيتتى؛ ئۇنىڭ تاكتىكىسى جۇڭگولۇقلارنىڭ تاكتىكىسى ئالدىدا كىچىك بالىنىڭ ئويۇن قىلغىنىدەكلا بىر ئىش ئىدى؛ جۇڭگولۇقلارنىڭ باتۇرلۇقى ئالدىدا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنىڭ چاغلىق ئىكەنلىكىنى ھەتتا ئۇ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتى. جۇڭگولۇقلار بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەم سانى جەھەتتىكى چوڭ پەرقتىن كېلىۋاتقان بېسىمدىن باشقا، يەنە ئۇستۇن ئەقىل-پاراسەت جەھەتتىكى بۇ جانلىق بېسىم ئۇنىڭغا تولىمۇ زىيانلىق ئىدى. ستراتېگىيە ۋە قورال-ياراق جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇك زور ئەسكىرىي كۈچ ۋە زور ئىرادە، ھەرىكەتتىكى چىددىيلىك، پىكىر جەھەتتىكى تامامەن بىردەكلىك — مانا بۇلار بىرلىشىپ، ئەركىنلىكنى كۆزلىمىگەن تەقدىرىدىمۇ ياشاش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان ئۈمىدسىز بىچارىنى يەنچىپ تاشلىغانىدى. ياقۇپ بەگ ئەسلىدە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق سەرگۈزەشتىگە ئېرىشەلىشى، قىسمەتكە باتۇرلارغا خاس تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالىشى مۇمكىن ئىدى. نىھايەت، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئۆلۈمى بىزگە «بىر ساۋاقنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە بىر ھېكايىنى قۇراشتۇرۇپ بەردى» خالاس. بىز بۇ ھېكايىنى ئالدىنقى سەھىپىلىرىمىزدە تولۇقسىز خاتىرىگە ئاساسەن، ئىمكان قەدەر پاكىتقا يېقىنلاشتۇرۇپ سۆزلەپ بەردۇق. ياقۇپ بەگ مۇشۇ ئاساسىي پاكىتلارنىڭ مەركىزىنى تەشكىل قىلغان بىر پېرسوناژ بولغاچقا، ئىنگلىزلارمۇ ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلىشىنى

www.uyghurkitap.com

ئەلەپ قىلىدۇ؛ كېلەچەكتىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى بولغان بۇ زاتنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا يېڭىباشتىن قىزىقىدىغان كىشىلەر يەنە چىقىشى مۇمكىن. خوجىلارنىڭ بېسىپ كىرىشى ۋە تۇڭگان يېغىلىقى تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن قىرغىن-چىلىقلارنى ۋە باشقا ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى ھەر ئىككى تەرەپ ئۇنتۇغان ياكى ئەپۇ قىلغان چاغدا، كىشىلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ سودا-سېتىقىنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ياخشى سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق پۇقرالارغا كۆپ نەپ بەرگىنىگە قارىماي، قوقەنلىك بىر ھەربىينىڭ ياردەمسىز ئەھۋال ئاستىدا مۇشۇ جايدا قۇرغان بۇ ھاكىمىيىتىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا مەسىلىگە لىللا مەيداندا تۇرۇپ قارايدىغان ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن بۇ ھەربىيگە يۈكسەك باھا بېرەيلى. بۇ زات ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا، ھەربىي-لىك سۈپىتى بىلەن كۆپ رەقىبكە دۇچ كەلمىگەن؛ ھۆكۈمران بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە تەڭ كەلگۈدەك بىرمۇ رەقىبكە دۇچ كەلمىگەن. بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈچىدىن ئىنتايىن ھەيران قالساقمۇ ياكى ئۇلارنى ئەيىبكە بۇيرۇساقمۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاشۇ قېتىمقى ئوچۇق-ئاشكارا ئورۇشتا ياقۇپ بەگنى تاكتىكا ئارقىلىق يەڭگەنلىكى ۋە يوقاتقانلىقى بىلەنلا ياقۇپ بەگنىڭ ئۈستىدىن قاتتىق ھۆكۈم چىقىرىۋەتمەيلى. ئەگەر بىز جۇڭگولۇقلارغا خاس بولغان ھېلىقى ئۇلۇغ پەزىلەتنى ئىنكار قىلساق (ئۇلارنى ئەڭ چۈشىنىدىغان كىشىلەر بۇ نۇقتىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىن)، بۇ ئىشلارغا باھا بېرىشتە خالىغان بىر تۈرلۈك مىزانغا ئاساسلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق مىزان بويىچە بولغاندا، ئاتىلىق غازىنىڭ نام-شەرىپى تۈگەل يوققا چىقىدۇ. ئەگەر بىز كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلارنى مۇشۇنداق يۈزەكى

ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەيدىغان بولساق، بۇنداق ئۆلچەم تەرىپىدىن ئاياغ-ئاستى قىلىنغان كىشىلەرنى ھاقارەتلىگەن بولۇپلا قالماستىن، ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىمىزنىمۇ خورلاتقان بولىمىز. بىز ياقۇپ بەگنىڭ دۈشمەنگە كۇچا ياكى ئاقسۇدا كۈتۈپ تۇرۇپ زەربە بەرمەستىن، دۈشمەننىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بارغانلىقىنى قانچىلىك ئەيىبلىمەيلۇق، ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈچىنى مەنسىتمەي خاتا قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بىر ئىش. بىز ئۇنى ئادىللىق بىلەن، نادىر شاھ①تىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە تونۇلغان ئەڭ ئاتاقلىق زات، ياقۇپ بەگ ئىمپېراتور جەمەتىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە ئاھالىسى زىچ، ئاۋات مەملىكەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاكىنا ئادەملەر قىلالمايدىغان ئىشلارنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ۋۇجۇدقا چىقاردى دېسەك بولىدۇ. باتۇر ۋە ئادالەتنى ياقىلايدىغان بۇ ھۆكۈمراننىڭ قەبرىسى ئۈچۈن يەنە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قەبرە خاتىرىسى بولامدۇ؟

ياقۇپ بەگنىڭ ھاياتىدا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبە-ساۋاقلىرى قىسقا بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. جۇڭگونىڭ چېگرىسىدا ئۆزى ئۈچۈن بىر پارچە زېمىننى ئۆز ئالدىغا ئېگىلىگەن مۇستەقىل ھۆكۈمرانلار بىردەملىك يۈكتىن باشقا ھېچنېمە ئەمەس. ئۇلارنىڭ رىزىقى توشقان كۈنى يېتىپ كەلگەندە، ئەگەر مۇمكىن بولسىلا، ئۇلار خۇددى پېشىل قۇشلىرىدەك ئۇچۇپ كېتىشكەن بولاتتى. ئەنگلىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ تۈزۈمىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئەزەلدىن چۈشەنگەن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش لازىم.

---

① ئىرانلىق ھەربىي، 1736 - يىلى شاھلىقنى تارتىۋالغان. 1747 - يىلى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

# XII باب. جۇڭگولۇقلارنىڭ قەشقەرىيەنى يېڭىباشتىن ئىستېلا قىلىشى

ياقۇپ بەگ كورلىدا ئۆلگەندە قەشقەرىيەنى يەنە بىر قېتىم ئىستېلا قىلىش ئىشى تېخى ئەمدىلا باشلانغانىدى. جۇڭگولۇقلار-نىڭ قوشۇنى تۇرپاندا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، خۇددى بەزىلەر ئېيتقاندەك، بەك ھالسىراپ كەتكەنلىكتىن ئاشۇ شەھەرنىڭ قېشىدىلا توختاپ قالغانىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇڭگانلارنى ئىستېلا قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىدىنمۇ چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە قىزىقىدىغان-قىزىقمايدىغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى؛ ياقۇپ بەگ چوڭ بىر قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، مۇشۇ ئەتراپتا تۇرۇۋېرىدىغان بولسىلا، تۇڭگانلارنى ئىستېلا قىلىش ئىشىنى تاماملاشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ قەش-قەردىيە قوشۇنلىرى قەشقەرگە چېكىنگەندىن كېيىن، جۇڭگو گېنېراللىرىنىڭ بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرىدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. جۇڭگولۇقلار تۇرپاننى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەشقەر ياكى يەركەننى چوقۇم ئىشغال قىلالىشىمۇ ناتايىن ئىدى. يالغۇز يولنىڭ يىراقلىقىنىڭ ئۆزىلا سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان بىر توسالغۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دۆلەتنىڭ ئاجىز، ھېچنېمە ئۇنمەيدىغان زېمىنى تارمار بولۇپ چېكىنگەن مۇسۇلمان قوشۇنلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا تېخىمۇ چۆللىشىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا ئادىل كۆزەتكۈچىلەرمۇ جۇڭگولۇقلارنى تېز غەلىبە قىلالايدۇ، دەپ ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلىشقا پېتىنال-مايتتى. ئەمما چىۋەر بىر گېنېرال ئۈچۈن سالماقلىق بىلەن

ئويلىشىشقا تېگىشلىك بولغان باشقا توسالغۇلارمۇ بار ئىدى. قاراشەھەر ياكى كورلىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، بىر قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇملا كۇپايە قىلاتتى؛ ئەمما كۇچانى بويسۇندۇرۇش ماناسقا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشتىنمۇ تەسكە توختايتتى. جۇڭگولۇقلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكىرى قىسمىدا ئىككى ئايلا ھايال بولۇپ قالىدىغان بولسا، تەمىناتتىن قىسىلاتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئىشى بىتچىت بولۇپ كېتەتتى. كۇچانى ھۇجۇم بىلەن ئالغان تەقدىردىمۇ، يەنە ئاقسۇ بار ئىدى. شىمال تەرەپتە ئۈچتۇرپان، جەنۇب تەرەپتە مارالبېشى بۇ مەملىكەتنىڭ قەشقەر ۋە يەركەن ئەتراپىدىكى مۇھىم رايونلىرىغا بارىدىغان يوللارنى توسۇپ تۇراتتى. ياقۇپ بەگ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ بۇ جايلاردىكى ھېچقانداق بىر ئورۇننىڭ مۇداپىئەسى تېخىچە بوشاشتۇرۇلمىغانىدى. بىر مەزگىلگىچە بەزىلەر ياقۇپ بەگنىڭ باھادىر دەپ ئاتالغان ئوغلىنىڭ بۇ ئىنتايىن مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپىدىن تەشۋىشسىز تولۇق پايدىلىنىشىغا ئىشەنچ قىلىپ كېلىشتى. ئەمەلىيەتتە، ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمى قۇتۇلدۇرۇپ قالغۇسىز بىر بالا يىئاپەتكە سەۋەبچى بولدى، چۈنكى بۇ مەملىكەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە بىرلىكى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغانىدى. دەرۋەقە، ياقۇپ بەگ ھايات بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالالىشى ناتايىن ئىدى. لېكىن ئېلىشىشنىڭ ئۇزاقراق داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا جۇڭگولۇقلار بۇ مەملىكەتنى 1877 - يىل 5 -، 6 - ئايلاردا، يەنى ئاتىلىق غازى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا قايتىدىن ئىستېلا قىلىشقا باشلىدى، دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

تاجاۋۇزچى گېنېراللار تۇرپاندا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھەممىدىن ئاۋۋال رەقىبىگە سەل قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقتىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغانىدى. ھېلىقى رەقىبى ئۆلگەندىن كېيىن بولسا، قەشقەرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تېزلىكتە

مەيدانغا كەلگەن پارچىلىنىش ئامىللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان
پايدىلىق رولىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تولۇق جارى قىلدۇرۇش
قارارىغا كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار مەخپىي
پىلان تۈزدى، روسىيە تەۋەسىدىكى جايلاردىن زور مىقداردا تەمىنات
توشۇپ كەلدى، تېكەس دەرياسى ۋە يۇلتۇز دەرياسىنىڭ كىشىلەر
ئانچە ئۇقمايدىغان كېچىكلىرىنى كېزىپ تەكشۈردى، چۆچەكنىڭ
شىمالىدىكى قالماقلاردىن كۆپلەپ ئەسكەر ئېلىپ، يېڭى قىسىملار
قۇردى. قالماقلار تۇڭگان يېغىلىقى ئەڭ جىددىيلەشكەن چاغلاردا
جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن چۆچەكنى ساقلاپ بەرگەنىدى.

ئەمدى بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى داۋاملىق بايان
قىلىشتىن بۇرۇن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
پاراكەندىچىلىك ھەققىدە، بولۇپمۇ قۇلبەگ بىلەن ھېكىمخان تۆرە
ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھاكىمىيەت تالىشىشى ھەققىدە توختىلى-
شنى زۆرۈر دەپ قارايمىز. ئالدى بىلەن شۇنى ئېنىق چۈشىنى-
ۋېلىشىمىز لازىمكى، ياقۇپ بەگ ئۆلۈپ جۇڭگو قوشۇنلىرى
ئاخىرقى ھۇجۇمنى باشلىغانغا قەدەر بولغان مەزگىلدە قەشقەرىيىدە
يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا قولىمىزدا ھەققەتەنمۇ ئېنىق بىر
ئاخبارات يوق ئىدى؛ ئاشۇ بەش ئاي جەريانىدا يۈز بەرگەن
ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە كەلگۈسىدىمۇ بىر مەلۇماتقا ئېرىشە-
لىشىمىز ناتايىن. ھەقىقىي ماتېرىيال تولۇق بولمىغان شارائىتتا،
بىز پەقەت يۈز بېرىشى ئېھتىمال بولغان بەزى ۋەقەلەرنىلا پەرەز
قىلالايمىز. ياقۇپ بەگ ئۆلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى
بەگقۇلى بەگ قەشقەر شەھىرىدە ياكى شۇ يەرگە بارىدىغان يول
ئۈستىدىكى مەلۇم بىر يەردە تۇرۇۋاتقان ۋە ياكى تۇرپاندىكى
مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ياردەمچى قوشۇن يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن
ئارقا سەپكە ئەۋەتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يوق چاغدا ئەمىر-
نىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ھەققۇلى بەگ ئاتىسى قازا تاپقاندىن

كېيىن، ئارمىيىنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولسا كېرەك. شۈبھىسىزكى، ئۇ ياقۇپ بەگنىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ قەشقەرگە يېقىن بارغاندا، شەھەرنىڭ سىرتىدا ئاكىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدۇ. ھېكىمخان تۆرە مۇ دەل مۇشۇ چاغدا سىياسىي سەھنىدە پەيدا بولىدۇ. شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ياقۇپ بەگنىڭ قازا تاپقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر مەملىكىتىمىزگە ناھايىتى ئۇزاقتا يېتىپ كەلگەندى. بۇ خەۋەر يېتىپ كېلىپ، ئارقىدىنلا ئەمىر قازا تېپىپ بىرقانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالدۇق. شۇڭا ياقۇپ بەگنىڭ قازا تاپقانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋالنىڭ بەزى ئىنچىكە تەرەپلىرىنى ۋە شۇ ۋەقە يۈز بېرىپ بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىكنى بىر تەك ئاڭلىغاندۇق.

ھەققۇلى بەگ كورلىدىن چىققان چاغدا، ئۇ يەردە ئاتلىق غازىنىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەكىلى قالمىغان؛ شۇ مەزگىلدە، سۈيىقەستچى ئۇنسۇرلارغا ھەرىكەت قىلىش پۇرستى تۇغۇلغان؛ قالايمىقان بولۇپ كەتكەن ئوردىدا، ياقۇپ بەگ زامانىسىدەكلا، بۇنداق ئۇنسۇرلاردىن قۇتۇلۇش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھېكىمخان دەل مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قاراشەھەر ۋە كورلىدا ياكى بولمىسا كۇچادا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورناتتى؛ قەشقەردىيە مۇشۇ ۋەجىدىن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا، ئۆلار بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئۈچ لاگىرغا پارچىلىنىپ كەتتى. ھەققۇلى بەگ جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋاقتىنچە توختاپ قالغانلىقىدىن قايمۇقۇپ بىخەستەلىشىپ قالغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغان مۇتىھەم ۋالىينى جازالاشقا بەلباغلىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ۋەزىيىنى جۇڭگولۇقلارغا قالدۇرسا بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن، بەگقۇلى بەگ بىلەن ھېكىمخان تۆرە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى.

بۇ ئۇرۇش قەشقەرىيەنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانىغا قالغان ئازغىنا بايلىقنىمۇ خورىتىپ تۈگەتتى. بۇ بىر قېتىملىق ماجىرا خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش ئىدى، گەرچە ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بەگقۇلى بەگكە پايدىلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قاراشەھەر ۋە كورلىنى زادىلا قايتۇرۇۋالالمىدى. بۇ ئۇرۇش ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا پارتلىغان بولۇپ، ھېكىمخان تۆرە «دۈشمەنلەرنىڭ سان جەھەتتىن بېسىپ چۈشىدىغان ئۈستۈنلۈكى» ئالدىدا مەغلۇپ بولدى. يەركەننىڭ ھاكىمبېگى مەھەممەت يۇنۇسنىڭ ۋاپاتى بەگقۇلى بەگكە زور زىيان بولدى. مەھەممەت يۇنۇس ئۇنىڭ ئەڭ ئىقتىدارلىق ۋە ئەڭ سادىق مەسلىھەتچىسى ئىدى. ھېكىمخان تۆرە شۇنىڭ بىلەن مىڭدەك ئەسكەرنى باشلاپ روسىيە تەۋەلىكىگە قېچىپ كەتتى. گېنېرال كولپاكوۋسكى ئۇلارنى دەرھال نەزەر بەنت قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ھېكىمخان تۆرە قولىدىن كەتكەن دۆلىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەردە روسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن مەخپىي پىلان تۈزدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ بۇ مەخپىي پىلانلىرىنىڭ بىرسىمۇ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ھېكىمخان تۆرە چۈشكۈنلىشىپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ جامائەت سورۇنلىرىدىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ پەقەت شۇنىڭغىلا لايىق ئىدى.

مۇشۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇرۇش ئاقسۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇۋاتقان چاغدا، يەنە بىر ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە يۈز بەردى. بۇ ۋەقە ئارقىلىق بەگقۇلى بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. قىرغىز ئاتامانى سىدىق بەگ بۇنىڭدىن 13 يىل بۇرۇن ياقۇپ بەگ بىلەن قارشىلىشىپ قېلىپ، سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ چىققانىدى. بۇ قېتىم بەگقۇلى بەگ قىيىنچىلىققا بوغۇلۇپ قال-

غان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى-دە، مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى تالاپەتكە ئۇچراتتى. ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردا ھەدەپ بۇلاڭچىلىق قىلدى، تاكى ياش ئەمىر پايتەختنى قوغداش ئۈچۈن ئاقسۇدىن ئالدىراش قايتقان چاغدىلا چېكىنىپ كەتتى. قىرغىزلار ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئىش قىلىپ، دەرھال قاقاس قىزىلئارت تاغلىرىغا چېكىندى. قىرغىزلارنىڭ يىغا قوزغىشى ئەمىرنىڭ قازا قىلىشى ۋە ھېكىمخان تۆرىنىڭ يۈز ئۆرۈشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ماجىرانى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى. ماجىرا ئۈستىگە ماجىرا پەيدا قىلدى، ئاجىزلىق ۋە ئىچكى جېدەل-ماجىرا يېغىلىق ئېلېمېنتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. بۇ ئېلېمېنتلار ئەزەلدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىتتىپاقچىسى بولۇپ كەلگەنىدى. ئەسلىدە ھېكىمخان تۆرە بىلەن قىرغىز باشمىچىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلار چاغلىق نېمىلەر ئىدى. ئەمما چوڭ دۈشمەن چېگرىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان جىددىي شارائىتتا، ئۇلار بىر خىل ئىنتايىن ئېغىر زىيانلىق رول ئوينىدى. سېرىقغۇل ۋە خوتەندىن ئىبارەت ئىككى ئورۇندا پارتلىغان كىچىك كۆلەمدىكى قوزغىلاڭلار سىرتقى كۈچلەر بىلەن ماسلىشىپ، باشقا ماجىرالار بىلەن بىرلىكتە ياقۇپ بەگ ئىمپېرىيىسىنى ئىسكەتتىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. بىر تاشقۇرغان ياكى سېرىقغۇل ئەتراپىدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچنېمىدىن خەۋەر تاپالمىدۇق؛ ئەمما بۇنى ۋاخان تاجىكلىرى ياكى بەدەخشانلىقلار چىقارغان پاراكەندىچىلىك ياكى قىرغىزلارنىڭ يېڭىدىن قىلغان ھۇجۇمىدىن كېلىپ چىققان ماجىرا دەپ پەرەز قىلساق خاتا قىلغان بولمايمىز. تاشقۇرغاننىڭ ئاھالىسى يەركەنلىك كۆچمەنلەر بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ توپلاڭغا ياكى تۈرلۈك ماجىرالارغا سەۋەب بولۇشى ئېھتىمالدىن ناھا-

يېتى يىراق. خوتەندىكى توپىلاڭنىڭ سەۋەبى خېلى ئېنىق ھەم
بۇنىڭ سەۋەبىنى كىشىلەر ئوڭايلا چۈشىنىدۇ. خوتەنلىكلەر
ياقۇپ بەگنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانىغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق
قىلغانلىقىنى ئەزەلدىن كەچۈرگەن ئەمەس، شۇڭا ياقۇپ بەگ
قازا قىلىشى بىلەنلا، خوتەنلىكلەر ئۆچ ئېلىشقا قوزغالغان.
قەشقەرىيىنىڭ مۇداپىئە قىسىملىرى شەھەردىن چىقىپ كېتىشى
بىلەنلا خوتەنلىكلەر ھاكىمبەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىنى
ھۆكۈمران قىلىپ تىكلىگەنىدى. بۇ ھۆكۈمران تاكى جۇڭگولۇقلارنىڭ
غەلىبىسى ئۇلارنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى شەرقتىن كۆتۈرۈل-
گەن بۇ قۇياشقا تازىم قىلىش زۆرۈر دەپ تونۇتقانغا قەدەر ھو-
قۇق تۇتتى. خوتەندە يۈز بەرگەن ۋەقە سانجۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدى-
كى رايونلارغىمۇ ئۆلگە بولۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ قەشقەر-
قولدىن كەتكەندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار يەركەننىڭ جەنۇبىغا
ھەتتا بىر ئەسكەر كىرگۈزمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەملىكەتنىڭ
جەنۇبىي قىسمىدىكى پۈتۈن رايونلار جۇڭگو ئىستىلاسىغا سۈكۈت
قىلىپ تۇردى. جۇڭگو قىسىملىرىمۇ شۇ پەيتتە بۇ جايلارنىڭ
تەسلىم بولغانلىقىدىن قانائەتلەنگەن بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇلار
كوئېنلۇن تاغلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان بۇ مۇھىم شەھەرلەردە
ئەسكەر تۇرغۇزمىدى.

بەگقۇلى بەگ قىرغىزلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قەش-
قەرگە قايتىپ بارغاندا، سىددىق بەگ دەرھال قىزىلئارت تاغلى-
رىغا قېچىپ كەتتى؛ ئەمما سىددىق بەگ بۇ يەردە ئۇزاق تۇر-
مىدى، بىر ئۇزۇن ئۆتمەي پايتەختكە قايتىپ كېلىپ، ئۆزى
بىلەن مۇرەسسەگە كەلگەن ئەمىرنىڭ ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشىغا
ئېرىشكەنلىكىنى كۆردۇق. ئۇنىڭ قىرغىز ئەگەشكۈچىلىرىمۇ دۆلەت
تەرىپىدىن خىزمەتكە ئېلىندى؛ بۇ ئىتتىپاقنىڭ تۈزۈلگەنلىكى

www.uyghurkitap.com

(بۇ ئىنتىپاقنىڭ قىلچە پايدىسى يوق ۋە ئەھمىيەتسىز بولۇشقا قارىماي) قىرغىزلار بىلەن قەشقەرلىكلەر ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك زۆرۈر ئىش ئىدى. جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ ئالغا سىلجىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بەش ئايدىن بۇيان، بۇ تەۋار مۇسۇلمان مىللىتىنىڭ كاللىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن بۇ خەۋپ ئاخىر قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىغا كېلىپ قالدى. ئۇزۇندىن بېرى كىشىلەرنى ھەم ساراسىمىگە سالغان، ھەم ساقلاتقان «خىتاي» لار تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان قۇدرەت بىلەن پايتەختكە يېقىنلىشىپ قالغانىدى؛ يۈرەكزادە بولۇپ قالغان بىر مەملىكەتنىڭ ساراسىمىلىك ھالىتى ئۇلارغا ئەجەلنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى. خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماجىرالار، ھۆكۈمرانلار ئىچىدىكى ئىناقسىزلىق، شۇنىڭدەك بىرلىككە پۇتلىكاشاڭ بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆكتىلەر تاجاۋۇزچىلارنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇپ بەردى. جۇڭگولۇقلار چوڭ دۆلەتكە خاس ئېھتىياتچانلىق بىلەن، پىلان تۈزۈۋاتقان ۋە تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغدا، قەشقەرىيە خەلقى بولمىغۇر گۇرۇھۋازلىق پىتنىسىگە چۆكۈپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى مۇشۇنىڭغا سەرپ قىلىۋاتقان چاغدا، جۇڭگو گېنېراللىرى يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇ دۆلەتنى بوغۇپ، مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىۋەتمەكچى بولۇپ، سىرتماقنى تېخىمۇ چىڭىتىۋاتاتتى. قەشقەرىيىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇنجى ھۇجۇمىدىن چۆچۈپ ئەمدىلەتىن ھوشىغا كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئەسلىدە كورلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە جۇڭگولۇقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىغىمۇ پەرۋا قىلمىغانىدى، ئەمما جۇڭگولۇقلارنىڭ يەنە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئىككىنچى قېتىمقى چۆچۈشنىڭ تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار-

دىكى خاتىرجەملىك تېزلا ئاياغلاشتى. ئۇلارنىڭ بېشىغا ئاۋۋال-قىدىن ئون ھەسسە ئېغىر ۋەھىمە چۈشتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنى ئۆچتى. ئۈمىدسىزلىك ئۇلارنى ئەسلىدە باتۇر-لۇق كۆرسەتسە قۇتۇلالىغىلى بولىدىغان تەقدىرگە تەن بېرىشكە دەۋەت قىلدى. ئەمدى بىز جۇڭگو قوشۇنلىرى ۋە بۇ قوشۇننىڭ ھەل قىلغۇچ خاراكتېردىكى بەزى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئۈس-تىدە توختىلىمىز.

تىيانشاننىڭ شىمالىدا ئالىي قوماندانلىق ھوقۇقى قەشقە-رىيىگە جازا يۈرۈشى قىلغان قوشۇننىڭ ئالىي مارشالى ۋە گەن-سۇ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي ۋالىيسى زوزۇڭتاڭنىڭ قولىدا ئىدى. تىيان-شاننىڭ جەنۇبىدىكى قوشۇنلارنىڭ قوماندانى جىن‌شۈن ۋە جاڭ ياۋئىدى. جىن شۈن ماناس شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان قەھرىمان، جاڭ ياۋ تۇرپان ۋە قۇمۇلنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۇ-رۇشىنىڭ قەھرىمانى بولۇپ، بىرسى، ماناسنى بازا قىلغان، بىرسى تۇرپاننى بازا قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ تەمىناتى ئاساسەن، جۇڭگو چېگرىسىدىكى قۇمۇل، باركۆل ۋە چۆچەكتىن، شۇنىڭدەك جۇڭگو چېگرىسىنىڭ سىرتىدىكى غۇلجا، سەمەرچىنىسىكى ① ۋەسىپىپالاتىنىسكى قاتارلىق جايلاردىن كېلەتتى. ئۇلارنىڭ قورال-ياراق، ئوق دورى-لىرى چۆللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى لەنجۇ ۋىلايىتىدىن توشۇپ كېلىنەتتى. ئۇلارنىڭ قىسىملىرى قالماق ۋە باشقا قەبىلىلەردىن ئېلىنغان يېڭى ئەسكەرلەر بىلەن تولۇقلىناتتى. جۇڭگولۇقلار ئۆز ئارمىيىسىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە ئانچە قىزىقماستىن، ئۆز قوشۇنلىرىنى رىفىللىق بەردەڭگە مىلتىق ۋە كروب ماركىس-دىكى توپ-زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشاتتى؛

① گۇاڭشۈنىڭ 4 - يىلى 11 ئايدا زوزۇڭتاڭنىڭ مەكتۇبىدا «يەتتەسۇ ئۆلكىسى» دېيىلگەن جاي — خەنزۇچە تەرجىمانىدىن.

ئۇلار يەنە يازنىڭ ئوتتۇز ئىسسىقلىرىدا ئۆزلىرى يېقىندا ئىشغال قىلىۋالغان يەرلەردە توختاپ دەم ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىدا بەزىلەر ئېيتقاندەك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كۆرۈلمىدى. بۇ ھەقتە «تاشكەنت گېزىتى» دە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر پارچە قىسقا ماقالە ئېلان قىلىنغان. بۇ خەۋەرنى لوندوندا چىقىدىغان بەزى گېزىتلەر كۆچۈرۈپ باسقان. ماقالىدە قەشقەردە تارقالغان ۋابا جۇڭگو قوشۇنىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى؛ مۇشۇ بالايىئاپەت يۈز بەرگەنلىكتىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۇجۇمى مەڭگۈگە توسۇپ قېلىندى، دېيىلگەن. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنداق ھۆكۈم مەلۇم پاكىت ئاساسى بار دېيىلگەن تەقدىردىمۇ ئاشۇرۇۋېتىلگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرى دەرىجىلىك نوپۇز ئىگىلىرىدىن ئۇقۇشىمىزچە، روسسىيە ھۆكۈمىتى يېقىندىن تونۇشقان دوستى بەگقۇلى بەگنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى جايلارغا ئۇزۇق-تۈلۈك توشۇشنى توختاتقان. ئەمما كامپىنسكى ئەپەندىنىڭ كارۋىنى غۇلجا بىلەن ماناس ئارىلىقىدا داۋاملىق قاتناپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىق رۇس سودىگەرلىرى جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ تامىقىنى باشقۇرۇۋېتىپتۇ. جۇڭگولۇقلار بىلەن رۇسلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن. جۇڭگولۇقلار غەلىبە قىلغانلىقتىن، ئۆزلىرىگە تەمەننا قويۇپ، گىدىيىپ يۈرۈشىدىكەن ھەمدە غۇلجا مەسىلىسىنى پاتپات تىلغا ئېلىپ، غۇلجىدىكى ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىكەن. ئۇلار بىر ئىككى قېتىم گەپ تالىشىپ قېلىپ، مۇشتلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق توقۇنۇشنىڭ قايسى دەرىجىگە كېڭىيىشىدىن قەتئىينەزەر، روسسىيە ھۆكۈمىتى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ زىيىنىنى تۆلىتىۋېلىش ئۈچۈن دىپلوماتىيە تەدبىرى قوللانماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزلىرىنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلارغا

داۋاملىق ئۇزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىشىنى ئاشكارا تەستىقلىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئاقسۇ قولدىن كېتىشى بىلەن تەڭلا، كامپىنىسكى ئەپەندى بۇ يەرگە چوڭ بىر كارۋان ئەۋەتكەنىكەن. جۇڭگولۇقلار بىلەن روسىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بۇرۇنقىدەكلا ساقلىنىۋېتىپتۇ؛ كىشىلەر ئۇزۇندىن بېرى روسىيىنىڭ قەشقەردىيە ئىستىلا قىلىنغانلىقىغا قەدەر بىتەرەپ بولۇپ تۇرالىشىدىن گۇمانلانغانىدى. بۇنداق دېمىسەكنىمۇ ئۇ ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى. روسلار جۇڭگونىڭ ئەمەلىي كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ئاخىرقى مەقسىتىنى چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ئۆسۈۋاتقان ئابرويىغا ۋە ئۇنىڭ بۇ مۇنبەت ۋە ئەپلىك جايلارنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا نارازى ئىدى.

قىسقىسى تۇڭگانلار مەسىلىسى بىلەن قەشقەردىيە مەسىلىسىنىڭ كەينىدىنلا غۇلجا مەسىلىسى چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. باياتىن بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەر بىر نىشانە ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقلىرىنىڭ نەقەدەر تولۇق بولغانلىقىنى، قورال-ياراقلىرىنىڭ نەقەدەر خىل ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى تاكتىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ تەمىناتىنىڭ نەقەدەر يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك روسىيىنىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇلارغا ھەققىي ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنىدۇق؛ ئەمدى بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ تېخىمۇ جانلىق بولغان ھەرىكەتلىرى ھەققىدە سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز. چۈنكى بۇ ھەرىكەتلەر جۇڭگو گېنېراللىرىنىڭ ئەڭ مۇشكۈل ئۇرۇش ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقى، ئۆزلىرى ياسىتىپ تەييارلىغان قۇدرەتلىك قوراللارنىڭ ئۇرۇشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىقتىدار ۋە ھەربىي بىلىملەرنى ھازىرلىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بىرىنچى ھەرىكەت ئاۋۋال تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا باشلاندى. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، زوزۇڭتاڭ ماناستا خېلى ۋاقىتقىچە تۇردى. گېنېرال بېرىگادىر تاڭ رېڭخې 1877-يىل 8-ئاينىڭ 25-كۈنى توخسۇندىن چاپاۋۇل قىسمىنى باشلاپ چىقىپ، سۇ بېشى ۋە ئارغىبۇلاق ئۆپچۆرىسىدىكى مەھەللىلەرنى ئىشغال قىلدى. بۇ باشلاپ ماڭغان قىسىم ئاران بىرنەچچە يۈز كىشىدىنلا تەركىب تاپقانىدى. ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن 9-ئاينىڭ 7-كۈنى دۇڭ فۇشاڭ بىلەن جاڭ جۈن 1500 كىشىلىك پىيادە قىسمىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئارغىبۇلاق، كۈمۈش ۋە ئۇششاقتال ئارقىلىق چۇققۇرغا يېتىپ كەلدى. ھەربىي قىسىملار مۇشۇ جايغا توپلىنىشقا باشلىدى.

بۇ تارماق قىسىملارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئاساسىي قوشۇنلارغا يول ئېچىش، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئورۇنلاردا يېقىلغۇ ۋە سۇ تەييارلاش ھەم ۋاقىتلىق مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى قۇرۇش ئىدى. بۇ ۋەزىپە تەلتۆكۈس ئورۇنلانغاندىن كېيىن، گېنېرال جىن شۈن يەنى ليۇ جىڭتاڭ① 9-ئاينىڭ 27-كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

پىيادە قىسىملار چوڭ يول بويلاپ، ئاتلىق قىسىملار بولسا گېنېرالنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا يان تەرەپتىكى يول بويلاپ، ئوخشاش بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىگەنىدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلغان بۇ جۇڭگو قوشۇنلىرى 10-ئاينىڭ 2-كۈنى چۇققۇدا ئۇچراشتى. بۇ قوشۇنلاردا، ئېھتىمال، 15 مىڭ ئادەم بولسا كېرەك. 9-ئاينىڭ 24-كۈنى قەشقەردىيە قىسىملىرىنىڭ بىر كىچىك ئەترىتى گېنېرال تاڭ رېڭخې-

① جىن شۈن بىلەن ليۇ جىڭتاڭ ئىككىسى ئىككى ئادەم، ئاپتور ئۇلارنى پەرقلەندۈرمەي خاتا قىلغان — خەنزۇچە تەرجىمىدىن

نىڭ قاتناش يولىغا تەھدىت سالدى. ئەمما ئۇلار جۇڭگولۇق-
لارنىڭ قارشىسىنى كۆرۈپلا «ئارقىسىغا قاراپ بەدەر تىكىۋەتكەن»
ئىدى. گېنېرال لىيۇ جىڭتاڭ چۇققۇغا يېتىپ بارغان كۈنىنىڭ
ئەتىسى، قوشۇننى باشلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. گېنېرال بىرى-
گادىرلاردىن ئىككىيلەن (ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئالاھىدە تىلغا
ئېلىش ھاجەتسىز) ئالتە مىڭ كىشىلىك بىر دۈشمەنئۇننى باش-
لاپ كورلىغا يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدۇرۇلدى. كور-
لىغا ھۇجۇم باشلاش ئۈچۈن، قوماندان ئاساسىي قوشۇننى ئېلىپ
قاراشەھەر دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. بۇ دەريا قاراشەھەر
بىلەن كورلا ئارىلىقىدىكى باغراش كۆلىگە قۇيۇلاتتى. باسمىچى-
لارنىڭ ئاتامانى بەي يەنفۇ دەريا قىنىنى توراپ، بۇ رايوننى سۇغا
باستۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، لىيۇ جىڭتاڭ بۇ يەرگە كەلگەندە
ماڭالماي توسۇلۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سۇ ناھا-
يىتى كۆپ بولۇپ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى ئادەمنى چۆكۈرىدىغان،
ئەڭ تېيىز يېرىدىمۇ ئاتنىڭ دۈمبىسى سۇغا چىلىشىدىكەن. جۇڭ-
گولۇقلار دەريانىڭ باش تەرىپىگە يەنى شىمالغا قاراپ ماڭدى، بۇ
يەردە دۈشمەنلەر قۇرغان توسالغۇلارنى يەڭمەك بىرقەدەر ئاساندى.
ئۇلار شورتاڭلىقتا ناھايىتى پەم بىلەن بىر ھارۋا ياساپ چى-
قىشتى. شۇنىڭدەك قاراشەھەر دەرياسىغا قاش ياساپ، تۆۋەنگە
ئېقىۋاتقان سۇنى توسۇۋالدى. ئاندىن دەرياغا بىر ياغاچ كۆۋ-
رۈك ياسىدى. ئۇلار مۇشۇ ۋەجىدىن بۇ يەردە بىر ئاز ھايال
بولۇپ قالدى. 10-ئاينىڭ 7-كۈنى، لىيۇ جىڭتاڭنىڭ ئۆزىمۇ
چۇققۇدىن يولغا چىقىپ تۆت كۈندىن كېيىن قاراشەھەرگە يې-
تىپ كەلدى. قاراشەھەر دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن سۇ ھەممە
يەرنى غەرق قىلىۋەتكەنىدى. شەھەر ئىچىدە بىر نەچچە گەز
چوڭقۇرلۇقتا سۇ توختاپ كەتكەنىدى. ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرى
ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى سۇ ئاستىدا قېلىپ ۋەيران بولغانىدى.

مۇسۇلمان تۈركلەر (ئەينى زاماندا بېيجىڭدا چىقىدىغان «جىڭباۋ گېزىتى» دە ئۇلار شۇنداق ئاتالغان) بەي يەنخۇ تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىلگەنىكەن. كىشىلەر جۇڭگولۇقلار دەۋاتقان بەي يەنخۇنىڭ كىملىكىنى بىلگۈسى كەلمىسىمۇ، ئەمما بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە نائىلاجمىز. ئۇ، ھېكىمخان تۆرە ئەمەس، ئېھتىمال، ئۇرۇمچى ياكى قومۇلدىكى تۇڭگان ئاتامانلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. ياقۇپ بەگ ئۇنىڭ زېمىنىنى ئۆزىگە قوشۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنى تۇرپانغا ھاكىم قىلىپ قويغانىكەن. ئۇ قەشقەرىيىنىڭ كورلا ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ قوماندانىدەك تۇرىدۇ.

قاراشەھەرنىڭ ئاھالىسى شەھەرنىلا تاشلاپ كېتىپ قالماستىن، بەلكى مۇشۇ ئەتراپتىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ كەتكەنىدى. دەرۋەقە، كىشىلەر يېقىن ئەتراپتىكى تاغقا قېچىپ بېرىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئۆيلىرىدە جۇڭگوقلارنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قايتىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. ئىستېلاچىلار ئادەتلەنگەن چارىلىرى بويىچە، قارا شەھەرگە يېڭىدىن ئاھالە يۆتكەپ كېلىشكە باشلىدى. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەردىن زاخەدىلىك بۇيرۇققا بىنائەن ئۆز قەبىلىسىدىن بىر قانچە يۈز ئادەمنى بۇ مۇھىم يەرنى ئىگىلەپ ئۆي - جاي سېلىپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى ياساپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرى ئىستېلا قىلغان زېمىندا مۇشۇنداق ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرى جىددىي ئىشلىنىۋاتقان چاغدا ئەگەر بىرەر قارشىلىققا ئۇچرايدىغان بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى تونۇتۇپ قوياتتى. 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭگولۇقلار كورلىغا ئىككى ياندىن ھۇجۇم قىلدى. ۋە بىر قېتىم كىچىك كۆلەملىك ئاتلىق ئەسكەرلەر جېڭى قىلدى. بۇ جەڭدە بەي يەنخۇنىڭ ئونبەش ئاتلىق ئەسكىرى ئۆلدى، ئىككى ئەسكىرى ئەسىرگە ئېلىندى.

بۇ ئىككى ئەسكەر قوقەنلىكلەرنىڭ فورمىسىنى كىيىۋالغان شەنشىلىك تۇڭگانلار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئىقرارىدىن بەي يەنخۇنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى كۇچاغا چېكىندۈرگەنلىكى ھەمدە نۇرغۇن مال - مۈلۈك ۋە ئاھالىنىڭ زور بىر قىسمىنى كۇچاغا ئېلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر كىچىك ئەترەتنىڭ رازۋېتكا گۇرۇپپىسى ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى تىڭتىڭلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. جۇڭگولۇقلار ئۇلارنى سوراق قىلىپ بولغاندىن كېيىن چېپىۋەتتى. جۇڭگولۇقلار شۇ كۈنىلا كورلىغا بېسىپ كىردى. بۇ يەر سۇغا باستۇرۇۋېتىلمىگەن بولسىمۇ، پۈتۈنلەي قۇرۇقداپ قويۇلغانىدى، شەھەر سېپىلى پۈتۈن ئىدى، ئەمما ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇزۇپ تاشلانغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھېلىقى گېنېرال بېشى قاتتىق تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ئوزۇق تۈلۈك، قورال- ياراق بېسىلغان ۋە ئارتىلغان ھارۋا-تۆگىلەر تېخىچە يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. بۇنداق بولغاندا، غەلىبە قىلغان بۇ قوشۇن ئاچ قېلىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ قابىل گېنېرال قەشقەردىكىلەر ئېلىپ كېتەلمىگەن مال - مۈلۈكلەرنى بۇ شەھەرگە كۆمۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان ياكى ئۇنىڭغا بىرسى شۇنداق دېگەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن ئارمىيە ئاشلىق ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار شۇبھىلىك يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ قېزىۋېتىشتى، ئۇلارنىڭ ئەجرىگە يارىشا «بىر نەچچە ئون مىڭ جىڭ ئاشلىق» چىقىپ قالدى. بىر قاداق بىر جىڭنىڭ $\frac{3}{4}$ گە تەڭ؛ بۇنچىلىك ئاشلىق تەخمىنەن 10 مىڭ ئادەمى بار قوشۇن ئۈچۈن ئاز تەمىنات ئەمەس ئىدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قوشۇنلار ماسلىشىپ ھەرىكەت

قىلىشى ئارقىسىدا، تاجاۋۇزچىلار غەربىي تەرەپتە قارا شەھەرگىچە ئارىلىقتىكى جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئۇلار ئەمدى بىر قەدەم ئىلگىرىلىسىلا قەشقەردىيە ۋادىسىغا بېسىپ كىرەلەيتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەمدى ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك قارشىلىقتا ئۇچرىماسلىقى ناتايىن بولۇپ قالغانىدى. جۇڭگو لۇقلار قاراشەھەر ۋە كورلىنى بېسىۋېلىشى بىلەن تەڭلا ئىلان چىقىرىپ، مۇسۇلمان ئاھالىنى ئۆي ـ ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىشكە چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن كىشىلەر قايتىپ كەلدى. جۇڭگو قوشۇن ـ لىرى بۇ رايوندا ئۆز ئىناۋىتىنى چۈشۈرىدىغان ئىشلارنى قىل ـ مىدى. ئۇلارنىڭ قورالسىز ئاھالىگە تۇتقان يۇمشاق پوزىتسىيىسى ئۇلارنىڭ قوراللىق دۈشمەنگە تۇتقان قاتتىق قوللۇق پوزىتسى ـ يىسىنى يۇيۇۋەتتى.

لىيۇجىنتاڭ كورلىدا تۇرغان بىرقانچە كۈن ئىچىدە، بەي يەنخۇنىڭ كۇچانىڭ شەرقىدىكى چېدىر ۋە باشقا جايلاردىكى خەلقنى قورقىتىپ كۇچاغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغانلىقى ۋە زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ بەي يەنخۇنىڭ بۇ پىلانىنى دەرھال بىتچىت قىلىۋېتىش قارارىغا كەلدى ـ دە، شۇ جايدىكى ئاھالىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، يېنىك قوراللاندۇرۇلغان 1500 نەپەر پىيادە ئەسكەر ۋە 1000 نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى ئۆزى بىۋاستە باشلاپ چىقىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇنىڭ ھەربىي قىسىملىرى جىددىي يۈرۈش قىلدى، بەزىدە كېچىلەپ يول يۈردى، شۇنداق قىلىپ، 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چېدىرغا يېتىپ باردى. لىيۇجىنتاڭ بۇ يەرگە كەلگەندە، بەي يەنخۇنىڭ بۇ يەردىكى ئاھالىنى ئال ـ دىغا سېلىپ، كۇچاغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى بۈگۈرگە يېتىپ بارغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ چېدىرنىڭ يېنىدىكى يېڭىسار دېگەن بىر قورغانغا يېتىپ كەلگەندە، بەي يەنخۇ بۇ يەردىمۇ

ئۆتۈپ كەتكەن ھەم يولۋويى بېزا - كەنتلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغانىدى. ليۇ جىڭتاڭ پىيادە ئەسكەرلەردىن بىر بۆلۈكىنى ئوت ئۆچۈرۈش ئۈچۈن كەينىدە قالدۇردى ۋە قالغان ئەسكەر- لىرىنى باشلاپ بۈگۈرگە قىستاپ كەلدى. بۇ كىچىك بازارمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئىكەن، لېكىن جۇڭگو گېنېراللىرىنىڭ ماڭغان يولى بىكار كەتمىدى. شۇ ئەسنادا، دۈشمەن قوشۇنلىرى نۇغۇن ئاھالىنى ئالدىغا سېلىپ بايىلا كېتىپ قالدى، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. مىڭ نەپەر ئاتلىق ئەسكەردىن تەشكىللەنگەن قورۇقچى قوشۇن ئارقىدىنلا يېتىپ كەلگەنىدى. قەشقەردىكىلەر جۇڭگولۇق- لارنىڭ ئادىمىنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپلا يۈرىكى يوغىناپ چاققانلىق بىلەن ھوجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، خىل رېپىللىق مىلتىق بىلەن قوراللانغان جۇڭگو پىيادە ئەسكەرلىرى سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىنى تارمار كەلتۈردى. ئاخىر- دا، بۇ جەڭنى ئاتلىق ئەسكەرلەر يېڭىشتۇردى. جەڭ مەيدانىدا قەشقەردىكىلەرنىڭ يۈزدەك ئۆلۈكى قالدى، 12 ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى. ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ دېيىشىچە، ئاساسىي قوشۇندىكى 2000 ئادەم بەي يەنخۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ئاھالىنى قوغداپ كۇچاغا ماڭغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغانىكەن. شۇ كۈنى بەك كەچ بولۇپ كەتكەچكە، قوغلىغۇچى قىسىم شۇ يەردە قونۇپ، ئىككىنچى كۈنى داۋاملىق ئالغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. چاپاۋۇل قىسىم بىر ئاز ماڭمادىلا، بىر توپ ئادەم — «بىر نەچچە ئۈنمىگۈدەك ئادەم» — نىڭ قارىسىنى چېلىقتۇردى. لېكىن دۈربۈن ئارقىلىق كۆزىتىپ، ئۇلار ئىچىدە قورال تۇتۇپ ماڭغانلارنىڭ مىڭدىن ئاشىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. شۇنىڭ بىلەن، ليۇ جىڭتاڭ قىسمىنى دەرھال يېيىپلا ئەسكىلىرىگە قورال تۇت- قانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلسۇن، باشقىلارغا رەھىم قىلىنسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

قەشقەردىيىلىكلەرنىڭ قورالىق قىسمى قورالسىز قىسمىدىن ئايرىۋېتىلگەندى، قېپقالغىنى كۆچاغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان توپ - توپ سەھرالىق مۇسۇلمانلار ئىدى. لىيۇ جىگىتاڭ سەھرالىقلارنى ئارقا سەپكە ئاپىرىپ جايلاشتۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئالدىنقى سەپتىن نەچچە مىل كېيىندىكى ئارقا تەرەپتىكى قوشئاۋات دېگەن يەردە قاتتىق جەڭ بولدى. بۇ جەڭدە ئىككى تەرەپ تەركىشىپ قالدى، ئاخىرىدا لىيۇجىگىتاڭنىڭ كىچىك قوشۇنى تاكتىكا ۋە قورال - ياراق جەھەتتە ئۈستۈن كېلىپ مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا زور تالاپەت يەتكۈزدى، ئۇلار قالايمىقانچىلىق ئىچىدە چېكىندى. لىيۇ جىگىتاڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق سۈرئەت ۋە تولۇپ تاشقان كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلدى. قەشقەردىيە قوشۇنى ئاھالە ۋە يەرلەرنى تاجاۋۇزچىلارغا تاشلاپ بېرىپ، كۆچاغا بەدەر قېچىپ كەتتى. بەختسىز ئاھالە ئىستېلاچىلاردىن كەڭچىلىك تىلىدى. بىز بۇ ھەقتىكى ئەھۋالنى مەمنۇنىيەت بىلەن خاتىرىلەپ قويغانىمىزدۇق: لىيۇ جىگىتاڭ ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كېپىللىك بەردى، پۇقرالاردىن ئەمدى قورقماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

بۇ چاغدا، جۇڭگو قوشۇنلىرى، ئېھتىمال، ئارقا سەپتىن يېتىپ كەلگەن زاپاس كۈچلەر بىلەن تولۇقلىنىپ، زور دەرىجىدە بولسا كېرەك. چۈنكى بىز ئەمدى ئۇرۇشنىڭ تېخىمۇ مۇشكۈل بولغان قىسمىنى، يەنى كۆچا شەھىرىنى پەتھ قىلىش جېڭىنى بايان قىلىمىز. جۇڭگولۇقلار شەھەرگە قىستاپ كەلگەندە، قەشقەردىيە ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىپ غەرب تەرەپكە چېكىنىشنى رەت قىلغان شەھەر خەلقى ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولۇۋاتاتتى. قەشقەردىيە قوشۇنى جۇڭگو قوشۇنىنىڭ يېتىپ كەلگەندىكىنى كۆرۈپلا شەھەردىن چېكىندى ۋە كۆچانىڭ غەربىي تەرىپىدە جۇڭگو قوشۇنى بىلەن تۇتۇشتى. جۇڭگولۇقلار ئۇلارغا دەرھال

هۇجۇم قىلدى، دەسلەپتە هۇجۇم نەتىجە بەرمىدى. تۆت - بەش مىڭدەك ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قىلىنغان ئۇشتۇمتۇت هۇجۇمىمۇ بەزى قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن پەشۋا بىلەن چېكىندۈرۈلدى. ئەمما جۇڭگولۇقلار مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇۋېدى، دەرهال ئۈنۈم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگونىڭ ياردەمچى قىسىملىرىمۇ ئارقا ئارقىدىن يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئاخىرىدا، پىيادە ئەسكەرلەر قويۇق ئېتىلغان توپ ئوقلىرىنىڭ هىمايىسىدە ئاتاكىغا ئۆتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتتە هۇجۇمغا ئۆتۈپ تۇيۇقسىز زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن، قەشقەردىيىلىكلەر پۈتۈن سەپ بويىچە تارمار بولۇپ چېكىندى ۋە يىغىشتۇرۇپ بولغۇسىز مالىمانچىلىق ئىچىدە مىڭدەك ئەسكىرىنى جەڭ مەيدانىدا تاشلاپ كېتىشتى. قەشقەردىيە قوشۇ- نىنىڭ بىر گېنېرالى (جۇڭگولۇقلار ئۇنى ما يوبۇ دەپ ئاتايدى- كەن) يارىلاندى. ئۇ تونۇلغان شەخسمىش، لېكىن بۇ خەنزۇچە ئىسمىدىن ئۇنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەش قىيىن. شەك - شۈبهىسىزكى، بۇ قېتىمقى جەڭ پۈتۈن ئۇرۇش ئىچىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك ۋە ئەڭ كەسكىن بىر قېتىملىق جەڭ بولدى. ئۇرۇشقا هەر ئىككى تەرەپتىن تەخمىنەن ئون مىڭدىن كىشى قاتناشتى. بۇ ئۇرۇشتا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تاكتىكا ۋە ماهارەت جەهەتتىكى ئۈستۈنلۈككىلا تايىنىپ قالماستىن، قاراملىق ۋە باتۇرلۇقىمۇ تايىنىشقا توغرا كەلدى. جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ هەممە هەربىي هەرىكەتلىرىدە ئادەتتىن تاشقىرى يىراقنى كۆرىدىغان، چوڭقۇر ئويلايدىغان ئالاهىدىلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ هەرىكەتلەر جۇڭگو گېنېرالى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنبا- سارلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭمۇ ئىتائەتچان، باتۇر ۋە جەڭگىۋارلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. چوققىدىن

قاراشەھەرگە، ئۇ يەردىن بۆگۈرگە جەمدىي يۈرۈش قىلغان، كۇچانى ئىشغال قىلغان، ئاددىي پۇقرالارغا كەڭچىلىك قىلغان، مۇشۇ بىر باسقۇچتىكى ئۇرۇشتا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان جۇڭگوغا ۋە ئۇنىڭ گېنېراللىرىغا، خۇسۇسەن گېنېرال لىۇ جىنتاڭغا كۆپتىن كۆپ ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. رەسمىي دوكلاتتا قەشقەردىيە دائىرىلىرىنىڭ ئاھالىنى ئېلىپ كېتىشتىكى مەقسىتىنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق كۆرسىتىلگەن: بىرىنچى، توپىلاڭچىلار بېسىپ كىرگەن قىسىملارنى ياردەمسىز قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش؛ ئىككىنچى، كۆپلىگەن مۇسۇلمان توركلەرنى قەشقەردىيىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانى بەگقۇلى بەگنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، ئۇنىڭ ياخشى ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش. دېمەك، بەي يەنخۇ ھېكمەتجان تۆرە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر تۇڭگان قاچقۇن ياكى بەگقۇلى بەگنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىرى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

جۇڭگولۇقلار كۇچادا بىر قوماندانلىق شتابى قۇردى ھەمدە قوشۇنلارنىڭ زور بىر قىسمىنى شۇ يەردە ئارام ئالغۇزۇپ قىلىپ قالدۇردى، ئۇلار مۇسۇلمان تۈرك ئاھالىسىنىڭ ھال كۆڭلىنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلىپ بەزى مۇھىم مەمۇرىي تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. يوقسۇل خەلققە تېرىقچىلىق يولى تېپىپ بېرىش ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى تەقسىم قىلىش ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغان بىر مەمۇرىي ئورگان قۇردى. بۇ ئورگان سودا - سېتىق ئىشلىرى ۋە ساياھەت پائالىيەتلىرىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش، شۇنىڭدەك خەت - چەكلەرنىڭ يەتكۈزۈلۈشىنى تېزلىتىش، بۇنىڭ ئۈچۈن يوللارنى ياساش، كېچىكلەرگە كېمە قويۇش ۋە مېھمانخانا سارايلار تەسىس قىلىش ئىشلىرىغىمۇ نازارەت قىلاتتى. ئۇلار ھەممە شەھەرلەرگە مەمۇرىي باشلىقلار ۋە ساقچى

باشلىقلىرى تەيىنلەندى. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە ئاچارچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. يات بىر دۆلەتتە قانۇن تەسىس قىلىش ۋە مەمۇرىي پائالىيەتلەرنى يولغا قويۇشقا ئوخشاش بۇ ئىشلار گويا جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈندىلىك ۋەزىپىسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك، تېز سۈرئەت ۋە ئېنىق ئەمەلىي تەدبىرلەر بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇڭا كىشىلەر تۇرپاندىن كۇچاغىچە بولغان كەڭ رايوندا جۇڭگولۇقلارنى سىياسەتچىلەرگە خاس تاكتىكا ۋە شەپقەتلىك فاڭجېندىن چەتلىدى، دېيەلمەيدۇ. بۇ فاڭجېنلار دەل ئۇلارنىڭ يەنە بىر قېتىم بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلانغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىسيانچى تۇڭگانلار ۋە قەشقەرىيە ئەسكەرلىرىگە قوللانغان قاتتىق قوللۇق ۋە رەھىمسىز پوزىتسىيىسى ئۆزلىرىنىڭ خەلققە قوللانغان يۇمشاق - مۇلايىم پوزىتسىيىسى بىلەن يۇيۇلۇپ كەتتى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، توغرىراقى 22-كۈنى بولسا كېرەك، ليۇجىنتاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يەنە يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە ئېغىر قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. ئۇ قىزىل دېگەن يەرنى تۇنجى قونالغۇ قىلدى، بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ بېيجىڭغا ئالدىنقى ئۈچ ھەپتىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ھەرىكەتلەر توغرىسىدا مەلۇمات يازدى. ليۇجىنتاڭ بايغا كېلىشى بىلەنلا گېنېرال جاڭ ياۋنىڭ قورۇقچى قىسىملىرىنى ساقلاپ تۇردى. قورۇقچى قىسىم 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ۋە توختىمايلا ئاقسۇغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. مۇشۇ ۋاقىتقا قەدەر بىز ئۆزىمىزنىڭ دىققەت - نەزىرىمىزنى ھەممىدىن ئاۋۋال تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قوشۇنلارغا ۋە ليۇجىنتاڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە مەركەزلەشتۈردۇق. بىزنىڭ بۇ مەزگىللىك جەڭ توغرىسىدىكى ئاساسلىق، يەنە كېلىپ بىردىنبىر نوپۇزلۇق ماتېرىيالىمىز «جىڭباۋ گېزىتى» دىن ئېلىنىدى.

ئەمدى بىر زوزۇگىتاگىنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدىكى
شىمالىي يۆنىلىش قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، يەنى ئۇلارنىڭ
بۇ مەملىكەتنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مەخپىي ھەرىكەتلىرىنى
بايان قىلىپ ئۆتىمىز. ھېلىقى گېنېرالنىڭ قوماندانلىقىدا، ئەڭ
مۇكەممەل مۆلچەر بويىچە، يىگىرمە سەككىزمىڭ كىشىلىك
قوشۇن بارئىدى. بەزىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، بۇنىڭدىن جىقمىش.
ئەمما پېتىربۇرگدا چىقىدىغان بىر گېزىتكە بېسىلغان بىر خەۋەر-
گە قارىغاندا، ماناسقا بارغان بىررۇس سەرگەرنىڭ ئېيتىشىچە،
بۇقوشۇننىڭ كۆچى ئاساسەن مۇشۇنچىلىكلا ئىكەن. بۇ قوشۇن
تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ماناس ئەتراپىغا توپلانغان.
شۇنىڭدەك، غۇلجىنىڭ روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلىرىغىمۇ
ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ھەرتەرەپتىن قارىغاندا، بۇ قوشۇن ھەرىكەت
قىلماي جىم تۇرۇۋالغان. ئۇلار ھازىر غۇلجىغا كىرەلمەيتتى،
شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ كونا يولى بولغان بەدەل داۋىنى ياكى
مۇز داۋان ئارقىلىقلا ئىلگىرىلىيەلەيتتى. ئەمما ئەھۋال بۇنىڭدىن
باشقىچەرەك ئىدى. 1877 - يىلىنىڭ باشلىرى، پولكوۋنىك
پىرژىۋالىسكىنىڭ بۇ يەردە قىلغان ساياھىتى جۇڭگولۇقلارنى
ئۆزىگە جەلىپ قىلماي قالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر،
روسىيە ئوفىتسېرى ئۆزىنىڭ كازاك ھەمراھلىرىنى باشلاپ
ئۆتەلىگىدىن يەردىن جۇڭگو قوشۇنىمۇ ئۆتەلەيدۇ، دەپ قارىدى.
جۇڭگو قوشۇنى قەشقەرىيىگە زوزۇگىتاگىنىڭ قوماندانلىقىدا تېكەس
دەرياسى بىلەن يۇلتۇز دەرياسىنىڭ قەدىمكى قېيىندىكى كىشى
بىلمەيدىغان چىغىر يوللار ئارقىلىق كىرگەنىدى، ئىككى
قوشۇن باي ئەتراپىدا ئۇچراشتى. زوزۇگىتاگىنىڭ بۇ ستىرا-
تېگىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقتىن، جۇڭگو قوشۇنلىرى
ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۈستۈنلۈك بىلەن ئاقسۇ شەھىرى
ئەتراپىدا پەيدا بولدى. مۇسۇلمانلار ۋە شەھەرنى قوغدىغۇچى

قىسىملار ئۇلارنى كۆرۈپلا قارشىلىق كۆرسىتىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى. ئاقسۇ قەشقەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر توسۇق ئىدى. زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ شەھەر ئالدىدا پەيدا بولۇشى بىلەنلا، ئاقسۇدىكى مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ باشلىقى ھولۇقۇپ كەتتى. ئۇ تۇنجى قېتىملىق ئېلىشىشتىلا ئىستىھكامىنى تاشلاپ قاچتى، كېيىن ئۇ بەگقۇلى بەگنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئوفىتسېر تەرىپىدىن قاماقتا ئېلىنىدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭگولۇقلار ئۇچتۇرپانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇچتۇرپانمۇ بىر پەيشۋاغا ياردىماي تەسلىم بولدى. بىز باشتا جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى جەڭلەر توغرىلىق ھېچقانداق تەپسىلىي مەلۇمات جاكالىمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. شۇڭا روسىيە گېزىتلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندىكى زوراۋانلىقلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلىرى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. شۇبھىسىزكى، بۇ، روسىيە زېمىنىغا قېچىپ بارغان يۈرەكزادە مۇساپىرلارنىڭ (ئۇلارنىڭ سانى ئون مىڭغا يېتىشى مۇمكىن) مۇبالىغە قىلىپ تارقاتقان سۆز - چۆچەكلىرى، ئەگەر قوراللىق مۇداپىئە قىسىملىرىدىكى ئەسكەرلەر پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلدى، دېيىلگەن بولسا، بۇ گەپنى بىز كۆپ ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلغان بولاتتۇق؛ ئەمما قورالسىز ئاددىي پۇقرالار، ئايال - باللارمۇ ئوخشاشلا تەقدىرگە دۇچار بولدى دېيىلسە، بىز بۇ خەۋەرنى قەتئىي رەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن بولاتتۇق. يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ھەممىسى جۇڭگولۇقلار خېلى يۇمشاق سىلىق سىياسەت قوللاندى، دېگەن كۆز قاراشلارغا پايدىلىق ئىدى. ئەمما جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندا قوللانغان مۇئامىلىسى نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۇچا ياكى تۇرپاندا قوللانغان مۇئامىلىسىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگۈدەك بىرەر كۈچلۈك ئاساسىمىز يوق. ماناس ۋەقەسى بۇ ۋەقەنى قوزغىغۇچىلار-

نىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئىسپاتلاشتا نەقىل كەلتۈرىدىغان بىر مىسالدۇر. ئەمما بىزنىڭ ئۇ يەردە پەقەت قوراللىق خادىملارلا ئۆلتۈرۈلگەن دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئەڭ نوپۇزلۇق ئاساسىمىز بار. بۇ — جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىزچىل چارىسى، بۇ — ئۇلارنىڭ بىر تۈرلۈك مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، ئۇلار ھەيلى تۇڭگانلار ۋەقەسى ياكى قەشقەرىيە ۋەقەسىدە بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئۆرپ - ئادىتىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ قەبىھ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ھەتتا كىشىلەر گەۋدىلەندۇرۇپ تىلغا ئېلىشقان ماناس، ئاقسۇ ۋەقەلىرىدىنمۇ بىرەر ئىشەنچلىك ئاساس تېپىلمايدۇ.

12 - ئاينىڭ باشلىرىدا، جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىدىكى ئاخىرقى جەڭنى يەنى پايتەختكە قاراتقان ھۇجۇمنى باشلىدى ۋە شۇ ئاينىڭ 17-كۈنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بىر يولىلا پايتەختنى ئالدى. مەلۇم بىر خەۋەرگە قارىغاندا، بەگقۇلى بەگ شەھەر سىرتىدا بولغان بىر قېتىمقى جەڭدە مەغلۇپ بولغان، يەنە بىر خەۋەرگە قارىغاندا ئاۋۋال شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ يەركەنگە بېرىۋالغان، قەشقەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپلا ئۇيەردىن روسىيە زېمىنىغا قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ قەشقەرگە قىلغان ھۇجۇمىغا قارشى تۇرغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىندەك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا يارىلانغان قىرغىز ئاتامانى سىددىق بەگ بىلەن بىللە تاشكەنتكە بارغانلىقى ئېنىق. قەشقەرنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قايتۇرۇۋېلىش ئىشى ئاياغلاشتى. باشقا شەھەرلەر، يېڭىسار ۋە يەركەننىڭ تەقدىرىمۇ شۇنداق بولدى. خوتەن ۋە سېرىققول ئۆزلىرىنىڭ ئەل بولىدىغانلىقىنى رەسمىي ئۇقتۇردى. ئەمما قەشقەرنىڭ پەتھ قىلىنغانلىقى

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگولۇقلار يەنە قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. يېڭى ھۆكۈمرانلار يېڭىباشتىن تەشكىلاتچىلىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. قەشقەر قولدىن كەتكەندە، قەشقەرىيە قوشۇنىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى جۇڭگولۇقلار رەھىم قىلمايدۇ دەپ قاراپ روسسىيە زېمىنىغا قېچىپ كەتكەن ۋە جۇڭگولۇقلار يەنە قىرغىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دېگەن ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتتى. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى قىرغىنچىلىق بولسا كېرەك شەك - شۈبھىسىزكى، جۇڭگولۇقلار تەلتۆكۈس غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن يىللارغىچە تۈركىستان خەلقى ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۈستىدىن يەنە ئىسيان كۆتۈرۈشكە زادىلا پېتىنالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈلدى. جۇڭگونىڭ ئەمەلىي كۈچى ناھايىتى تولۇق نامايان قىلىندى؛ جۇڭگونىڭ بۇ يەردىكى ئابرويى پۈتۈنلەي ھىمايە قىلىندى. جۇڭگونىڭ غەلىبىسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى ئەگەر قانداقتۇر بىرەر خەۋپكە ئۇچرايدىغان بولسا، بۇنداق خەۋپ ئىستىلا قىلىنغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى خەلقتىن ئەمەس، بەلكى روسسىيەدىن كېلىشى مۇمكىن؛ جۇڭگونىڭ گۇلتاجىسىمۇ ياۋروپالىق بىر دۈشمەننىڭ ئالدىدا تۆكۈلۈش خەۋپىدىن يىراق زوزۇڭتاڭ ئۆزىنىڭ ئورۇنباسارى، نەزەردىن چۈشۈپ قالغان ليۇجىڭتاڭ (ئېھتىمال، ئۇ باشلىقىنىڭ ئىچىنى قايىنتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن) ۋە جاڭ ياۋلار بىلەن بىللە ھەرقانداق بىر ئارمىيە ۋە دۆلەت ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرىدىغان بىرتۇرلۇك ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتىنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئاشۇردى. ھالبۇكى، بۇنداق شاھ - شۆھرەت بۇ ھۆكۈمەت ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئۈچمەس ئاتاق قازاندى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قايتۇرۇۋېلىشى، شەك - شۈب-
ھىسىزكى، يېقىنقى 50 يىل مابەينىدە ئاسىيادا يۈز بەرگەن
ئەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان ۋەقە بولۇشى بىلەن بىللە،
مۇندىن بىر ئەسىردەك ئىلگىرى چيەنلۇڭ خان بۇ يەرنى ئىستىلا
قىلغاندىن بۇيان جۇڭگو قوشۇنى كەلتۈرگەن ئەڭ شانلىق
مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ بۇ ئىش جۇڭگونىڭ ماسلىشىش
ئىقتىدارىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۈندىلىك سىياسىي تۇرمۇشىدا
ناھايىتى مۇھىم بىر پاكىتقا ئايلانغانلىقىنى بىزنىڭ دىتىمىزغا
تېخىمۇ ياقمايدىغان ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى.
جۇڭگولۇقلار ياۋروپالىقلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى ئىشلىتىپ
ۋە غەربنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق
قىلىپ، قەشقەرنى ئىستېلا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى پرۇسس-
يىنىڭ ھەربىي ئۇستاۋى بويىچە تەربىيىلەنگەن ھەربىي مۇئەللىم-
لەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ گېنېراللىرى
قوشۇنغا مول تىكى ① ۋە مانتۇيفېرلارنىڭ تەلىماتى بويىچە
قوماندانلىق قىلاتتى. تاق تۇرۇبىلىق ۋە قوش تۇرۇبىلىق
دۇربۇنلارنى ئىشلەتكەنلىكىگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئۇششاق
ئىشلاردىمۇ بىز جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ قورال - ياراقلىرىنىڭ
خىللىقىنى سېزىمىز. بەزى بىلەرمەن كۆزەتكۈچىلەر بۇ قوشۇن-
دىكىلەر ئۇچىسىغا ئەجدىھانىڭ سۈرىتى سىزىلغان ئاجايىپ
غارايىپ ھەربىي كىيىم كىيىدۇ ياكى بەتبەشىرە چىرىكلەردىن
تەشكىللەنگەن، دەپ تەسۋىرلىگەندى، لېكىن بۇ، بىمەنىلىكتىن
باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان
كونا دۇنياغا مەنسۇپ بولغان بىر خىل نەزەرىيە بولۇپ قالدى.
شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ جۇڭگو قوشۇنى بۇرۇن ئوتتۇرا

① مول تىكى — پرۇسسىيىلىك مارشال (1800 — 1891) 19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ستراتېگلارنىڭ بىرى — تەرجىماندىن.

ئاسىيادا-تۇرغان جۇڭگو قوشۇنلىرىغا تامامەن ئوخشىمايتتى؛ ئۇ ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قوشۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، ئاساسەن جۇڭگونىڭ بۇ ئىشتا غەربنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن تەلتۆكۈس بىرلەشتۈرگەنلىكىدىندۇر.

بەگقۇلى بەگنىڭ تاشكەنتكە قېچىپ كېتىشى بىلەن ئاتالىق غازى جەمەتىنىڭ قەشقەردىكى ئىشلىرى ئاياغلاشتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ بىر قىسىم رايونلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ روي بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، قوقاند ياكى باشقا جايلاردا جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قانداق ئۇرۇش پىلانلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، قوغلىۋېتىلگەن قوقەنلىك مەنسەپدارلار ئەمدى ھەرگىز بەگقۇلى بەگنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشمايدۇ. كىشىلەر بىر مەزگىل بۇ شاھزادىدىن ناھايىتى چوڭ ئۈمىد كۈتكەنىدى؛ ئەمما جىددىي پەيتتە ئۇ قېچىپ كېتىپ، ئىش - ھەرىكەتتە بىقارارلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئىستىقبالى ۋە ئابرويىنى ئورنىغا كەلتۈرۈپ بولغۇسىز دەرىجىدە يوقاتتى. ئەگەر روسىيە كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇرۇنقى قوقەنلىك خانلارنىڭ قەشقەرىيە تارىخىدا ئوينىغان رولىنى يەنە ئوينىماقچى بولۇپ قالسا، ئۇلار تەختكە بەگقۇلى بەگنى قورچاق قىلىپ چىقارماستىن بەلكى ئۇنىڭ كونا رەقىبى بولغان ھېكىمخان تۆرىنى چىقىرىدۇ. ئەگەر كىشىلەر «ھېكىمخان تۆرە بۈزۈرۈكخاننىڭ ئوغلى بولغاچقا، ھەقىقەتەن خوجا جەمەتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ» دەپ قارايدىغان بولسا، شۇنداق قىلىشنى چوقۇم تەشەببۇس قىلغان بولاتتى. ئەمما پاكىت مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ، ياقۇپ بەگنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزىنىڭ ئىستىبدات خاندانلىقىنى بەرپا قىلىش يولىدىكى خام خىياللىرى بەرباد بولدى. بۇنداق خىيالدىن ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# XIV باب. ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىدىكى جۇڭگو ئامىلى

تۇڭگانلارنى مەغلۇپ قىلىش ۋە قەشقەردىيىنى قايتۇرۇۋېلىش بىلەن جۇڭگو گېنېراللىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋەزىپىسى تېخى ئاخىرلاشمىدى، بۇ غەلىبىلەر گەرچە غايەت زور ۋە مىسلىسىز بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگولۇقلار قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭ بىلەن بىللە قانائەتلىنىپ قالدى. ئۇلار پادىشاھقا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي تەرىپىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەردى. لېكىن روسىيىلىكلەر غۇلجىنى داۋاملىق بېسىپ يېتىۋېرىدىغانلا بولسا، جۇڭگولۇقلار ئاران تەيانشاننىڭ شىمالىي تەرىپىنىڭ يېرىمىنىلا قايتۇرۇۋالغان ھېسابلىناتتى. بۇنداق ئەنسىرەش جۇڭگولۇقلارنىڭ غۇلجىنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىگە بىردىنبىر سەۋەب بولالمايتتى، ھەتتا ئاساسلىق سەۋەبمۇ بولالمايتتى. ئىلى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زېمىنى ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر يەر ئىدى. شۇڭا زوزۇڭتاڭ مۇشۇ رايوننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق جاپالىق جازا يۈرۈشى قىلغانىدى. بۇ جازا يۈرۈشى ئەمدى غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ چېگرا ۋەزىرىنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرى لى خۇڭجاڭ بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرالىغۇدەك شۆھرەت ۋە تەسىر كۈچىگە ئېرىشىش ئىدى. ئىلى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەركىزى ئىدى. ئىلىنىڭ قولدىن كېتىشى 1862 — 1863 - يىللىرىدىكى تۇڭگانلار — خوجىلار يېغىلىقى بىلەن بۇ يېغىلىقتىن بۇرۇنقى يېغىلىقلارغا زادىلا ئوخشىمايدىغان

ۋەزىيەتنى پەيدا قىلغانىدى. ئىلىنىڭ قولدىن كېتىشى جۇڭگو
ھاكىمىيىتىنىڭ يېمىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئىلى چەت-
ئەللىكلەرنىڭ قولىدا بولسىلا، جۇڭگو ھاكىمىيىتىنى پۈتۈنلەي
ئەسلىگە كەلدى، دېگىلى بولمايتتى. جۇڭگولۇقلار بۇنى ناھايىتى
چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، روسىيە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
ئىلىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئۇنىماي، ئارقىغا سۆرەپ كېلىۋاتاتتى.
بىرىنچىدىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى مەڭگۈلۈك
قايتۇرۇۋالغان-ئالمىغانلىقى تېخى جەزملەشمىگەنىدى. جۇڭگونىڭ
ماليە جەھەتتىكى كۈچ-قۇۋۋىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئېغىر
چىقىمىنىڭ ھۆددىسىدىن داۋاملىق چىقىش-چىقالماسلىقىمۇ بىر
گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، لى خۇڭجاڭ بىلەن زوزۇڭتاڭ
ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكى تېخى
نامەلۇم ئىدى. زوزۇڭتاڭ مەيلى ئۆزىنىڭ مانجۇ قان سىستېمىسى①
غا تەۋە ئىكەنلىكى ئارقىلىق ئارمىيە ۋە ھۆكۈمرانلار سىنى-
پىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھەرقانچە ئابرويغا ئىگە بولسۇن،
لى خۇڭجاڭ جان تومۇر ھېسابلىنىدىغان ماليە ئىشلىرىنى ئۆز
قولىدا تۇتۇپ تۇرغاچقا، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەت-
لىرى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى ھەرقاچان پالەچ قىلىپ قويالايتتى.
شۇنىڭدەك رۇسلار بۇرۇن بېيجىڭدا قانداقتۇر بەزىبىر تۇترۇقسىز
ۋەدىلەرنى بەرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر غۇلجا ھەربىي جەھەتتە
كۈچلۈك بىر دۆلەت تۇرۇۋېرىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا ئاقسۇنىڭ
غەربىدىكى رايونلارنى ساقلاپ قېلىش جۇڭگو ئۈچۈن جەزمەن
تەسكە توختايتتى. بۇرۇن قەشقەرىيە جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقى-
دىن ئايرىلىپ چىقىۋالغاندا جۇڭگونىڭ دائىم ئىلىدىن ئەسكەر

---

① ئاپتور بۇ يەردە خاتالىشىپ زوزۇڭتاڭنى مانجۇ دەپ قارىغان — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

چىقىرىپ قەشقەرىيەنى قايتا ئىستېلا قىلغىنىدەك، رۇسلارمۇ ئەمدى جۇڭگولۇقلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىلىدىن مۇشۇنداق رولنى ئۆزلىرى خالىغىنىچە ئوينىيالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، رۇسلارنىڭ ئىلىدا تۇرۇۋېلىشى جۇڭگولۇقلارنىڭ يېقىندا غەربىي جەھەتتىكى غەلىبە ئارقىلىق ئالغان پايدىسىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىراتتى. جۇڭگولۇقلار گەرچە روسىيەنىڭ ستراتېگىيە جەھەتتىكى پايدىلىق ئورنىدىن ئەنسىرەشكە تولۇق ئاساسلىق بولسىمۇ، (ئۇلار، جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈچى ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ بارالىغۇدەك دەرىجىدە كۈچەيسىلا غۇلجىنى ھەرقاچان جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىمىز، دەپ ۋەدە بەرگەن)، غۇلجىنى رەسمىي يوسۇندا «مەڭگۈ»لۈك يۇتۇۋالغانىدى (كولپاكوۋسكىنىڭ باياناتىغا قاراڭ). ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسىنىڭ نەزەرىدە، ھېلىقى بايانات ھەرگىز رۇسلارنىڭ بېيجىڭ دائىرىلىرىگە بەرگەن مۇجمەل ۋەدىسى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ غۇلجىدىن كەتمەي تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى تەھقىقلەشتۈرگەن باياناتى ئىدى. ئەمدى، رۇسلارمۇ بۇنى بىر چۈشەنگەندەك چۈشىنەتتى. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەنتەنىلىك ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ غۇلجىنى قايتۇرۇپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلاردىن قورقانلىقتىن ئەمەس، بەلكى باشقا سەۋەبتىن قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىگە غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ھەرگىز ئىشەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. قوقەنلىكلەر، بۇخارالىقلار، شۇنىڭدەك قىرغىزلار، قالماقلار ۋە قەشقەرىيلىكلەرنىڭ ھەممىسى، رۇسلار غۇلجىنى ھەرگىز ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى جۇڭگو بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقتىن قايتۇرۇپ بەردى، دەپ قارايتتى، روسىيەنىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرغانلىقىنى ئۇلارنىڭ جۇڭگو بىلەن جەڭ مەيدانىدا تۇتۇشۇپ قېلىشنى خالىمىغانلىقى دەپ ئىزاھلايتتى. ئە-

مەلىيەتتە، رۇسلار غۇلجىنى دەرھال قايتۇرۇپ بەرگەن تەقدىر-
دىمۇ، ئۇ ھەرگىز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى دېگەن ئاتاقنى ئالالماي-
تى. شۇنىڭدەك جۇڭگولۇقلار ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش بىلەنلا قانا-
ئەتلەنمىدۇ، ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن تېخ-
مۇ ئىلگىرىلەپ 20 يىل بۇرۇن جۇڭگو تازا زەئىپلەشكەن مەز-
گىلدە روسىيىگە ئۆزى بۆلۈپ بەرگەن نارىن رايونىنى قايتۇ-
رۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، دەپ ھۆددە قىلالمايتتى. روس-
يىنىڭ غۇلجىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان
سىياسىي سەۋەبتىن باشقا، يەنە سودا ۋە مالىيە جەھەتتىكى سە-
ۋەبلەرمۇ بار ئىدى. غۇلجا روسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا
يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن ۋە ئاھالىسى قويۇق بىر جايغا
ئايلىنىپلا قالماي، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زېمىنلىرى
ئىچىدە مالىيە جەھەتتە ئەڭ كۆپ كىرىم بولىدىغان بىر جاي
ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، غۇلجىنىڭ چېگرىسىنىڭ تىيانشاننىڭ
ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقىمۇ كىشىنى قىزىقتۇراتتى. بۇ چېگرا
كېيىنچە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى بىلەن بولىدىغان سودىنى
يولغا قويۇشتا سىمپالاتىنسكى بىلەن چۆچەك ئارقىلىق ماڭىدىغان
يولدىنمۇ كۆپ پايدىلىق ئىدى. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، شۇنداق
بولغاندا ھەقىقىي خەۋپتىن ئۈنۈملۈك قوغدالغىلى بولاتتى. جۇڭ-
گولۇقلار غۇلجىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتە تىيانشان تاغلىرىنى
بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ جايغا شىمال تەرەپ-
تىكى قارا ئوسۇن (شىخو) ئارقىلىق كىرىشكە توغرا كېلىدىغان-
لىقىنى، مۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ماناس بىلەن قەشقەردىن
ئىبارەت ئىككى يان تەرىپى ۋە قاتناش لىنىيىلىرى پۈتۈنلەي
ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. روسىيىدەك پەن-
تېخنىكىسى يۇقىرى دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشتا، ئىنتايىن ئۈستۈن
ئەسكىرىي كۈچ بولماي تۇرۇپ، غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇە-

مكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئەقلى-ھوشى جايىدا بولغان جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى چۈشىنەتتى. بۇ يەردە بىز 1871-يىلدىن ھازىرغا قەدەر روسىيىنىڭ غۇلجىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخىنى قىسقىچە بايان قىلىپ، ئاندىن جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان بەزى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ كۆرسەك يامان بولماس.

1866-يىلى غۇلجىدا مۇستەقىل بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلغان چاغدا، ئوبۇل ئوغلان دېگەن بىر ھۆكۈمران پادىشاھ بولۇپ تىك-لەنگەنىدى. بۇ ھۆكۈمران ئۆتۈپ كەتكەن مۇتىھەم ۋە ھاكاۋۇر تۇڭگان بولسا كېرەك. ئۇ غۇلجا بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەرتنامىلەرنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلدى ۋە چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە روسىيە بىلەن بىۋاسىتە قارشىلاشتى. ئۇ بەش يىلغىچە سىرتنىڭ تەسىرىگە بېرىلمەي ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە پۇقرالىرىنىڭ روسىيە زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىشىغا سۈكۈت قىلدى، چېگرا سىرتىدىكى قىرغىزلاردىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى ھەم روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئۆز زېمىنىغا كىرىشىنى مەنئى قىلدى. ئۇ ياقۇپ بەگ كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوللانغاندەك چارىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆلىمى ياقۇپ بەگنىڭكىدىن كىچىكرەك بولدى. لېكىن ئۇ چاغلىقلا بىر زالىم پادىشاھ ئىدى. پۇقرالىرى ئۇنىڭ زالىملىقىدىن زار قاقشايتتى. ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى يەتمىش بەش مىڭ قول ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان كىشىگە ئىنتىزار ئىدى. ئوبۇل ئوغلان ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىلى سۇلتانلىقى — چەت ئەللىنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، تېگى-تەگىدىنلا يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كېتىدىغان بىر دۆلەت ئىدى. ئۇ، بەش يىلغىچە ياكى بەش يىلدەك ۋاقىتقىچە روسىيىنىڭ ئالمۇتا، نارىن، سىمىرچىنىسكىدا تۇرۇشلۇق

مەمۇرلىرى ئۇنىڭ يوشۇرۇن دۈشمەنلىكىگە سەۋر - تاقەت قىلىپ
كەلدى. لېكىن ئىش پەيدىنپەي روشەنلەشكەندە، يەنى ئىلى
سۇلتانلىقى چاك - چېكىدىن پارچىلىنىپ كېتىش ھارپىسىدا ياقۇپ
بەگ ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ كۆپ قىسمىغا چاڭ سالماقچى بولۇۋېدى،
روسلارنىڭ تاقىتى تۈگىدى. ئۇلار ياقۇپ بەگنىڭ ياكى تۇڭ-
گانلارنىڭ ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىنى ئاۋۋال ئىشغال قىلىۋېلىشىغا
يول قويماسلىق قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، غۇلجىغا ئەڭ
ئاخىرقى ئولتىماتوم تەرىقىسىدە بىر مەكتۇپ ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭدا
ئۇبۇل ئوغلان ئەگەر روسىيە بىلەن جۇڭگو تۈزۈشكەن بەزى
شەرتنامىلەرنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ
قېلىشىغا ئاخىرقى پۇرسەت بېرىلىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى. روسى-
يە ھۆكۈمىتى مۇشۇنداق كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىل-
غان چاغدا، ئۇ ئېنىق بىر نېمە دېمەستىن، ئۆزىنى قاچۇرۇپ،
ئىشنى ئارقىغا سۆرەپ كەلگەنىدى. ئاخىر موسكۋانىڭ تاقىتى
تۈگەپ، سەۋر قاچىسى تاشتى. رۇسلار ئۇبۇل ئوغلاننىڭ ھۆكۈ-
مىتىنى بىتچىت قىلىپ، غۇلجىنى يۇتۇپ كېتىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ
چېگرىسىنى تىيانشانغا قەدەر سوزۇش قارارىغا كەلدى.

1871 - يىل 5 - ئايدا مايور بالىتىسكى كىچىك بىر ھەر-
بىي قىسىمنى باشلاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا پاسىلى بولغان
بولغۇجىر دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە ئۇبۇل ئوغلاننىڭ زېمىنىنىڭ
خېلى ئىچكىرىسىگىچە بېسىپ كىردى. ئەمما ئۇنىڭ كۈچى ناھا-
يىتى ئاز بولغاچقا، قىسقىغىنە بىر مەزگىل رازۋېتكا قىلدى - دە،
يەنە روسىيە زېمىنىغا قايتىپ كىرىپ كەتتى. ئالتە ھەپتە ئۆت-
كەندىن كېيىن، گېنېرال كولپاكوۋسكى ئاساسىي قوشۇننى باش-
لاپ دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتتى - دە، تاكى ئىلىنىڭ مەركىزى
غۇلجىغىچە ئىلگىرىلەپ كىردى، بۇ تاجاۋۇزچى قىسىمدا ئاران
1785 ئەسكەر، 65 نەپەر ئوفىتسېر بار ئىدى. ئۇبۇل ئوغلاننىڭ

قوشۇنى دەسلەپتە باتۇرلۇق بىلەن ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتتى، ئەمما روسىيە توپ ۋە مىلتىقتا تايىنىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئارقا ئارقىدىن غەلىبە قىلدى. 7-ئاينىڭ 4-كۈنى بۇ ھۆكۈمران روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلىغا كېلىپ تەسلىم بولدى. ئۇ گېنېرال كولپاكوۋسكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغاندا: «مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئاللا مېنى ساقلايدۇ. بويسۇندۇرۇلغان ھالەتتىمۇ تەقدىرگە تەن بېرىمەن. ئەگەر بىز گۇناھلىق دەپ قارىلىدىغان بولساق، ھۆكۈمدارنىلا جازاغا تارتىپ، بىگۇناھ پۇقرالىرىمىزغا كەڭچىلىك قىلىشىڭىزنى سورايمەن» دېدى. ئىككىنچى كۈنى روسسىيە گېنېرالى غۇلجا شەھىرىگە كىردى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش يەتتە-سەككىز كۈن داۋاملاشتى، قورال تاشلىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئامان قالدى. ئوبۇل ئوغلانىڭ قوشۇنى تارقىتىۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئۆزى پېنسىيىگە چىقىرىلدى ۋە ئولتۇرىدىغان يەرگە ماكانلاشتۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، غۇلجا ياكى ئاخباراتتا «جۇڭغارىيە» دېيىلگەن بۇ يەر «مەڭگۈ» يۇتتۇۋېتىلدى ۋە روسىيىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق بىر رايون بولۇپ قالدى. روسىيىنىڭ غۇلجىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى شۈبھىسىزكى، يەرلىك خەلق ئۈچۈن پۈتۈنلەي ياخشى ئىش ئىدى. پەقەت قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىپ تاشلانغانلىقى ئارقىسىدىلا يەتمىش بەش مىڭ ئادەم جەبىر-زۇلۇمدىن ئازاد قىلىنغانىدى. توختاپ دەپ قالغان سودا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ جانلىق قىسمى گۈللىنىش ۋە ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. روسىيە غۇلجىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەتتە يىل داۋامىدا، ئاھالىنىڭ ئەخلاقى، ماددىي پاراۋانلىقى تەدرىجىي ياخشىلاندى. مۇشۇ مەزگىلدە، بۇ يەرنىڭ نوپۇسى خېلى كۆپەيدى، ئىلى ۋادىسىدىكى ئاھالە ئارىسىدا گۈللەپ-ياشناش، توقچىلىق مەنزىرىسى بارلىققا كەل-

گەندى. روسىيەنىڭ ئىلىدىكى ھۆكۈمرانلىقى پايدا يەتكۈزۈ-
گەنلىكتىن، جۇڭگولۇقلار غۇلجىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىشتا،
پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇنداق پاي-
دىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىغا ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ قەش-
قەردىيە ۋە تۇڭگانلار رايونىدا ئۆتكۈزگەن ۋەھشىلىكلىرى بىلەن
يامان ئاتاقتا قالغانلىقى سەۋەب بولغان. كىشىلەر ئەگەر ئازراق
كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆر-
مەكچى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا «جىڭباۋ گېزىتى» نىمۇ «تاشكەنت
گېزىتى» نى ئوقۇغاندەك ئوقۇپ چىقىدىغان بولسا، بۇنداق
«ۋەھشىلىك»نىڭ كىشىلەر ئالاقزادىلىك ئىچىدە توقۇپ چىققان
ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى، يامان غەرەزدىكى كۆزەتچىلەر تارقاتقان
پىتنە-پاسات گەپلەر ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئاز ساندىكى بىر-
قانچە مىسالدا، جۇڭگولۇقلارنىڭ قىساسچىلىقى ماناس ۋە ئاقسۇ-
دىكىدەك، ھەربىي ئىنتىزامدىن ئېشىپ كەتتى دېيىلگەن تەقدىر-
دىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆلتۈرمىگەنلىكى
توغرىلىق بىردە ئېنىق ئىسپات بار. «تاشكەنت گېزىتى» نىڭ
جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋەھشىلىكى توغرىسىدا كۈچەپ تارقاتقان خەۋەر-
لىرى پىكارغا كەتمىدى. لوندوندا چىقىدىغان بىر گېزىت روس-
يە گېزىتلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلارغا بوھتان چاپلىغان توقۇلمە نەت
خەتلىرىنى ئەنگلىيە كىتابخانىلىرىنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن
تەرجىمە قىلدى، ئۇلار «تاشكەنت گېزىتى» دىن نەقىل ئېلىپ
جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىنسانلىق قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىلىكلىرىنى
ئىسپاتلاش ئارقىلىق، روسىيە گېزىتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا
يۈز بەرگەن ۋەھشىلىكلەر توغرىسىدا تارقالغان پىتنە-پاساتلار-
دىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارغا قارشى غەزەپ-
نەپرىتىنى قوزغىشىغا ياردەم بەردى. ئەدەبسىزلىك بولسىمۇ شۇن-
داق تەكلىپ بېرىمىزكى، جۇڭگولۇقلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش

ئۇچۇن، بۇ گېزىت «تاشكەنت گېزىتى» نىڭ ھېلىقى غەزەپلىك ئەنزاردا خەۋەر قىلىنغان ۋەقەنى بېيجىڭدا چىقىدىغان «جىڭباۋ گېزىتى»دەك ئېھتىياتچان، جىددىي پوزىتسىيە بىلەن كىتابخان-لارغا خەۋەر قىلىشى كېرەك.

بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىلىنى قەتئىي قايتۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدۇق. ئۇلارنىڭ رۇسلارنى باش ئەگدۈرۈشى ئاسانغا توختىمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەرگىزمۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. ھەرقانچە بولسا، ئۇلار ئىلىنى دىپلوماتىك ئۇسۇل بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىشتا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ھازىرقى زامان دىپلوماتىيىدە يول قويۇلىدىغان باشقا ھەممە ئۇسۇللارنى قوللىنىۋېرىدۇ. ئىلگىرى، جۇڭگو مانجۇرىيىدىن بىر تاسما زېمىننى رۇسلارغا كېسىپ بەرمەكچى بولۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، رۇسلار ۋلادىۋوستوك① پورتى بىلەن ئامۇر دەرياسى② بويىدىكى بەزى مۇھىم قورۇللاردا قۇرۇقلۇق قاتنىشىنى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىدىكەن، دېگەن ئىغۋا تارقالغانىدى. لېكىن ئۇ ھېچقانداق مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە ئەمەس! يېقىنقى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ چۆللۈكتىن باشقا جايلاردا ئوڭۇشلۇقتا ئېرىشكەنلىكى ئۇنى شىمالىي تەرەپتە ئەمدى ئۆزىنى داۋاملىق چەكلەش پوزىتسىيەسىنى قوللانماي، روسىيىلىكلەرنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، تاقابىل تۇرۇش ئىشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. ھازىر بەزىلەر، روسىيە غۇلجىنى ھازىرقىدەك گۈللەندۈرۈشكە كەتكەن چىقىم بەدىلىگە ھەق تۆلەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، دېيىشمەكتە. قارايدىغان بولساق، بۇنىڭدىن ئادىل ئىش يوقتەك تۇرىدۇ. بىرىنچىدە، مۇۋاپىق ساندا ھەق

① خەيشېنۋەي — خەنزۇچە تەرجىمىدىن.

② خېيلۇڭجياڭ دەرياسى — خەنزۇچە تەرجىمىدىن.

تۆلەشكە جۇڭگولۇقلارمۇ قارشى چىقماسلىقى مۇمكىن، ئەمما روسىي-
يە تەلەپ قىلغان ھەق بەك كۆپ ئىكەن. بىزغۇ ئۇنىڭ ھە-
قىقىي سانىنى ئاڭلىمىدۇق. ئەمما جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېيتىشىچە،
بۇ پۇلنىڭ سانى غەربىي شىمالغا كەتكەن ئۇرۇش خىراجىتىنىڭ
ئومۇمىي سانىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدىكەن. شۇنداق بولسا، بۇ پۇل
ئىككى مىليون فۇند ستېرلىڭدىن كەم ئەمەس. بۇ، تولىمۇ ھەد-
دىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك؛ بۇ، روسىيىلىكلەرنىڭ بۇرۇنقى
كېلىشىمگە ئەمەل قىلىشنى قەستەن رەت قىلىشتىكى بىر سەۋەبى
ئۆزىنىڭ دىپلوماتىك خادىملىرىنىڭ جۇڭگو ۋەكىللىرى بىلەن
سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تېپىپ بەرگەن باھانىسى، ئەلۋەتتە. جۇڭ-
گو غۇلجا مەسىلىسىدە روسىيە بىلەن كېلىشىش ئۈچۈن پېتېر
بۇرگقا بىر ئەلچى ئەۋەتتى، ئەمما ئۇلار تېخى ئىشقا كىرىشمىدى.
مەسىلىنىڭ ھەقىقىي ھەل بولۇشى زوزۇڭتاڭ ۋە گېنېرال كائۇف-
مانغا باغلىق، يېقىنقى خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، زوزۇڭتاڭ غۇل-
جىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ ھازىر
روسىيىنىڭ جاۋابىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مۇشۇ
مەزگىلدە جۇڭگولۇقلار خوتەندە بىر ئاقساقالنىڭ باشچىلىقىدا
قوزغالغان كىچىك بىر ماجىراغا دۇچ كەلدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ
تەسىر كۈچى تېخى يەركەننىڭ جەنۇبىغا يېتىپ بارمىغانىدەك
قىلىدۇ، ئەمما جۇڭگولۇقلار بۇنىڭدىن بىرقانچە ھەپتە بۇرۇن،
جىددىي ئەسكەر كۆپەيتىپ يىگىرمە مىڭ كىشىلىك ياردەمچى
قوشۇنىنى ماناسقا يۆتكەپ بولغانىدى. ئۇلار قالماقلار ئارىسىدىمۇ
كەڭ كۆلەمدە ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئاساسىغا ئىگە. ئۇلارنىڭ
چۆچەكتىكى ئورنى زور ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە
بولسا كېرەك. ئەگەر غۇلجا مەسىلىسى تۈپەيلىدىن روسىيە بىلەن
جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىدىغان بولسا، جۇڭگونىڭ بۇ
ئۇرۇشقا يېتەرلىك ئەسكىرىي كۈچى ۋە يېتەرلىك تەييارلىقى

www.uyghurkitap.com

بار ئىدى. ئۇلار روسسىيەنىڭ يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى تامامەن قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويالايتتى. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ چاغدا روسسىيەنىڭ غۇلجىدا ئاران بەش مىڭدەك ئەسكىرى بار ئىدى. غۇلجا مەسىلىسى گەرچە ئەنە شۇنداق گەۋدىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولۇشى بىلەن كېلىپ چىققان ۋە يۈز بەرگەن مەسىلىلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ جىددىي مەسىلىلەرنىڭ بىرسىلا ئىدى. خالاس، ئەگەر روسسىيىلىكلەر غۇلجىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلىدىغان بولسا، تېخىمۇ شۇنداق بولاتتى؛ ھالبۇكى، روسسىيىلىكلەرنىڭ غۇلجىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئەمما جۇڭگولۇقلار ئۆز رەقىبىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى، ئەگەر مەغلۇپ بولىدىغان بولسا، ئۆزلىرىگە چوقۇم زور زىيان يېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا يېنىكلىك بىلەن ھۇجۇم قوزغىمايتتى. مۇنداق شارائىتتا، غۇلجا مەسىلىسى ھەل قىلىنماي ئۇزاققىچە تاكى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكىچە تاشلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما جۇڭگولۇقلار بۇنداق تاجاۋۇزچىلىقنى ئېسىدىن چىقارمايتتى، تېخىمۇ كەچۈرمەيتتى، لېكىن بۇ مەزگىلنىڭ مەيلى قانچىلىك ئۇزۇن بولۇشى ۋە بۇ مەسىلىنىڭ مەيلى قانچىلىك ئۇزاققا سوزۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، غۇلجا مەسىلىسى داۋاملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ قېلىۋېرەتتى، بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمايدىغان بولسا، روسسىيىنىڭ مەنپەئىتىگە داۋاملىق تۈردە زىيانلىق تەسىر كۆرسىتىۋېرەتتى. جۇڭگولۇقلار چۆچەك، قارائۇسۇن، ماناس، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ۋە قەشقەردە داۋاملىق ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان، گەنسۇ ئۆلكىسى ۋە قالماقلار رايونىدىن تەدرىجىي ھالدا ئەسكەر يۆتكەپ ئۆزكۈچىنى ئاشۇرىدىغانلا بولسا، روسسىيىنىڭ غۇلجىدىكى ئىشغالىيىتىنى خەۋپلىك ھالغا

چۈشۈرۈپ قويالايتتى. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگولۇقلار بۇ جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىقىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان ئىدى، شۇڭا ئۇلار پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنالايتتى. ئەمما روسىيەنىڭ پەقەت زوزۇڭتاڭنىڭ غەلبىسىنى دەپ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشىغا ئۈمىد باغلاشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. ئەگەر جۇڭگولۇقلار ۋاپاسىز رۇسلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشىنى رەت قىلىدىغان ۋە «ئەگەر غۇلجىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان بولساڭلار، سىلەر بىلەن بولغان سىياسىي ۋە سودا مۇناسىۋەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرمەيمىز» دەپ جاكالايدىغانلا بولسا، رۇسلار مەيلى غۇلجىدا بولسۇن، ياكى نارىندا ۋە ياكى قوقاندا بولسۇن، مەڭگۈ ئامان بولالمايتتى، ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى شۇكى، روسىيە غەربىي ئاسىيانى ھازىرقىغا ئوخشاش تەسەررۇپ قىلىدىغانلا بولسا، جۇڭگونىڭ كۈچىنى توسۇشقا مەڭگۈ جۈرئەت قىلالمايتتى، بەلكى شەرقتە ۋلادىۋوستوكتىن ۋە ئامۇر دەرياسىدىن غەربتە غۇلجا ۋە قەشقەرگىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشقا غەرق بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا غۇلجا مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشى ھەرگىز كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئاسان ھەل بولىدىغان مەسىلە ئەمەس ئىدى، بۇ جەھەتتە روسىيىمۇ كىشىلەرنىڭ پەرەز قىلىغىنىدەك قاتتىقلىق قىلالمايتتى، جۇڭگومۇ بوش كەلمەيتتى. ئەمما يىغىپ ئېيتقاندا، غۇلجا مەسىلىسى، بىز بايا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەقەت جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا چىقىشى بىلەن پەيدا بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرسىلا ئىدى، خالاس. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوتتۇرىغا چىققان زور مەسىلىلەرنىڭ ئامىلى بولغان جۇڭگولۇقلار تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايتتى. ھازىر ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ دۆلەت بىر يەرگە يىغىلدى، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى قانداق بولار؟

ئۆتمۈشتىكى ساۋاقلارنىڭ بارلىق ئەھمىيىتىنى تولۇق بىلى-

گەندىلا، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى دادىللىق بىلەن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ئەنگلىيە، روسىيە ۋە جۇڭگودىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق بولۇپ كەلدى؟ بىر كىتابىمىزدا، ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگۈسىز دۈشمەنلىك مەۋجۇتلۇقىنى، ھېچ بولمىغاندىمۇ ئاسىيادا مۇشۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق دۈشمەنلىكنى ھازىرقى ۋاقىتتا بىر قەۋەت ئەدەب - قائىدە ۋە مەدەنىيەت پەردىسى بىلەن بېزەپ قويۇلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ كەلدۇق، بۇ يەردىمۇ شۇنداق قارارلاشتۇردىمىز. بىز بۇ يەردە پەقەت ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگونىڭ، روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنىلا قاراپ چىقماقچىمىز. ئاۋۋال روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا سودا ۋە سىياسىي جەھەتلەردە دوستلۇق ھەم ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈش مۇناسىۋىتى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلماقتا. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلار خېلى ئىناق ئۆتۈپ كەلدى، ئەنگلىيە بولسا ئۈچ قېتىم ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىنلا بىر قانچە دېڭىز پورتلىرىدا ئۆز سودىگەرلىرىنى تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. لېكىن روسىيە ئۇنداق چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرنى قوللانماي تۇرۇپمۇ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە غەربىي قىسمىدا ئۆزىنى ياكى سودىگەرلىرىنى خالىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە قىلدى. ئۇ ئامۇر دەرياسىنى پۈتۈنلەي روسىيە دەرياسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ۋلادىۋوستوك ئارقىلىق سېرىق دېڭىز ۋە ياپون دېڭىزىنى كونترول قىلىۋالدى: ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ خالخا موڭغۇللىرى ئارىسىدىكى ئورنى ۋە غۇلجىدا قولغا كىرگۈزۈۋالغان ئىككى دەرۋازا ئارقىلىق جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقايسى ئاجىز نۇقتىلىرىغىچە بارالايدۇ. ئەمما ئۇ جۇڭگو بىلەن ئىنتايىن دوستانە ئۆتۈپ كەلمەكتە. ئۇ ئەڭ كۆپ ئېتىبار بېرىش خاراكتېرىدىكى

بىر قانچە سودا شەرتنامىسىگە ئىگە بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئەڭ
كۆپ ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەتلىك ئورنىنى ئىزچىل ساقلاپ
كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىگە بولغانلىرى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ، ئۇ
ئاللىقاچان ئەڭ كۆپ ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەت بولۇپ قالدى.
لېكىن جۇڭگولۇقلارمۇ ئەزەلدىنلا شۇنىڭغا سەل قارىمىغان ئىدىكى
روسسىيە بىلەن ھاسىل قىلىنغان بۇنداق يارىشىش، ئۇنىڭ كەل-
تۈرگەن پايدىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنتايىن بىر تەرەپلى-
مىلىك ئىدى. روسسىيە گەرچە دوستلۇق ۋە ياخشى نىيەتلەر
ئۈستىدە نۇرغۇن باياناتلارنى چىقارغان بولسىمۇ، جۇڭگولۇقلار
بۇنداق قۇرۇق ۋەدىلەردىن زادى قانچىلىك پايدا ئالالىدى؟
ۋەتەنپەرۋەر جۇڭگولۇقلار ئامۇ دەرياسىغا، تاراشلىنىپ كىچىككىنە
قالغان مانجۇرىيە رايونىغا قاراپ باقسىلا، رۇسلارنىڭ دوستلۇقى-
نىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ، تېخىمۇ
ئىلگىرىلەپ، روسسىيىنىڭ باش قاتۇرۇپ تارانات لاما ① بىلەن
ئورناتقان مۇناسىۋىتىگە قاراپ باقسىلا كۇپايە. كولون خەلقىنىڭ
رۇسلارنىڭ بۇ مۇھىم شەھەر ئەتراپىدا قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئورنى
توغرىسىدىكى پىكرىنى ئاڭلاپ باقسىلا، روسسىيىنىڭ دوستلۇقى
نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇق ھەم ئېنىق بىر
پىكىرگە كەلمەي قالمايدۇ. شۇڭا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
شىمالدىكى چېگرىسى ئۈستىدە رۇسلار بىلەن كەڭ كۆلەمدە
سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى بەك زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. جۇڭگولۇقلار
بۇرۇنقىدەكلا ئاجىزلىق قىلىپ، ئۆز دوستىنىڭ قەدەم تەشرىپ
قىلغانلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمىسە، رۇسلار مۇئامىلىگە
ئۇستا بولغاچقا «باي خانىم» لارغا ياخشىچاقلىق قىلىپ، ئۇلارنى
ئۆزىگە قارىتىۋالالايدۇ ھەم ئۆز مەقسەتلىرىگە تامامەن يېتەلەيدۇ.

① تارانات لاما Taranath — بۇ كىشى دالاي ۷ بىلەن سىياسىي جەھەتتە كېلىشەلمەي تاشقى موڭغۇلىيىگە كېتىپ، ئۇلانباتۇردا ئۆلگەن — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

ئەگەر جۇڭگو كۈچىيىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىتتىپاقداشىنىڭ خوشامەت - تەكەللۇپلىرىنى رەت قىلىدىغان دەرىجىگە يەتسە، جۇڭگولۇقلارمۇ چوڭ - چوڭ سۆزلىيەلەيدىغان بولىدۇ. بىر جۇڭگو-لۇقلارنىڭ ئامۇ دەرياسى رايونىدا يېرىم - يارتا دۈشمەنلىك پوزىت-يىسىنى قوللانغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، گەرچە جۇڭگونىڭ تەشۋىشى ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ (بۇنىڭغا روسىيىنىڭ دۈشمەنلىك قىلغانلىقى، مانجۇرىيىدە ۋە خالخا موڭغۇللىرى ئارىسىدا سۇيىء-قەست پىلانلىغانلىقى سەۋەب بولغان)، ئەمما ئۇ غۇلجىنى قايتۇ-رۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىنمۇ رۇسلار ئەگەر بۇ يەرنى قايتۇرۇپ بەرمەي داۋاملىق بېسىپ يېتىۋېرىدىغان بولسا، جۇڭ-گولۇقلارنىڭ بۇنىڭغا غەزەپلىنىشى تۇرغان گەپ، قىسقىسى، رۇسلار قىرىم ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامۇر دەرياسى بويىدىكى بەزى ئاسا-سىي بازىلارنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن بۇيان، جۇڭگو ئۆزىنىڭ شىمال تەرەپتىكى چېگرىسى توغرىلىق گەپ قىلماي كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تېخى تۈگىمىگەن ھەممە تەشۋىشى ئەمدى ئوتتۇرا ئاسيادا بىرلا ۋاقىتتا مەركەزلەشكەنىدى. روسىيە بۇ يەردە جۇڭگونىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئۈزۈۋېتىدىغاندەك (ئاز دېگەندىمۇ ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغاندەك) ئەلپازدا ئىدى. غۇلجا مەسىلىسى قىسمەن دائىرىدە مۇھىم ئەھ-مىيەتكە ئىگە بىر مەسىلە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىسسىق كۆل رايو-نىدىكىدەك بىر قېتىم كىرىزىس يۈز بەرسىلا روسىيە بىلەن جۇڭگو ئادا - جۇدا بولۇپ كەتكۈدەك دەرىجىدە جىددىي ئەمەس-دى. ھېلىقى دەز بۇرۇندىن تارتىپلا مەۋجۇت ئىدى، روسىيە ھەرقانچە يول قويغان بىلەنمۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگولۇقلار ئارىسىدىكى ئىلگىرىكى ياخشى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيتتى. ئۇ مەيلى غۇلجىنى ھازىرلا قايتۇرۇپ بەرسۇن ياكى زورلۇق بىلەن بېسىپ يېتىۋەرسۇن، ئەمدى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى تەلەپ

قىلىشقا ھەققى قالمىغانىدى. چۈنكى روسسىيە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز نەزەرىدىكى قىل سىغمايدىغان ھەققانىي ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى كېچىكتۈرۈپ قويغانىدى. ئەگەر روسسىيە جۇڭگوغا دەرھال «بىز غۇلجىنى چوقۇم بوشىتىپ بېرىمىز، سىلەردىن پەقەت يۇقىرىلارنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىلا تەلەپ قىلىمىز» دەيدىغان بولسا، ئىككى مەملىكەت بىر ئوبدان يارىشىپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى نىشان ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا روسسىيە - جۇڭگو ئىتتىپاقىنى تۈزۈشمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ ئىتتىپاق ئەنگلىيىگە چوقۇم قاتتىق خەۋپ يەتكۈزگەن بولاتتى، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندە ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىگە توختالغاندا بايان قىلىمىز.

ئەمما روسسىيە دائىرىلىرى بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ ئالالمىغانىدى. ئۇلار غۇلجا مەسىلىسىنى پەقەت قىسقا ۋەقە، جۇڭگولۇقلار بۇ ۋەقەگە ئانچە بەك قىزىقمايدۇ، دەپ قاراپ، جۇڭگولۇقلارنى سەل چاغلىغان، ئۇلار جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئەستايىدىللىقىغا پۈتۈنلەي سەل قارىغان، ئۇلار زوزۇڭتاڭنىڭ تەلەپلىرىگە خوشياقمىغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، بۇ گېنېرالنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغانىدى. ھەرقانداق تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سىياسىتى يۈزەكى بولۇپ، ئاقىلانە ئەمەس ئىدى. ئەگەر روسسىيىنىڭ بۇرۇن جۇڭگو بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا قوللانغان تاكتىكىسى ۋە دىپلوماتىيە ئۇسۇللىرىنى ئويلاپ باقساق، ئۇلارنىڭ بەكمۇ يۈزەكىلىك ۋە ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەلۋەتتە، غۇلجا مەسىلىسى ھەممە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلگىرىكى ھەممە مەسىلىلەردىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدىغان، بۇ پەردە بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلە ئىدى، روسسىيە ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئىلگىرىلەۋەرمەي، ئارقىغا چېكىنىشى كېرەك ئىدى. روسسىيە دائىرىلىرى بۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە بېرىدىغان تەسىرىنىلا كۆزدە تۇتۇپ قارىدى. ئۇلار غۇلجىنى قايتۇرۇپ بەرسەك، غەربىي تۈركىستاندىكى ھەممە قارشىلىق ئامىللىرى كۈچىيىپ كېتىدۇ، پۈتۈن ئاسىيادىكى ئابرويىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ قارىدى. مەسىلەن، روسىيىدە چىقىدىغان مۇھىم بىر گېزىتتە، «غۇلجىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىك — سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق بولىدۇ. ئۇنداق قىلساق، جۇڭگونىڭ ئىناۋىتىنى مىسلىسىز دەرىجىدە ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ تەبىئىي چېگرىسىدىن جۇڭگوغا مۇھىم بىر ھەربىي بازىنى بېرىپ قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى ئورنىمىزنى خاراب قىلىمىز. شۇ ۋەجىدىن غۇلجىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ» دېيىلگەنىدى. بۇ سۆز رۇسلارنىڭ غۇلجىنى داۋاملىق ئىشغال قىلىپ تۇرۇۋېرىدىغانلىقىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقارىشىنىڭ قىسقىچە يەكۈنىدۇر. ئۇلار يەنە جۇڭگولۇقلارنىڭ قانداقتۇر ياۋۇزلۇقلىرى ھەققىدە تارقالغان پىتنە-ئىغۋالاردىن پايدىلىنىپ جۇڭگولۇقلارنى قاخىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆز تەسەۋۋۇرى بويىچە، جۇڭگولۇقلارنىڭ غۇلجىنى قايتۇرۇۋالغىنىدىن كېيىن يۈز بەرگۈسى ئەھۋالغا سېلىشتۇرۇپ، ئامىنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزلىرىگە پايدىلىق تەسىر قالدۇرىدىغان بەزى نەرسىلەرنى توقۇپ چىقتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كەلگۈسى ئەھۋالنى يازغاندا، تۇڭگان يېغىلىقىدىن بۇرۇنقى غۇلجىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان ھالىتىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقاردى، ئۇلار ئۆزلىرى 1871-يىلى غۇلجىغا بېسىپ كىرگەن چاغدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقنى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى ۋە تۇراقسىزلىقىدىن كۆرمەي، جۇڭگولۇقلارغا دۆڭگىدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇشۇ بىر ئەسىر جەريانىدا قىلغان نۇرغۇن ياخشىلىقلىرىغا كۆز يۇمدى. ئۇلار بىزدىن، شۇنىڭدەك

مۇشۇ ۋەقەنى كۆزەتكەن ھەممە كۆزەتكۈچىلەردىن ئۆزلىرىگە ئوخ-
شاش قاراشتا بولۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما تارىخىي ساۋاقلار
مانا مەن دەپ ئوپئوچۇق تۇرغان ۋە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بىر
يەكۈن چىقىرىلىپ بولغاندا، ئىش ھەرگىز ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك
بولمايتتى. بىز روسىيىنىڭ غۇلجىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەز-
گىلدىكى رەھىمدىل سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلمايمىز،
بىز بۇنى خۇشال-خۇرام ئېتىراپ قىلىمىز، ئەمما بۇ، جۇڭگولۇق-
لارنى ھاقارەتلەشكە، ئۇلارنى ئۇچىغا چىققان ۋەھشىلەر دېيىشكە
سەۋەب بولالمايدۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزەرىدىن ئالغاندا، بۇلار
رۇسلارنىڭ غۇلجىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلىشىغا تېخىمۇ
سەۋەب بولالمايدۇ. زوزۇڭتاڭنىڭ تەكلىپىنىڭ ياقۇپ بەگكە قارشى
جازا يۈرۈشى قىلىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئېنىق.
روسىيىنىڭ بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلغانلىقى جۇڭگولۇقلارنىڭ
غەزىپىنى قوزغاپ قويدى، كېيىن بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغاندا
رۇسلارنىڭ ئوچۇق بىر نىمەدېمەي، ئارقىغا سۆرەۋېرىشى جۇڭگو-
لۇقلارنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. رۇسلار بۇنى سەزگەن
ۋە ئەمدى ھەرقانچە دوستانە پوزىتسىيە قوللانغان بىلەنمۇ جۇڭ-
گولۇقلار رۇسلارنىڭ بۇنداق كىچىك پېئىللىقىنى زادىلا ياق-
تۇرمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي چۈشەنگەنىدى. ئەگەر بىز بۇنى ئېتىراپ
قىلىدىغان بولساق (بۇنى ئىنكار قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس)، ئۇ
ھالدا، غۇلجا مەسىلىسىنى زادى قانداق ھەل قىلىش كېرەك،
ئۇرغۇن كىشىلەر دەۋاتقان تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلى
زادى قانداق ئۇسۇل؟ ئەگەر روسىيە جۇڭگونىڭ ئەمدى يول
قويمايدىغان قەتئىي شەرتلىرىگە كۆنمەيدىغان بولسا، تىنچ يول
بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىنمۇ؟ شۇنىسى ئېنىقكى، مۇسۇلمانلارنىڭ
يەنە بىر قېتىملىق ماجىرا تۇغدۇرۇشى ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى
بولمايدۇ، بەزىلەر بۇ پەرەزنى خوتەنلىك كىچىك بىر ئاقساقالنىڭ

جۇڭگونىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق بىر ھەربىي قىسمىنى يەڭگەن
كىچىككىنە غەلىبىسىنى مۇبالىغىلەشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى.
دۆلەت چېگرىسىنىڭ سىرتىدىكى بىرەر بېقىندى دۆلەتنىڭ دۈش-
مەنلىك ھەرىكىتىگە ئوخشاش ھېچنېمىگە دال بولالمايدىغان
ئىشلار ئارقىلىق جۇڭگولۇقلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى
ئۇلارنى غۇلجا توغرىسىدىكى تەلىپىدىن ۋاز كەچتۇرۇشمۇ چوقۇم
ئەمەلگە ئاشمايتتى. خوتەندىكى بىر ئاقساقالنىڭ غەلىبە قىلغان-
لىقى پەقەت پۈتۈن ئۇرۇش ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر ئىش،
ئۇنى شۇ رايون ۋە يەرلىك خەلق ئۈچۈن چوڭ بىر بەختسىز-
لىك دەپ ھېسابلاش كېرەك. جۇڭگولۇقلار بۇنداق ئىشتىن دەھ-
شەتلىك ھېساب ئالماي قويمايدۇ، غۇلجا مەسىلىسىنى بۇنداق
يوللار بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئەنگلىيىلىك كىتابخانلار-
نىڭمۇ، روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىشىش
كۈندىن كۈنگە ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى ئېنىق.
چېگرىلاردا كىچىك-كىچىك پاراكەندىچىلىكلەر يۈز بېرىۋاتقان-
لىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر كېلىپ تۇرماقتا. بۇرۇن باسمىچىلار-
نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان روسىيە سودىگەرلىرى ئۆزلىرىگە ھۇجۇم
قىلغان باسمىچىلارنىڭ ئىچىدە جۇڭگو ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىكەن
دەپ ئېيتقاندى: بۇنىڭ ئۈستىگە، جۇڭگو گېنېراللىرىمۇ ئۇلار-
نىڭ زېمىنىنى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە تۆلەپ بەرمىدى. روسىيە
مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە زوزۇڭتاڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەندە، زوزۇڭ-
تاڭ قوپال جاۋاب بەردى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، روسىيە كارۋان-
لىرى ماناس، قارا ئۇسۇن ۋە ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلاردا قىزغىن
قارشى ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى ئۇنداق قارشى ئېلىن-
مايدىغان بولدى، جۇڭگولۇقلار ئەمدى رۇسلارغا چېگرىنى تاقاي-
دىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە باشلىدى. «تاشكەنت گېزىتى» نىڭ
خەۋەر قىلىشىچە، ھازىر غۇلجىدىن جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ ئىشغا-

لىتىدىكى رايونلارغا بېرىشنى خالايدىغان كارۋانلار كۆپ ئەمەس ئىكەن، روسسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى كونا ئىتتىپاق نۆۋەتتە ئىلگىرى بار بولغان، لېكىن ھازىر بولمىغان نەرسىلەرنى گەرچە ئاستا ـ ئاستا بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئېنىق ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئەھۋال ئەنە شۇنداق روشەن بولسىمۇ، لېكىن غۇلجا مەسىلىسىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىنى پەرەز قىلىش يەنىلا قىيىن، زوزۇڭتاڭنىڭ قولى مەملىكەت ئىچىدىكى دائىرىلەر تەرىپىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇ ئەمدى رۇسلارغا ئۇچۇقتىن ئوچۇق ھۇجۇم قىلالمايدۇ. مۇشۇ ئىمكانىيەت بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنىڭ قايسىسىدىن ۋاز كېچىشنى ئىختىيارىي تاللىۋېلىشىغا، ئېھتىمال، ئەمدى ئىمكان بولمىسا كېرەك. شۇنى ئەستە مەھكەم ساقلاش كېرەككى، بېيجىڭدا بىرەر سۈيىقەست پىلانلاش— روسىيىنىڭ ئەڭ يامان ھۈنىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. روسىيە ئىقتىدارلىق بىرەر ئەلچىسىنى ئەۋەتىپ زوزۇڭتاڭ بىلەن لى خۇڭجاڭنى بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇشى ۋە لى خۇڭجاڭنى كۈشكۈرتۈپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشۇنلىرىنىڭ تەمىناتى ۋە قوشۇمچە بۇيۇملىرىنى قىسقارتىۋېتىش ئارقىلىق زوزۇڭتاڭنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى نابۇت قىلدۇرۇۋېتەلەيتتى. بىز ھەرگىز لى خۇڭجاڭنىڭ بۇنداق ۋەتەن ساتقۇچلۇق شۇملۇقلارنى قىلىشىغا ئىشەنمەيمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ شۇنداق قىلىدىغان بولسا ناھايىتى زور خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ رەقىبىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىپ چەت ئەلنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالىدىغان بولسا، چوقۇم ئۆزىنىڭ خىيانەتكار بېشىغا بالايىئاپەت ياغدۇرغان بولاتتى؛ ئەمما جۇڭگونىڭ ئاساسلىق سىياسەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇنداق بىر بىرىگە ئورا كولايدىغان ئەھۋاللارنىڭ جۇڭگونىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چوقۇم زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلماسلىق لازىم.

غۇلجا مەسىلىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش
تولىمۇ قىيىن ئىدى. ئەمما بۇ مەسىلىنى بېيجىڭنىڭ خان ئور-
دىسىدا ھەل قىلىش جۇڭغارىيە ۋە تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك
ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا قارىغاندا كۆپ ئاسانغا
چۈشەتتى، ئۈنۈمىمۇ كۆپ بولاتتى، روسسىيە زوزۇڭتاڭدىن ئۆزىگە
كېلىدىغان خەۋپنى مۇشۇ چارە بىلەن تۈگىتىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ
يېقىندا ئېرىشكەن غەلىبىسىنى بىر يولىلا يوققا چىقارماقچى بولۇ-
ۋاتاتتى. لېكىن جۇڭگو تەرەپتە بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى جاما-
ئەت پىكرى كۈندىن كۈنگە ئۆلغىيىۋاتاتتى، مانجۇ تەبىقىلىرى
ئۆز ئادىمى بولغان زوزۇڭتاڭنى قوللاش ئۈچۈن كېپىنى بىر
قىلىشىۋالغانىدى، شۇڭا رۇسلارنىڭ ھېلىقى پىلانىنىڭ ئەمەلگە
ئېشىشى ناتايىن ئىدى. رۇسلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەقدىر-
دىمۇ، جۇڭگولۇقلار قەشقەر، ماناس ۋە قارا ئۇسۇندا تۇرۇۋېرىدى-
غانلا بولسا، رۇسلارنىڭ غۇلجىنى بېسىپ يېتىشىنى ئۆزلىرى
ئۈچۈن ھاقارەت، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ قاتناش لىنىيىسىگە كېلىدى-
غان تەھدىت دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، غۇلجا مەسىلىسىنى
ۋاقتىنچە قويۇپ تۇراتتى.

دېمەك، ئىمكانىيەتلەرنىڭ ھەممىسى رۇسلارنىڭ مۇۋەپپەقى-
يەت قازىنىشىغا توسالغۇ ئىدى. لى خۇڭجاڭنىڭ ئورنى مىللىي
مەنپەئەتنى قوغداۋاتقان، مەسىلەن، تۈركىستاننى قايتىدىن جۇڭ-
گونىڭ قوينىغا كىرگۈزۈشكە ئوخشاش ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئادەم-
لەر بىلەن قارشىلىشالايدىغان دەرىجىدە مۇستەھكەم ئەمەس
ئىدى. ئەگەر ۋەتەن ساتقۇچلۇق سىياسەت يۈرگۈزۈلىدىغان بولسا،
يۈز بېرىدىغان خەۋپنى ئەڭ كىچىك ھېسابلىغاندىمۇ زوزۇڭتاڭ
ئۆزىنىڭ كونا چېرىكلىرىنى باشلاپ، پايتەختكە قايتىپ كېلىشى
مۇمكىن ئىدى. ئەگەر مەملىكەت ئىچىدە بۇنداق خەۋپ يۈز بەر-
مىسە، غۇلجا مەسىلىسىنى زوزۇڭتاڭ روسسىيىنىڭ قوقەن ۋە غۇل-



uyghurkitap.com

جىدا تۇزۇشلۇق دائىرىلىرى بىلەن كېڭىشىپ ھەل قىلاتتى. بۇنداق سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىدىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ھەربىي بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە كۈچىگە ئىشىنەتتى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش تۆھپىلىرىنى پەش قىلىشىپ تەكەببۇرلۇق قىلاتتى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇلار قىزىرىشىپ قېلىشى، گۇرەنلىرىنى چىقىرىشىپ كېتىشى مۇمكىن، سۆھبەتتە ھەر ئىككى تەرەپ گۇناھنى قارشى تەرەپكە دۆڭگەپ قويۇپ، بىر بىرىنى ئەيىبلەشلىرى مۇمكىن، دېمەك، بۇ سۆھبەتنىڭ ئەقىل-ئىدرەك رىياسەتچىلىكىدە ئۆتىدىغانلىقىغا كۆز يەتمەيدۇ. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغانلا بولسا، غۇلجا مەسىلىسىدىكى سۆھبەت-نىڭ ئۇزاق داۋاملىشالماسلىقى، ھەتتا بۇ يىلنىڭ ئاخىرى ياكى كېلەر يىل باش باھاردا، تىيانشان ئېتىكىدە روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىشى مۇمكىن. ناھايەت، زوزۇڭ-تاڭ ئۆزىنىڭ ئاساسىنى دىپلوماتىك ئىپادىلەر بىلەن نىقابلىغان تەقدىردىمۇ، روسىيە ئەگەر غۇلجىنى بوشىتىپ بەرمەيدىغانلا بولسا، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەسىدى. شۇنداق قىلىپ، روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپلىرى خۇددى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا ئۇرۇش پارتلىغاندەك كېڭىيىپ كېتەتتى. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتا ئىدى. روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ھېسسىياتنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ بەيگە» ئىچىگە روسىيە ئۈچۈن زىيانلىق، ئەنگلىيە ئۈچۈن پايدىلىق يېڭى بىر ئامىلنىڭ قوشۇلۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. غۇلجا مەسىلىسىدە يۈز بەرگەن ئىناقسىزلىق ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى كېلىشەلمەسلىكنى كېڭەيتىۋېتەتتى، نەتىجىدە روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن بىر مەھەل

ساقلىنىپ كەلگەن بارغول تېغى ئاغزى ۋە كەشمىر ئوستىدىكى ئورتاق سىياسەتنىڭ ئىستىقبالى تەلتۆكۈس نابۇت بولاتتى. ئەمدى بىز ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى مۇناسىۋەت-لەرنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاس-ىيادا يېڭىباشتىن پەيدا بولغانلىقىنىڭ پۈتۈن ئەھمىيىتىنى، شۇ-نىڭدەك ئۈچ چوڭ دۆلەتنىڭ قانداق قىلىپ پەيدىنپەي يېقىن-لىشىپ قالغانلىقى ۋە ئاسىيادىكى بىرمۇنچە ئۇششاق دۆلەتلەر-نىڭ پەيدىنپەي يوقىتىلغانلىقى ھەم بۇنىڭدىن قانداق نەتىجە كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

خوش، ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگونىڭ بۇرۇنقى ئۆزئارا مۇنا-سىۋىتى زادى قانداق بولغانىدى؟ بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى ئورنىمىزنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى بۇ ئەمەلىيەتتە تېمىنىڭ سىرتىدىكى مەسىلە؛ جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسمىدا مەجبۇر قىلىنغانلىقىمىز سەۋەبىدىن قىلىنغان بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشنىمۇ بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئاشۇ بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇش، شەرتنامىلەر ۋە ئۈزلۈكسىز بېرىش-كېلىشلەر نەتىجىسىدە، ئىنگلىزلار جۇڭگونىڭ نۇرغۇن چوڭ شەھەرلىرىدە دەسلەپ تۇرۇش ئورنىغا ئىگە بولدى. ئەنگ-لىيىنىڭ سودىسىمۇ ئاشۇ جايلاردا ئەڭ ئەۋزەل ئورۇنغا ئېرىشتى. ئەمما بىزنىڭ قۇرۇقلۇق چېگرىلار بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتى-مىز دەل دېڭىز ياقىلىرى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتنىڭ ئەك-سىچە بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىمىز پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خىل كۆزقاراشنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۆتكەن ئەسىردە ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ كۆپ قىسمىدا، راستىنى ئېيتساق، بىز جۇڭگونىڭ قوشنىسى ئەمەس ئىدۇق؛ چۈنكى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئارىسىدا ئاتاقتا جۇڭگوغا بەيئەت قىلىپ كەلگەن بىر قاتار يېرىم مۇستەقىل دۆلەتلەر جايلاشقانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە

نېپال، سىككىم، بۇتان، بىرما ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاسسام شتاتى بار ئىدى. بىر لورد گورنىۋاللىس دەۋرىدە جۇڭگونىڭ نوپۇز - ئابرويىنىڭ ھىمالايا تېغىنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ بارغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى تونجى قېتىم تونۇپ يەتكەنىدۇق، نېپالدىكى گوركا ھۆكۈمرانلىرى تېپچىلىقپەرۋەر تىبەتلىكلەرگە بىرنەچچە قېتىم تاجاۋۇز قىلغان، ئاخىر ئۇلارنىڭ يۈرىكى شۇ قەدەر يوغىناپ كەتكەنكى، ئۇلار ھەتتا بىر قېتىملىق تاجاۋۇزدا لىخاساغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ تالان - تاراج قىلىشقا بېرىپ يەتكەن. شۇ چاغدا ياشىنىپ قالغان پادىشاھ چيەنلۇڭ جامائەت تۇرمۇشىدىن چېكىنىپ چىقىشىنىڭ كويىدا بولۇۋاتاتتى (بىر قانچە يىلدىن كېيىن، ئۇ گويا ئاسىيادىن چىققان چارلىز I دەك، مۇشۇ چارىنى قوللاندى)، ئۇنىڭ ئابرويىغا دەخلى يېتىدىغان بۇنداق خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەلەمدار سەركەردىلىك روھى قايتىدىن قوزغالدى - دە، كاتمانىدۇلۇق باندىتلارنى چېكىدىن ئاشقان ئۆز بېشىمچىلىق جىنايەتلىرى ئۈچۈن قاتتىق جازالىماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن يەتمىش مىڭ ئەسكەردىن تەركىب تاپقان زور بىر قوشۇن توپلاندى. جۇڭگو گېنېراللىرى جىلۇڭ تېغى ئاغزىدىن ئۆتۈپ نېپالنىڭ پايتەختىگە يۈرۈش قىلدى. مۇشۇ ئېگىز تاغ ئۈستىدىكى يولدا بىر قېتىم دەھشەتلىك جەڭ بولدى، بۇ جەڭدە جۇڭگو غەلىبە قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا بىر قانچە قېتىملىق جەڭلەردىمۇ جۇڭگو غەلىبە قىلدى، گوركالىقلار ئاخىر سۈلھى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشنى توختىتىش نىيىتى يوق ئىدى. لورد گورنىۋاللىس ئوتتۇرىغا چۈشۈپ مادارا قىلغاندىن كېيىنلا ھەر ئىككى تەرەپ مۇرەسسەگە كېلىشتى. نېپال جۇڭگونىڭ خوجىلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ پادىشاھقا ئولپان تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ،

نېپال يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا ئۇلپاننى، كىچىكتۈرمەي ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ تۇردى. ئەمما يېقىنقى 30 يىل مابەينىدە ئۇلپاننى ئارىلاپ ئۈزۈپ قويىدىغان ياكى ۋاقتىدا تاپشۇرمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. جۇڭگولۇقلار لورد گورنىۋاللىسنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشقانلىقىغا يول قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە زورىغا شۇنداق قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇلار تالىشىۋاتقان غەنىمەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قالدۇق.

ئەمما بۇ تېخى بىزدىن ئۆتكەن خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بىز جۇڭگولۇقلارنىڭلا چىشىغا تېگىپ قالماي، بەلكى تىبەت خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ لامالىرىنىمۇ قاتتىق رەنجىتتۇق. ۋارلىن خاستىڭس يېقىندا جورج بېرگىل ئەپەندى بىلەن كاپىتان تېنا باشچىلىقىدا ئىككى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى زاشى لاما ① نىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتكەن ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى ئەلچىسى ئارقىلىق تىبەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېڭى بىر ۋەزىيەت ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ گەدەنكەش بۇتانلىقلارغا قوللانغان سىلىق تاقابىل تۇرۇش چارىسىدىن پايدىلىنىپ، لاماغىمۇ ئاز-تولا ئىنئام بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ ئارقا-ئارقىدىن يەنە ئىككى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. گورنىۋاللىس نېپالغا ئەنگلىيىنىڭ مۇھاپىزەت كۈنلۈكىنى ئاچقانىدا، بىزنىڭ تىبەت بىلەن تېخى دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىمىز يوق ئىدى. ئەمما بىزنىڭ تىبەت خەلقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى ياخشى ئىدى. بىزنىڭ لىخاسادا يەرلىك كىشىلەردىن پۈرۈنجەرگېسەن دېگەن بىر ۋەكىلىمىز بار ئىدى. بىز تىبەتنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مۇھىم شەھەر ھېسابلانغان رىخازىدا ياخشى ئاتاقا ئىگە ئىدۇق. گورگالىقلار تىبەتكە تاجاۋۇز قىلغانىدا، تىبەتلىكلەر

① بەنچەن IV- بەنچەن رىخازىدىكى زاشى لۇنجۇ ئىبادەتخانىسىنى باشقۇرغانلىقتىن، زاشى لاما دەپمۇ ئاتالغان — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

بۇ ۋەقەنى ھەكۈمىتىمىزگە مەلۇم قىلغان ۋە سۈلھە قىلىپ، گورگا-
لىقلارنىڭ تاجاۋۇزىنى توختىتىشىمىزنى ئىلتىماس قىلغانىدى، ئۇ-
لارنىڭ قانۇنىي ھىمايىچىسى بولغان جۇڭگولۇقلار بۇ يەردىن
ناھايىتى يىراقتا تۇراتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادالەتنى قوغدايدى-
غان بىر تۈركۈم قوشۇنى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچىلىك ئارىلىقتا
كۆرۈلىدىغان زىيان ناھايىتى چوڭ بولۇپ كېتەتتى، شۇڭا ئۇلار
مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ئۆزلىرى ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن
ئادىل دوست دەپ ھېسابلاپ كەلگەن ئىنگلىزلاردىن ياردەم
تىلىگەن. ئۇلار ئېنگلىزلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىماسىغا مۇۋاپىق
ياردەم بېرىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. گورگالىقلار لىخاساغا يېقىن-
لىشىپ كېلىپ، يالۇزاڭبۇ ۋادىسىدىكى مۇنبەت-ھولچىلىق رايوننى
تالان-تاراج قىلغاندا، ئۇلار ئېنگلىزلارنىڭ بىپەرۋا قاراپ تۇر-
غانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ئەپسۇسلاندى، لېكىن ئۇلارنىڭ
بۇ چاغدىكى ئەپسۇسلىنىشى ۋە ھەيران قېلىشى تېخى ھېچقانچى-
لىك گەپ ئەمەسىدى. ئۇلار بىزنىڭ راستىنلا ئوتتۇرىغا چىقىپ،
باسمىچى گورگالىقلارنى جازالىنىشتىن ساقلاپ قالغانلىقىمىزنى
كۆرگەندە، غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلىدى. شۇنداق قىلىپ، بىز
گورگالىقلارنى جازالىنىشتىن قوغداپ قالدۇق، شۇنداقلا جۇڭگو-
لۇقلارنىڭ كاتماندۇدا ئەسكەر تۇرغۇزۇشىنىمۇ توستۇق (بىز ئۇلار-
نى ھەرقاچان قوغلىۋېتەلەيتتۇق)؛ ئەمما بىز تىبەتلىكلەر بىلەن
جۇڭگولۇقلارنى خاپا قىلىپ قويدۇق. ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ، بىزگە
دۈشمەنلىك سىياسىتىنى قوللىنىشىغا تۈرتكە بولدۇق. شۇ قېتىمقى
(1792-يىلدىكى) ئۇرۇشتىن كېيىن، ھىمالايا تېغىدىكى ئېغىزلا
ئۈنۈملۈك تۈردە بىزگە تاقىۋېتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭ-
گولۇقلار تىبەت ئارقىلىق ئاسىيانىڭ شىمالىغا ئۆتىدىغان يولنى
ئۈنۈملۈك ھالدا قامال قىلىۋالدى. توماس ماننىڭ ئەپەندى —
ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ باتۇر، ئەڭ ئىقتىدارلىق سەيياھلىرىدىن بىرسى.

ئۇ 1812 - يىلى تۈرلۈك مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، تىبەتكە كىرگەن
ۋە ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغانىدى. لېكىن بۇ پەقەت
ئەنگلىيە سەيياھلىرىنىڭ بۇتانلىقلار ۋە گوركالىق-
لارنىڭ بىپەرۋالىقىنى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ دۈشمەنلىكىنى يەڭ-
گەنلىكىگە دائىر بىردىنبىر مىسال، خالاس. تىبەت بۈگۈنگىچە
يەنىلا پېچەتلەنگەن ساماۋى كىتاب بولۇپ تۇرماقتا. شەرتنامىدە
گەرچە تىبەتكە كىرىشكە ھەقلىق دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بۇ
يەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى شۇنچە زور، ئۇ يەردە كۆزگە
كۆرۈنۈپ تۇرغان غەنىمەتلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تا
ھازىرغىچە تېخى بىرمۇ ئېنگلىز ئۇ يەرگە بارالىغان ئەمەس،
بۇنىڭ سەۋەبىنى بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاستىرتتىن دۈشمەنلىك
قىلىشىۋاتقانلىقىدىن شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، دەپ قارايمىز.

ئەمدى بىز شەرق تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئۆز تەۋەيىمىزگە
قوشۇۋالغان ئاسسام شتاتىغا، بېرما، ھەتتا سىيامغا قارىساقمۇ شۇنىڭغا
ئوخشاش سەۋەبلەرنىڭ رول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بىز
يۈننەندىكى دالى ۋىلايىتىنىڭ سۇلتانى پان تاينى ئېتىراپ قى-
لدۇق؛ بېرما ۋە سىيامنىڭ پادىشاھلىرىنى كۈچىمىزنىڭ بېرىچە
ئاشۇرۇپ مۇستەقىل پادىشاھلار دەپ ھېسابلاپ كەلدۇق، ئەمما
ئۇ جايلار جۇڭگوغا قارام يەرلەر ئىدى؛ كىشىلەر بىزنى
ئاسسام شتاتىنىڭ سىرتىدىكى شەنزۇلار ۋە باشقا قەبىلىلەر
بىلەن بىرلىشىپ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى،
دەپ ھېسابلىغانىدى. بىزنىڭ بۇ قىلىقلىرىمىز بىر ھېسابتا ئېھتى-
ياتچانلىق بولۇشى مۇمكىن، يەنە باشقا سەۋەبلەردىن قارىغاندا،
بۇ ھەرگىز ئېھتىياتچانلىق ئەمەس؛ جۇڭگو بىلەن يارىشىش نۇق-
تىسىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ شىمال تەرەپتىكى ۋە شەرق تەرەپ-
تىكى چېگرا رايونلىرىمىزدا ئىجرا قىلىنىۋاتقان سىياسەتلەر
تولىمۇ ئوسال، بېشىدىن ئايىغىچە خاتا. بۇنىڭ نەتىجىسىدە،

www.uyghurkitap.com

ئاز كەم يېرىم ئەسىردىن بۇيان جۇڭگولۇقلار بىلەن بەك يىرىك-
لىشىپ كەلدۇق. بىز ئۇلار بىلەن يارىشقان بولساق بولاتتى،
لېكىن يارىشىشنىڭ ئورنىغا ئۇلاردا گۇمان ۋە نەپرەت قوزغاپ
قويدۇق. بىز دوستانە قوشنىدارچىلىق بىلەن ئۆتۈشكە تېگىشلىك
ئىدۇق. ئەمما ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى، بىر بىرىمىز بىلەن
ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگەن
بولساقمۇ، ئاز دېگەندە، بىز بىر بىرىمىزدىن يىراق قاچىدىغان
قوشنىلارغا ئايلىنىپ قالدۇق. بىزنىڭ جۇڭگولۇقلارغا بولغان سې-
سىياتىمىزنىڭ ھەقىقىي ئاساسىنى مۇنداق بىر پاكىتتىن كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ؛ ھىندىستاننىڭ دۆلەت ئىشلىرى سىياسىتىدىكى
رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مىزاننىڭ ئەڭ باشتىكى ماددىلىرىنىڭ
بىرىدە «ئىمكان قەدەر جۇڭگودىن يىراقراق تۇرۇشى لازىم»
دېيىلگەن. بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بۇرۇن ناھايىتى ئەسقاتقان
بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. ھازىر بىزنىڭ
ھىندىستان ۋە جۇڭگو توغرىسىدىكى سىياسىتىمىزنى يېڭى ئاساسقا
قويىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. جۇڭگو ھازىر يەنە بىزنىڭ
شىمالدىكى پۈتۈن چېگرىمىزغا قىستاپ كەلدى، جۇڭگو ماندالاي
ھۆكۈمرانلىرىغا بېسىم ئىشلەتمەكچى بولۇپ، باڭكوكتا بىرنەچچە
قېتىم ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش خېتى ئەۋەتتى؛ بىز ئۇچۇن
ئەمدى ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي بىر تەرەپكە قاي-
رىپ قويۇپ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگولۇقلار بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىنى ئويلىشىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. بىزنىڭ گور-
كالىقلارنى ھىمايە قىلغانلىقىمىز، پەن تەيىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى-
مىز، جۇڭگولۇقلارنىڭ پىكىرىگە بىپەرۋالىق قىلغانلىقىمىزغا ئوخ-
شاش ئومۇمىي سىياسەت جەھەتتىكى خاتالىقلىرىمىز بىزنىڭ جۇڭگو
بىلەن بولغان نۆۋەتتىكى مۇناسىۋىتىمىزنى قاتماللاشتۇرۇپ قويدى.
ئاتىلىق غازىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمىزنى جۇڭگولۇقلار ياقتۇرمايدۇ.

ئەمدى جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈنىنىدە، تىبەتتە بىرگە قوللانغان پوزىتسىيىنى، يەنى يوشۇرۇن دۈشمەنلىكنى قەشقەرىيەدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ دەپ پەرەز قىلىشىمىز لازىم. شۇڭا، جۇڭگولۇقلار ئىلگىرى ئەنگلىيىگە تۇتقان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى روسىيىگە قوللانغان چاغدىمۇ، بىرگە بولغان بۇرۇنقى مۇئامىلىسىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمىدى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىگە تۈرتكە بولىدىغان بىرەر ئىشنى قىلمىدۇق. بىز ئۇلارنىڭ قەشقەرىيىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ھېچقانداق ياردەم بەرمىدۇق، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەنگلىيە جامائەتچىلىكى جۇڭگولۇقلارنى قوللىمىدى، بەلكى ئۇلارغا قارشى تۇردى. ئۇلار قەشقەر ۋە يەركەندىكى قورال-ياراق ئامبارلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قوراللاردىن ئەنگلىيىنىڭ ياقۇپ بەگ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەنلىكنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوست بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تۇرغۇن پاكىتلارنى كۆردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگولۇقلار روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدىن ۋە روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يول قويغانلىقىدىن كۆپ مەنپەئەت ئالدى. بىز ھەرگىز جۇڭگولۇقلارمۇ روسىيىگە قارشى تۇرۇشتا ياقۇپ بەگدەك بىزدىن ياردەم تىلەيدۇ، دەپ ئۆزىمىزنى ئالدىماسلىقىمىز كېرەك. ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزنى ئالماي تۇرۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلا قىلدى — ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتە قارشى تۇرغانلىقىمىزغىمۇ پەرۋا قىلمىدى، ئۇلار يەنە ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بۇ يەرنى تامامەن ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇلار ياقۇپ بەگنىڭ ئەنگلىيە ئارقىلىق روسىيىنى چەكلەش چارىسىنى ھەرگىز قوللانمايدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپلا، ئۇلارنى دۆلىتىمىزگە چوقۇم دۈشمەنلىك قىلىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بىز ئەگەر بىرەر تاسادىپىيلىق بىلەن ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدىغان مەلۇم بىر دىپلوماتنىڭ چارىنى قوللىنىدىغانلا بولساق، ئۇلارنى ئەنگلىيە

گەرچە ئۇرۇش داۋامىدا ئادالەتنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى
بىلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدىن قانائەتلىنىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرگىلى
بولىدۇ. ئەمما بىرەر تاسادىپىيلىق بىلەن ئىشنى ئوڭغا تارتقۇزىدىـ
غان دىپلوماتنىڭ چارىسىنىڭ ئۆزى زادى نېمە؟ بۇ چارىدىن قانـ
داق پايدىلىنىش لازىم؟ بۇ ئىككى مەسىلىگە دادىللىق بىلەن
جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ھەر قاندىقى تەنتەكلىك بولىدۇ.
جۇڭگولۇقلار بىلەن قىلىدىغان مۇئامىلىمىز بىر تېخى تازا چۈشـ
نىپ يەتمىگەن بىر مىللەت بىلەن قىلىدىغان مۇئامىلە بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى خۇددى شۇنداق بىر ھۆكۈمەت بىلەنمۇ قىلىـ
دىغان مۇئامىلە بولىدۇكى، بىز بۇ ھۆكۈمەت ئىجرا قىلىۋاتقان
سىياسەتنىڭ مۇددىئاسىنى تېخى چۈشەنگىنىمىز يوق ھەم ئۇنىڭغا
ئېتىبار بەرگىنىمىزمۇ يوق. شۇڭا ھەرىكىتىمىزدە گەرچە جۇڭگونىڭ
ئىچكى ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان مەلۇم بىر ئىنگلىزنىڭ
تەجرىبىسىگە ئاساسلانغىنىمىزدىمۇ، لېكىن سۇبيېكتىپ جەھەتتە
قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمەسلىكىـ
مىز ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ئىشنى
مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشىمىزمۇ ياكى پۈتۈنلەي مەغـ
لۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشىمىزمۇ مۇمكىن. جۇڭگونىڭ قەشـ
قەرنى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى قانداقسىگە رەسمىي ئېتىراپ قىلىشىـ
مىز كېرەك؟ زوزۇڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى
قانداق قىلغاندا ئۆزىمىزنىڭ ياقۇپبەگكە قوللانغان كالتە پەم
سىياسىتىمىزدىن قاتتىق پۇشايمان يېگەنلىكىمىزگە، ئۆزىمىزنىڭ
قارا قورۇمنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى
تولۇق ئېتىراپ قىلىشنى خالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەندۈرۈپ، زىـ
يانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشىمىز كېرەك؟ دېگەندەك مەسىلىلەردە
ئالدى بىلەن قەتئىي قارارغا كېلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ،

ئەلۋەتتە!

يەنتەي شەرتنامىسى بىرگە چەكلىك دائىرە ئىچىدىلا ھەرىـ
كەت قىلىش شەرتى بىلەن تىبەتكە ئەلچى ئەۋەتىشىمىزگە ھوقۇق
بەرگەنىدى، بىزغۇ بۇ ئىمتىيازدىن پايدىلانمىدۇق. ئاڭلىشىمىزچە،
جۇڭگولۇقلار، بۇ ئىمتىيازنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى،
دەپ قارايدىكەن. جۇڭگولۇقلار ماگارىي ئەپەندىنىڭ ئۆلتۈرۈلـ
گەنلىكى بىلەن بولغان زىيانىنى تۆلەپ بېرىشتە بىرگە ئاران بىر
قېتىم ھەقىقىي يول قويغاندا، ئۇنىڭدىن پايدىلانمىدۇق، بۇ بەلـ
كىم، ئاقىلانىلىقتۇر ياكى ئەخمىقانىلىقتۇر — مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ
بىر ئەخمىقانىلىق. بۇ ئىشتىنغۇ پايدىلانمىدۇق، ئۇنداق بولسا
قەشقەردىكى جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ قېشىغا بىرەر ۋەكىلـلەر
ئۆمىكى ئەۋەتسەك قانداق بولار؟ ئەگەر مۇمكىن بولىدىغان
بولسا، جۇڭگو دائىرىلىرى لاداقتىن يەركەنگە بارغان ئىنگىلىز
ئەلچىلىرىگە دوستلۇق قولىنى سۇنىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا
بولامدۇ - قانداق؟ مۇنداق بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق. ھازىر
بۇ رايون ئىنتايىن قالاق بولغاچقا جۇڭگولۇقلار، ئېھتىمال، ئىنـ
گىلىز ئەلچىلىرىنىڭ كۈتۈلمىگەن ئىشقا ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنـ
سىرەيمىز دەپ كۈتۈۋېلىشىنى رەت قىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، ھازىرقى پەيتتە بۇنداق ئەلچىنىڭ مەقسىتىمۇ تېخى
ئېنىق ئەمەس. بىرقانچە يىلدىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ پۈتۈن
شەرقىي تۈركىستانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى تولۇق ئەسلىگە كەلـ
تۈرۈلگەن چاغدا، بۇ يەر بىلەن بولغان سودىنى ئەسلىگە كەلـ
تۈرۈشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولار. لېكىن ھازىر بۇ ئىشنى ئوتتـ
تۇرىغا قويۇش تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. تەبرىكلەش ئۈچۈنلا
ئەلچى ئەۋەتىشمۇ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى بىز تېخى
يېقىنغىچە ياقۇپ بەگ بىلەن يېقىن ئۆتكەن تۇرۇقلۇق، ئەمدى
ئۇنى بويسۇندۇرغانلارنى تەبرىكلەيمىز دېسەك، ئۆزىمىزنى مەسـ

خىرە قىلغان بولمامدۇق؟ ئۇنداق قىلساق، جۇڭگولۇقلار بىزنى
شەرقتە يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا چوقۇنىدى، دەپ ئۆزىچە
كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. بىز جۇڭگولۇقلار بىلەن يارىشىش ئۈچۈن،
ئوتتۇرا ئاسىيادا قانداق ھەرىكەت قوللانمايلۇق، چوقۇم ئەستا-
يىدىل بولۇشىمىز، ئىشتىن بۇرۇن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلى-
نىپ كۆرۈشىمىز، ئەھۋالنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئايدىڭلاشتۇرۇ-
ۋېلىشىمىز لازىم. بىردىن ھەرقانداق بىر سەۋەنلىك كېتىپ
قالىدىغان بولسا، ئۇلار بىلەن بولغۇسى ياخشى مۇناسىۋىتىمىزنى
ئەجەللىك زىيانغا ئۇچرىتىمىز. شۇڭا ھازىرچە جىم تۇرۇشىمىز
لازىم. «ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئويغاتما!» دېگەن سۆز بىزگە
دەستۇر بولۇپ قالسۇن. دېمەك، مەلۇم بىر پايدىلىق ئەھۋالنىڭ
ۋۇجۇدقا كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىمىز لازىم. شۇ چاغدىلا جۇڭگو
بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا قەدەم تاشلىيالايمىز.

لېكىن بىزنىڭ قولىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادا بوغۇچلىنىپ قالغىنى
بىلەن، بېيجىڭدا بوغۇچلىنىپ قالمىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ غەلىبىسى-
سىنى تەبرىكلىمەكچى بولساق، چوقۇم ئۇلارنىڭ تىيانشان ئەترا-
پىدىكى ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى تەبرىكلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ-
دىن، بەلكىم، بەزى پايدىلىق نەتىجىلەر چىقىپ قالار. بىزنىڭ
ھەم يېڭى قوشنىمىز، ھەم كونا قوشنىمىز بولغان جۇڭگولۇقلار
بىلەن دوستانە كەلدى - باردى قىلىش ئارزۇيىمىز ئۇلارنىڭ قىز-
غىن ئالقىشلىشىغا مۇيەسسەر بولۇشى مۇمكىن. جۇڭگولۇقلار ئۆز-
لىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش
ئۈچۈن تىز پۈكۈپ بىز بىلەن ياراشمايدۇ؛ ئەمما ئۇلار رۇسلار
بىلەن ئازارلىشىپ قالغاندا، بىز بىلەنمۇ ئازارلىشىدۇ، دەپ قاراش
ئەقىلگە سىغمايدۇ. بىر تەنتەكلىك قىلمىساقلا، جۇڭگولۇقلارنىڭ
بىر تارماق قوشۇنىنى يېڭىپتۇمىش دېگەن ھېلىقى يېرىم مۇس-
تەقىل خوتەن ئاقساقىلى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىمىز دەپ، جۇڭ-

ولۇقلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويمىساقلا، جۇڭگولۇقـلارنىڭ غۇلجا
مەسىلىسى تۈپەيلىدىن بىر تەرەپكە ئېغىشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەردىيە ھۆكۈمرانى بىلەن سۆھبەت ئۆتـ
كۈزگەندە شۇنى ئەستە ساقلاش زۆرۈركى، سودا ـ سېتىقتىن كېـ
لىدىغان پايدىغۇ مۇھىم، لېكىن سىياسىي پايدا ئۇنىڭدىنمۇ چەكـ
سىز مۇھىم. قىسقىسى بىزنىڭ ياقۇپ بەگكە ھامىيلىق قىلىشىمىز-
دىن مەقسەت پەقەت كانگىرا①نىڭ چېـيى ئۈچۈن بازار ئېـ
چىپ بېرىشتىنلا ئىبارەت؛ ئەمما بىزنىڭ سودا جەھەتـتە ئېرىشـ
كەن بۇ كىچىككىنە ئەرزىمەس پايدىمىز بىزنىڭ ئاتـلىق غازىنى
ئېتىراپ قىلىپ قويۇپ، سىياسىي جەھەتتە تارتقان زىيىنىمىزنى
مەڭگۈ قاپلىيالمايدۇ. بىز جۇڭگولۇقلار بىلەن كۆرۈشكەندە، قەشقەر
ۋە يەركەندىكى ئاقكۆڭۈل پۇقرانى چاي ۋە باشقا تۇرمۇش لازـ
ىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىمتىيازلارنى نـجات يۇلتۇزى
قىلىپ ئوتتۇرىغا قويساق، ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز
ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ تۇرغان جۇڭگو بىلەن
دوستانە بېرىش ـ كېلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتۇر. ئۇلار غۇلجىنى
قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسـ
لەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشـدۇ ـ دە، روسىيىنىڭ ھەددىـدىن ئاشـ
قان كېڭەيمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇشتا چوقۇم بىزگە مايىل بولىدۇ
ۋە بىز تەرەپتە تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنىـڭدىن كېـيىن،
جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيـىنىڭ ياردىشىشـدىن كېلـدىغان مەنپەـ
ئەتتۇر. بۇنىڭدىن باشـقا، يەنە خاراكتېرى جەھەتـتە بىر ـ بىرىگە
ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما ۋاقتى يېتىپ كەلگەنـدە ئۇنىڭغا بېرىـ
دىغان بەزى مەنپەئەتلەرمۇ بار. ئافغانىسـتان مەسـلىسى تۇرغۇن
جەھەتلەردە غۇلـجا بىلەن ئالاقـدار بولغان مەسـلە. ھازىر بۇ
ئىشنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى سادالار بارغانسېرى كۈچىيىپ

① ھىندىستاننىڭ پەنجاپ رايونىدىكى تاغلىق رايون — خەنزۇچە تەرجىمانىدىن.

كېتىۋاتىدۇ. بىز ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ كابۇلدىكى ئورنىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىمەيدىغان بولساق، بۇ ئىشنى نۆۋەتتىكى كرىزىس ئارقىلىق ھەل قىلىش قىيىن.

بۇ ئىككى مەسىلىدە روسىيىنىڭ قارا نىيىتى تۈرتكە بولۇپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە روسىيە خەۋپ - خەتىرى ئىمكان قەدەر ئاز، ئۇنۇمى ئىمكان قەدەر چوڭ بولىدىغان چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ كەلدى. روسىيە قايسى بىر مەسىلىدە بولسۇن، قورال كۈچى ئىشلىتىشتىن خالى بولغىلى بولسىلا، ئىمكان قەدەر قورال كۈچى ئىشلەتمىدى. ئەمما بۇ ئىككى چارىدە مەلۇم چەك قويىدى، ئەھۋال مۇشۇ چەكتىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ ھالدا روسىيىنىڭ ئىززەت نەپسى ۋە ئەمەلىي مەنپەئىتى روسىيىنىڭ ئۆزىنى داۋاملىق نىقابلاپ، بىتەرەپ بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمايتتى. بۇ ئىككى مەسىلە بىرلا ۋاقىتتا ھەل قىلىنىۋاتاتتى. ئافغانىستان مەسىلىسىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھېچ بولمىغاندىمۇ غۇلجا مەسىلىسىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزەتتى. ئەگەر روسىيە شىر ئەلىنى① ساقلاپ قالماي دەپ ئۇرۇش قىلماقچى بولىدىكەن، كېسىپ ئېيتالايمىزكى، زوزۇكتاك ئارمىيىسى ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ، گېنېرال كولپاكوۋسكى ئالمۇتىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، يا ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق ئۇرۇشنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر روسىيە شىرئەلىنى قوغداش ئۈچۈن ئافغانىستانغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئارىلىشىدىغان بولسا، غۇلجىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشى شەرت، بولمىسا روسىيە يان تەرەپتىن قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچرايدۇ. جۇڭگولۇقلار بۇنداق پۇرسەتنى ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەيدۇ. شۇڭا ھازىرقى ئىلىدىكى ۋەقەمۇ، كابۇلدىكى ۋەقەمۇ روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زومىگەرلىك ئورنىنىڭ تىكلىنىشىگە ياكى بىۋاستە

① شىر ئەلىخان — ئافغانىستاندا ئۆتكەن ئەمىرلەرنىڭ بىرى — تەرجىماندىن.

ياكى ۋاستىلىك تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. ئەنگلىيە ئافغانىستاننى ياكى ئېھتىمالغا يېقىنراقى ئافغانىستاننىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالسا، روسىيىنىڭ غەربىي تۈركىستاندىكى نوپۇزى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلايدۇ. جۇڭگو ئەگەر غۇلجىنى ئىشغال قىلسا، روسىيىنىڭ ئالمۇتا، نارىن، شۇنىڭدەك قىرغىزلار ئارىسىدىكى ئورنىغا تەھلىكە يېتىدۇ. ئەگەر بۇ كۆز قاراشلارغا قوشۇلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا روسىيە بۇ ئىككى مەسىلىدە يا قورال كۈچى ئىشلىتىدۇ، يا ھەممىسىدە قورال كۈچى ئىشلەتمەسمۇ، ئۆزى ھەممىدىن مۇھىم دەپ قارىغان مەسىلىدە قورال كۈچى ئىشلىتىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقا بولامدۇ ـ يوق؟ ئەمما بىز بۇ مەسىلىنى كوچىلاۋەرمىسەكمۇ بولار. جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيادا خۇددى بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى ياقۇپ بەگ ۋە تۇڭگانلار ھۆرپىيىشىپ تۇرغىنىدەك، ھازىر روسىيە بىلەن ھۆرپىيىشىپ تۇرماقتا.

جۇڭگو قوشۇنلىرى ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولدى، ئۇلارنىڭ ئادىمى كۈندىن- كۈنگە كۆپەيمەكتە. تەييارلىقىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللەشمەكتە. ئۇلارنىڭ گېنېراللىرى جۇڭگو قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ كەينى ـ كەينىدىن غەلىبە قىلىپ كەلگەن ھېلىقى بىرقانچە گېنېراللار، ئۇلارنىڭ قوشۇنىنىڭ تەركىبىدىكى ئەسكەرلەر ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەن كونا چېرىكلەر. جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ھەققانىي ئىش دەپ ھېسابلايدۇ، بىزمۇ ئۇلارنىڭ قارىشىنى توغرا ئەمەس، دەپ ئېيتالمايمىز، رۇسلار مەيلى ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتىن، ياكى ھەققانىيەت جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلاردەك ئىشەنچىگە ئىگە ئەمەس. ئۇلارنىڭ قوغداۋاتقىنى يامان، چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغان ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار جۇڭگولۇقلارنىڭكىدەك قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە ئەمەس. رۇسلارنىڭ غۇلجىنى ئىشغال قىلىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان چاكىنى تولدۇرۇشتا، زادى

قورال كۈچى ئىشلىتەمدۇ ياكى ئەپلىك دىپلوماتىك چارە قوللىنامدۇ، ھازىرچە بۇ ھەقتە بىر نىمە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ۋەقەلەر، شەكىللىنىۋاتقان ئەنگلىيە-جۇڭگو ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىقبالى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق، ئەلۋەتتە. ئەمما ئىنگ-لىزلار جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ يەردە ئوتتۇرىغا چىقىشىنى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىدىكى پايدىلىق ئامىل» دەيدىغان قاراشقا كېلىش-تىن بۇرۇن، بىزنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز مەسىلە-سىز دەرىجىدە مۇستەھكەم، دوستانە ئاساسقا ئورنىتىلىشى لازىم. بىز بۇنى قىلىشقا قادىرمىز. روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا كۆنەدىن. كۈنگە كېڭىيىۋاتقان چاك بىزنىڭ ۋەزىپىمىزنى بىرمۇنچە ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، روسىيە غۇلجا مەسىلە-سىنىڭ ھەرگىزمۇ كىچىك مەسىلە ئەمەسلىكىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا-دىكى نۇرغۇن مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بۇ مەسىلە بىلەن چېتىلىشىمۇ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئەنگلىيەمۇ روسىيە بىلەن ئۇزۇن مۇد-دەت كۈچ سىنىشىش جەريانىدا غۇلجا مەسىلىسىنىڭ ئەڭ پايدى-لىق ئەھۋاللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۆزى ئۈچۈن مۇھىم كۆ-رۈلمىگەن دەرىجىدە پايدىلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسىدا جىددىي ۋەزىيەت شەكىللەنگەن چاغدا، كابۇللۇق ئەمىرنى جازالاش ئۈستىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئوي-لىنىۋاتقان چېغىمىزدا، روسىيە ئۆز ئورنىنىڭ جۇڭگو بىلەن سۆھ-بەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاجىزلاپ كەت-كەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ دىققەت-نەزىرىنى چوقۇم يەنە بىر تەرەپكە قاراتمىسا بولمايدىغانلىقىنى سەزگەنىدى. ئۇلارنىڭ جۇڭگولۇقلار تەلەپ قىلغان نەرسىگە ماقۇل دېگۈسى كەلمەيدۇ، لېكىن ئۇنى رەت قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ؛ جۇڭگولۇقلار روسىيە تاكى باشقا بىر ئورۇندا قېيىنچىلىققا بوغۇلۇپ قالغۇچە كۈتۈپ تۇرالايدۇ. جۇڭگولۇقلار

غۇلجىنى كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى ئۇنىڭغىمۇ قالماي تىنچ يول بىلەن ياكى قورال كۈچى بىلەن قايتۇرۇۋالىدۇ دېسەك، ھەرگىزمۇ قارىسىغا ھۆكۈم قىلغان بولمايمىز. شۇ چاغدا ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئىككىسى ئاسىيانىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىتتىپاق تۈزىدۇ. بۇ ئىتتىپاق ئالدىدا، ئۈچىنچى دۆلەت قوينىڭ قوزىسىدەك باش ئېگىپ، تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇ كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە، بۇرۇنقى ساۋاقلىرىمىزنى تەلتۆكۈس، ئۆز ۋاقتىدا قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**قوشۇمچە:**

## لوپنۇرنىڭ ئورنى

1876 - 1877 - يىللىرى، پولكوۋنىك پىرژىۋالسكى لوپنۇرنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى بۇ يىل ئەتىياز مەخسۇس سان قىلىپ، دوكتور بېتتىلمان رېداكتورلۇقىدىكى «خەۋەر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. مەن پولكوۋنىك پىرژىۋالسكىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسەن سىزىلغان لوپنۇرنىڭ خەرىتىسىنى كىتابىمغا قوشۇمچە قىلىپ كىرگۈزدۈم ①. بۇ باتۇر سەيياھ لوپنۇرنى قارا ئۇسسۇن كۆلى دەپ قارىغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرىگە تاكى مۇشۇ خەرىتە سىزىلغانغا قەدەر ھېچكىم غەيرى پىكىردە بولمىغانىدى. 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، بۇ نۇقتىئىنەزەردىن شۇبھىلىنىدىغان تۆۋەندىكىدەك كىچىكلۈك ئاساسلار ئېلان قىلىنغاندا، مەن بۇ خەرىتىنى تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.

تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆز 1878 - يىلى 9 - ئاينىڭ 14-

① ئەسلى كىتابتىكى خەرىتە تەرجىمە قىلىنمىدى ۋە كىرگۈزۈلمىدى — خەنزۇچە تەرجىمىدىن.

كـۇنى «ئافنىا ئىبادەتخانىسى» ژۇرنىلىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدا بارون فىرىناند. فون. رىچىتخوۋېن پولكوۋنىك پىرژىۋالسكى تەكشۈرگەن بىرنەچچە كۆل توغرىسىدا ئۆزىنىڭ گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

«قارىغاندا، رۇس ساياھەتچىسى پىرژىۋالسكى بېقىندا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىدا قىلغان مەشھۇر ساياھىتىدە، لوپنۇرنى ھەرگىز ئۆزى داۋراڭ سالغاندەك تەكشۈرمىگەن بولسا كېرەك. ھازىرقى زامان سېلىشتۇرما جۇغراپىيەشۇناسلاردىن بىرى بولغان بارون فىرىدىناند فون. رىچىتخوۋېن ئالاھىدە جۇڭگو مەنبەلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بۇ قېتىمقى ساياھەت دوكلاتىنى تەھقىقلەپ چىقتى؛ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇ مۇنۆلارنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردىكى، لوپنۇرنىڭ ھەقىقىي ئورنى پىرژىۋالسكى كۆرگەن قارا ئۇسۇن كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەلۇم بىر جايدا بولۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ شەرقىي تارمىقى بۇ كۆلگە قويۇلىدىغاندەك قىلىدۇ. قىسقىسى، بۇنىڭدىن تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى جەنۇبقا قاراپ داۋاملىق ئاققاندا نېمە ئۈچۈن ئازىيىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن؛ بۇ نۇقتا مەزكۇر رۇس ساياھەتچىسىنىڭ خاتىرىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇغان كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمايدۇ. بۇ يەردە بىز سەھىپىمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن فون. رىچىتخوۋېن ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلارنىڭ ھەممىسىنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز. ئەمما مۇھىمراق بولغانلىرى مۇنۇلار: پىرژىۋالسكى تەكشۈرگەن كۆل تاتلىق سۇلۇق كۆل. ھالبۇكى، لوپنۇر كۆلى قەدىمدىن بۇيان تۇزلۇق كۆل دەپ نام ئالغان؛ روبىت. شاۋ، فورسىيت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، لوپنۇر شۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تونۇشلۇق ئىكەن. ئەمما پىرژىۋالسكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھېلىقى

كۆلنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغان؛ فون. رىچىت-
خوۋېن تەرىپىدىن قايتا - قايتا ئىسپاتلانغان جۇڭگو خەرىتىلىرىدە
لوپنۇر شەرقىي شىمال تەرەپكىرەك سىزىلغان ھەممە پىرژېۋالىسكى
تاپقان كۆلنىڭ ئورنىدىكى ئىككى كۆل قاس (khas)— ئوم دەپ
ئاتالغان. «قاس» سۆزى موڭغۇلچە «قاشتېشى» دېگەنلىك بو-
لىدۇ. قاشتېشى — خوتەننىڭ مەشھۇر يەرلىك مەھسۇلاتى. ئوتتۇرا
ئەسىردە جۇڭگو سودىگەرلىرى قاشتېشى بار يەرلەرگە مۇشۇ ئىككى
كۆلدىن ئۆتۈپ بارغان. يەنە بىر مۇھىم ئاساسقا، بىز بايا ئېي-
تىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تارىم دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىن قۇيۇلىدىغان
سۇ پاكىت بولىدۇ. فون. رىچىتخوۋېننىڭ تەسەۋۋۇرىدا، تارىم دەر-
ياسى ئۆزىنىڭ ئېقىنىنى ئۆزگەرتكەن، تارىم دەرياسى ئەمدى.
بۇرۇنقىدەك شەرققە قاراپ ئاقماستىن، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ
قاراپ ئاقىدۇ، دەپ پەرەز قىلىنغان. دېمەك، بۇنى يەنىمۇ ئىل-
گىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. سانت پېتېربۇرگ-
دىن يېقىندا كەلگەن تېلېگراممىدىن قارىغاندا، پىرژېۋالىسكى
ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتماقچى ئىكەن. ئۇ ئەمدى مۇشۇ مەسىلىنى
ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ روسىيىنىڭ چېگرا قورۇلى
بولغان زايسانغا بېرىپ، ئاندىن ئۇ يەردىن بارىكۆل ۋە قۇمۇل
ئارقىلىق تىبەتكە كىرمەكچىكەن».

«ھالبۇكى، ئۇ ئۆتكىلى بولمايدىغان توسالغۇلارغا ئۇچرىمى-
غان تەقدىردىمۇ، جەزمەن چوڭ - چوڭ توسالغۇلارغا ئۇچرايدۇ،
چۈنكى ھىندىستاندىن كەلگەن شەخسىي خەۋەرلەردىن ئۇقۇشى-
مىزچە، تىبەتكە ۋەكىل ئەۋەتىش ئىشى تولۇق ئويلاشماستىنلا،
‹يەنتەي شەرتنامىسى›دا ئېلان قىلىۋېتىلگەچكە، تىبەتنىڭ ھەر-
قايسى يول ۋە تاغ ئېغىزلىرىدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرى ياۋرو-
پالىق ساياھەتچىلەرنىڭ تىبەتكە ھەرقانداق باھانە بىلەن كىرى-
شىگە قەتئىي رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدا ئەڭ قاتتىق پەرمان

تاپشۇرۇۋالغان.»

بارون فىردىناند. فون. رىچتخوۋېننىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى «ئا-
فىنا ئىبادەتخانىسى» ژۇرنىلىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك نوپۇز ئى-
گىسىنىڭ قوۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەنلىكتىن، كىشىنى قايىل قىلىشى تۇر-
غان گەپ. بىز ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرگىنىمىزدىن
كېيىن پىرژېۋالىسكىنىڭ ئۆز بايانىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تونۇش-
تۇرۇپ ئۆتسەك، ئاندىن ئادىل ئىش قىلغان بولىمىز. 1878 -
يىل 5 - ئايدىكى «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» ئۇنىڭ دوكلاتىنى تو-
لۇق باسقان، بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن بەزى - سۆزلەر ئۇنىڭ
تەرجىمىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى:

«تەكشۈرۈش ئۆمىكى كىچىكرەك قارا بوران كۆلىدىن 15
رۇس چاقىرىمى يىراقلىقتىكى جايدىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، چار-
قىلىق كەنتىگە يېتىپ كەلدى. بۇ كەنت بۇنىڭدىن تەخمىنەن
30 يىل ئىلگىرى خوتەندىن كەلگەن مەھبۇسلار تەرىپىدىن بىنا
قىلىنغانىكەن. ھازىر ئۇ يەردە يەنە پادىشاھلىق يەر تېرىيدى-
غان 114 ئادەم بار ئىكەن ... چارقىلىق كەنتىدىن ئىككى كۈن-
لۈك يىراق يەردە ئىككى شەھەرنىڭ خارابىسى بار ئىكەن. بىر-
سى ئوتقۇش شەھىرى (ئۆتمۈشتە ئۆتكەن ئوتقۇش دېگەن بىر ھۆ-
كۈمراننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان)، يەنە بىرسى ۋاششەرى دېيىلى-
دىكەن. لوپنۇرنىڭ (قارا ئۇسۇن) يېنىدىلا كونا شەھەر دەپ ئاتى-
لىدىغان ئۈچىنچى بىر شەھەرنىڭ خارابىسى بار ئىكەن. پىرژې-
ۋالىسكىي باشقىلاردىن، 1861 - ۋە 1862 - يىللىرى، چاقماقلىق
مىلتىق بىلەن قوراللانغان 160 — 170 تەك رۇس (ئۇلارنىڭ
ئىچىدە ئايالLAR، بالىلارمۇ بار ئىكەن)نىڭ ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن
تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جايلاردا ۋە چارقىلىق كەن-
تىدە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئۇزاق تۇر-
مايلا تۇرپان ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانى-

uyghurkitap.com

كەن ... بىز ئەمدى تەكشۈرۈش ئۆمىكى 2-ئاينىڭ باشلىرىدا يېتىپ كەلگەن لوپنۇر (قارا ئۇسۇن)نى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، تارىم دەرياسىنىڭ ئاۋۋال كىچىكرەك بىر كۆلگە (30—35 رۇس چاقىرىمى ئۇزۇنلۇقتا، 10 — 12 رۇس چاقىرىمى كەڭلىكتە كېلىدىغان كۆل) — قارا بوران كۆلگە قۇيۇلىدىغانلىقىنى، چەرچەن دەرياسىنىڭمۇ مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلىدىغانلىقىنى، قارا بوران كۆلى بىلەن لوپنۇر كۆلىنىڭ كۆپىنچە يەرلىرىدە قومۇش ئۆسىدىغانلىقىنى، دەريا سۈيى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسى ئارقىلىق ئېقىپ ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. يەرلىك كىشىلەر تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى لوپنۇر دەپ ئاتايدىكەن. ھېلىقى چوڭراق كۆلنى چىغ كۆل ياكى قارا ئۇسۇن دەپ ئاتايدىكەن. تۇخۇم شەكلىدىكى بۇ كۆل ياكى توغرىسىنى ئېيتساق، بۇ سازلىق غەربىي جەنۇبقا ۋە شەرقىي شىمالغا قاراپ سوزۇلغان.

«بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى، تەخمىنەن 90—100 رۇس چاقىرىم، كەڭلىكى 20 رۇس چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ ماتېرىيال يەرلىك كىشىلەردىن ئېلىنغان. چۈنكى پىرژىۋالىسكى كۆلنىڭ جەنۇبىي چېتى بىلەن غەربىي چېتىنىلا تەكشۈرگەن، ئۇ قېيىققا ئولتۇرۇپ كۆلنىڭ يېرىمىغىچە بارغاندا، سۇ بارغانسېرى تېيىزلاپ كەتكەچكە ۋە ئەتراپى بۆك قومۇشلۇق بولغاچقا، كۆلنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىگەن. بۇ كۆلنىڭ سۈيى سۈپسۈزۈك ھەم تاتلىقكەن. كۆلنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن تۇزلۇق كۆلچەكلەر بولسىمۇ، بۇ تۇزلۇق كۆلچەكلەرنىڭ سىرتىدا كۆلنىڭ قېشى بىلەن تەپتەكشى بولغان، يۇلغۇنلۇق قۇرۇقلۇقمۇ بار ئىكەن. بۇ قۇرۇقلۇق بۇرۇن كۆلنىڭ قېشى بولغان بولۇشى ئېھتىمال؛ بۇ پەرەز يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى بۇ كۆل خېلى چوڭقۇر ئىكەن.»

ناھايىتى ئېنىقكى، لوپنۇرنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى يەنىلا زاما-

نىۋى تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ تېپىش كېرەك، ئەمما بىرمۇ «ئافىنا ئىبادەتخانىسى» ژۇرنىلىدا بايان قىلىنغىنىدەك، پولكوۋنىك پىرژىۋالسكى قارا ئۇسۇن كۆلى دېگەن كۆل زادىلا لوپنۇر كۆلى ئەمەس دەپ قارايمىز.ئەپسۇسكى، كىتابىمىزدا بېرىلگەن قوشۇمچە خەرىتىنىڭ مۇشۇ يېرى خاتا بولغان.

كىشىلەر شۇنىڭغا ئىشىنىشكە ھەقلىقكى، لوپنۇرنى جۇڭگو خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن ئورنىدىن تېپىش مۇمكىن. جۇڭگو خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن قاس — ئوم دېگەن بۇ ئىككى كۆلنىڭ ھەقىقىي ئورنى ئۇ خەرىتىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ؛ قاس — ئوم كۆللىرى دەل پىرژىۋالسكى تەرىپىدىن قارا ئۇسۇن ۋە قارا بوران كۆللىرى دېيىلگەن ئىككى كۆلنىڭ ئۆزى.

ئەگەر بىز پىرژىۋالسكى تىلغا ئالغان ھېلىقى رۇس كۆچمەنلىرى توغرىسىدا بىر خاتىرە دەپتەرگە ياكى باشقا خاتىرىگە ئىگە بولغان بولساق، بەكمۇ ياخشى بولاتتى؛ مۇشۇ رۇسلار «ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىنكى تىنچ يىللار بىلەن تۇڭگان يېغىلىقى ئارىلىقىدىكى مەزگىللەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇشۇ كىشى ئۇقماس زېمىنغا كىرىۋالغان بولسا كېرەك. ئۇلار ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ لوپنۇرنىڭ سىرىنى ئاچقانلىقىنى بىلمەي قالغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىتابخانلار شۇنى ئېسىدە تۇتۇشى كېرەككى، بۇ كىتابنىڭ قوشۇمچە خەرىتىسىدە لوپنۇرنىڭ ئورنى ھەقىقەتەن شەرقىي شىمالدا (تەخمىنەن $\frac{3}{4}$ گىرادۇس) دەپ كۆرسىتىلگەن. كىتابنىڭ قوشۇمچە خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن كۆل پولكوۋنىك پىرژىۋالسكى تاپقان

قارا ئۇسۇن ياكى چىغ كۆلىدۇر.

يېقىنقى خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، پولكوۋنىك پېرژېۋالسكىلوپ-
نۇر كۆلىنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ ئەسلى قارىشىدا
چىڭ تۇرغان ھەمدە بۇنىدىن كېيىنكى (10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن
كېيىن) بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە ئېلان قىلىش ئۈچۈن بىر پار-
چە جاۋاب خەت تەييارلىغانىمىش.

# جۇڭگو - روسسىيە شەرتنامىسى (ئىلى تارباغاتاي سودا نىزامى)①

1851 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شيەنفېڭنىڭ تۇنجى يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى. روسسىيە كالىندارى بويىچە 1851 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى. ئىلى.

ئۇلۇغ چىڭ ئىمپېراتورلۇقى ئىلى قاتارلىق جايلارنى ئومۇمىي باشقۇرغۇچى جياڭجۈنى، مۇشاۋۇر ئامبىلى؛

روسسىيىنىڭ ئەلچىسى؛

بىر ھەرقايسى تەرەپلەر ئىلى رايونىدا، ئىلى ۋە تارباغاتايدىن ئىبارەت ئىككى جايدا سودا - سېتىق قىلىش ۋەجىدىن باش قوشۇپ كېڭەش ئۆتكۈزدۇق ۋە تۆۋەندىكى نىزامنامىنى تۈزۈپ چىقتۇق:

---

① بۇ — مەزكۇر شەرتنامىنىڭ خەنزۇچە كونا تەرجىمىسى. «جۇڭگو بىلەن چەتئەللەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن شەرتنامىلەر توپلىمى»غا قاراڭ. ۋاڭ تېيا تۈزگەن. سەنلىيەن كىتابخانىسى 1955 - يىل نەشرى. بىرىنچى قىسىم. 78 - بەت. ۋاڭ تېيانىڭ بەرگەن ئىزاھىدا مۇنداق دېيىلگەن:

مەزكۇر نىزام «شيەنفېڭ شەرتنامىلىرى»نىڭ بىرىنچى جىلد 91 — 19 - بەتلىرىدە، رۇسچە ۋە فرانسۇزچە تەرجىمىسى «رۇسسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى: روسسىيە — جۇڭگو شەرتنامىلىرى توپلىمى» نىڭ 96 — 102 بەتلىرىدە مانجۇچىسى مەزكۇر كىتابنىڭ 103—109 - بەتلىرىدە؛

مەزكۇر شەرتنامىنىڭ مانجۇچە ۋە رۇسچىسىلا بولۇپ خەنزۇچىسى يوق، «شيەنفېڭ شەرتنامىلىرى» گە كىرگۈزۈلگىنى — خەنزۇچە تەرجىمىسى مەزكۇر نىزامنامىنىڭ ئالماشتۇرۇپ تەستىقلانغان ۋاقتى تېپىلمىدى.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئىنگلىزچىسىدە تەستىقلانغان ۋاقتى ھەققىدە «......1851 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تەستىقلاندى» دېيىلگەن — خەنزۇچە تەرجىمىدىن.

ھەر ئىككى تەرەپ شۇنىڭغا كېلىشتۇقكى، سودا - سېتىق باشلانغاندىن كېيىن، ئۆز تەۋەسىدىكىلەرگە خاتىرجەم سودا قىلىش، ئىناق ئۆتۈش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرىدۇ.

— ئىككى دۆلەت سودىگەرلىرى سودا - سېتىق قىلىشقاندا، مال باھاسىنى گەرچە ئۆزلىرى بەلگىلىسىمۇ، بۇنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار تەيىنلىمەي بولمايدۇ، شۇ ۋەجىدىن، جۇڭگو تەرەپ ئىلى تىجارەت باشقارمىسىدىن ئادەم تەيىنلەيدۇ. روسىيە تەرەپ سودىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس كونسۇل بەلگىلەيدۇ؛ ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز سودىگەرلىرىنىڭ ئىشىنى ئادىللىق بىلەن بېجىرىدۇ.

— سودىنى يولغا قويۇشتا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىناقلىقى مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىدىن باج ئالمايدۇ.

— سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن رۇس سودىگەرلىرى ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگونىڭ ئىلىدىكى بۇلغۇجىر قاراۋۇلخانىسى، تارباغاتاينىڭ ئۇجان قاراۋۇلخانىسىغا بېرىپ، قاراۋۇلخانا باشلىقىغا ئۆزلىرىنىڭ پاسپورتىنى كۆرسىتىشى شەرت. قاراۋۇلخانا باشلىقى ئۇلارنىڭ ئادەم سانى ۋە ماللىرىنى ئېنىقلاپ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، يولبويى مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەسكەر قوشىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە چاتاق سالمايدۇ.

— كەلگەن - بارغان رۇس سودىگەرلىرى يول ئۈستىدىكى قاراۋۇلخانىلاردىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بەلگىلەنگەن قاراۋۇلخانا ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈشى شەرت.

— رۇس سودىگەرلىرى ئەگەر جۇڭگونىڭ ئىلىدىكى بۇلغۇجىر قاراۋۇلخانىسى بىلەن تارباغاتايدىكى ئۇجان قاراۋۇلخانىلىرىدىن باشقا يەر بىلەن مېڭىپ، باسمىچىلار تەرىپىدىن تالانسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىگە بولمايدۇ. سودىگەرلەر قاراۋۇلخانىغا كەل-

گەندە ۋە سارايلارغا چۈشكەندە، ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى ئۆزلىرى ساقلىشى، ئۆزىگە پەخەس بولۇشى، ئات-ئۇلاقلىرىنى توقايدا باققاندا، ئۆزلىرى خەۋەر ئېلىشى، مۇبادا يوقىلىپ كەتسە، جۇڭگو ئەمەلدارلىرىغا دەرھال مەلۇم قىلىشى شەرت. يۈتكەن مالنى ئىككى تەرەپ ئەمەلدارلىرى بىرلىكتە تىنتىدۇ. ئەگەر جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ قالسا، ئوغرىلىغان كىشى دەرھال قولغا ئېلىنىدۇ، ھەمدە زاڭ مال ئۆز مىقدارى بويىچە ئىگىسىگە تولۇق قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلگەندىن تاشقىرى، ئوغرىلىغان كىشى قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ.

— ئىككى دۆلەت سودىگەرلىرى ئارىسىدا ئۇششاق-چۈشەك دەۋا ئىشلىرى يۈز بەرسە، ئىككى تەرەپنىڭ سودا باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلىرى سۈرۈشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. مۇبادا خۇن دىلوسى يۈز بەرسە، چاكتۇ شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

— ھەر يىلى سودا-سېتىق قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان رۇس سودىگەرلىرى قاراۋۇلخانىدىن چوكانتال مەۋسۇمىدىن كېيىن ئۆتىدۇ، چىللە كىرگەندىن كېيىن توختايدۇ. بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە ماللىرىنى سېتىپ بولالمىغان سودىگەرلەرنىڭ ئۆز مېلىنى سېتىپ بولغىچە شۇ جايدا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇلار مېلىنى سېتىپ بولغاندا، روسىيە سودا ئەمەلدارىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قايتىدۇ. مېلى، ئات-تۆگىلىرى 20 ئۇلاغقا توشمىغانلارنىڭ قاتنىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. كونسۇل خادىملار ياكى سودىگەرلەر ھادىسىگە ئۇچراپ قالسا، مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ قاراۋۇلخانىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ، ھەرقايسى قاراۋۇلخانىلاردىكى ئەمەلدار چېگرىكىلەرنى تولا ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن، ھەر ئايدا چېگرىدىن ئىككى قېتىملا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

— رۇس سودىگەرلىرى كارۋان سارايلىرىدا تۇرماقچى بولسا،

ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى روسىيىنىڭ سودا باشقۇرۇش ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ؛ ئىككى دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى مال ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىدۇ. ئەگەر رۇس سودىگەرلىرى بازارغا چىقماقچى بولسا، روسىيىنىڭ سودا باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلىرى پاسپورت بەرگەندىن كېيىنلا چىقالايدۇ. ئۆز ئىختىيارىچە سىرتقا چىقىشقا بولمايدۇ. مۇبادا سىرتتا پاسپورتسىز يۈرگەنلەر سېزىلسە، روسىيىنىڭ سودا باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

— ھەر ئىككى تەرەپ قاچقان باسمىچىلارغا باشپانالىق بەرمەسلىكى، ئۇلارنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ تۇتۇپ، قارشى تەرەپنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى لازىم.

— رۇس سودىگەرلىرى مىنىپ كەلگەن ئات-تۆگىلىرىنى ئىلى دەرياسى بويىدىكى بەلگىلەنگەن توقايدا ئۆزلىرى مەسئۇل بولۇپ بېقىشى، زىرائەتلەرنى، گۆرۈستانلىقلارنى دەسسەتمەسلىكى كېرەك. مۇبادا خىلاپلىق قىلغۇچىلار كۆرۈلسە، روسىيىنىڭ سودا باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

— ئىككى دۆلەت سودىگەرلىرىنىڭ ئۆزئارا نېسى سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. مۇبادا كېلىشمىگە ئەمەل قىلماي نېسى قىلىپ، پۇلىنى ۋاقتىدا ئالماي ئەمەلدارلارغا ئەرز قىلسا سورالمايدۇ.

— رۇس سودىگەرلىرى سودا قىلىشقا، مال ساقلاشقا ۋە يېتىپ-قوپۇشقا ئۆي-ساراي سالماقچى، يەنى ئىلى، تارباغاتايلاردا سودا-سارايلىرى سالماقچى بولسا، جۇڭگو تەرەپ جاي كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىنلا، رۇس سودىگەرلىرى ئۆزلىرى سالىدۇ.

— رۇس سودىگەرلىرى رۇسلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بويىچە

ئۆزلىرى تۇرغان ئۆيلەردە بۇتقا چوقۇنسا بولىدۇ. رۇس سودىگەرلىرى ئىلى ۋە تارباغاتايلاردا كېسەل بولۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتسە، دەپنە قىلىش ئۈچۈن ئىلى ياكى تارباغاتاينىڭ شەھەر سىرتىدىكى بىكار يەرلەردىن جاي كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

— رۇس سودىگەرلىرى ئېلىپ كەلگەن قويلاردىن ھەر ئون تۇياقتىن ئىككى تۇياقنى ھۆكۈمەت سېتىۋالىدۇ. ھەر بىر تۇياق قوي ئۈچۈن بىر توپ رەخت بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ماللارنىڭ باھاسىنى سودا سارىيىدا ئىككى دۆلەت سودىگەرلىرى ئۆزلىرى توختىتىدۇ، ھۆكۈمەت بۇنىڭغا ئارىلاشمايدۇ.

— ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا پەۋقۇلئاددە ئىشلار يۈز بېرىپ قېلىپ، خەت ئالاقە ماڭدۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، جۇڭگو تەرەپ جۇڭگونىڭ ئىلى جياڭجۈنىگە قاراشلىق گازارما ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تامغىسىنى ئىشلىتىدۇ. روسىيە تەرەپ روسىيىنىڭ غەربىي چېگرىسىنى باشقۇرغۇچى ۋەزىرىگە قاراشلىق گازارما ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تامغىسىنى ئىشلىتىدۇ.

— مۇشۇ قېتىمقى كېڭەشتە ھاسىل قىلىنغان نىزام توغرىلىق ھەر ئىككى تەرەپ ھۆججەت ئالماشتۇرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ مانجۇ يېزىقىدا تۆت نۇسخا كۆچۈرۈپ ئىلى جياڭجۈنىنىڭ تامغىسىنى باسىدۇ؛ روسىيە تەرەپ رۇسچە يېزىقتا تۆت نۇسخا كۆچۈرۈپ، روسىيە ئەلچىسىنىڭ تامغىسىنى باسىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىلى جياڭجۈن يامۇلى ۋە روسىيە ئەلچىسىنىڭ مەڭگۈ ئەمەل قىلىپ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن، ھەرقايسىسى بىر نۇسخىدىن ساقلىغاندىن سىرت، قالغان ئىككى نۇسخىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قارام ئەللەر مەھكىمىسى ۋە سىناتقا يوللىنىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا تامغا باسقاندىن كېيىن، ئالماشتۇرۇپ بىر نۇسخىدىن ساقلايدۇ.

يۇقىرىدىكىلەر جۇڭگونىڭ ئىلى جياڭجۈنى ۋە مۇشاۋۇر ئامبىلى بىلەن روسىيە ئەلچىسىنىڭ بىرلىكتە كېڭىشىپ تۈزۈشكەن

نىزامى. ھەرقايسىلىرى ئۆز ئىمزالىرىنى قويۇپ، تامغا باسقاندىن كېيىن، يېنىدا ساقلايدۇ.

(ئىمزا)①

ساپېيور پولكى پولكوۋنىكى كۆۋالېۋسكى

يى شەن

بايىنتاي

---

① ھۆججەت ئاخىرىدىكى ئىمزالار مۇشۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچىسىدە بار. ئەمما «جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى كونا شەرتنامىلەر توپلىمى»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە يوق — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

# ئەنگلىيە - كەشمىر كېلىشىمى

ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن جام ۋە كەشمىر شتات بېگى، ھىندى-
ستاننىڭ گۆھەر ئوردىنىلىق ئۇلۇغ لوردى ئونېۋرسىنىگ، ئۇنىڭ ۋارىسى ۋە
ئىزباسارى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم گىراف مىياۋۇ، مونكىلىۋېر ۋە-
كۆندىمىياۋ، بارون ناس، لورد سانت. پاترىك، كېڭەش پالاتاسىنىڭ مۇشاۋۇرى
ئۇنئۆلىنىدىكى ھىندىستان ۋالىيسى رىچارد. سوسۇۋېر. بوك جانابلىرىنىڭ تولۇق
ھوقۇقلۇق ۋەكىلى توماس. دوگلاس. فورسېت بىر تەرەپ، كەشمىر شتات بې-
گى لونبىرسىنگ ئۆزى بىر تەرەپ بولۇپ، بىرلىكتە ئىمزا قويۇشانىدىن كې-
يىنلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئالىي كېلىشىم تۈزۈشكەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋە ئىككى تەرەپ
پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپ شەرقىي تۈر-
كىستان بىلەن بولىدىغان سودىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە بىخەتەرلى-
كىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ھازىرقىدىنمۇ كۆپرەك ئوڭاي-لىق تۇغدۇ-
رۇپ بېرىش لازىم، دەپ ھېسابلىدى، مۇشۇ مەقسەتكە ئاساسەن،
بىز تۆۋەندىكى ماددىلارنى بىردەك ماقۇل كۆردۇق:

## بىرىنچى پاراگراف

شتات بېگىنىڭ ماقۇل كۆرۈشى بىلەن، ئەنگلىيىگە قاراشلىق
لاھۇردىن شتات بېگىنىڭ زېمىنى ئارقىلىق يەركەن ئاقساقلىنىڭ
زېمىنىغا بارىدىغان سودا يولىنى، جۈملىدىن چانچىلمان ئويمانلى-
قى ئارقىلىق ئۆتىدىغان يولنى ئۆلچەشكە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئا-
دەم تەيىنلەيدۇ. شتات بېگى ئۆز ئەمەلدارلىرىدىن بىر كىشىنى
ئۆلچىگۈچىلەرگە قوشىدۇ، ھەم ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە
ئۇلارغا ھەممە جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ. ھەرقايسى لىنىيىلەر ئۆل-

چىقىپ بولۇنغاندىن كېيىن، خەرىتىگە چۈشۈرۈلدۈ. ھەمدە سىلىش-
تۈرۈلۈپ خاتالىقى تۈزىتىلگەندىن كېيىن، بىر نۇسخىسى شتات
بېگىگە تاپشۇرۇلدۇ.

## ئىككىنچى پاراگراف

يۇقىرىدا دېيىلگەن تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش ئىشلىرى ئاخىر-
لاشقاندىن كېيىن، ئومۇمەن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈر-
كىستان بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا چانچىلى-
يان ئويمانلىقىدىن ئۆتىدىغان ھەرقانداق بىر لىنىيىنى ئەڭ مۇۋا-
پىق دەپ ئېلان قىلغاندا، شتات بېگى بۇ يوللارنى ئۇزۇن مۇد-
دەت قاتنايدىغان چوڭ يول دەپ ئېلان قىلىدۇ ۋە ساياھەتچىلەر،
سودىگەرلەر ئۈچۈن مەڭگۈ ئېچىپ بېرىدۇ.

## ئۈچىنچى پاراگراف

شتات بېگىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتىدىغان بۇ يولنىڭ ھەممە
قىسمىنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراش ئۈچۈن، ئىككىنچى تارماقتا با-
يان قىلىنغان چوڭ يولنىڭ قاتناش قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىش
ۋە بۇنىڭدىن كېيىن كېڭىشىپ تۈزۈلىدىغان تۈرلۈك قائىدىلەرنى
يولغا قويۇش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك مۇشۇ يولدا يۈك توشۇغۇچىلار،
سودىگەر، ساياھەتچىلەر ۋە باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالار مەيلى
ماجىرا تېرىغان بىر تەرەپ ياكى ھەر ئىككى تەرەپ ئەنگلىيە ھۆ-
كۈمىتىنىڭ پۇقراسى بولسۇن، ياكى ھەرقانداق بىر چەت ئەل پۇق-
راسى بولسۇن)نى كېلىشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى ئىك-
كى نەپەر مەخسۇس خادىم تەيىنلىنىدۇ، بۇنىڭ بىرى ئەنگلىيە
ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ، يەنە بىرى شتات بېگى تەر-

پىدىن تەيىنلىنىدۇ. بۇ مەخسۇس خادىملار ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە بۇرۇن تۈزۈلگەن قائىدىلەر ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن شتات بېگى بۇنىڭدىن كېيىن بىرلىكتە تۈزىدىغان قائىدىلەر بويىچە ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

## تۆتىنچى پاراگراف

مەخسۇس خادىملارغا قاراشلىق رايون چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپى چېگرا قىلىپ ئايرىلىدۇ، بۇ رايوننىڭ ئەڭ چوڭ كەڭلىكى ئىككى كوس① بولىدۇ، بەزى ئۇچاستىكىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەخسۇس خادىملار زۆرۈر تاپسا، ئۇنىڭدىنمۇ كەڭرەك يەرنى يايلاق قىلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ. مەخسۇس خادىملار مۇشۇ ئەڭ چوڭ كەڭلىكتىكى دائىرىسىنى، جۈملىدىن يايلاقنى ئۆزىگە قاراشلىق ئەڭ مۇۋاپىق دائىرە قىلىپ بەلگىلەيدۇ، بىرىنچى پاراگراف بويىچە تەيىنلەنگەن يەر ئۆلچىگۈچىلەر مۇشۇ بويىچە چېگرا لىنىيىسىنى بەلگىلەپ خەرىتىگە چۈشۈرىدۇ، لېكىن مەخسۇس خادىملارغا قاراشلىق رايونلار مۇشۇ ئاساستا ئايرىلغان چېگرىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. مۇشۇ چېگرا ئىچىدىكى زېمىنمۇ بۇرۇنقىدەكلا شتات بېگىنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىكىدە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ كېلىشىمنىڭ ھەرقايسى پاراگرافلىرى بويىچە، شتات بېگى بۇ زېمىنغا خۇددى ئۆزىنىڭ باشقا زېمىنىغا ئوخشاشلا تولۇق ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ زېمىن ئىگىلىك ھوقۇقىغا مەخسۇس خادىملار ھېچقانداق ئۇسۇل بىلەن دەخلى تەرۇز قىلالمايدۇ.

---

① كوس (KoSS) — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، بىر كوس تەخمىنەن ئىككى ئىنگلىز مىلىغا تەڭ. — خەنزۇچە تەرجىمىدىن.

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى پاراگراف

شتات بېگى مەخسۇس خادىملارنىڭ قارارلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ۋە ئۈچىنچى پاراگراف بويىچە تۈزۈلگەن قائىدىلەرنى بۇزىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىمكان قەدەر ياردەم بېرىشكە قوشۇلدى.

## ئالتىنچى پاراگراف

شتات بېگى، مەيلى ئەنگلىيە پۇقراسى ياكى شتات بېگىنىڭ پۇقراسى ۋە ياكى يەركەن ئاقساقلىنىڭ پۇقراسى ۋە ياكى باشقا بىر چەت ئەلنىڭ پۇقراسى بولسۇن، ھېچقانداق كىشىنىڭ مەخسۇس خادىملارغا قاراشلىق رايون ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر جايدا ئولتۇراقلىشىشىغا، يول بويلىرىكى پوچتا بېكەتلىرىدە سودا-سېتىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئات-ئۇلاغلارنى تەييار قىلىپ باشقۇرۇشقا، ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا ھەمدە ئىجارىگە بېرىشىگە ماقۇل بولدى.

## يەتتىنچى پاراگراف

مەخسۇس خادىملار يول بويلىرىدىكى ئۆزلىرى مۇۋاپىق دەپ بىلگەن جايلاردا تەمىنلەش پونكىتلىرى قۇرۇشقا ۋە باشقىلارغا تەمىنلەش پونكىتلىرى قۇرۇش ھوقۇقى بېرىشكە ھوقۇقلۇق. سودىگەرلەرگە، كارۋانلارغا، ئاھالىغا ۋە باشقىلارغا سېتىپ بېرىلىدىغان ئوزۇق-تۈلۈكلەرنىڭ باھاسىنى، يول بويلىرىدا قۇرۇلغان ئۆتەڭ ياكى سارايلارنىڭ ئىجارە ھەققىنى بەلگىلەپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق. شۇ ۋەجىدىن، گول قاتارلىق جايلاردىكى ئەنگلىـ

يه هۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا، شتات بېگىنىڭ لاداقتىكى ئەمەلدارلىرىغا مەخسۇس خادىملارنى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئەڭ زور تەمىنىشچانلىق كۆرسىتىپ، بازار باھاسى بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش ھەققىدە يولىيورۇق بېرىلىدۇ.

## سەككىزىنچى پاراگراف

شتات بېگى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چوڭ يولدا ماڭغانلاردىن چېگرا بېجى ئالماسلىققا قوشۇلىدۇ؛ شتات بېگى يەنە ئۆز زېمىنى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىن ھىندىستانغا ۋە ھىندىستاندىن شەرقىي تۈركىستانغا توشۇلىدىغان بېجى ھۆددە قىلىنغان ماللار جانابى شتات بېگىنىڭ زېمىنى ئىچىدە چۈشۈرۈلمىسە ئۆزىنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئېلىنىدىغان ھەممە باجنى كەچۈرۈم قىلىشقا قوشۇلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چوڭ يول ياكى باشقا ھەرقانداق يوللار ئارقىلىق جانابى شتات بېگىنىڭ زېمىنىغا ئىمپورت قىلىنغان ياكى جانابى شتات بېگىنىڭ زېمىنىدىن ئېكسپورت قىلىنغان ماللاردىن شتات بېگى ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان دائىرە ئىچىدە ئىمپورت ياكى ئېكسپورت بېجى ئالىدۇ.

## توققۇزىنچى پاراگراف

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا ياكى جانابى شتات بېگىنىڭ زېمىنىغا توشۇلىدىغان بېجى ھۆددە قىلىنغان ماللاردىن ئېلىنغان باجنى كەچۈرۈم قىلىشقا قوشۇلىدۇ. شتات بېگىنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئىشلەنگەن رومال ۋە باشقا توقۇلما بۇيۇملار ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان دائىرىسىدىن باشقا مەملىكەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنسا،

بۇ تاۋارلاردىن ھازىر ئىشلىنىدىغان ئېكسپورت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشقا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ قوشۇلىدۇ.

## ئونىنچى پاراگراف

بۇ كېلىشىم جەمئىي ئون پاراگراف، ئۇنى گراف مەئاۋ، ھىندىستان باش ۋالىيسىنى رىچارد. سوسۋېر جانابلىرىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سېر توماس. دوگلاس. فورسېت ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان شتات بېگى لونېبىر سىنگ جانابلىرى بىلەن بۈگۈن تۈزدى. ھەر ئىككى تەرەپ بۇ كېلىشىمنىڭ كۈچۈرۈلمىسىنى ھىندىستاننىڭ جانابى ۋالىيسى رەسمىي تەستىقلىغاندىن كېيىن، 1870-يىل 9-ئاينىڭ 7-كۈنى ياكى بۈنىڭدىن ئىلگىرى ستات بېگىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلدى. بۇ كېلىشىم كاتولىك كالىندارى بويىچە 1870-يىل 4-ئاينىڭ 2-كۈنى، ھىندى دىنىي كالىندارى بويىچە 1927-يىل 2-ئاينىڭ 22-كۈنى تۈزۈلۈپ، سىياركىت شەھىرىدە ئىمزالاندى ۋە مۆھۈر بېسىلىپ، ئالماشتۇرۇلدى.

كەشمىر شتاتى بېگىنىڭ ئىمزاسى
(ئىمزا)
فورسېت
مەئاۋ

بۇ كېلىشىم 1870-يىل 5-ئاينىڭ 2-كۈنى، سىياركىت شەھىرىدە ھىندىستاننىڭ باش ۋالىيسى جانابلىرى تەرىپىدىن تەستىقلاندى.

(ئىمزاسى) U· G ئاچىسون
ھىندىستان ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ
ئىجرائىي كاتىپى

## روسسيه - قەشقەرىيە شەرتنامەسى

ئەركىن سودىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تۆۋەندىكى ماددىلار-نى كامېرگېر گېنېرال فون. كائۇفمان بىلەن يەتتە شەھەرنىڭ پادىشاھى ياقۇپ بەگ بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بىردەك ماقۇل كۆرگەن.

### بىرىنچى پاراگراف

بارلىق روسسىيە پۇقرالىرى دىنىي ئېتىقادىنىڭ مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەتتە شەھەر پۇقرالىرىنىڭ تا بۈگۈنگە قەدەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ روسسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتۈن دا-ئىرىسى ئىچىدە سودا - تىجارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغىنىغا ئوخ-شاش، يەتتە شەھەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىشقا ھەمدە يەتتە شە-ھەر پادىشاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايون ۋە شەھەر - بازارلاردىن ئۆزلىرى زىيارەت قىلىشنى خالىغان جايلارغا بېرىشقا ھوقۇقلۇق. يەتتە شەھەر پادىشاھى ئۆز زېمىنى دائىرىسى ئىچىدە روسسىيە پۇقرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى ۋە بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە پۈتۈنلەي كاپالەتلىك قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ.

### ئىككىنچى پاراگراف

روسسىيە سودىگەرلىرى يەتتە شەھەرنىڭ سودا سارايلىرى بار شەھەر ۋە بازارلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى چۈ-

شۇرۇش ئۈچۈن كارۋان سارايلىرىنى ئۇيغۇچە ئىگىلەشكە ھوقۇق-لۇق. يەتتە شەھەرلىك سودىگەرلەرمۇ روسسىيىنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدا شۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

## ئۈچىنچى پاراگراف

روسىيە سودىگەرلىرى ئەگەر لازىم تاپسا، يەتتە شەھەرنىڭ ھەممە شەھەر-بازارلىرىدا ۋەكالەتچى (كارۋان بېشى) قويۇشقا ھوقۇقلۇق، كارۋان بېشىنىڭ ۋەزىپىسى — دائىمىي بازارلاردىن خەۋەر ئېلىش ۋە قانۇنلۇق تامۇژنا بېجى ئېلىش، يەتتە شەھەرلىك سودىگەرلەرمۇ تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى بازارلىرىدا ئەنە شۇنداق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

## تۆتىنچى پاراگراف

روسىيىدىن يەتتە شەھەرگە توشۇپ كېلىنگەن ياكى يەتتە شەھەردىن روسىيىگە توشۇپ بېرىلىغان بارلىق تاۋارلاردىن باھاسىغا قاراپ 2.5% باج ئېلىنىدۇ. ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق باج يەتتە شەھەر تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار تاپشۇرىدىغان باجنىڭ نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

## بەشىنچى پاراگراف

روسىيە سودىگەرلىرى ۋە سودا كارۋانلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بىخەتەرلىكى تولۇق تەمىن ئېتىلىدۇ. ئۇلار يەتتە شەھەر زېمىنى ئارقىلىق يەتتە شەھەر بىلەن چېگرىداش مەملىكەتلەرگە ئىختىيارىي بېرىپ كېلەلەيدۇ. يەتتە شەھەردىن كەلگەن سودا كارۋانلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئوڭايلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ،



www.uygurkitap.com

روسىيىگە تەۋە بولغان زېمىندىن ئۆتەلەيدۇ.

يۇقىرىقى شەرتنامە 1872 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تاشكەنتتىن ئەۋەتىلدى.

تۈركىستان باش ۋالىيسى گېنېرال فون. كائۇفمان بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويدى ۋە مۆھۈرىنى باستى.

يەتتە شەھەر پادىشاھى مۇھەممەت ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ بۇ شەرتنامىگە قوشۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، 1872 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يېڭىساردا بۇ شەرتنامىگە ئۆز مۆھۈرىنى باستى.

بۇ شەرتنامە بارون كولبارسنىڭ ۋاستىچىلىقى بىلەن تۈزۈلدى.

www.uyghurkitap.com

## ئەنگلىيە — قەشقەرىيە شەرتنامىسى

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن قەشقەر ۋە يەركەن رايونىنىڭ پادىشاھى ئەمىر مۇھەممەت ياقۇپخان جانابلىرى، ئۇنىڭ ۋارىسى ۋە ئىز باسارى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بۇ شەرتنامە ئۇلۇغ بىرىتانىيە ۋە ئىرلاندىيىنىڭ كورولەۋاسى① ئالىيلىرى كېڭەش پالاتاسىنىڭ مۇشاۋىرى بارون نوسبورۇك، ھىندىستانىنىڭ گۆھەر ئوردىنلىق ئۇلۇغ لوردى، ھىندىستان باش ۋالىيسى توماس. جورج. باللىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سىر توماس. دوگلاس فورسىيت بىر تەرەپ، دۆلەت باشلىقى ئالىيلىرىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سېيىت مۇھەممەتخان تۆرە بىر تەرەپ بولۇپ بىرلىكتە ئىمزا قويغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە.

شەرتنامە تۈزگۈچى ھۆرمەتكە سازاۋەر ھەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمي چۈشىنىشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىككى دۆلەت پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولغىنى ئۈچۈن، تۆۋەندىكىچە شەرتنامە تۈزۈلدى:

### بىرىنچى پاراگراف

شەرتنامە تۈزگۈچى ھۆرمەتلىك ھەر ئىككى تەرەپ شۇنىڭغا كاپالەت بېرىدۇكى، بىر تەرەپنىڭ پۇقراسى يەنە بىر تەرەپنىڭ زېمىنىدىكى ھەر قانداق بىر يەرگە ئىختىيارىي ھالدا كىرسە،

---

① ئايال پادىشاھى دېگەن مەنىدە — مۇھەررىردىن.

بۇ يەردە ئولتۇراقلاشسا، سودا-تىجارەت قىلسا ۋە شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ تاۋارلىرىنى ۋە مال-مۈلكىنى ئېلىپ كىرسە ۋە چىگرىدىن ئۆتسە بولىدۇ ھەمدە ئىككىنچى تەرەپنىڭ زېمىنى ئىچىدە سودا ئىشلىرى جەھەتتە يەرلىك پۇقرا ياكى ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەت پۇقراسى بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق ئىمتىيازلاردىن ۋە ئوڭايلىقلاردىن، ھامىيلىقتىن ۋە باشقا ھوقۇق-لاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

## ئىككىنچى پاراگراف

مەيلى ھەر قانداق بىر دۆلەت تەۋەلىكىدىكى سودىگەر ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا، ئۆزى خالىغان يول ئارقىلىق ماللىرىنى ۋە تەئەللۇقاتلىرىنى ئېلىپ شەرتنامە تۈزۈشكەن بىر تەرەپنىڭ زېمىنىدىن يەنە بىر تەرەپنىڭ زېمىنىغا كىرىشكە بولىدۇ؛ شەرتنامە تۈزۈشكەن ھەر قانداق بىر تەرەپ جىددىي سىياسىي سەۋەبكە تاقالمىغان ۋە ئىككىنچى تەرەپكە ئوقتۇرۇش قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق ترانسپورت ئەركىنلىكىنى چەكلىمەيدۇ؛ بۇنداق چەكلىمە زۆرۈرىيىتى قالمىغان چاغدا دەرھال بىكار قىلىنىشى لازىم.

## ئۈچىنچى پاراگراف

ياۋروپالىق ئەنگلىيە پۇقراسى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىغا كىرىپ تىجارەت قىلغان ياكى باشقا ئىشلارنى قىلغاندا، قولىدا ئۆزىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاسپورت بولۇشى شەرت. بۇنداق پاسپورت بولمىسا، بۇ شەرتنامىنىڭ شارائىتىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى پاراگراپ

ئەمىرئالىيلىرىنىڭ زېمىنىدىن ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىنىڭ جەنۇبىدىكى ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر ئاغزى ئارقىلىق ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستانغا كىرگەن ماللاردىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىمپورت بېجى ئالماسلىققا كاپالەت بېرىدۇ. ھىندىستاندىن ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىغا كىرگەن ماللاردىن باھاسىغا قاراپ 2.5% دائىرە ئىچىدە ئىمپورت بېجى ئېلىنىدۇ. شەرتنامە تۈزۈشكەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ زېمىنىغا كىرگەن يۇقىرىقى ماللار توپ سېتىلىشى، پارچىلاپ سېتىلىشى، شۇنىڭدەك ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ئىچىدە ۋە ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنى ئىچىدە بىر جايدىن يەنە بىر جايغا ئاپىرىپ سېتىلىشى بولۇۋېرىدۇ. بۇ ماللار ئومۇمەن مۇشۇ خىلدىكى ماللارغا خاس باج قائىدىسى، باج نىسبىتى، شۇنىڭدەك چوڭ شەھەرلەر ۋە بازارلارنىڭ باج قائىدىسى ۋە باج نىسبىتى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

## بەشىنچى پاراگراف

ھىندىستاندىن ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىغا كىرگەن ماللار تاكى تاپشۇرۇلۇش ئورنىغا يېتىپ بارغانغا قەدەر يېشىپ تەكشۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر مۇشۇ ماللارنىڭ باھاسى توغرىسىدا تالاش-تارتىش يۈزبەرسە، تاموژنا خادىملىرى ياكى ئەمىر ئالىيلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان باشقا ئەمەلدارلار قىرىقتىن بىرىنى زاكاتقا تاپشۇرۇش ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلاپ، تاموژنا بېجى ھېسابىدا بىر تۈركۈم مالنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ھوقۇقلۇق. ئەگەر يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەمەلدارلار بىر تۈركۈم مالنى باج ھېسابىغا ئې-

لىشقا قارشى تۇرسا، ياكى مالنى پارچىلىغىلى بولمىسا، بۇ جەھەتتىن-
كى تالاش - تارتىشلار بىر تەرەپ قىلىشقا لاياقەتلىك بولغان
ئىككى كىشىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. بۇنداق كىشى-
لەرنىڭ بىرى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەمەلدارلار تەرىپىدىن
بەلگىلىنىدۇ، يەنە بىرى مال ئېلىپ كىرگۈچى سودىگەرلەر تەرىپى-
دىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇلار مالغا باھا قويۇپ بېرىدۇ؛ ئەگەر بۇ خا-
لىس كىرىم قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى يۈز بېرىپ
قالسا، ئۇلار بىر كېسىمچى بەلگىلەيدۇ، كېسىمچىنىڭ قارارى ئا-
خىرقى قارار بولىدۇ - دە، بەلگىلەنگەن مۇشۇ قىممەت بويىچە
تاموژنا بېجى ئېلىنىدۇ.

## ئالتىنچى پاراگراف

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۆز خاھىشى بىلەن ئەمىر ئالدىلىرىنىڭ
ھۇزۇرىدا بىر ۋەكىل تۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بىر نەپەر
سودا ۋەكىلى تەيىنلەيدۇ، بۇ سودا ۋەكىلى ئەمىر ئالدىلىرىنىڭ
زېمىنى ئىچىدە مۇۋاپىق تېپىلغان ھەرقانداق بىر شەھەر - بازار
ياكى جايدا تۇرىدۇ. ئەمىر ئالدىلىرى ئۆز خاھىشى بىلەن ھىندىس-
تان باش ۋالىيسىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇشقا بىر ۋەكىل تەيىنلەيدۇ ھەمدە
ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان زېمىنى ئىچىدە مۇۋاپىق تېپىل-
غان ھەرقانداق بىر يەردە سودا ۋەكىلى تۇرغۇزىدۇ. بۇ ۋەكىل-
لەرگە خەلقئارا قانۇن بويىچە، باش ئەلچى دەرىجىلىك مەرتىۋە
ۋە ئىمتىياز بېرىلىدۇ. سودا ۋەكىللىرى ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدى-
غان دۆلەتنىڭ كونسۇللىرىغا خاس ئىمتىيازغا ئىگە.

## يەتتىنچى پاراگراف

ئەنگلىيە پۇقرالىرى ئەمىر ئالدىلىرىنىڭ زېمىنى ئىچىدە
ئىختىيارىچە يەر - زېمىن، ئۆي - ئىمارەت ياكى مال ساقلايدىغان

ئامبارلارنى سېتىۋالسا، ساتسا ياكى ئىجارىگە ئالسا بولىدۇ؛ ئەنگلىيە ۋەكىلى ياكى ۋەكالەتچىسى ئىجازەت بەرمىگۈچە ۋە ئادەم ئەۋەتىپ تۆپىدە تۇرغۇزمىغۇچە ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرىنى، ئامبارلىرىنى ياكى باشقا ئۆي-جايلىرىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئاختۇرۇشقا بولمايدۇ.

## سەككىزىنچى پاراگراف

ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئەنگلىيە پۇقرالىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەق تەلەپ دەۋالىرىغا ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكى كېلىشىمگە قوشۇلدى:

(1) ئەيىپكار بىلەن دەۋاگەر پۈتۈنلەي ئەنگلىيە پۇقراسى بولغان ھەق تەلەپ دەۋالىرىنى، شىكايەت قىلغۇچى بىلەن ئەيىبلەنگۈچى پۈتۈنلەي ئەنگلىيە پۇقراسى بولغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ياكى ئەيىبلەنگۈچى مۇشۇ شەرتنامىنىڭ ئۈچىنچى پاراگرافىدا ئېيتىلغان ياۋروپالىق ئەنگلىيە پۇقراسى بولغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئەنگلىيە ۋەكىلى ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى ئەمىر ئالىيلىرى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋەكىلنىڭ ئالدىدا سوراق قىلىدۇ.

(2) بىر تەرەپ ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ پۇقراسى، يەنە بىر تەرەپ ئەنگلىيە پۇقراسى بولغان ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ سوت مەھكىمىسىدە سوراق قىلىنىدۇ. ئەنگلىيە ۋەكىلى ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى تۆپىدە تۇرىدۇ ۋە ياكى ئەنگلىيە ۋەكىلى ياكى ۋەكالەتچىسى بىر نەپەر خادىم بەلگىلەپ سىرتتىن قاتناشتۇرىدۇ.

(3) شىكايەت قىلغۇچى ياكى ئەيىبلەنگۈچى ئەمىر ئالىي-

لىرىنىڭ پۇقراسى بولغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن يۇقىرىدا بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقىلىرىنى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ سوت مەھكىمىسى سوراق قىلىدۇ. ئەنگلىيە ۋەكىلى ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى سىرتتىن قاتنىشىدۇ ۋە ياكى ئەنگلىيە ۋەكىلى ۋە ياكى ئۇنىڭ بىر ۋەكالەتچىسى بەلگىلىگەن بىر كىشى سىرتتىن قاتنىشىدۇ.

(4) يۇقىرىدا بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقا، بىر تەرەپ ئەنگلىيە پۇقراسى، يەنە بىر تەرەپ چەت ئەل پۇقراسى بولغانلارنىڭ جىنايى ئىشلار دېلوسىنى، ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان بولسا، ئالىيلىرىنىڭ سوت مەھكىمىسى سوراق قىلىدۇ؛ ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان بولمىسا، شۇ كىشىلەر قوشۇلغان شارائىتتا ئەنگلىيە ۋەكىلى ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى سوراق قىلىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇلمىسا، ئالىيلىرىنىڭ سوت مەھكىمىسى سوراق قىلىدۇ.

(5) ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ سوت مەھكىمىسى بىر تەرەپ قىلغان ئەنگلىيە پۇقراسى بىر تەرەپ ھېسابلانغان ھەرقانداق بىر دېلو ئەگەر ئەنگلىيە ۋەكىلى تەرىپىدىن ئادىل ھۆكۈم قىلىنمىدى دەپ قارالسا، دېلونىڭ ئەھۋالى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا بايان قىلىنىدۇ. ئالىيلىرى بۇ دېلونى يەنە بىر سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ، بۇ سوت ئەنگلىيە ۋەكىلى ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسىنى ۋە ياكى ئەنگلىيە ۋەكىلى ياكى ۋەكالەتچىسى تەيىنلىگەن ئادەمنى تۆپىدە تۇرغۇزۇپ، مەزكۇر دېلو ئۈستىدە يېڭىباشتىن سوراق قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

## توققۇزىنچى پاراگراف

ئەنگلىيە پۇقرالىرى بۇ شەرتنامە بويىچە ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنى ئىچىدە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلاردىن

كوروكۇا ئالىيلىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ھىندىستاننىڭ بارلىق بەگ- تۆرىلىرى ۋە شتاتلىرىنىڭ پۇقرالىرىمۇ بەھرىمەن بولىدۇ. ئەگەر بۇ شەرتنامىدە ياكى باشقا ئىشلاردا يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ھىندىستان بەگ-تۆرىلىرىگە ياكى يەرلىك شتاتلىرىغا چېتىشلىق بولغان ھەرقانداق بىر تارماقنى قوشۇشقا توغرا كەلسە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت.

## ئونىنچى پاراگراف

شەرتنامە تۈزگەن ھۆرمەتلىك ھەر ئىككى تەرەپنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنغان ھەرقانداق بىر سوت مەھكىمىسىدە ياكى لاداق ۋالىيسىنىڭ بىرلەشمە سوت مەھكىمىسىدە ئارخىپ سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقان قەسەمنامە ۋە باشقا قانۇنىي ھۆججەتلەر بۇ ھۆججەتلەرنىڭ خاتاسىز كۆچۈرۈلمىسى ئارقىلىق تەھقىقلىنىدۇ. مەزكۇر كۆچۈرۈلمىگە ئەسلى ھۆججەتنىڭ ئىگىسى بولغان سوت مەھكىمىسى مۆھۈر باسىدۇ، مەزكۇر سوت مەھكىمىسىنىڭ مۆھۈرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مەزكۇر سوت مەھكىمىسىنىڭ سۇدىيىلىرى ياكى بىر نەپەر سوددىيىسى ئىمزا قويىدۇ.

## ئون بىرىنچى پاراگراف

ئەنگلىيە پۇقرالىرى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىدا ئۆلسە، ئۇنىڭ شۇ يەردىكى كۆچمە مۈلكى ۋە مۇقىم مۈلكى مەزكۇر كىشىنىڭ مىراسخورىغا ياكى ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلغۇچىغا ياكى مال-مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىغا ۋە ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك ۋەكىللىرىگە تەئەللۇق بولىدۇ؛ ياكى (مۇنداق ۋەكىلى بولمىغان شارائىتتا) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زېمىندا تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە

هۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىگە تەئەللۇق بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى كىشى باشقىلارنىڭ مەرھۇمدىن زىيانىنى تۆلىتىـۋېلىش ھەققىدە قويغان تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشى، ئېشىپ قالغان مال ـ مۈلۈكلەرنى (ئەگەر بار بولسا) مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشى لازىم. يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ زۆرۈر تېپىلغان تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىـدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەر ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاندا ئۆلگەن پۇقرالىرىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## ئون ئىككىنچى پاراگراپ

ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىدا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە پۇقراسى مۇبادا ئۆزىنىڭ قەرزىنى تۆلىيەلمىسە، ياكى سوت مەھكىمىسى ئۇنى قەرز تۆلەشكە بۇيرۇپ ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىنكى ئەقىلـگە مۇۋاپىق سۈرۈك ئىچىدە قەرزىنى تۆلەپ بېرىشكە قۇربى يەتـمىسە، ھەقدار مەزكۇر قەرزدارنىڭ بارلىق مېلى ۋە كۆچمە مۈلـكى بىلەن ئۆز ھەققىنى تۆلىتىۋالسا بولىدۇ. ئەمما زۆرۈر تېپىلسا، ئەنگلىيە ۋەكىلى ئۆزرىسىز ياردەم بېرىشى، قەرزىنى تۆلەشكە قۇرـبى يەتمىگەن قەرزدارنىڭ ھىندىستاندا قەرز تۆلەشكە يارىغۇدەك مال ـ مۈلكىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك. شەرتنامىدىكى مۇشۇ دوستانە بەلگىلىمىلەر ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ ھىندىستاندا تىجارەت قىلىدىغان، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان پۇقرالىرىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بۇ شەرتنامە بۈگۈن ئىككى نۇسخا تەييارلاندى ھەمدە ئەمىر ئالىيلىرى تەرىپىدىن تەستىقلەندى، ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى ۋاقىتىنچە ئا-لىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلىنىدۇ؛ يەنە بىر نۇسخىسى ھىندىستان باش ۋا-لىيسى تەستىقلىگەندىن كېيىن 12 ئاي ئىچىدە ئەمىر ئالىيلىرىغا ئەۋەتىپ

بېرىلىپ، ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى بىلەن ئالماشتۇرۇلدۇ.

مەزكۇر شەرتنامە كاتولىك كالېندارى بويىچە 1874 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ھىجرىيە 1290 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەردە ئىمزالىنىپ، مۆھۈر بېسىلدى.

(ئىمزا)

تولۇق ھوقۇقلۇق ئالاھىدە ئەلچى توماس. دوگلاس. فورسىت

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر، يەركەن رايونلىرىنىڭ پادشاھى بىلەن مەۋجۇت سەممىي چۈشىنىشنى كۈچەيتىش ۋە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كاتولىك كالېندارى بويىچە 1874 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ھىجرىيە 1200 - يىلى① 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەردە مۇشۇ مەقسەتتە ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن قەشقەر ۋە يەركەن رايونلىرىنىڭ شاھى ئالىيلىرىنىڭ رەسمىي تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ئېغىزدىن قوشۇلۇشى بىلەن مۇشۇ شەرتنامىنى تۈزۈپ چىقتى. مەن، ھىندىستان باش ۋالىيسى بارون نوسپورك، توماس. جورج. باللىن شۇ ۋەجىدىن يۇقىرىقى شەرتنامىنى تەستىقلايمەن ۋە تەھقىقلايمەن.

كاتولىك كالېندارى بويىچە 1874 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، كالكۇتتىكى ھۆكۈمەت بىناسىدا ئۆز قولۇم بىلەن ئىمزا قويۇپ مۆھۈر باستىم.

(ئىمزا)

نوسبورك

## شەرقىي تۈركىستان يېڭى يولنى باشقۇرغۇچى بىرلەشمە دىرېكتورلارنىڭ ئىش بېجىرىش قائىدىلىرى

1. ئىككى تەرەپنىڭ بىرلەشمە دىرېكتورلىرى ھاۋا ئىقلىمى

① ئەسلىدە شۇنداق — تەرجىماندىن

تۆپەيلىدىن يىلبويى تۆرالمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى يۈر-
گۈزۈش ۋاقتى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 1 - كۈند-
گىچە بولىدۇ.

2. دىرېكتورلاردىن بىرسى خىزمەت ئورنىدا بولمىغاندا، دىرېكتورلارغا يوللانغان دېلولار خىزمەت ئورنىدا تۇرۇۋاتقان يەنە بىر دىرېكتور تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ۋە بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

3. بىرلەشمە دىرېكتورلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خىزمەت ئورنىدا بولمىغان ئايلاردا، يەنى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە بىرلەشمە دىرېكتورلارغا يوللىنىدىغان دېلولار چىقىپ قالسا، بۇ ھەقتە لاداقىنىڭ ھاكىمى ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

4. بىرلەشمە دىرېكتورلار سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، ئەركىن-لىك ۋە بىخەتەرلىككە تەسىر يەتكۈزگەن دېلولار، مۇشۇ شەرتنا-مىنىڭ مەقسىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تەرەپ ياكى ھەر ئىككى تەرەپ ئەنگلىيە پۇقراسى ياكى چەت ئەل پۇقراسى بولغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، بۇنىڭ-دىن باشقا دېلولارغا ئارىلاشمايدۇ.

5. دىرېكتورلار تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان مال - مۈلۈكلەر قىممىتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەق تەلەپ دەۋا-لىرى دېلوسىنىڭ ھەممىسىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

6. ئىككى دىرېكتورنىڭ پىكرى بىردەك بولغاندا ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلغان دېلولار ئۈستىدە چىقارغان ھۆكۈملىرى ئاخىرىقى ھۆكۈم بولىدۇ. ئۇلار پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىگەندە، دەۋالاش-قۇچى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى ئايرىم بىر نەپەر كېسىم قىلغۇچى كۆرسەتسە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەۋا-لاشقۇچىلارمۇ كېسىم قىلغۇچىغا بويسۇنىدىغانلىقى توغرىسىدا

تىلخەت بېرىدۇ. مۇبادا كېسىم قىلغۇچىنى كۆرستىشتە ھەر ئىككى تەرەپ بىرلىككە كېلەلمىسە، ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆز ئالدىغا بىردىن كۆرسەتسە بولىدۇ. ئىككى دىرېكتورمۇ ئۈچىنچى بىر كېسىم قىلغۇچىنى كۆرستىپ بېرىدۇ؛ كېسىم قىلغۇچىلار ئىچىدىكى كۆپ سانلىقلارنىڭ ھۆكۈمى ئاخىرقى ھۆكۈم بولىدۇ.

7. جىنايى ئىشلار دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، دىرېكتورلارنىڭ ھوقۇقى ئەنگلىيە زېمىنى ئىچىدىكى يەرلىك مۇئاۋىن ھاكىملار بىر تەرەپ قىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى دائىرىسىدىلا چەكلىنىشى، شۇنىڭدەك جىنايى ئىشلار تەرتىپى قانۇنىنىڭ تەرتىپىگە ئىمكانقەدەر بويسۇنۇشى لازىم. بىرقەدەر چوڭ دېلولاردا، ئەيىبكار ئەگەر ياۋروپالىق ئەنگلىيە پۇقراسى بولمىسا، بۇ ئەيىبكار شتات بېگىنىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك؛ ئەيىبكار ئەگەر ياۋروپالىق ئەنگلىيە پۇقراسى بولسا، ئەنگلىيىنىڭ شۇ ئەتراپتىكى تولۇق سوت ھوقۇقىغا ئىگە سوت مەھكىمىسىنىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى لازىم.

8. شتات بېگىنىڭ زېمىنىدا جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن چۈشكەن جەرىمانە پۇلىنىڭ ھەممىسى ۋە ھەق-تەلەپ دەۋا ئىشلىرىدا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نىسبەت بويىچە ئېلىنغان ماركا بېجىنىڭ ھەممىسى كەشمىر دۆلەت خەزىنىسىگە تەئەللۇق بولىدۇ. قاماقتا ھۆكۈم قىلىنغانلار، ئەگەر ئەنگلىيە پۇقراسى بولسا، شۇ ئەتراپتىكى ئەنگلىيە تۈرمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى لازىم. ئەگەر جىنايەتچى ئەنگلىيە پۇقراسى بولمىسا، شتات بېگىنىڭ تۈرمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى كېرەك.

9. شتات بېگىنىڭ تەۋەلىكىدە كالا سويۇش بىردەك قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ.

10. يول دائىرىسى ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر ئورۇن ئەگەر

لاداق قاتارلىق شەھەر-بازارلارنى يېقىلغۇ ياكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىمەكچى بولسا، بىرلەشمە دىرېكتورلار لاداق ھاكىمى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەندىن كېيىن، تۇسالغۇسىز تەمىنلەشكە يول قويىدۇ.

11. يولنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ئېلىپ سېتىلغان ماللارنىڭ ھەممىسى بېجى ھۆددە قىلىنغان مال دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر سودىگەر ئۆزىنىڭ تېڭىقىنى يەشكەن بولسا ۋە مېلىنىڭ بىر قىسمىنى بىر تەرەپ قىلغان بولسىمۇ لېكىن يول چېگرىسى-نىڭ سىرتىدىكى شتات بېگى زېمىنىدىكى ئىستېمالچىلارغا ساتىل-مىغان بولسىلا، بۇ مالدىن ھېچقانداق تاموژنا بېجى ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دىرېكتورلارغا قاراشلىق رايونلاردىكى يول چېگرىسى ئىچىدە تۇرۇپ قالغان ماللاردىن، ۋاقتىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باج ئېلىنمايدۇ.

12. بىرلەشمە دىرېكتورلارغا تەۋە رايونلاردىكى يېزا كەنتلەردىن باج ئالغاندا ياكى باجگىرلار سودا-سېتىقىغا مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىشلارغا ئارىلىشىشقا توغرا كەلگەندە، دىرېكتور-لار ئارىلاشمايدۇ. ئەمما ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باجگىرلار بىرلەشمە دىرېكتورلارغا قاراشلىق رايونلاردىكى كىشىلەرگە ھەرىكەت قوللىنىشتىن ئىلگىرى ئەھۋالنى دىرېكتور-لارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا دىرېكتورلار ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، تەكشۈرۈلىدىغان ئادەمنى چاقىرىپ بېرىدۇ ياكى ئارىلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرىدۇ.

13. شتات بېگى بۇ يىل يول ۋە كۆۋرۈكلەرنى ياساشقا 5000 رۇپىيە پۇل ئاجرىتىپ بېرىشكە قوشۇلدى. ئەمىر ئالىيلىرىمۇ كېلەركى يىللاردا يول ۋە كۆۋرۈكلەرنى رېمونت قىلدۇرۇشقا

ھەر يىلى 2000 رۇپىيە پۇل ئاجرىتىپ بېرىشكە قوشۇلدى. شۇنىڭدەك، مېھمانخانىلارنى رېمونت قىلدۇرۇشقا، ھەر يىلى ھەر بىر مېھمانخانا ئۈچۈن يۈز رۇپىيە پۇل بېرىلىدۇ. ئەگەر باشقا ئىشلارغا خىراجەت لازىم بولسا دىرېكتورلار شتات بېگىگە ئالاھىدە پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئالاھىدە دوكلات يوللايدۇ. بۇ پۇل دىرېكتورلارنىڭ سەرپ قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ. ئۇلار مۇشۇ مەقسەتتە ئەركىن ئەمگەك كۈچلىرىنى بازار باھاسى بويىچە يالالاپ ئىشلىتىدۇ. لاداق ۋە ئەنگلىيە زېمىنىدىكى ئەمەلدارلارغا ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ دىرېكتورلارنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، ئەمگەكچىلەرنى بازار باھاسى بويىچە يەتكۈزۈپ بېرىشكە يولىيورۇق بېرىش لازىم. مۇشۇ يول ئۈستىدىكى كۆۋرۈكلەردىن ئۆتكەنلەردىن كۆۋرۈك ھەققى ئېلىنمايدۇ.

14. يول چېگرىسى بەلگىلەنگىچە ياكى بۇ يىلنىڭ يىل ئاخىرىغىچە دىرېكتورلار، سودىگەرلەر ھازىر مېڭىۋاتقان لاھور ۋە سىبىت ئارقىلىق لاداققا ئۆتىدىغان بىرنەچچە يولغا مۇشۇ قائىدىدە بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ھوقۇقلىرىنى ۋاقتىنچە يۈرگۈزۈپ تۇرىدۇ.

(ئىمزا)

شتات بېگى لۇنبېر. سىنگ

D·T فورسېت.

(بۇ قائىدىنى 1870 - يىلقى سودا ئىشلىرى شەرتنامىسىدە تەھقىقلەنگەن شەرقىي تۈركىستان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سودىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، 1872 - يىلى ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن كەشمىر شتاتى كېڭىشىپ تۈزدى.)

## قەشقەردىن كەلگەن ھېكايە

مەككىگە كېتىۋېتىپ يېقىندا پېشاۋۇرغا يېتىپ كەلگەن قەشقەرلىك مىرزا موللا رەخمەت قەشقەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن ئۆزى بىلگەنلىرىنى تۆۋەندىكىچە ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ. تۆۋەندە ئۇنىڭ ھېكايىسى بېرىلدى:

ھىجرىيە 1294 - يىل 5 - ئايدا (مىلادىيە 1877 - يىل 6 - ، 7 -
ئايلاردا) قەشقەرىيە پادىشاھى مۇھەممەت ياقۇپخان نۇرغۇن لەشكەر
توپلاپ، جۇڭگولۇقلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئۇ بالزان (باي ناھىيە-
سى؟) نىڭ ئەتراپىدا ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ھېكىمخان
تۆرىنى ئۇنىڭ ئىزباسارى قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
قەشقەردىكى موللىلارمۇ ياقۇپ بەگنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ياقۇپ
بەگنىڭ تۇنجى ئوغلى بەگقۇلى بەگنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى.
ھېكىمخان تۆرە بۇ ۋاقىتتا ئۆزىگە تەۋە قوشۇنلارنى باشلاپ ئاقسۇغا
كەلگەندە، بەگقۇلى بەگمۇ بۇ جاينى تارتىۋېلىش ۋە تەخت
دۈشمىنىنى تۇتۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. ھىجرىيە
7 - ئاينىڭ 26 - ۋە 27 - كۈنلىرى (مىلادىيە 1877 - يىل 7 -
ئاينىڭ 27 - ، 28 - كۈنلىرى) بەگقۇلى بەگ بىلەن ھېكىمخان
تۆرە ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولدى. نەتىجىدە، ھېكىمخان
تۆرە مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن نۇرغۇن كىشى جەڭدە
ئۆلدى، بىرمۇنچىسى ئاچلىقتىن ئۆلدى. يەنە بەزىلىرى دەريا-
دىن ئۆتكىچە سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھېكىم-
خان تۆرە بىرەر مىڭدەك خىل ئەسكەرنى باشلاپ، روسىيە زېمى-
نىغا قېچىپ كەتتى، بەگقۇلى بەگ ھازىر بىرقانچە شەھەرنى پەتھ
قىلىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدا خوتەن ھاكىم-
بېگى نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى. بەگقۇلى بەگ
ئۇنىڭ بىلەنمۇ بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن، خوتەننى تارتى-
ۋالدى. بەگقۇلى بەگ بۇ يەردە بىرەر ھەپتە تۇرا - تۇرمايلا،
جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇ يەرنى
تارتىۋالغانلىقىنى ئاڭلىدى، بۇرۇن ئىمان ئېيتىپ ئىسلامدىنىغا كىرگەن
(كېيىن يەنە يېنىۋالغان) جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ بىر ئوفىتسېرى
(خىدالويى؟) پايتەخت يېڭىشەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ يەرنى
تارتىۋالغاندىن كېيىن، قەلئەگە كىرىپ بېكىنىۋالدى. قەشقەرنىڭ

ھاكىمبېگى بۇ شەھەرنى ئەللىك كۈنچە مۇھاسىرە قىلغاندا، بەگقۇلى بەگ يېتىپ كېلىپ شەھەرنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلدى ۋە قورغاننى چۇۋۇپ تاشلىدى. ئەمما ھىجرىيە 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى (مىلادىيە 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) بىر تۈركۈم كۈچلۈك جۇڭگو قوشۇنلىرى بۇ دۆلەتنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ مەرھۇم ياقۇپ خاننىڭ زېمىنىنى تېزلىكتە يېڭىباشتىن ئىستېلا قىلدى. بەگقۇلى بەگ ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ تاشكەنتكە قاراپ قاچتى. ئۇ مىڭيول، ئوش ۋە مەرغىلان قاتارلىق يەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، تاشكەنتكە يېتىپ باردى ۋە ئۆزىنى شۇ يەردىكى رۇس ۋالىيسىنىڭ قوينىغا ئاتتى. يەركەننىڭ ھاكىمبېگى موللا يۇنۇسخان ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ئىنىسى قاتارلىق كىشىلەر ھەسەنجان باي دەيدىغان بىر ئاقساقال تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلدى.

يۇقىرىقى ھېكايە ھىندىستاننىڭ بىر گېزىتىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى. بۇ ھېكايە بۇ يەردە، جۇڭگو قوشۇنلىرى ئالتە شەھەردە پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا، ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا كىرگەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ياكى يېڭى مۇسۇلمانلارنىڭ ياقۇپ بەگدىن يۈز ئۆرىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن قوشۇمچە قىلىندى.

بۇ كىتاب شاڭۋۇ نەشرىياتىنىڭ 1976 - يىل 5 - ئاي بېيجىڭ 1 - نەشرى،
1976 - يىل 5 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据商务印书馆1976年5月第1版1976年5月第1次印刷本翻译 出 版。

阿古柏伯克传(维吾尔文)
〔英〕包罗杰　著
魏力　屈学栋　译
色力木江　朱马洪　校订

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市建中路54号)
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　15.125印张
1988年5月第1版　1988年9月第1次印刷
印数：1——9,600

ISBN7-228-00492-2/K·42　定价：1.95元